
ئەختەم ئۆمەر

# باياۋاننىڭ سىرى

(1)



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



ئەختەم ئۆمەر

# باياۋاننىڭ سىرى

( رومان )

(1)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

沙漠之迷/艾合台木·吾买尔著. 一乌鲁木齐:
新疆人民出版社. 2001.7
ISBN 7-228-06395-3

Ⅰ. 沙… Ⅱ. 艾… Ⅲ. 长篇小说一中国一当代一
维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ. I247.5

中国版本图书馆CIP数据核字(2001)第23708号

责任编辑:阿布都肉苏里·吾买尔
责任校对:阿达来提·买合苏提
封面设计:努尔买买提·吾买尔

沙漠之迷 (1) (维吾尔文)
(长篇小说)
艾合台木·吾买尔著

---

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐市解放南路348号 邮政编码830001)
新疆新华书店发行
新疆工人时报印刷厂印刷
850×1168毫米 32开本 11.5印张 2插页
2001年7月第1版 2001年7月第1次印刷
印数:1——3000

---

ISBN7 228—06395—3/I.2374 定价:18.00元

# 1

دېكابىر كىرگەن كېچىسىلا يەر - زېمىننى ئاپئاق قار قاپلىدى. يېغىۋاتقان قار تاڭ ئېتىش بىلەن توختىغان بولسىمۇ، ئاسمان تۆشۈكىدىن سوغۇق ئېقىم ھەربىدەك ۋىژىلداپ ئۇچۇپ چۈشۈپ زېمىننى ئۈيۈتۈۋەتتى. تارقاق ئورۇنلاشقان دېھقان مەھەللىلىرىدىكى كۆز يەتكۈسىز قومۇشلۇق دالا تېخى تۈنۈگۈن قومۇش رەڭگىدىكى سارغۇچ ئىدى، بۈگۈن قار رەڭگىدە ئاق بولدى. قومۇش تۈنلىلىرى ئاق قارغا كۆمۈلۈپ قېتىپ داڭگاللىشىپ كەتكەن شورلار، پاتاس بولۇپ كەتكەن قومۇش كۆتەكلىرى قار ئاستىدىن ئۇچلۇق باشلىرىنى سەل كۆرسىتىپلا ئۈيۈپ قالغانىدى. قومۇشنىڭ قۇرۇپ كەتكەن ئۆزۈن، ياپىلاق يوپۇرماقلىرى ئۆزىگە چۈشلۈق قارنى قارنىغا سىغدۇرۇپ دومىلاق قار تاياقچىسى ھاسىل قىلغان. ئۇ يەر - بۇ يەردە ئۆزى خالىغانچە ئېقىنلارنى ھاسىل قىلىپ سوغۇقتا مۇز بولۇپ ئۇيۇغان شورلۇق، زەي كۆلچەكتىكى قومۇشلارمۇ شۇنداق. يىكەنلەر بوۋايدەك ياكى زىلۋا قىزلاردەك قېتىپ قالغان. نوكچا - نوكچا يىكەن توزغاقلىرى يەنىلا ئۆزىگە قار قوندۇرماي ئۆز رەڭگىدە گىدىيىپ، بەزىلىرىنىڭ پاختىكى ئۇچۇپ يېرىم توزۇغان ھالدا تۇرۇشاتتى. زەيلىكنىڭ ئاستىدىكى دۆڭرەك يەرلەرنىڭ مۇزلىرى تەكشى قار بىلەن كۆمۈلگەن. چوڭقۇر مۇز تۇتمىغان يەرلىرى يەنىلا قارىيىپ قار كۆتۈرمىگەنىدى. تەگلىرىدە يۇمران چۆپلەرنى يەلپۈتۈپ سۇزۈك ئېقىنى سۇس ئېقىپ تۇراتتى. بۇ يەردە يىكەن قۇشقىچى، قاشقالداق، ئۆردەكلەر بازار ھاسىل قىلغان، يىراقتىكى چۆككەن تۆگىلەردەك كۇل رەڭ كۆرۈنىدىغان قۇم دۆۋىلىرىمۇ ئاق چوقىلار ھاسىل قىلغان. ئۇنىڭ باغرىدا قەلەندەر زەي ئېقىننى

بويلاپ سوزۇلغان ئاقۇش تۇمان يىراق ھاجى ئاۋات كەنتىنىڭ قويۇق تېرەكلىرى ئارىسىغا سوزۇلۇپ كىرىپ كەتكەنىدى. خانىمازىنىڭ غەربىي شىمالىدا كېسىشمىدىغان يېرىگە يېقىن چوڭ كۆللەردىن، قۇملۇق توسۇۋالغان جىرىڭلىما سۇ ئامبىرى تەرەپتىن كۆل بۇقىسىنىڭ يىراقتىن زەمبىرەك ئاتقاندەك ئاۋازى پات - پات «بوڭ»، «بوڭ» قىلىپ تۇمانلار ئارىسىدىن ئۇچۇپ كېلىدۇ. ئاقىرىپ كۆرۈنۈۋاتقان ئاسماندا بىر توپ ياۋا غاز ھاجى ئاۋات تەرەپتىكى قەلەندەر زەيننىڭ ئاخىرىغا قاراپ قاقىلدىشىپ ئۇچۇپ ئۆتتى.

بۈگۈن خانىمازىنىڭ چانا ئوينايدىغان باللىرى قاردىن قورقۇپ كېلەلمىگەنمۇ ياكى ئاتا - ئانىسى ئۆيدىن چىقارمىغانمۇ مۇزلۇقتا ھېچ كۆرۈنمىدى. بەلكىم، قومۇشلۇقلاردىن پاتاس، قۇرۇغان تېزەك تېرىپ كېلىپ ئۆيدە تام مەشتە ئوت قالاپ ئىسسىق ئولتۇرۇشقاندۇ. ئۇلار يازدا ئۆيى ئەتراپىدا ئۆستۈرگەن كاۋا، چامغۇرلىرىنى داڭقاندا قاينىتىپ، غاجاپ - ياغاق سېلىپ يەپ ئولتۇرۇشىدۇ. ئۆيلەرنىڭ مورىسىدىن ئاقۇش قويۇق تۈتۈن ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ مەھەللىدە سوزۇلۇپ ياتقان تۈتەككە قوشۇلۇپ قويۇق تۇمان ھاسىل قىلغان. مەھەللە ئىچىنى تېزەك، پاتاس ۋە يەنە ئاندا - ساندا ھۆل جىگدە ئوتۇنىنىڭ پۇرىقى قاپلىغان. ئەجدىھا ئۆلۈكىدەك سوزۇلۇپ مەھەللىنى قورشىغان ھەم نەچچە يەرگە بۆلۈپ ئۆتكەن قۇم دۆۋىلىرىدە تورغايلار چىپىشىدۇ.

كاتاڭلاپ كەتكەن مەھەللە يولى بويىدىكى ئېگىلىپ قىڭغىر - قىيسىق ئۆسكەن جىگدىلەر، تولا چاتاقلىنىپ كەتكەن ئېگىز ئۆسكەن تېرەكلەر، يالىڭاچلىنىپ قالغان سۆگەت بادرىلىرى، كېسىلىپ كەتكەن كونا بادرىنىڭ پاخماق كۆتەكچىلىرى ئومۇمەن قار بىلەن قاتقانىدى. تېرەك بېشىغا قونۇۋالغان توپ - توپ قاغىلار سوغۇقتا، ئاچلىقتا چىدىماي

جىنىنىڭ بىرىچە قاقىلداپ ھازا ئېچىشاتتى . چۈنكى ئۇلار كولاپ
يەيدىغان ئېتىزلاردىكى كۆزگى بۇغداي يىلتىزلىرى قېلىن قار
ئارىسىدا قالغان ، ئەترەتنىڭ قوناق شېخىدا قاشاداپ ئون مو يەردە
قىلغان قوناق خامانلىرىمۇ قارغا كۆمۈلۈپ كەتكەنىدى . تېرەك
بېشىدا مۈگدەپ قالغان بىر نەچچە قاغا سوغۇقتا مۇزلاپ قېلىپ
بەرگە چالمىدەك تۆكۈلۈپ چۈشۈپ ئۆلگەنىدى . خاماندىن قوناق
ئوغرىلاپ يەيدىغان دېھقان ئىتلىرىمۇ يېگىلى بىر نەرسە تاپالماي
قىر بېشىدا تۇرۇپ ھۇۋلايتتى . بەزىسى قاغىنىڭ ئۆلۈكىدىن
سەسكەنگەندەك بىر ھازا پۇراپ بېقىپ ، ئەتراپقا ئەنسىز قاراپ
قويۇپ قۇيرۇقىنى ئىچىگە تىقىپ يۇقۇپ قالمىغاندەك پەم بىلەن
چىشلەپ قاردا چوڭقۇر ئىز قالدۇرۇپ دىكىلداپ كېتىپ قالاتتى .
بۈگۈن قوي - كالىسىنى ھەيدەپ ، يايداق بوغاز ئېشەكلىرىگە
ئەتۈر مىنىپ ، كىرلىشىپ ، قارىيىپ ، گىرۋەك بۈدۈر تۈكلىرى
غىجىلىپ كەتكەن كۆرەك تۇماقلىرىنى كىيىپ . كونا چاپانلىرى
ئۈستىدىن ئانىسىنىڭ كونا باشياغلىقى بىلەن چىڭ چىگىپ ،
پاتاس ، تېزەك چوغىدا خام - خۇتتا پىشقان پۈتۈن ياكى پۇچۇق
زاغرىلىرىنى بەللىرىگە تۈگۈۋالغان پادىچى باللارمۇ كۆرۈنمىدى .
چاۋار قۇۋان دۈگدىيگەن پېتى ئالدىراپ قوناق خامىنى تەرەپكە
ماڭدى . ئۇنىڭ ياڭاق سۆڭىكى چىقىپ تۇرغان سوزۇق يۈزى
سوغۇقتىن تارتىشىپ ، چۇپۇر قېشى ، ئاق ئارىلاشقان قوڭۇر كالتا
ساقال - بۇرۇتىغا تەردىن قاتقان ئۇششاق مۇزچىلار قېتىپ
قالغانىدى . سالپىيىپ چۈشكەن ياپما قاپاقلىرى ئاستىدىكى قوڭۇر
كۆزى ئۇيقۇسىرىغاندەك خۇنۇك كۆرۈنەتتى . ئۇنىڭ كېچىسى
ياتقاندىمۇ ، كۈندۈزى تامغا يۆلىنىپ ئاپتاپ سۇنۇپ ئۇخلىغاندىمۇ
كىيىپ يۈرىدىغان گىرۋەكلىرى قىرچىلىپ كەتكەن كونا ئاق
تۇمىقى سوغۇقتىن قىزىرىپ كەتكەن قۇلىقىنىڭ يېرىمىغا
چۆكۈرۈلگەن . قارا چېپىلما پاقلان تېرىسىدە چوڭ قايتۇرما ياقا
قىلىپ تىكىلگەن ئۆك جۇۋىسىنىڭ دۈمبىسىدە بىر يىرتىق

تېشىلىپ بوز يۇلۇڭ چىقىپ قالغانىدى . جۇۋىنىڭ پەش ـ ياقىلىرى تولا يامالغان . بېلىگە بىر غۇلاچ كەلگۈدەك چار ئارغامچىنى باغلاپ ، سول سۆڭگىچىگە كەلتۈرۈپ بوي تاسمىلىق سۆڭەك دەستە پىچاق ئېسىۋالغانىدى . يولدا ئۇلاغ ، ئادەملەرنىڭ ، هارۋىلارنىڭ ئىزىدىكى كاتاڭلاردا قار ئېرىپ ، كۆدەل ، پىچان ، قىغ ئۇۋاقلىرىدىن قېتىشما پاتقاق هاسىل بولغان بولۇپ ، ئېچىرقىغان ئاق قۇشقاچلار چاۋار قۇۋاننىڭ ئايغىدا قاشاڭلىق بىلەن سەكرىشىپ دانلىشاتتى . چاۋار قۇۋان كۆكەرگەن كالپۇكلىرىنى قىمىرلىتىپ يۇزىگە تەبەسسۇم يۈگۈرتتى .

— خەپ سېنى جۇمۇ ... باسماق بولغان بولسا بىر دودا ئون ـ ئون بەشىنى تۇتاركەنمەن . مەدەكنىڭ چوغىدا كاۋاپ قىلىدىغان بولسا ... تازا سېمىز هازىر ...

شۇئان ئۇنىڭ ئاغزىغا سېرىق سۇ كەلدى . بۇرنىغا مەززىلىك كاۋاپ هىدى ئۇرۇلۇپ ، كۆزى چاقناپ كەتتى . ئالدىدا دىكىلداپ سەكرىشىپ ، دان تالىشىۋاتقان قۇشقاچقا ئاچ كۆزلۈك بىلەن قارىدى . بىر جۈپ قۇشقاچ سوقۇشۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا پوككىدە يىقىلدى . پۇتىنى شىلتىدى . تۇمشۇقىدىن پايپىپىسىنىڭ ئۇچى چىقىپ قالغان ئۇلۇڭ ئايغىنىڭ دەپسىسى يېرىم سىلىنىپ كېتىپ يەرگە دەسسىگەندە يەنە كىيىلىپ قالدى . ئەمما ، قۇشقاچلار يەنە ۋىچىرلىشىپ سوقۇشىۋەردى . ئۇ لاسسىدە ئولتۇرۇپ بېشىدىكى تۇمىقىنى قۇشقاچنىڭ ئۇستىگە باستۇرۇۋىدى ، قۇشقاچلار پۇررىدە ئۇچۇپ كەتتى . ئۇنىڭ تۇمىقىغا بىرمۇنچە لاي قېتىپ قالغان كۆدەل چاپلاشتى .

— هۇ ئاناڭنى تەدانلار ... هى ... هى ... هى ...

ئۇ ئىزىدا تىزلىنىپ ئولتۇرغانچە كۇلۇپ كەتتى . ئۇنىڭ شالاڭ ، قارايغان ، كۆتىكى كۆكىرىپ كەتكەن چىشلىرى ئارىسىدىن قويۇق هور چىقتى . تۇمىقىغا چاپلىشىپ قالغان كۆدەللەرنى بوشقىنا سىلكىۋېتىپ ئوتتۇرىسىنىڭ تۇكى چۈشۈپ

كەتكەن بېشىغا كىيدى . يېرىم ئېگىلىپ قېتىپ كەتكەن قارا بارماقلىرىنى تۇگۇپ يەرگە پاتۇرۇپ كۆچەنگەن ھالدا ئورنىدىن تۇردى . تىزىغا قاردىن نەمدەلگەن قېتىشما لاي چاپلاشقانىدى . ئۇ قولىنى جۇۋىسىنىڭ يېڭىگە تىقىپ ئەتراپى قوناق شېخى بىلەن قاشالانغان قوناق خامىنىغا كەلدى . خامانمۇ قار ئاستىدا قالغانىدى . چۆرگىلىتىپ بېسىلغان پاتاقلارمۇ كۆرۈنمەيتتى . ھازىر خاماننىڭ ئاخىرى بولۇپ خاماندا پەقەت سېسىغان ئۇندۇرمە خامان تېگى ، قوناق ، تۇپا قوناق ئاندىن لىۋاس ، كۋاس قوناقلارلا قالغانىدى . قۇشقاچلار ، قاغىلار ، لالما ئىتلار ، خاماننىڭ ئۇ يەر - بۇ يېرىدە قارنى تاتىلاپ قوناق ئىزدەشمەكتە . ئاق پاختەكلەر ، توپ - توپ قۇشقاچلار ئارىسىدا دان ئىزلەيتتى . قۇشقاچ تۇتىدىغان ئىككى - ئۈچ بالا قىسماقلىرىنى تۇرۇش بىلەن ئاۋارە ئىدى . چاۋار قۇۋان گەمىگە كىردى . گەمىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھۆل قوناق مەدىكىدىن ئوت يېقىلغان بولۇپ ، ئوت كۆيمەي قويۇق ئىس چىقىپ تۇراتتى . گەمە ئىچى لىققىدە ئىسقا تولغان بولۇپ ، ئىس گەمىنىڭ كونا تاغار تارتىپ قويۇلغان ئىشىكىنىڭ يوچۇقلىرىدىن چىقاتتى . چاۋار قۇۋان گەمىگە كىرىپلا ھېچ نەرسىنى كۆرەلمەي يۆتىلىپ كۆزىدىن ياش چىقىپ كەتتى .

— قايسىڭ سەنۆي .

گەمە ئىچىدىن يەر تېگىدىن چىققاندەك بوغۇق ئاۋاز ئاڭلاندى .

— مەن … مەن … ئايۇ ۋاخۇن ، نېمانداق گەمىنىڭ ئىچىنى ئىسلىتىۋەتتىڭلار ؟

— ھە … كېلىڭلار … چاۋارئاخۇنمۇ سىلە … گەپ قىلماڭلار . ئانىسىنى مىڭنى … كاپىرلار . قار ياغقان كېچىدىمۇ قىچىقى بېسىلمايدۇ …

چاۋار قۇۋان ئوتنىڭ ئالدىغا كېلىپ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ

قولنى تىقىپ چالا كۆيۈپ قارايغان مەدەك بىلەن كۆلنىڭ ئارىسىنى كوچىلىدى . پىلدىرلاپ كىچىككىنە ئوت كۆرۈندى . سول قولى بىلەن ساقىلىنى بېسىپ تۇرۇپ ، كوچىلىغان يېرىگە ئاغزىنى يېقىن ئەكېلىپ پۈۋلىدى . كۆللەر توزۇپ ئوت يېلىنجاپ قويۇق ئىس كۆتۈرۈلدى . كۆزلىرى ئېچىشىپ ياش چىقىپ كەتتى . يەنە كۆچەپ پۈۋلىدى . ئىس تېخىمۇ قويۇق چىقىپ قاتتىق قېقىلىپ يۆتىلىپ كۆل قونغان قوللىرى بىلەن كۆزىنى ئۇۋۇلىدى . شۇنىڭ بىلەن ئوتمۇ يېنىپ كەتتى .

— ھەي جېنىڭلىنى قىيىنمىساڭلار قانداق ، مەنمۇ بايانىڭ بۆيىزى ئەت قىلالماي مانا ئەمىسە دەپ ياتتىم ··· قاق پودا سوكۆلداپ كېلىپ بوپىسلە ···

چاۋار قوۋان توختىماي ياش قۇيۇلۇۋاتقان كۆزىنى ئۇۋۇلاپ گەمە ئىچىگە قاراشتۇردى . تامغا يېقىن قويۇلغان چۈمۈچنىڭ دەستى چىقىپ قالغان قازان ، چۆگۈن ، بىر چوك ئاياغنى كۆرەلىدى . ئوتقا يېقىن يەردە توپا ، قوناق ساقىلى ، پاتاك ئۇۋاقلىرى باسقان كونا كۆرپە ، تېكىر ، يوتقان پومىلاقلىق تۇراتتى .

— ئايۇۋاخۇن ، قېنى سىلە ، ھېچ كۆرمەيمىنا ؟

بىر - ئىككى تارتىشامدۇق . چىلىمىڭلارمۇ كۆرۈنمەيدۇ .

— مەندىكى ئاخشام تۈگىگەن ، — بۇلۇڭدىكى دۆۋلەگىلىك پاتاك شاراقشىپ ئارىسىدىن قارا سالۋانى چۆكۈرۈپ كىيىۋالغان ئايۇپ كۆكچى چىقتى . ئۇنىڭ كالتا قوڭۇر ساقىلىغا ، شاپ بۇرۇتىغا ، سالۋا جۇۋىلىرىغا قوناق ساقىلى چاپلىشىپ قالغانىدى . ئۇ ئىنجىقلاپ كېلىپ ئوتنىڭ يېنىغا يۆكۈندى .

— پاتاكنىڭ ئارىسىغا چىرىۋاپسىنا ؟

— گەپ قىلماڭلار چاۋاباي ··· ئاخشام ئېغىر ياتقۇدا ئولتۇرسام مۇسا كوجى كەپتۇ . ۋاي ئاكا گەمەڭدە بىر كېچە قونۇۋالسام دەپ كەپتىكەن ، ماقۇل دېسەم سەن تالادا شادا پاتاق

ئارىسىدا ياتساڭ بوپتىكەن دەيدۇ، غۇژژىدە ئاچچىقىم كەلدى. قارىسام كۈلۈۋاتىدۇ. قوناقتىن يۈز جىڭ بېرەي ئۆيۈڭگە ئاپىرىۋال دېدى. ئۇنىماي دېسەم، يۈز جىڭ قوناق دېگەن ئاز گەپمۇ دېگىنە، شۇنىڭ بىلەن بوپتىلا دەۋەتتىم. تالادا ياتسام قار تاشلىنىۋەتتى. توڭلاپ ياتالماي ئاخىر گەمىگە كىرىپ ياتاي سەنمۇ ئۆز ئىشىڭ بىلەن بول دەپ گەمىگە كىرسەم كىمنى دېمەيسەن، ھېلىقى سېيىت مۇراپنىڭ تراكتورچى بالىسى ھاشىمەكنىڭ خوتۇنى ئايكىمنى تۇتۇپ يېتىپتۇ. ئاۋۇ تازنىڭ يامانلىقىنى دېمەيسەن، شۇ چوكاننى ئاشنا تۇتۇۋاپتۇ ئەمەسمۇ. بىرسىگە ئاغزىڭدىن چىقىرىپ سالما، قاق بالانىڭ تېرىلغىنى شۇ. ھاشىمەك جىق خەق. مۇسا كوجىنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادىمۇ ھەلەم، قان چېچىشىپ كەتمىسۇن.

— ئا، نېمە كارىم، ھايانىنى سەن ئاپسەن، يۈز جىڭ قوناق، پاكىز قوناقمىكىنا.

— توپىنى ئالامتىم ئەمىسە، گەمىگە سولاپ قويۇپ تاغارغا ئېلىپ كۆتۈرەلىشىمچە ئالدىم. بىرسى كۆرسە مۇسا كوجى بەردى دەيمەن. غىڭ قىلالامتى.

— قاق پودا كەپسىنا.

چاۋار قوۋان ھىجايدى.

— بىر چېكىشلى دەپ كەلدىم.

— مەندە تۈگىدى. ئاخشام تۈگەپ كەتتى. ئاچچىقىمدا چېكىۋېرىپتىمەن. يېرىم كېچىدىن كېيىن چىقىپ كېتەمدىكىن دېسەم ئەزان ۋاقتىغىچە ياتتى سويىملار. قار ياغقاندا سۈگۈنى تۇتۇپ كەتتى ئىت پوقىلار.

— مەن ئېلىپ كەلدىم.

— ھەقىچان كۆك موخۇركىدۇ. خۇشام قالمىدى. چوڭى بولمىسا، ۋاي ئاناڭنى.

— كەندىرنىڭكى.

ئايۇپ كۆكچىنىڭ يېشىل كۆزلىرى چاقناپ كەتتى . قوڭۇر تۈك باسقان مەيدىسىنى ئېچىپ ئوتقا يېقىن كەلدى . بەلۋېغىدىن سېرىق قوناق زاغرىسىدىن بىرنى چىقىرىپ ئوتقا يېقىن ئەكېلىپ كۆلگە پاتۇردى .

— سەمەرۋاينىڭكىگە باردىڭما ؟

— ئاخشام بارغان .

— ھەقانداغ بولسا كۆڭلىگە ئىناپ بېرىپتۇ - ھە ، قەلەندەرنىڭ .

— ۋاي ھازىر بېرەمدۇ . يۈزىنىڭ تۈكى بار ناھايىتى پەس نېمە تۇرسا ئۇ . ھازىر خوتەنلىكلەر بەك ئىزدەپ كېلىدىغان بولۇپ كەتتى ئەمەسمۇ . يوق دەپ تۇرۇۋالىدىغان بولۇۋالدى . ئۇنى دېسەممۇ ، بۇنى دېسەممۇ ئۇنىماي ئاخىر خوتۇننىڭ تېگىدىكى كىگىزنى ئاپىرىپ ساڭا مۇشتەك ئەكەلدىم .

— بۇ ئىشىڭ چاك باسماپتۇ . مەرەزكەنسەن . ئۆيۈڭدە بىر پارچە كىگىزمۇ قالمىسا ، كۇيئوغۇللىرىڭ كەلسە نومۇس قىلمامسەن .

— نېمىگە نومۇس قىلىمەن . ئۇلار نومۇس قىلسا كەلمىسۇن . ئايدا - يىلدا ماڭا بىر نان بېرىشى بارمىدى ئۇلارنىڭ . مەندە ھەققى يوق . نومۇس قىلغۇدەك قايسى مەندىن ئۆتە بايتى . ھەممىسى ماڭا ئوخشاش كۆكتۆش . قىزىمنى بەرگەندىكىن ئەمدى مەندە ئېلىشى يوق .

— بوپتۇ . كۆڭلىگە ئىناپ تىلە ، شۈكرى قىل . قىزىڭنى خوتۇن قىلىپ يۈرگەنمۇ ئوبدان .

ئايۇپ كۆكچى قوينىدىن كىچىككىنە قاپاق چىلىمىنى چىقاردى . چىلىم ئوت يورۇقىدا پارقىراپ كەتتى . تاماكىنى بېسىپ چېكىشتى . ئاندىن كۆلگە پاتۇرۇپ قويغان زاغرىنى ئوشتۇپ يېيىشتى .

— سەن ناشتا قىلمىغانسەن ھەقىچان ، — دېدى ئايۇپ

كۆكچى .
— ناشتا قىلىدىغان ئىش نەدە . ئۆيدە يېگۈدەك بىر نېمە قالمىغىلى ئۈچ كۈن بولدى . كۆنۈم كاۋى غاجىغى بىلەن جىگدە يەپ ئۆتتى ، ئاخىر بولماي يەنە سىنىڭ يېنىڭغا كەلمەم بولمىدى . نېمە دېسەڭ دەۋەر كادىر دېگەن جۇھۇتنىڭ ئالدىغا بارغىلى نېسىپ قىلمىسۇن خۇدايىم .

ئايۇپ كۆكچىنىڭ يېشىل كۆزلىرى سالۋانىڭ ئۇزۇن توكلىرى ، ئۇنىڭغا چاپلىشىۋالغان قوناق ساقاللىرى ، پاتاق ئۇۋاقلىرى ئارىسىدىن قورقۇنچلۇق كۆرۈنۈپ كەتتى . توغرىراقىنى دېگەندە ئۇنىڭ كۆزىدىن قاتتىق بىزارلىق چاچرايتتى . چاڭگا ساقال - بۇرۇتلىرى ئارىسىغا تىقىۋالغان چىلىمنىڭ دەستىسىنى چىقىرىپ ئاغزىدىكى كۆكۈش قويۇق تۈتۈننى خېلى ئۇزۇن ھۇزۇر بىلەن قويۇۋەتتى . كۆكۈش كالپۇكلىرى توشقاننىڭ كالپۇكىدەك سەل قىمىرلىدى . كەندىرنىڭ پۇرىقى گەمە ئىچىنى بىر ئالدى .

— ئۇنى - بۇنى دەيمىز ، ھېچقايسىسىنىڭ سەمەر توكۇرنىڭكىگە يەتمەيدۇ جۇما . غولجىلىق بىلەن خوتەنلىكنىڭ ئۇيان ئايلىنىپ ، بۇيان ئايلىنىپ شۇ توكۇرنى تاپقانلىقىمۇ بىكار ئەمەس .

چاۋار قوۋان نەپسىنى باسالماي كۆزلىرىدىن تارامىلاپ ياش قويۇلۇپ ، سارغۇچ توپا ئۆرلەپ تۇرغان يۈزىنى بويلاپ ساقىپ ، ساقال - بۇرۇتلىرى ئارىسىغا سىڭىپ تۇردى . قىسىق ھەم نۇرسىز كۆزلىرى مەدەكنىڭ چوغىدەك پارقىراپ كەتتى . لاغىلداپ تىترەپ كەتكەن قوللىرى ئىختىيارسىز چىلىمنى ئالدى . ئاۋازىمۇ خارقىراپ قالدى .

— ھېلىمخان قانداقراق ياتىدۇ ؟ — دېدى ئايۇپ كۆكچى قارايغان قولىنىڭ دۈمبىسى بىلەن چاۋغىيىدىكى سېرىق زەردابنى سۈرتۈپ بۇرۇتىنى سىلاپ . چاۋار قوۋاننىڭ كۆزلىرى يۇمۇلۇپ

چىلىمنى كۆچەپ شورىغانلىقتىن ئىككى قوۋۇزىدا ئىككى كامار پەيدا بولۇپ سىم ساقاللىرى تىترەپ كەتتى. ئالدىغا ئۆسكەن چۇپۇر قېشى كۆزىنىڭ ئورنىغا كۆچۈپ چۆشكەندەك كۆزى بارغانچە يوقىلىپ كېتىپ باراتتى. چىلىمنى شوراشتىن چىقىۋاتقان ئاۋاز ماشىنا چاقىدىن يەل قاچقاندەك ئاڭلىناتتى. شوراشتىن ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزايى لاغىلداپ تىترەيتتى. ئاللاھازەل يېرىم مىنۇت تىنماي شورىغاندىن كېيىن قاتتىق يۆتەل بىلەن ئاغزى - بۇرنىدىن پۇرۇلداپ ئىس چىقىشقا باشلىدى.

— ئەمدى ھەقىچان ئۆلگىلى ياتتى. ئەھۋالى بەك بوش، كۆكۈۋاشتىن تۆتنى بەرسەڭ ئاپىرىپ كۆجە قاينىتىپ ئىچۈرۈپ قويايمىكىن. گېلىدىن تىماقتەك بىر نېمە ئۆتمىگىلى ئۈچ كۈن بولدى. بەك قورۇپ كەتتى، — ئۇنىڭ ئاغزى - بۇرنىدىن توختىماي چىقىۋاتقان ئىس ھەر ئېغىز گېپىدە بىر قويۇلۇپ سىرتقا تېپىپ تۇراتتى. ئۇ گەپ قىلىۋاتقاندا سول كۆزى بىر ئېچىلىپ، بىر قىسىلىپ تۇردى.

— ھەي، بىچارىنى سەن تۇگەشتۇرۇۋەتتىڭ. سەن ئۆلمەي ئەجەل ھېلىمخاننى تاپقىنىنى. ھەممىسى قورساق خاپىلىقى. ھەممە خەقنىڭ ئاغزىدا مۇشۇ ئەتىيازغا چىقىپ يەر، ئۇلاغ، دەل - دەرەختىن تارتىپ خەققە كىچىك ھۆددە قىلىپ بېرەرمىش. شۇ چاغدا قورساق تويارمىكىن. ھېلىمخان ئەتىيازغىچە چىدىسا ئوڭلىنىپ قالامدىكى، — دېدى يۈرىكى ئادەتتىكىدىن سەل ئىتتىك سالغاندەك بولۇپ.

— بۇنداق ئىتتىنىڭ كۈننى كۆرگۈچە ئاللانىڭ دەرگاھىدا كۆڭلى توق ياتقان ئوبدان. مېنى بالدۇرراق يېنىغا تارتامىكىن دېسەم ئەسكىسى مەن ئوخشايمەن. ھەربىر جانغا بىر پۈتىدىن يەر قوشۇپ بېرەرمىش. ئۇنى قىلسىمۇ، بۇنى قىلسىمۇ مۇشۇ كادىر دېگەن بىر توپ تۇڭگۇزدىن قۇتۇلمىغۇچە قورساق تويمايدۇ. يەنە شۇ كېچە - كۈندۈز ئارقىمىزدىن ئىتتقا ئوخشاش قاۋاپ،

سوكۆلداپ يۆرسە ھېچنېمىنىڭ بەرىكىتىنى بەرمەيدۇ .

— بىر جانغا بىر پۇڭدىن يەر بەرسە ، ئۇلار چىدامدا ؟

— ۋاي تاڭەي . ھۆكۈمىتىمىزنىڭ ساقىلى يوق . بېلىنى باغلىمايدۇ . چاچ قويۇپ ، يۈزىنى ياغلايدۇ . ھەقىچان بۇ ئىتلىرىغا چىدىماي كالتەك ئېتىپ ئېسىپ قويىدۇ جۇمۇ . قېنى نېمە بولسا شۇنى كۆرەرمىز . ئۇنى دېمەڭ ، بۇنى دېمەڭ بىلەن خۇدا پېشانىمىزگە نېمىنى پۈتسە شۇنى تارتماقتىن باشقا چارە يوق ، — دېدى چاۋار قۇۋان تۇتەۋاتقان مەدەك چۇچۇلىسىنى قولىرى بىلەن تۇتۇپ چوغىنىڭ ئارىسىغا تىقىپ .

— سەن زادى تېگىڭدىن توخۇ پوقى بىر نېمە ، ھېلىمىخاننى بالدۇر تۇگەشتۇرۇۋەتتىڭ . ئىسىت بىچارە ، ئىچىم ئاغرىۋاتىدۇ . ئوبدان خوتۇنتى ، ئۇنىڭدىن ئايرىلساڭ تېخىمۇ ۋەيران بولۇپ ئۆلۈكۈڭ تالادا قالامدىكىن دەيمەن . ھېلىمىخان مېنىڭ قولۇمدا تۇرىۋەرگەن بولسىمۇ ئۇنداق بولۇپ كەتمەستى . بىچارە ، تەقدىر شۇنداقكەن .

ئايۇپ كۆكچىنىڭ قېشى ئۈستىگە تارتىپ قاپاقلىرى تۈرۈلدى . پېشانىسىدە چوڭقۇر قورۇقلار كۆپەيدى . چاۋار قۇۋان خىرىلداپ كۈلدى .

— ۋاي ئاداش ، ياش ، نادان چاغلىرىمىزغا كەتتىڭلار . خوتۇن خەق دېگەن داۋخۇ نېمە . سەنمۇ ۋاي خوتۇن دەپ جانان چىنىدەك پۇۋلىمەي ، مەندەك ئاياغنى ئېتىپ بېقىنلىرىدا مۇشت قاينىتىپ تۇرغان بولساڭ سەندىمۇ تۇراتتى . سەن شۇنداق قىلمىغاچقا سەندىن چىقىپ مەندە تۇردى .

— ئېسىل ئايالتى . بۇنداق مەرى ئىسسىق ، چىرايلىق ئايالنى مەن ئىككىنچىلەپ كۆرمىدىم . مەندىن خېتىنى ئېلىپ ئىككى ئايدا ساڭا تەگدى . يېرىم يىلدىن كېيىن پۇشايمان قىلىپ ماڭا كېلىپ بىر دەرد تۆككىلى تۇرۇپتى ، مانا ساق يىگىرمە ئۈچ يىل دەرد تۆكۈپتۇ . — چاۋار قۇۋان خىرىلداپ كۈلدى . كۈلۈپ

يۈتىلىپ كەتتى. كىيىن كۆزىدىن ياش چىقىپ كەتتى.

— تۈت بالامنىڭ ھېچقايىسى خوتۇنغا ئوخشىمايدۇ. مۇشۇ كىچىكى ھەممىدىمىزە كاساپەت ئاشۇ ئانىنىڭ تېرىسىنى كىيىپلا چۈشكەن. ئايغا ئوخشايدۇ. كادىر دېگەننىڭ قولىدا بېقىلسا تەڭدىشى يوق چىرايلىق چوكان بولاتتى، — چاۋار قوۋاننىڭ چىرايىنى قايغۇ قاپلىدى.

— مېنىڭ شۇ بىچارە بالامغا ئىچىم ئاغرىيدۇ. بەش ياشتا ئانىسىدىن ئايرىلىپ قالدى. بەك ئىچىم كۆيىدۇ. پەقەت چىدىمايمەن. بەك ئەقىللىق، گېپى تاتلىق. چاۋار قوۋان كۆزىگە لىق تولغان يېشىنى يېرىلىپ كەتكەن قارا بېگىز بارمىقىدا سۈرتۈپ ئىنجىقلاپ ئورنىدىن تۇردى.

— بىر كىم كۆرۈپ نەگە بارغان دېسە پۈتلۈق يەرنىڭ بېشىغا دېگىن، — دەپ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى ئايۇپ كۆكچى كۆسەيگە تايىنىپ ئورنىدىن تۇرۇپ.

## 2

ۋىژىلداپ يېغىۋاتقان قار سوغۇقى قەدىمىي ئۇلگۈجەكلىك ئىشىكنىڭ ئايرىلىرىدىن، تامنىڭ تورۇسى بىلەن بالا بېشى ئايرىلىقىدىن كىرىپ ئىسقا تولغان ئۆينىڭ ئىچىنى سوۋۇتۇۋەتكەندى. قورۇغان تېزەكنىڭ ئاچچىق بۇسى ئۆينى قاپلىغان، تام مەشتە ئوت كۆيمەي دۆۋىلەگلىك تېزەكتىن قويۇق تۈتۈن چىقماقتا. تۈتۈن ئوچاق ئاغزىدىن، داڭقان بىلەن ئوچاقنىڭ قىسىلچىقىدىن يامراپ چىقاتتى. تام مەشنىڭ يېنىدىلا ئوتتۇرىسى تېشىلىپ كەتكەن كۆك ئۆچكە تېرىسى سېلىنغان بولۇپ، ھەممىدەم قىزىق كۆلگە يالاڭ پۇتىنى تىقىۋېلىپ ھەدەپ ئوتنى پۈۋلەيتتى. ئۇنىڭ كىچىككىنە ئاغزىدىن ھەر قېتىم چىققان شامالدا تېزەك ئاستىدىكى تۈتۈن ئارىسىدىن ۋىللىدە چوغ

كۆرۈنۈپ يەنە غايىب بولاتتى. ئۇنىڭ قاپقارا چوڭ كۆزلىرىدىن قۇيۇلغان ياش بىلەن قولىدىكى كۈل يۇقى ئۇنىڭ ئاق سېرىق كەلگەن يۇمىلاق يۈزىنىڭ ئۇ يەر - بۇ يېرىدە قارا بولۇپ قېتىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئورۇق يۈزىدە ئەسلىدە چوڭ قارا كۆزى شۇنچە يوغان، گويا ئۇنىڭ يۈزىنىڭ يېرىمى كۆزدەك كۆرۈنەتتى. چىگىشلىشىپ، پاخپىيىپ ئۆسۈپ كەڭ پېشانىسىنى ياپقان قوڭۇر ئىنچىكە چاچلىرىغا كۈل توزانلىرى چاپلىشىپ قالغانىدى. ئۇ چوڭ زەيتۇن كۆڭلەكنىڭ ئۈستىگىلا ئانىسىنىڭ يازلىق پىلاشىنى كىيىۋالغان بولۇپ، ئىشتانسىز پاچاقلىرى ئاپتاپپەرەسنىڭ شېخىغىلا ئوخشاپ قالغانىدى. قاپقارا كىر قېتىپ قالغان كىچىككىنە قوللىرى يېرىمى چوغلانغان تېزەكلەرنى كۆيۈشكە كەلتۈرۈپ ئەپلەپ تۇراتتى. كىچىككىنە ئاغزىنى پۈرۈپ پات - پات كەينىگە — ئىشىككە قاراپ قوياتتى. داڭقاننىڭ ئاجراپ، ئېگىز - پەس قېپىپ قالغان تۇۋاق شاللىرى ئارىسىدا قارا دۇغلار ئارىسىدىن سۇس ھور چىقىپ تۇراتتى. بالا تام مەشنىڭ يان تەرىپىگە بويىنىنى سوزۇپ قارىدى. تام مەشكە يۆلەپ قويۇلغان تېكىردە چاچلىرى چۇۋۇلۇپ يۈزىنى توسۇۋالغان ھېلىمخان جىممىدە ئوڭدىسىغا ياتاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر مۇنچە كونا - يېڭى چاپانلار ئۈستى - ئۈستىلەپ يېپىلغان بولۇپ، كىردىن رەڭگىنى يوقاتقان يوتقاننىڭ بېشى سارغايغان كونا سامان ئارىسىدا ئاران كۆرۈنۈپ قالغانىدى.

ھەمدەم ئاستا ئۆمىلەپ ئانىسىنىڭ بېشىغا كەلدى. ئانىنىڭ چوڭقۇر ئولتۇرۇشقان كۆزلىرى يۇمۇلغان، شالاڭلىشىپ قالغان ئۇزۇن كىرپىكلىرى گىرەلەشكەن بولۇپ سەل چاپاقلىشىپ قالغان جىيەكلىرىدە سۇس ياش پارقىراپ قالغانىدى. قاپاقلىرىنىڭ قورۇلغان يەرلىرى كۆكىرىپ كەتكەنىدى. كەڭ پېشانىسىدە يىڭنە ئۇچىدەك ساناقسىز تە، دانچىلىرى ۋىلىلداپ تۇڭلۇكتىن چۈشكەن يورۇقتا سۇس پارقىراپ كەتتى. پېشانە،

يۈز ـ تېرىلىرى مۇسكۇللىرىغا چىڭ چاپلىشىپ كەتكەن بولۇپ ، بۇرنى ، ياڭاق سۆڭەكلىرى ھەددىدىن زىيادە ئېگىزلەپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى . يۈزى شۇنچە تاتىراڭغۇ ، تېرىسى قۇرۇق شامال بولۇپ ، قىزىل لېۋىمۇ قانسىزلانغاندى . ھەممەم ئانىسىغا قورقۇش بىلەن مۆلدۈرلەپ قارىدى . كىچىككىنە قوللىرى بىلەن ئانىسىنىڭ كۆزىگە چۈشۈپ قالغان چاچلىرىنى كەينىگە قايرىپ سىيرىپ قۇلىقىنىڭ كەينىگە قىستۇردى . ئانىسىنىڭ پېشانىسى مۇزدەك سوغۇق ئىدى .

— ئانا ... ئانا ...

ئانا قورۇپ كەتكەن لېۋىنى سەل قىمىرلاتتى . ئەمما ، گەپ قىلمىدى . ھەممەم ئىستىن قارايغان تورۇسقا قارىدى . قارا ئىس ، ئۆمۈچۈك تورلىرى سۇس تەۋرىنىپ تۇراتتى . تورۇستا بىر قارا چىراي ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىغاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى . ئۇ ئانىسىغا چىڭ چاپلاشتى .

— ئانا ... ئانا قورقۇۋاتىمەن ...

ئانا ئاغزىنى يەنە قىمىرلاتتى . ئەمما ، گەپ قىلالمىدى . قاپىقىمۇ سەل قىمىرلىغاندەك قىلدى . ئەمما ئېچىلمىدى . كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدىن ياش سىرغىدى .

ھەممەم قارا كۈيە بولۇپ كەتكەن كىچىككىنە بارماقلىرى بىلەن ئانىسىنىڭ قۇلىقىغا قۇيۇلۇۋاتقان ياشنى سۈرتتى . ئانىسىنىڭ يۈزى شۇنچە سوغۇق ھەم يىرىك ئىدى . ئۇنىڭ چوڭ كۆزلىرىدىن ياش سىرغىپ چىقىپ قارا كۈيە سۈۋۈلۈپ كەتكەن مەڭزىدە سۈزۈك ئىز پەيدا قىلدى .

— ئانا بەك توڭۇپ كېتىپسەن .

ئانىنىڭ قۇرۇغان لېۋى سەل قىمىرلىدى .

— ئانا ، ئاتام خامانغا كەتتى . ئايۇپ كۆكچىدىن كۆكۋاش ئەكېلىمەن دەپ كەتتى . ئەكەلسە كۆجا ئېتىدىغان بولدۇق . كۆجا ئىچەك ئىسسىيمىز ، ھەقىچان تەرلەپ كېتىمىز .

ئانىنىڭ كىرپىكلىرى سەل ئاجرىدى ، كۆزلىرى سەل ئېچىلدى . ھەممەم قولىنىڭ ئالىقىنى بىلەن ئۇنىڭ يېشىنى سۈرتتى . ئەمدى ئانىنىڭ قاپاقلىرىدىمۇ قارا كۆيە پەيدا بولدى . ھەممەمگە يېرىم ئوچۇق كۆزىدە تىكىلدى . ياش پەردىسى ئىچىدە ھەممەمنىڭ قالايمىقان قارا كۆيە سۇۋالغان يۈزى كۆرۈندى . ئۇنىڭ چوڭ قارا كۆزلىرى مۆلدۈرلەپ ئۆزىگە تەلمۈرۈپ تۇراتتى . ئانىنىڭ غۇۋا كۆزى ھەممەمنىڭ يۈزىدىن باشقا نەرسىلەرنى كۆرەلمىدى . ئۇنىڭغا قىزىنىڭ سول كۆزىنىڭ ئۈستۈنكى قاپىقىدىكى تارتۇق يوغىناپ چوڭقۇرلاپ كەتكەندەك كۆرۈندى . ئۇنىڭ سۈزۈك قاپقى بادام شاكىلىنىڭ تۇگۈچەك تۆشۈكلىرىگە ئوخشاش ئۇششاق تارتۇقچىلار بىلەن تولغان بولۇپ ، سول كۆزى دەماللىققا قاراشتا سەل تېشىغا پولتىيىپ چىققاندەك ، ئۈستۈنكى قاپىقىنىڭ جىيەكلىرى سەل ئۈستىگە تارتىشىپ قىزىل جىيەكلىرى يېرىم كۆرۈنۈپ تۇراتتى . ئانىنىڭ كۆزى ، بۇرۇنقى چاغلاردىمۇ دائىم بۇ كىچىك قىزنىڭ ئاشۇ كۆزىگە تىكىلىپ قالاتتى . ھەممەم بىر يېرىم ياشقا كىرگەن يىلى ئەتىيازدا مۇشۇ قاپقى بىر كىچىدىلا قىزىرىپ ئىششىپ ، كۆزى يۇمۇلۇپ قېلىپ ئون بەش كۈندە قاپلىق يىرىڭ ئېقىپ ساقايغان ، خەق كۆز چىقىپ قاپتۇ دېگەندى . ساقايغاندىن كېيىن مانا شۇنداق ئاينىڭ يۈزىدىكى داغدەك ئۇنىڭ چىرايلىق كۆزىنىڭ ئۈستىدىلا بىر تارتۇق پەيدا بولدى .

— ئانا ، توڭلىدىڭمۇ ؟ — دېدى قىزچاق ئاغزىنى ئانىسىنىڭ چاچ ئارىسىدا قالغان قۇلىقىغا چاپلاپ تۇرۇپ بوش ئاۋازدا .

ئانا كۆزىنى يۇمۇپ يەنە يېرىم ئاچتى .

— مەن ئوتنى ياندۇرالمىدىم . پۇدەۋەرسەم يانمايدىكەن . ئاتام كەلسە ئوتنى ياندۇرالايدۇ . مەنمۇ توڭلاپ كەتتىم . ئاتام كەلگۈچە مەنمۇ سېنىڭ يېنىڭغا كىرىپ ياتايمۇ ؟ مەنمۇ

ئىسسىيمەن . سېنىمۇ چىلگ باغاش ئېتىپ ئىسسىتىپ قويىمەن .
ئانا كۆزىنى يەنە سەل يۇمۇپ يەنە ئاچتى .
ھەمدەم خۇشال بولۇپ گورۇچنەك ئۇششاق چىشلىرىنى چىقىرىپ كۈلۈپ قويۇپ يوتقاننىڭ ئىچىگە كىردى . ئانىسىغا چاپلاشتى ۋە :
— ئانا ، سەن بەك توڭلاپ كېتىپسەن . بەك مۇزدەككەن . مەندىن بەك مۇزدەككەنسەن . مېنى بەك توڭلىتىۋەتتىڭ . ئانا ، ئاتام كۆكۈاش ئەكەلسە كۇجا پىشقۇچە بىر باش قوناقنى ئوچاقتا پىشۇرۇپ ئىككىمىلەن يەيلى ... سەن جىقراق يېگىن . ماڭا ئازراق ئۇشتۇپ بەرسەڭ ئۈزۈم يەيمەن .
ھەمدەم ئاشۇ سۆزلەرنى تەكرارلاپ بارغانچە تۇگۇلۇپ ئاستا - ئاستا ئۇيقۇغا كەتتى . ئۇنىڭ تارتۇق چۆشكەن سول كۆزى يېرىم يۇمۇلۇپ بىر نەرسىگە تىكىلىپ قارىغاندەك ، كۆزىنىڭ قارىچۇقى خۇنۇك ھالەتتە ئۇيقۇغا كەتتى . ئانىنىڭ قۇرغاق بۇرنىنىڭ ئۇستىدە يىڭنە ئۇچىدەك تەر تەپچىرىدى . چۈۋۈلۈپ چۈشكەن چاچلىرى ئاستىدىكى ماڭلىيىمۇ پارقىراپ قالدى . ئۇنىڭ كۆزلىرى نېمىگىدۇر تىكىلگەندەك ئەمما ھېچ نەرسىگە قارىمىغان ھالەتتە بارا - بارا چوڭ ئېچىلدى . شۇنداق قاراشقا خېلى جانلىنىپ قالغاندەك بولدى . قۇرۇپ ، نېپىز سارغۇچ قوۋۇزلار كۆتۈرۈلگەن تاتىراڭغۇ لەۋلىرى خېلى قىمىرلاپ ئاغزىدىن غاژ - غۇژ ئاۋازلار چىقتى . دەسلەپ نېمە دېگەنلىكىنى بىلگىلى بولمىدى . ئاستا - ئاستا كانىيىدىكى خالاپ - خۇلۇپ يوقالغاندەك بولۇپ ئاۋازى خېلى سوزۇلدى . تاتارغان قۇرغاق مەڭزىدە تەكشى تەر تەپچىرەپ پارقىراشقا باشلىدى . يۈزلىرى قىزىرىپ كەتتى .
— توڭلىدىم ... توڭلاپ كەتتىم ... پۇتۇم توڭلاپ كەتتى . پۇتۇمنى يۆگەڭلار ... ياق ... ياق ... ئانا مانا ، مانا ... ۋايىيەي نېمەنداق كۆرمەيسەن . مانا مەن مەن يېنىمدا . توختىغىنا نېمانداق

ئالدىرابسەن . ۋاي مەنمۇ بارىمەن . مېنىمۇ ئالغاچ كېتە ... ھەي ئاينىللاخان ... سەن مېنىڭ بالام ... قىزىم بولساڭ پۈتۈمنى بۆگە . پۈتۈمغا قالا دەيمەن . پۈتۈم بەك توڭلاپ كەتتى . نېمانداق ئىسسىتمابسىلەر ... قېنى سىلەر چاۋارئاخۇن ماقۇل ... ماقۇل .

ساڭا ... سەن ئوغرىغا نەشە بولسا بولىدۇ . نەشىدىن باشقا ھېچنېمىنىڭ لازىمى يوق . مەرەمنىساخان كەلدىڭمۇ بالام ، ئېرىڭ ئۇرۇپ خاپا سېلىۋاتامدۇ . يىغلىما بالام ، يىغلىما . پېشانىمىزگە پۈتۈلگىنى شۇ بولغاندىكىن ، قانداق قىلىمىز . خۇداغا شۈكرى دەيلى ، مېنىمۇ ئاتاڭ دېگەن قارا يۈز بەڭگە ئۆمۈر بويى دۇمبالاپ كەلدى . مانا ھازىر نەۋرە كۆرگەندىمۇ ئۇرىدۇ . نومۇس قىلمايدۇ . تاماكىسى توگەپ كەتسىلا ئۇرىدۇ . شۇ دۇيجاڭدىن تىل ئاڭلىسىمۇ ، تالادا بىرسىدىن كۆڭلى ئاغرىسىمۇ ئۇرىدۇ . خۇدايىم خوتۇن خەقنى مۇشۇنداق ئاجىز ، ئەر خەقنىڭ قولى قىلىپ يارىتىپتىكەن ، قانداق قىلىمىز ، مەنمۇ ئەر كىشى بولۇپ يارىلىپ قالغان بولسام دەپ ئۆمۈر بويى خۇداغا نالە قىلدىم . قورسىقىم ئېچىپ كەتتى ... قورسىقىم ئېچىپ كەتتى . كەلدىڭما داۋۇتاخۇن بالام . كېلە ... كېلە ، تائامغا ئولگۇرۇپ كەپسەن ... يوبدان ئەتكەن بالام . ئىسسىقىدا ئىچىۋال . ھەقچان ئەتىگەندە مال چىقىرىپ ناشتىمىز كەتەڭ ، كەچكىچە قورۇق نان يەپ يۈرگەنسەن . ئانا ... ئانا مەيەرگە كېلە قوپالمايۋاتىمەن قولۇمدىن تارتە . مەنمۇ سەن بىلەن كېتەي ... مەن بىللە كېتەي . سېنى بەك سېغىنىپ كەتتىم . ساڭا دەيدىغان نۇرغۇن گەپلىرىم بار ...

ئۇ سۆزدىن توختىدى . كۆزلىرى بارغانچە چوڭ ئېچىلدى . بىر نەرسىنى چىشلىگەندەك چىشلىرى غۇچۇرلاپ كەتتى . يۈزلىرى تارتىشىپ كۆزى چاچراپ چىقىپ كېتىدىغاندەك پولتايدى . بۇرۇن تۆشۈكلىرى كېڭەيدى . قاتتىق بىر تىترەك بېسىپ سىلكىنىپ كەتتى . شۇنىڭدىن كېيىن جىمىپ قالدى .

بىر ھايات مۇشۇ قۇشقاچ كامىرىدا بۇ دۇنيا بىلەن

خوشلاشتى . ئۇ بۇ دۇنياغا يەنە كەلمەسلىكى مۇمكىن ، بىزمۇ ھەم شۇنداق . ئۇ بۇ ھاياتتا نېمە ئىشلارنى قىلدى . ئۇ تۇغۇلغاندىمۇ خۇددى مۇشۇنداق بىر ئۆيدە تۇغۇلغان . خۇددى مۇشۇنداق ئۆيدە چوڭ بولدى . كېيىن توي قىلدى . خوتۇن بولدى . ئانا بولدى . مانا ئەمدىلىكتە بۇ ھايات بىلەن خوشلاشتى . ھايات مانا مۇشۇنچىلىك ئىش . ئەمما ، مۇشۇنچىلىك ئىشتا ئۇ نېمىلەرگە ئېرىشتى؟ پەقەت جاھاندىكى بەختسىزلىك قول ئايالالار ئېرىشىپ كەلگەن دېيىشكە ئاسان ئەمما تەمىنى تېتىماق ئەڭ تەس بولغان جەبرى - جاپاغا ئېرىشتى . بەختسىزلىككە ئېرىشىپ ، جاھاندا بەختنى پەقەت قورساق توق بولمىغان ، ئەرنىڭ تايىقىدىن قۇتۇلمىغان كۈن دەپ تەسەۋۋۇر قىلىپ ، شۇ كۈننىڭ يېتىپ كېلىشىنى ، چىدىغۇسىز سەۋر - تاقەت بىلەن شۈكرى قىلىپ كۈتۈپ ئۆلۈپ كەتتى . بىز قولىمىزدىن باغلاپ بەختىمىزنى كۈتۈپ تەلمۈرگەن چاغلار ، دەل بىزنىڭ ئۆلۈم ھارۋىمىز بىزگە قاراپ چېپىپ كېلىۋاتقان چاغلار .

## 3

داۋۇتاخۇن چۆچۈپ ۋارقىراپ ئويغىنىپ كەتتى - دە ، ئەتراپىغا ئېسەنگىرەپ قارىدى . ئۇنىڭ قىمىرلىشىدىن ئۇنىڭغا كارىۋات بولۇپ تۇرۇۋاتقان ھارۋا شوتىسى غىچىرلاپ كەتتى . ئەتراپ تۇم قاراڭغۇ ئىدى ، ئۇنىڭ كۆزىگە قويلارنىڭ يېشىل نۇر چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى كۆرۈندى . قورقۇنچلۇق چۈش كۆرگەندە ئادەتتە ھېچقانداق سۇرلۇك كۆرۈنمەيدىغان جۈپ - جۈپ يېشىل نۇرلارمۇ ئۇنىڭغا ۋەھىملىك تۇيۇلدى . قويلارنىڭ كۆشەشكەن ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى . بىر نەچچە قوي يېنىك مەرەپ قويدى . قوينىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقان ئىسسىق ئوت پۇرىقى ، چىلە ھىدى ئۇنىڭ بۇرنىغا ئۇرۇلدى . قوچقارنىڭ

سۈرگۈنى ئۆتۈپ قايسىدۇر بىر قويغا ئارتىلىپ قويلارنى تەرەپ - تەرەپكە قاچۇرۇۋەتتى . ئۇ ئورنىدا ئولتۇرۇپ قالغانىدى . سوغۇق شامال ئۇنىڭ دولىسىنى قورۇدى . ئۇ يوتقانغا چۆمكىنىپ ئوڭدىسىغا ياتتى . ئەمدى ئۇنىڭ ئۇيقۇسى پۈتۈنلەي قاچقانىدى . يۈرىكىنىڭ گۈپۈلدىشى تېخىچە بېسىلمايۋاتاتتى .

ئۇ جاڭگالدا قويلارنى ھەيدەپ كېتىۋاتقۇدەك . بۇ جاڭگال ئۇنىڭغا تونۇشلۇق مارا سايىنىڭ جاڭگىلى . ئېگىز - پەس دۆڭلەر ، قومۇللاردا ئۆسكەن قومۇش ، چۈچۈكبۇيا ، يانتاق ، ئاندا - ساندا يۇلغۇنلار قويۇق ئۆسكەن چاكاندىلار ئارىسىدا تورغايلار ئۇۋا سالغان . ئۇنىڭ بېشىنىڭ ئۈستىدە تورغايلار چۇچۇلاپ ئېگىز - پەس ئۇچۇشۇپ يۈرۈشىدۇ . ئۇنىڭ قويلىرى ئالدىدا چۈچۈكبۇيىنىڭ ئۇچىنى يەپ قومۇشلارنى شالدىرلىتىپ ماڭغۇدەك . ئۇ ھاسىنىڭ ئۇچىغا كونا باش رومىلىغا چىگىۋالغان زاغرىسىنى ئېسىپ بويىنىدىكى رادىئودىن چىقىۋاتقان داۋۇتجان ناسىرنىڭ ناخشىسىنى تەڭ توۋلاپ كېتىۋاتقۇدەك . مۇشۇ چاغدا قويلار ئۈركۈپ قاچتى . ئۇ شۇنداق قاراپلا ئالدىدىكى دۆڭدىن چىققان بىر تۈلكىنى — ئاجايىپ يوغان بىر تۈلكىنى كۆردى . ئۇ تۈلكىنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈۋىدى ، ئادەمنى كۆرگەندە بەدەر قاچىدىغان تۈلكە ، ئەكسىچە چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ ئۇنىڭغا قاراپ ئېتىلدى . داۋۇتنى قورقۇنچ باستى . تۈلكە ئادەمدىن قورقمىدى . قاچمىدى . قورقۇپ تۇرۇپ چىشلىۋالسا چىشلىگەن يېرىنى ئۈزۈۋالىدۇ . ئۇ تۈلكىنى ھاسا بىلەن ئىككى - ئۈچنى ئۇرسا ھاسا سۇنىدۇ . پىچاقنى ئالغان بىلەن پىچاق قىسقا ، تۈلكە يېقىن كېلىۋالسا ئىش چاتاق ، جامانىنىڭ تىنچلىقى ياخشى . ئۇمۇ دەرھال كەينىگە يېنىپ قويلىرىنىڭ كەينىدىن يۈگۈردى . خېلى يەرگە بارغاندىن كېيىن كەينىگە قارىۋىدى . تۈلكە ئېگىز بىر دۆڭنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ ئاسمانغا قاراپ ھۇۋلىغىلى تۇرۇپتۇ . داۋۇتاخۇننىڭ يۈرىكى جايىغا چۈشۈپ يۈگۈرۈشتىن توختىدى .

قويلىرى تېخىچە جاڭگالنىڭ ئىچكىرىسىگە قاراپ يۈگۈرۈپ كېتىۋاتاتتى. ئەمما، بايىقىدەك ئۆلەر - تىرىلىشىگە باقماي ئەمەس، ئەمدى يۈگۈرۈشى خېلى ئاستىلاپ قالغانىدى.

— ياﺋاللا! ھۆ يەتمىش پۈشتۈڭنى ... غالجىرلىشىپ قاپتۇ. مازارغا بېرىپ ئۆلۈك يەپ كەپتۇ - دە، بۇ خۇمپەر، قايسى رەھمەتلىكنىڭ مۈردىسىنى يېگەندۇ ...

ئۇ شۇنداق دەپ ناخشىسىنى تۈۋلاپ بىر دۆڭگە چىقتى. چىقىپلا ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قالدى.

— ۋۇي بىزنىڭ مەھەللىگە كېلىپ قاپتىمەن.

دەرۋەقە ئالدىدا ئۇنىڭ مەھەللىسى تۇراتتى. ئەتراپى پاكار جىگدىلەر قويۇق ئۆسكەن مەھەللە.

— بايازە تۈلكىدىن قورقۇپ بەك ئۇزاق يۈگۈرۈپ كەتكىنىمنى بىلمەي قاپتىمەن جۇما.

ئۇ ئانىسىنى كۆردى. ئانىسى ئىشىك ئالدىدا تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ سىڭلىسى ھەمدەمنىڭ بېشىنى بېقىۋاتاتتى. ئاتىسى بولسا ئۆگزىسىدە ئۆتكەن زاماندىن قالغان چۈۋۈق باداڭغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ چىلىم تارتماقتا ئىدى. ئۇ تۈۋلىۋىدى، ئۈنى چىقمىدى. شۇنچە يېقىن تۇرۇپ ئۇنى يا ئانىسى كۆرمىدى. ھېچبولمىغاندا ئاتىسى بولسىمۇ كۆرمىدى. ئارىلىق يىراق بولمىسىمۇ ئۆيگە كەلمىگىلى يېرىم يىلدىن ئېشىپتۇ. ئۇ ئون ئىككى يېشىدىن باشلاپلا سالەك شاڭجاڭنىڭ ئۆيىدە مال - چارۋىسىنى بېقىشقا تۇرغانىدى. مانا بۇ يىل ئون توققۇز ياشقا كىردى. ئەتىگەندە سەھەردە مالنى ھەيدەپ جاڭگالغا بىر چىقىپ كەتسە، نامازشام خۇپتەنگە ماللىرىنى ھەيدەپ ئۆيگە كېلىدۇ. سالەك شاڭجاڭ يەر ئىسلاھاتى مەزگىلىدە يېرىم يىلدەك شاڭجاڭ بولغانىكەن. شۇندىن بۇيان ئاشۇنداق ئاتىلىپ كەپتۇ. ئەمما، ھازىر شاڭجاڭ ئەمەس، يېزىنىڭ توي خېتى بېرىدىغان كادىرى ئىدى. شۇ يىلى ئۇنىڭ چوڭ ئاچىسى ئايتىللاخاننى جەرەندۆڭلۈك

بىرسىگە ئەرگە بەرمەكچى بولۇپ توي خېتىگە كېلىشۈپدى . سالەك شائجاڭ ئەمدى ئون ئۈچ ياشقا كىرىپتۇ ، ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىتىگە چۈشمەيدۇ دەپ ، توي خېتى بەرگىلى ئۇنىمىدى . توي خېتىنى ئادەتتە شەنبە كۈنى بېرەتتى . كېيىنكى ئىككى شەنبە گوڭشېدىكى ئىشخانىسىغا ، ئۆيىگە كېلىپمۇ ئۇ ئادەمنى تاپالمىدى . ئاتىسىنىڭ بۇ ئىشلار بىلەن كارى يوق ، ئۇ چىلىم تارتىپ كۈن بويى ئۇخلاپ يۈرىدىغان ئادەم . ئانىسى بۇ ئىش مۇشۇنداق ئۇزاق سوزۇلۇپ كەتسە ئارىغا شەيتان ئارىلىشىپ ئاران رەپتارىغا كەلگەن ئىش بۇزۇلۇپ كەتمىسۇن دەپ ، خەقنىڭ مەسلىھەتى بويىچە ئۆيدىكى كونا ياغىچاقنى يىگىرمە بەش كويغا سېتىپ كۈيئوغۇل بولغۇچىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ ناھىيىگە ئەۋەتىپ فاراڭغۇ بازاردىن ئىككى شىشە ھاراق ئەكەلدۈردى . كەچنە ئۇنى بىر قۇشۇقلۇق تۇخۇم بىلەن ئۆيىگە ئېلىپ بېرىشۇدى . سالەك شائجاڭ قاپىقىنى تۈرۈپ :

— سىلەر ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىتى بىلەن ئويناشماڭلار ئوبدان بولاتتى ، خىجىل قىلىپ كېلىشۈرسەڭلار ، بۇ يەردە پرىنسىپ دەيدىغان گەپ بار . ۋاقتى كەلگەندە ، چاتاق چىقسا گەپ سىلەرگە ئەمەس ماڭا كېلىدۇ ، — دېدى .

— ۋاي ئوبدان سالەك شائجاڭ ، ساۋاب بولار ، ھېچقانداق چاتاق چىقارمايمىز . سىلىگە چاتاق تېپىپ بېرىدىغان ئىشنى ھەرگىز قىلمايمىز . بىر ياخشىلىق قىلىپ قويسىلا . سىلىنىڭغۇ بىزگە ھاجەتلىرى چۈشمەيدۇ . بىز قىلىدىغان خىزمەت بولسا ، كۆزلۈك يىغىدىغان «ئوما» ، خامان ئېلىش ئىشلىرى بولسا ھايت دەۋەتسىلە كېلىپ قىلارمىز . مۇشۇ ئىشتا بىزگە بىر شەپقەت قىلىشۋەتسىلە .

— ئۇنداق دېگەن بىلەن بولمايدۇ . بىز پارتىيە ئەزاسى ئادەم ··· ھەي يەنە قىزىل يۈز چىدىمايدۇ . بەرسەم بېرەي ، تولا داۋراڭ قىلماڭلار . ھازىر مەندە پەتتە يوق ، كېلەر

شەنبە كېلىڭلار . سىلىنىڭ مال باققۇدەك بالاڭلار بارمۇ ؟

مانا شۇندىن باشلاپ داۋۇتاخۇن سالەك شاڭجاڭنىڭ مالچىسى بولۇپ قالدى . ئۆيدە ئاشنىڭ يېتىشمەسلىكى ، كىچىك تۇرۇپ كوپېراتسىيىگە تۇتۇلۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئۇ خۇشال - خۇرام ھالدا قورساق تويدىغان بۇ باياشات ئائىلىگە مالچى بولۇپ كەلگەنىدى .

ئۇ توۋلاپ ئۇنى يەتمەي ئالدىغا قاراپ يۈگۈردى . يېنىغا يېقىنلاپ كەلگەندىمۇ ئۇلار كۆرمىدى . ھەممىدەم كۆردى . پەقەت ھەممىدەملا كۆردى .

— ئاكام كەپتۇ . ئاكام كەپتۇ . ئاكا ... ئاكا ... دەپ ئالدىغا يۈگۈردى . داۋۇتاخۇنمۇ دۆڭدىن تۆۋەنگە پەسلىدى . شۇ چاغدا گۈلدۈر قىلىپ قويۇق چاڭ - توزان بىلەن تەڭ ئۆيى ئۆرۈلۈپ چۈشتى . داۋۇتاخۇن ئۆگزىدە چىلىم تارتىپ ئولتۇرغان ئاتىسىنىمۇ ، تام تۈۋىدە ئولتۇرۇپ قالغان ئانىسىنىمۇ كۆرەلمىدى ...

ناھايىتى تەستە تاڭ ئاتتى . ئۇ تالاغا چىقىپلا ئەتراپنى تەكشى قاپلىغان ئاق قارنى كۆردى . يۈرىكى ئاغدى . ئۇ تەرەتكە كېتىۋېتىپ تېرەك بېشىدا توختىماي قاقىلداۋاتقان قاغىنىڭ ئاۋازىدىن بىر خىل ۋەھىمە ھېس قىلدى . ئىشىك ئالدىغا كېلىشىگە ئۆيدىن چىقىۋاتقان سالەك شاڭجاڭغا يولۇقتى . ئۇ ئادەمنىڭ قارا يۈزىدىن قان تەپچىرەپ تۇراتتى . يۈزى ، ئېڭەك ۋە گەدەنلىرىگە تۇرۇم - تۇرۇم قونۇپ كەتكەن سالپاڭ گۆشلەر ئۇنىڭ بويىنىنى غايىپ قىلىۋەتكەنىدى ، ئەسلىدىكى يوغان كۆزلىرىمۇ ئىششىغاندەك بولۇپ كەتكەن قاپاقلىرى ئارىسىدا چوڭ قەلەمدە جىجىغان كالتە سىزىقتا ئوخشاپ قالغانىدى . ئالدىغا سېلىنىپ كەتكەن قورساقلىرى قىسقا پاچاقلىرىنى تېخىمۇ قىسقارتىۋەتكەنىدى . كىيىپ ياتقان تۇمىقى شۇنچە كىرلىشىپ پارقىراپ ، تۇپىلىكى قوغۇنىڭ تۇمشۇقىدەك قورۇلۇپ

قالغانىدى . ئۇ ھاقلان بولغان بوۋاقنىڭكىدەك بۇدرۇق قوللىرى بىلەن ئىشتان بېغىنى تۇتۇۋېلىپ قاردا ھەم بىلەن ئالچاڭلاپ ماڭدى . تامنىڭ بۇرجىكىگە كەلگەندە توختىدى .

— ھەي داۋۇتەم ، بۈگۈن مال چىقىرامسەن ؟ — دەپ سورىدى ئەسلىدىكى بوغۇق ئاۋازدا .

— قار چۈشۈپ كېتىپتۇ . چىقارسام بولارمۇ يا چىقارمىسام بولارمۇ ؟ — دېدى ئۇ مۇلايىم قول باغلاپ تۇرۇپ .

— قاردا ئاچىقساڭمۇ يېگىنىنىڭ تايىنى بولمايدۇ . ئوت - خەسىنى مۇشۇنداق چاغدا بېرىمىز دەپ يىغقاندىكەن ، بۈگۈن ئوت سېلىپ بېرىپ باشقا ئىش بولسا قىلارسەن .

— مال چىقارمىسام دىككىدە ئۆيگە بىر بېرىپ كېلەيمىكىن دەيمەن .

— نېمىشقا ؟

— كېچىدىن چۈشۈم بۇزۇلۇپ قاپتۇ . نەچچە كۈننىڭ ياقىمۇ قاپىقىم تولا تارتىپ كەتتى . شۇڭا ، ئۆيگە بېرىپ كېلەيمىكىن دېگەن .

سالەك شاڭجاڭ بوغماق سول قولى بىلەن قىرقىما چار بۇرۇتىنى سىلاپ قويۇپ قاتتىق بىر ئەسنىدى . شۇئان ئۇنىڭ يۇمۇق كۆزلىرى ئارىسىدىن ئىككى تامچا ياش چاپاق ئارىلاش ساقىپ چۈشتى .

— بۈگۈن قار يېغىپ كەتتى . سوغۇق يامان تۇرىدۇ . ئۆزۈڭمۇ يېلىڭ . بۈگۈن - ئەتە قۇتقۇزۇشقا كىيىم - كېچەك ئەكېلىمەن . ئۆزۈڭ بىر قۇر كىيىپ ، ئاتاڭ بىلەن ئاناڭغا بىر قۇر ئېلىپ ئاندىن بار .

— ئىچكەكى ئېغىلنىڭ قىغى بەك ئەدەپ كېتىپ ئىشىك يېپىلماس بولۇپ قاپتۇ . بۈگۈن قوينى يازلىق ئېغىلغا سولاپ چۈچۈكىيۇيا تاشلاپ بېرىپ قىغىنى چىقارسۇن دېدى ، — ئارقىدىن كېلىۋاتقان سالەك شاڭجاڭنىڭ خوتۇنى ھەۋزىخان . ئۇ ئۇستىگە

ئېرىنىڭ ئۇزۇن جۇۋىسىنى يېپىنىۋالغان بولۇپ ، كونىراپ كەتكەن يېشىل يۇڭ ياغلىقىنى چېكىلەپ تېڭىۋالغانىدى .

— شۇنداق قىل داۋۇتەم ، — دەپ ئۆيىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ كەتتى شاڭجاڭ . داۋۇتاخۇن بوشىشىپ يەرگە قارىغانچە ئېغىلغا كىرىپ كەتتى . ھەۋزىخان ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كوتۇلدىدى .

— ھە دېسە چۇشۇم بۇزۇلۇپ قاپتۇ . ئۇ بوپتىمەن - بۇ بوپتىمەن ئۆيگە بېرىپ كېلەي دەيدىكىنا ، كاشكى بارغانغا يارىشا ئىسسىق بىر قاچا يوبدان ئىچىپ كېلەلىسىكەن . بارىدۇ شۇ تۆت تام ، بىر كۇلۇڭ . نەشە چېكىپ چاپاق بېسىپ ئۇخلايدىغان ئاتىسى بىلەن كېسەل كۆرپىسى ئانىسىنىڭ يېنىغا . يەنە تېخى بىر ئوبدان كىيىم - كېچەك كىيىپ ئېلىپ بار دېسە . يا لام ، يا ھە دېمەي سەت سالپىيىپ مېڭىشىنى ··· كوپىراتسىيىدە بولغان بولسا گەدىنىنى يىلتىزدەك قىلىپ قارا شامال بېسىپ ھاشا چاپىدىغان گەپ . تەييار ئاش ، تەييار نان ، بىر ئوبدان كىيىم - كېچەك ئىسە قىلىۋاتقان گەپ . بۇ ئۆيگە كىرىپ ئىشلىيەلمەيۋاتقان بىر مۇنچە ئادەم بار شۇ تاپتا . قانداق دېگەن گەپ بولدى . ھەۋزىخان ئېسىلىپ - قىزىرىپ تىنالماي قالدى . ئىككى جاۋغىيىدا كۆپۈك پەيدا بولۇپ ، گۆشلۈك سېرىق يۈزى تارتىشىپ ، خالتىلىشىپ كەتكەن ئېڭەكلىرى لىغىلداپ كەتتى .

— ۋاي ئانا ، يوقىلاڭ ئىشقا ئەتىگەندە كوتۇلداۋېرىدى.. كەنسەن . ئۆزۈڭنى ئۇپىراتمىغىنا ئوھوي . ئۆيدىن تەرەتكە چۆگۈن كۆتۈرۈپ چىققان ھاۋاخان بىزار بولغاندەك ئەركىلەپ تورۇپ چىرايلىق ئاغزىنى پۈرۈپ قارا كۆزلىرىنى ئانىسىغا ئالايتتى . ئۇ بۇ يىل ئون ئالتە ياشقا كىرگەن بولۇپ ، بۇغداي ئۆڭلۈك سوزۇق يۈزىگە ئاندا - ساندا يىڭنە ئۇچىدەك نەرسىلەر چاچرىشىپ قالغانىدى .

— ۋاي قارا بالام ، ھە دېسە يوقىلاڭ ئىشنى بانا قىلىپ

قاشقا تاتقىلى قەسلەيدۇيا .

— ھە بوپتۇ . بوپتۇ سۆزلەۋەرمە . بىر دېگەن گەپنى دەۋېرىدىكەنسەن . ماڭا جۇگۇ ! — ھاۋاخان شۇنداق دەپ قىزىل كۆڭلىكىنىڭ تورۇلۇپ چىقىۋالغان ئېتىكىنى تۈزەپ قويۇپ ، چۆگۈننى كۆتۈرۈپ ئارقىغا ئۆتۈپ كەتتى . ھەۋزىخان كوتۇلدىغانچە ئۆيگە كىرىپ كەتتى .

داۋۇتاخۇن قويلارنى يازلىق ئېغىلغا چىقاردى . قويلار باقتۇچىنىڭ ئەكسىچە سېمىز ھەم شوخ ، چىرايلىق مەكت قويى ئىدى . ئاپئاق قاردىن ھەيران قالغان قويلار ھۈركىگەندەك بەم بىلەن دەسسەپ قارنى پۇراپ قويۇشۇپ قوتانغا كىرىشتى . تۇغۇلغىنىغا ئىككى ئاي بولغان بىر قوزىچاق تاقلاپ سەكرەپ قارنى ھەر تەرەپكە چېچىۋەتتى . ئاندىن ئىزىدا توختاپ يۇمران تۇمشۇقىنى قارغا پاتۇرۇپ شۇئان پۇشقۇرتۇپ باشلىرىنى سىلكىپ كەتتى . سوغۇق قار ئۇنى ئەندىكتۈرۈۋەتكەنىدى . قويلار قوتانغا كىرگەندىن كېيىن ھەممىسى قارغا ھەيرانلىق بىلەن تۇمشۇقلىرىنى تەگكۈزۈپ بېقىشتى . بەزىلىرى تىلىنى چىقىرىپ يالاپ باقتى .

داۋۇتاخۇن ئېغىلنىڭ ئۆگزىسىگە چىقىپ تۆمۈر ئارا بىلەن ئۆگزىگە بېسىلغان چۇچۇكبۇينى يازلىق ئېغىلغا قوينىڭ ئۇستىگە تەكشى چېچىپ تاشلىغىلى تۇردى . ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ كالپۇكلىرى كۆكىرىپ كەتكەنىدى . قارىداپ يېرىلغان يۇزلىرى قىزىرىپ ، مايسىدەك قارا بۇرۇتلىرىدا ئۇششاق مۇز دانىچىلىرى پارقىراپ تۇراتتى . كونا ، يالاڭ چۇخەي بىلەن يالاڭ كۆك ئىشتان ئارىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان ئوشۇقلىرى سوغۇقتىن قىزىرىپ كەتكەنىدى . چۇچۇكبۇينىڭ قاڭسىق پۇرىقى ئارىنىڭ تېگىپ شالدىرلىشى بىلەن تەڭلا قويلارنىڭ نەپسىنى تاقىلدىتىپ مەرەپ كەتتى . بۇيا كۆتۈرۈلگەن يەردىن بىر چاشقان شارت قىلىپلا يەنە بىر بۇينىڭ ئارىسىغا كىرىپ كەتتى . قار كېپىكى

يېڭى ئېچىلغان يەرگە شىلدىرلاپ چۈشتى .
ئېغىلنىڭ ئالدىدا قورساقلىرى تومپايغان بوزوراخان پەيدا بولدى . ئۇنىڭ ئاق سېرىق كەلگەن يۇمىلاق يۈزى ، بۇرنىنىڭ ئۇچى ۋە پېشانىلىرىگە تەكشى قارا داغ چۈشكەن بولۇپ ، يۈزلىرى ئالىپاساق كۆرۈنەتتى . بادام قاپاقلىرى ئاستىغا چوڭقۇر ئورۇنلاشقان كۆكۈش كۆزلىرى ئەتراپقا مەغرۇر تىكىلگەنىدى . ئۇنىڭ تۇۋت ياقىلىق كۆك سارجا چاپىنىنى كۆتۈرۈپ تۇرغان يوغان كۆكسى قورسىقىغىچە ساڭگىلاپ چۈشكەنىدى . قىزىل ئەنگىلىشىم كۆڭلىكى كىر ھەم پۇرلەشكەنىدى ، قورسىقى كۆتۈرۈۋالغانلىقتىن كۆڭلەكنىڭ كەڭ ئېتىكىنىڭ ئالدى يۇقىرىسىغا كۆتۈرۈلۈپ ، كەينى ئۇشۇقىغا سوزۇلۇپ چۈشكەنىدى . يېشىل يۇڭ ئىشتىنى تولا تىزلىنىپ ئولتۇرغانلىقتىن تىزى ئالدىغا سوزۇلۇپ چىقىپ ، بويۇنتۇرۇقتەك ئورۇن ئالغان . پايپاقسىز كەش كىيىۋالغان ئاق پۇتلىرىنىڭ دۈمبىسى سوغۇقتا قىزىرىپ كەتكەنىدى . ئۇ كۆزىگە چۈشۈۋالغان قوڭۇر چېچىنى قولىقىنىڭ كەينىگە قىستۇرۇپ ياغلىقىنى يېڭىۋاشتىن چېكىلەپ تاڭغاندىن كېيىن :
— ھوي داۋۇتاخۇن ، مەن سىزنى چاقىرغىلى چىقتىم . ئاش پىشتى . قويغا ئوتنى سېلىپ بولۇپمۇ ، سوغۇقتا نېمانداق ئۆگزىدە ھاڭۋېقىپ تۇرسىز ؟ ئېغىلنىڭ ئۆگزىسى ئىسسىقمىكەنيا ؟ — ئۇ شۇنداق دەپ كۈلدى . ئاغزىنىڭ سول بۇرجىكىدىكى بىر تال ئالتۇن چىشى شۇئان پارقىراپ چىقىپ ئۇنى تېخىمۇ بەك كۈلگەندەك كۆرسىتىۋەتتى . داۋۇتاخۇن ئۇندىمەستىن ئارىنى ئىزىغا تاشلاپ كونا شوتىنىڭ ۋاخنىسى بىلەن ئالدىرىماستىن ئۆگزىدىن چۈشتى .
— ۋايجان ، قېينانام سۆزلىسە ئەمدى ھەممە ئادەمگە غورا يېگەن تازدەك تەرىڭىزنى تۇرمەي تۇرۇڭا ، گىيەكىم ئەمدى بارغانچە نازۇكلىشىپ كېتىپسىزمۇ دەيمەن . بۇ ئۆيگە تۈنۈگۈن

كەلگەندەك .

بوزۇراخان ئەتراپىغا ئىتتىك قارىۋېلىپ ئاۋازىنى پەسەيتىپ سۆزلىدى :

— بۇ قېرىنىڭ خۇيى شۇ بولغاندىكىن ئۇنى ئىچىڭىزگە ئېلىپ ئۆزىڭىزنى ئۇپراتقۇچە چۈشىنىڭىزغا ئالماي يۈرىۋېرىڭا . چۈگۈن قايىنىسا ئۆزىنىڭ بېشىغا تاشىدۇ . سۆزلەپ ، سۆزلەپ بېسىقىپ قالىدۇ . ماڭىمۇ قايناپ ، چالۋاقاپ بىر بوپكەتسە خىيالىمغا كەلتۈرمەي ھېچ ئىش بولمىغاندەك يۈرىۋېرىمەن . ئاخشام سالەك ئاتامدىن داۋىسىنى يەپ ، ئەتىگەندە دەردىنى سىزدىن ئالدى . سەت تۇزلۇق قاپاق قېرى . ئۇلۇشكۈن ھاۋاخان كىنوغا چىقىپتىكەن ، سالەك ئاتام كۆرۈپ قاپتۇ . شۇنىڭ بىلەن ئاخشامدىن بېرى تىللاپ بېشىنى ئۇچاق ئېتىۋەتتى . سەت قېرىنىڭ ئوبدان بولدى . ئىچىمدە تازا كۈلۈپتىمەن ، تازا . تاس قالدى تېخى ئۆرۈۋەتكىلى .

— چۈشۈم بۇزۇلۇپ قاپتىكەن ، ئانامدىن ئەنسىرەپ قالدىم ، بېرىپ كېلەي دېسەم شاڭجاڭ ئاتام بىر چىرايلىق گەپ قىلسا تۈزنى قورۇۋاتىدۇ .

— خۇدايىم ساقلا . قارا بېسىپ قالغان ئوخشايدۇ . جىنىنىڭ ئۈۋىسىغا يا كۈلگە ئولتۇرۇپ قويسىمۇ ئادەم سەت چۈشلەرنى كۆرۈپ قالىدۇ . بۈگۈن بارماڭ ، ئاۋۇ ئادەم گوڭشېگە يىغىنغا كەتتى . سەھەردە كەتتى ، ھەقىچان كەچتە قونۇپ قالىدۇ . كەلمەي قالسا مەن ئىشكنى تاقىماي ياتىمەن .

بوزۇراخان سۆزلەۋاتقاندا ھاۋاخان تالاغا چىقتى . بوزۇراخان دەمال تەمتىرەپ كېتىپ ، داۋۇتاخۇننىڭ يېنىدىن نېرى كەتتى .

— ھاۋاخان ، ئاش ئىچىمدىڭىزمۇ ؟

— ئىچتىم ، ئۆي بەك ئىسسىپ كەتتى . ئىچىم سىقىلىپ يېنىپ چىقتىم .

— تەرلىگەندە تالاغا چىقىپ يامان قىپسىز جاڭداپ قالماڭ

جۇمۇ .
هاۋاخان مۇغەمبەرلىك بىلەن كۈلدى .
— مەندىن ئەنسىرىمەڭ ، بۇزۇراچا ، ئۆزىڭىز ئىغىر ئاياغ تالادا بەك تۇرۇپ قېلىپ سىز جاڭداپ قالمىسىڭىز مەن جاڭداپ قالمەنما .
— ۋايجان خېنىم ، سەتلىشىپ كۈلمىگە جېنىمنى چىقىرىپ .
— دائىم مۇشۇنداق كۆيۈنۈشسەكتۇق . ھەجەپ بەلەن ئىش بولاتتى .
هاۋاخان سۆزلەۋېتىپ بىر داۋۇتاخۇنغا ، بىر بۇزوراخانغا قارىدى . داۋۇتاخۇن قىزىرىپ كېتىپ ئىتتىك ئۆيگە كىرىپ كەتتى . بۇزوراخان تاتىرىپ كەتتى .
— ئۇكام هاۋاخان ، ئادەمگە بۇنداق يامان كۆز بىلەن قارىماڭ جۇمۇ .
— ۋاي قورقۇپ كەتمەڭ ، مەن كىچىك بالا ئەمەس ، خېلى ئاق - قارىنى پەرق ئېتىمەن ، ئاكامغا دەپ قويمايمەن . بۇزوراخان قىزىرىپ كەتتى .
— ۋىيەي نېمە دەيدىغاندۇ ، ئاشۇ داۋۇتاخۇنما ، ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشتۇرماڭە ، ھەجەپزە مۇشۇ كۇندە ئادەمنىڭ تولا چىشىغا تېگىدىغان بولۇپ كەتتىڭىز ئىيەكىم .
— مېنى بىلمەيدۇ دېمەڭ ، بىلىمەن جۇمۇ ، ياخشىلىق قىلغاننى بىلمەيدىغان .
هاۋاخان تۇمشۇقىنى ئۈچلىدى . بۇزوراخان كۈلدى .
— بوپتۇ ئەمەسە ، مەنمۇ ياخشىلىق قىلامەن ، سەت جىن ، — بۇزوراخان هاۋاخاننىڭ بۇرنىنى چىمداپ قويدى .
داۋۇتاخۇن چۈش بىلەن قىغنى ئېغىلنىڭ ئىشىكىگە تاشلاپ بولدى . ئىسسىق هور بىلەن قىغنىڭ پۇرىقى ئەتراپقا تارالدى .

قۇشقاچ، توخۇلار قىغىنىڭ ئەتراپىغا ئۇلاشتى. ئىشىكنىڭ يېرىمى قىغ بىلەن تۇسۇلۇپ قالدى. ئۇنىڭ چېكىسىدىن تەر قۇيۇلۇپ يۇزلىرى قىزىرىپ كەتكەنىدى، ئۇ يىراقتىنلا مۇغەمبەر تۇماقنى چۆكۇرۇپ كىيىۋالغان مەھەللىلىك ھەسەن روزىنى كۆرۇپلا يۇرىكى سېلىپ پۇت - قولىدا جان قالمىدى. ھەسەن روزى ئىشىك ئالدىغا كېلىپ ۋېلىسىپىتتىن چۇشۇشكە ئۇ ئېغىلنىڭ ئىشىكىدىن قىغنى تۇرتۇپ چىقىرىپ بولدى. ھەسەن روزى قولىنى ھورداپ تۇرۇپ دېدى.

— ئىتتىك بولۇڭلار داۋۇتەم، ۋېلىسىپىتنىڭ كەينىگە مىنىڭلار، ئاناڭلىنىڭ مىجەزى پەسلەپ قالدى.

داۋۇتاخۇن ئارىنى تاشلىۋېتىپ چاپىنى بىلەن تۇمىقىنى قولتۇقلاپ ماڭدى. ئۇنىڭ كۆزىدىن توختىماي ياش قۇيۇلاتتى.

## 4

بالىنىڭ يىغىسى يەنە باشلاندى. ئەمدىلا كۆزى ئۇيقۇغا ئېلىنغان ئەر - خوتۇنىنىڭ ئۇيقۇسى يەنە بۇزۇلدى. ئابدۇكېرىم تېكىردىن لىككىدە بېشىنى كۆتۇرۇپ غەزەپ بىلەن ئايتىللاخانغا ھومايدى. يېڭىدىن قىردۇرۇلغان بېشى جىن چىراغنىڭ ئاجىز يورۇقىدا سۇس پارقىراپ تۇراتتى. ئۆينىڭ ئىچى خېلىلا سوۋۇپ كەتكەنىدى. ئۆينىڭ ئارقىسىدىكى ئۆستەڭدىن مۇز يېرىلغان ئاۋاز بىلەن يېقىنلا يەردىن سوغۇقتا توڭلىغان ئىتنىڭ غىڭشىۋاتقان سۇس ئاۋازى ئاڭلاندى.

— يولدىن دۇرۇكلەپ ئۆتۇۋاتقان كالا ھارۋىسىنىڭ يولغا سېلىنغان قومۇشلارنى پاراسلىتىپ مېڭىشى، ھارۋىكەشنىڭ كالىنى ئىتتىك مېڭىشقا زورلاپ تاياق سېلىپ تىللىغان ئاۋازىمۇ ئاڭلىنىپ ئۆتۇپ كەتتى.

— باياتىن بەكرەك تويغۇزۇپ ئېمىتىپ ئۇخلاتساڭلار

بولامدۇ . ياﺋاللا ، ياﺋاللا ئەمدى كۆزۈم ئېلىنىپتىكەن .

ئابدۇكېرىم قىزارغان چوڭقۇر كۆزىنى ئۇۋۇلاپ كوتۇلدىدى . ئۇنىڭ ئالدىغا ئوقچۇپ چىققان قاڭشار سۆڭىكى پېشانىسىدە ئەگرى - بۈگرى چوڭقۇر قورۇقلارنى پەيدا قىلغانىدى .

— بايا شۇ بىرمۇنچە ئېيتتىكەن ، كىچىك بالىنىڭ قورسىقى پات - پات ئاچىدۇ . بۈگۈن سوغۇق تازا بوپتۇيا ، ئۈي بەك مۇزلاپ كېتىپتۇ . يېڭى تۇغۇلغان بالا دېگەن قىرىق كۈنگىچە كەڭرى دۇنيادىن تار جاھانغا نېمىشقا كېلىدىـــــىپ قالغاندىمەن دەپ يىغلايمىش ، — دېدى بالىنىڭ ئاغزىغا ئەمچەك سالغاچ خىجىل بولغاندەك ئاۋازدا .

— ئەمدى خېلى تاڭ ئېتىپ قاپتۇ ، ئوچاقتا ئوت يېقىڭلار ئەمىسە .

— مەدەك تۈگىگەن ، مەدەك ئاچىقىپ بېرىڭلار .

— ئۆزۈڭ ئاچىقسالڭ بولامدۇ ؟

— تېخى قىرىق كۈن توشمىدى ، ئورنۇمدىن تۇرغاندىراق ئاچىقسامۇ بولار ، سوغۇق ئۇرۇۋەتسە تېخىمۇ ئېغىر يېتىپ قالسام ھازىر تۇغۇتۇمنى بېقىپ بولالماي ئاران تۇرغىنىڭلادا تالاغا ئاچىقىپ چۆرۈۋەتمەڭلار ئەمدى ، — دېدى ئايتىللاخان بالىنى قۇچىقىدا ياتقۇزۇپ چۇۋۇلغان چېچىنى تۇزەپ ياغلىقىنى يېڭىۋاشتىن چېكىلەپ تاڭغاندىن كېيىن .

— ۋىيەي ، قاپىقىم ھەجەپ تارتىپ كەتتىمىيا ؟ ئانام تىنچلىق تۇرغاندۇ - ھە ؟

— يارىشا ، تىنچلىق تۇرغاندۇ ، — دېدى ئابدۇكېرىم ياستۇقتا دۇم يېتىۋېلىپ تۇرۇپ گېزىت قەغىزىدىن تاماكا يۆگەپ .

— قوپۇڭلار ھە ، تاڭ ئاتماستىلا بىسمىللا دەپ ناشتا قىلماي تۇرۇپ يوتقاندا يېتىپ تاماكا چېكىدىكەن ئىيەكىم ، مۇشۇ

خۇيۇڭلاردىن ھەجەپ زېرىكتىم .
— زېرىكسەڭ قانداق قىلاتتىڭلار ، خۇمارى تۇتقاندىكىن چېكىدىغان گەپ .
— ۋاي يوغان تۇتۇپتۇ ، چېكىڭلار ، ھە قوپۇڭلار مەدەك ئاچىقىڭلار .
ئابدۇكېرىم ئاستا ئورنىدا ئولتۇرۇپ كىيىمىنى كىيگىلى تۇردى ، ئۇنىڭ ئورۇق بەدىنىگە كۆك ئاسما مايكىسى كېلەڭسىز كېلىپ قالغانىدى . ئۇ ئۈتۈكىنى كىيىش ئۈچۈن سوغۇق قېتىپ كەتكەن پايتىمىسىنى تام مەش ئۈستىدىن ئېلىپ ئۇۋۇلاپ پۇتىغا يۆگەي دەپ تۇرۇشىغا يولدىن شودۇيجاڭنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى :
— بارلىق ئەزالار دىققەت قىلىڭلار ، ئەتە ئەتىگەندە گوڭشېنىڭ باھالىشى بىزنىڭ دادۇيگە كېلىدۇ . ئاخشام كەچتە دادۇيدە يىغىن بولۇپ ئاۋۇت شۇجى يولنىڭ بويىغا دۆۋىلەنگەن ھەممە ئوت - خەسنى يولغا بېسىپ ، ئۇنىڭ ئورنىغا يەنە كۆزگە كۆرۈنگۈدەك يوغان ئوت - خەسە دۆۋىسىدىن ھەر بىر ئادەم بېشىغا بەش ھارۋىدىن دۆۋىلەشنى ئۇقتۇردى ، مەيلىڭىز چاپاق كۆلدىن يانتاق - قامغاق چاناپ كېلىڭ ، مەيلىڭىز جەرەن دۆڭدىن چىرىمتال تېپىپ كولاپ كېلىڭ ، يا كۆلدىن ئەكەلسىڭىزمۇ ئۆزىڭىزنىڭ ئىشى . ھەر بىر ئادەم بېشىغا بەش ھارۋىدىن ھېسابلاپ دۆۋىلەپ ، يولنىڭ بىر بېشىغا قىغ ، يەنە بىر بېشىغا ئوت - خەسە ، چىرىمتال دۆۋىلىمىسەك بولمايدۇ . ھەي ... ھەي ئاڭلىمىدىم دېمەڭلار ، ئويغىنىڭلار ، بۈگۈن قار يېغىپ كېتىپتۇ دەپ ، يەنە جاڭگالغا بارماي كەچتە خاپىلىق تارتىپ قالساڭلار ئۆزۈڭلاردىن كۆرۈڭلار . نەچچە كۈننىڭ ياقى دۆۋىلىگەننى يولغا يېيىۋەتمەي يەنە شۇنى پەدازلاپ كۆزنى غەلىتە قىلىمەن دېمەڭلار . بۈگۈن پۈتۈن كادىرلار يولدا بولىدۇ . كەچتە دادۇينىڭ باھالىشى بار . شۇ چاقىچە يولغا سېلىنغان ئوت ئادەمنىڭ تىزىغا كەلمىسە ، ئۇنىڭ ئۇدۇلىدا يوغان ئوت دۆۋىسى بولمىسا كىمنىڭ بولۇشىدىن

قەتئىينەزەر ، ئاشۇ ئۆگزىسىگە دۆۋىلىنىۋالغان ئۇلاغلىرىنىڭ پىچىنى بولامدۇ ، شادىسى بولامدۇ ، بېدىسى بولامدۇ ئاچىقىپ يولغا باسىمىز . گۇڭشېنىڭ بۇ قېتىمقى ئوغۇت توپلاش باھالىشى بەك چىڭ . كىمكى دادۇيىمىزنىڭ بۇ باھالاشتىن ساق سالامەت ئۆتۈۋېلىشىغا كاشىلا تۇغدۇرسا جىق خاپىلىق تارتىپ قالىدۇ . خالايىق ، ھوي ... ھوي ئويغىنىڭلار ، ئاڭلىدىڭلارمۇ ... قانداق خەق ماۋۇ ھازىرغىچە قوپمىساڭلار ئۆيۈڭلاردىن بەرىكەت قاچىدۇ . بارغانچە ئەسكىرىشىپ كەتتىڭلار ، ھوي ساۋۇراخۇن ، قوۋان سايىت ، ئابدۇكېرىماخۇن ...

— ھۇ ئاناڭنى ، قار ياغقان ئوخشايدۇ تېخى ... يائاللا ساختا ئىشقا ھەجەپ ئامراقلىشىپ كەتتى بۇ ھۆكۈمەت . مەرەز ئوغرى ، يا زۇۋانىڭ تۇتۇلۇپ ئۆلمىدىڭ . خۇدايىم شۇ دۇيجاڭدىن قۇتۇلىدىغان كۈنمۇ بولارمۇ ، ئوت - خەسنى ئەكېلىپ يولغا دۆۋىلىگۈچە ئېغىلغا سالسا ئۇلاغنىڭ تېگىدە ئاسان سېسىپ قىغ بولامدۇ . يولغا ئاچىقىپ دۆۋىلەپ قويۇپ ئۇنى بىكاردىن ئاپتاپقا سېلىپ كۆز - كۆز قىلغۇچە ، — دېدى ئابدۇكېرىم ئۆتۈكىنى كىيىۋېتىپ قاقشاپ .

— كېلەر يىللىق ھەر جانغا بىر پۇڭدىن يەر قوشۇپ بېرەرمىش .

— قانداق قىلىپ ؟ — دېدى ئابدۇكېرىم ئايالىنىڭ ئەخمەقتەك سۆزلەشلىرىدىن زەردىسى قايناپ .

— قايسى كۈنى سەلەي سوپىنىڭ گۇسۇنخان كۆرگىلى كىرىپتىكەن ، كېلەر يىلى پۇڭلۇق يەرگە يەر قوشىدىكەن دەيدۇ .

— ۋاي ، شۇ گۇسۇن ساراڭنىڭ گېپىگە ھە دېگىنە . ھەممە خەقنىڭ ئاغزىدا شۇ گەپ بولغىنى بىلەن شۇ ئىش رەسمىي بولمىغۇچە ئىشەنگىلى بولمايدۇ . بۇ خەقنىڭ ئۇخلاپ چۈشى . ھۆكۈمەت پۇڭلۇق يەر قوشۇپ بەرسە قارا بېسىپ قالىدۇ . بۇنداق گەپلەرنى ھەدەپ ئاڭلاپ قويۇپ ئىشىڭنى قىل . ئىشىنىدىغان

گەپ ئەمەس بۇ ...

— ھە بوپتۇ . سىلـــــىنىـــــڭ كېپىـــــڭلار لام راست ، سىلىنىڭكىدىن باشقا گەپكە ئىشەنگىلى بولمايدۇ . دائىم گەپ قىلسا بىر يەرنىڭ باشلىقىدەك سۆزلەيدۇ خۇددى ، — دېدى ئايتىللاخان تۇمشۇقىنى ئۇچلاپ .

ئابدۇكېرىم ئوچاق ئالدىدىكى چۈۋۈلۈپ يېرىمى قالغان كونا ھەلەپ سېۋەتنى ئېلىپ تالاغا چىقىپ كەتتى .

— ئاللا ، ھەجەپ يېغىپتا ماۋۇ قار . مۇشۇنداق قاردا قانداق جاڭگالغا بارغىلى بولار . خەقنى ئۆلتۈرۈپ يەمدۇ نېمە ماۋۇ قەلەندەرلەر ، — دەپ كوتۇلدىدى ئابدۇكېرىم .

— ھۇ ، ۋايجان سوغۇق تازا بوپتۇ ... ئۇشۇقتا قار يېغىپتۇ .

ئابدۇكېرىم سېۋەتنى ئوچاق ئالدىغا تاشلاپلا قولـــــىنى ھوردىدى . بالا يەنە ئۇخلاپ قالغانىدى . ئايتىللاخان بالىنى ئاستا يوتقانغا سېلىپ قويۇپ كىيىمنى كىيىپ چۈشۈپ ئوت قالاشقا تۇتۇندى . سېۋەت ئىچىدىكى مەدەكلەرگە قار چاپلىـــــشىپ قالغانىدى .

— شادىنىڭ ئىچىگىرەك قولىنى تىقىپ قۇرۇقراقىنـــى ئېچىرمەي ، ئالدىغا ئۇچرىغاننى ئېلىۋەرگىنىنى ، ھۆل بولۇپ قالغان مەدەك قانداق كۆيىدۇ ؟

— توڭلاپ كەتكەندە تولا گەپ قىلما سەپرايىمنى قاچۇرۇپ ، خوش بول شۇنى ئەكىرىپ بەرگەنگە .

— بۇندىغىنى ئەكىرگەندىن ئەكىرمىگەن ياخشى .

ئۇ كوتۇلدىغاچ مەدەكتىكى قارنى قېقىپ مەدەكنى ئوچاق ئىچىگە تىزغىلى تۇردى .

— بۇگۇن تۇگمەنگە بېرىپ ئۇن تېگىشمەمدۇ ، جاڭگالغا بېرىپ پاتاس ئەكېلمەمدۇ ، قايسى ئىشنى قىلارمەن ؟ — دېدى ئابدۇكېرىم سەپرايى ئۆرلىگەن ھالدا كورەك تۇمىقىنى گەدىنىگە سۈرۈپ پېشانىسىنى تاتىلاپ .

— غوجا ئاۋاتنىڭ تۇگمىنى بەك يۇمشاق تارتىمىش ، ئادەمنى جىق ئەمەس دەيدۇ ، شۇ يەرگە ئاپارساڭلار چۇشكە قالماي تارتىپ كېلىپ بولارسىلەرمىكىن دەيمەن .

— مۇشۇ قاردا سوغۇق يەپ ئەمدى ئاشۇ غوجا ئاۋاتقا بارىمەنما ، ھەر قانچە شەخمەن چىقىرىپ بەرسىمۇ ، بولدى ئاشۇ گوڭشېنىڭ تۇگمىنىدە تارتىمەن .

— ھە ئاززاراق قىينالغانغا ئۆلەملا ، ئەر كىشى بولغاندىكىن نېمە بوپتۇ . گوڭشېنىڭ تۇگمىنىنى بىلمەن ، چۇشكىچە ئۆچرەتتە تۇرۇپ ياما تارتىپ كېلىمىدۇ . تېخى تۇزاننىمۇ بىر يېرىم جىڭ تۇتۇۋالىدىكەن تويمۇغۇرلار . غوجا ئاۋاتنىڭ تۇگمىنىدە يېرىم جىڭ تۇتىمىش .

— ھازىر ئەتىگەندە بارسام خەق كېلىپ بولغۇچە تارتىپ بولىمەن . غوجا ئاۋاتتىكى پوستەكچى بىلەن تونۇشمامىيا . گوڭشېدىكى ئاۋۇت پوستەك بىلەن خېلى ئوبدان تونۇشۇپ قالدىم . ئوبدان يېرىدىن ئۇسۇپ بېرىدۇ . تۇگمەنگە بەرگىلى پۇل بولمىسا تېخى . گوڭشېدىكى جەڭچى خەنزۇغا تۇخۇمدىن تۆتنى ئالغاچ بارسام دەپتەرگە يېزىپ قويۇپ نېسى بېرىدۇ .

— ۋايىيەي مەيلىڭلار ، بۇ چاغقىچە خەق بىزدەك ئۇخلاپ ياتمايدۇ . بېرىپ ئۆچرەت تۇتۇپ بولغاندۇ ، ئەنا ، ئەللىك جىڭ قوناق قاپتۇ ، تۇگمە ئاي توشقۇچە دادىيگە بارىدىغان ئوخشايمىز ، خالتىنى قولتۇققا قىستۇرۇپ ، يۇمشاقراق تارتىپ كەلسە بەرىكەتتى بولارمىدىكىن دېسەم ، نەدە تارتساڭلار تارتىڭلار .

ئابدۇكېرىم شال تەكچى يېنىدىكى قوزۇققا ئېسىلغان قاپاقنى ئېلىپ قاپاقنىڭ كىچىك ئاغزىدىن قولىنى تىققىلى تۇردى .

— ناشتا قىلماي ھازىرلا ماڭامدىغاندۇ ئەمدى .

— يولدا ماڭغاچ قىلارمەن ، بەك ۋاخ قالسام ھېلى ئىتقا ئوخشاش قاۋاپ كېلىدۇ ، جاڭگالغا ماڭمىسام بولمايدۇ .

قوناقنمۇ يۇدۇپلا ئاپىراي ، ئۇنىڭغىچە ئىشەك قورسىقىنى تويغۇزۇۋالسۇن .

— توخۇمنىڭ كىچىكراقىنى ، ھېلىقى كەندىررەڭ چۈجىنىڭ توخۇمىنى ئېلىڭلار جۇمۇ ، چىپتىغا سامانىنى ئېلىۋېلىپ ئۇن تارتقۇچە ئەشەدە قويۇپ بەرسەڭلار بولامدۇ ؟

— بۇنىغۇ مەنمۇ ئوبدان بىلىمەن ، سامانىنى ئاياۋاراق بەرمىگەن بىلەن ھېلىمۇ كىچىككىنەم قاپتۇ . ئەتىيازغا چىققۇچە يەتسە بولىدۇ . شادا سېلىپ بېرىپ كېتىمەن .

ئابدۇكېرىم قاپاقتىن بىر مۇنچە توخۇمنى چىقىرىپ ئېلىپ قوينىغا سالدى - دە ، تۇمىقىنى چۆكۈرۈپ كىيىپ بولۇڭدا تۆت خىشنىڭ ئۈستىگە قويۇلغان خالتىنى يۇدۇپ ئىشىككە ماڭدى .

ئايىمللاخان ئىشىكنى ئېچىپ بەردى .

— خۇداغا ئامانەت ئەمىسە ، تىنچ بېرىپ كېلەسىلە ، ھېلى ھەقىچان سەلەي باي توۋلاپ كېلىدۇ . ئەتىگەندە قوپۇپلا بىر يەردە بىر ھارۋا غازاڭ كۆرۈپ قويغان شۇنى يىغىپ قويىمەن دەپ چىقىپ كەتكەن دەڭلار .

— ھېلى بىرسى كۆرسە دەپ قويار ھەقىچان .

— مەن ئاۋۇ 3 - ئەترەتنىڭ بېغىنىڭ كەينى بىلەن سۇپەكبايىنىڭ مەھەللىسىدىن چىقىپ كېتىمەن . ھېچكىم كۆرمەيدۇ .

ئابدۇكېرىم چىقىپ كەتتى . ئايىمللاخان ئوچاقتىكى ئوتنى تۇتاشتۇرۇپ بولۇپ قازانغا سۇ قۇيۇپ قويدى . ئۇششاق جەگە ، سۇيۇق ۋاسا بىلەن يىكەندە يېپىلغان ئۆينىڭ تورۇسىغا تۇتۇن ئۆرلەپ تورۇستا كۆكۈچ تۇمان پەيدا قىلغانىدى .

— ۋاي ئىست ، ۋاي ئىست ، جېنىمنى ھەجەپ قىينىدىڭا خۇدايىم ، — ئايىمللاخانىنىڭ كۆزىدىن ياش قۇيۇلدى . ئۇ كىرلىشىپ ، پۇرلىشىپ كەتكەن كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكى بىلەن كۆزىنى ، بۇرنىنى سۈرتتى . ئۇنىڭ ئاق سېرىق كەلگەن يۇمىلاق

يۈزى ئۇچاقتىكى ئوتنىڭ سۇس يورۇقىدا سەل قىزارغاندەك كۆرۈنەتتى . ئۇنىڭ چوڭ - چوڭ قارا كۆزلىرى ئۇيقۇسىزلىقتىن ئولتۇرۇشۇپ كەتكەندى . سىڭلىسى ھەممىدەمنىڭ ئاغزىغا ئوخشاش چىرايلىق ئاغزى كىچىك بالىنىڭكىدەك ئۈمچىيىپ كەتتى .

— بالا باقماق مۇشۇنداق تەس بولىدىغان بولسا ئىككىنچى تۇغمىدىغان ، ئانام ساق بولغان بولسا ئاچلىقتىن ئۆلۈپ قالامىز شۇ ئۆيدە تۇغمامدىمەن ، تۇنجى تۇغۇتنى بولسىمۇ ئۆز ئۆيىمدە تۇغمىسا ئەرنىڭ ئالدىدىمۇ ، قېينانا ، قېيناتا ئالدىدىمۇ ئىككى پۇللۇق ئەتىۋارى بولمايدىكەن . شۇ تاپتا خەقنىڭ تاپقان گەپلىرىمۇ ئاز ئەمەس . شۇڭا ، ھەممىسىنىڭ ئالدىدا تىلىم كېسىك ، بېشانەم تەتۈر بولمىسا ئانام ساق تۇرار ئىدى . ھېچبولمىسا ئۆزىنىڭ تەربىيىگە قويالىسىمۇ ھەممىدەمنى ياندۇرۇپ ئەكېلىپ تۇغۇت ئىچىدە بولسىمۇ ئۆزۈمگە ھەمراھ قىلىۋالسام سەل - پەل بولسىمۇ جېنىم ئارام تاپار ئىدى .

ئايتىللاخان بالىنىڭ ئويغىنىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ بوش ئاۋاز چىقىرىپ مىشىلداپ يىغلىدى .

ئابدۇكېرىم بىلەن ئايتىللاخان توي قىلغىلى تۆت يىل بولدى . ئۇ چاغدا ئايتىللاخان ئون ئۈچ ياش ، ئابدۇكېرىم ئون يەتتە ياشتا ئىدى . تۆت يىلدىن بېرى ئۇنىڭ قورسىقىدا قالماي ئابدۇكېرىمنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ ئاچچىقى كېلىپ ئۆي ئايرىپ قويغانىدى . ئۇلار ئۆي ئايرىپ بىر يىلغا قالماي قورسىقىدا قېلىپ تۇغدى . ئۇلار ئوغلىنى ھەتتا خوتۇنۇڭنى قويۇۋەت دەپمۇ قىستىدى . ئابدۇكېرىم ئاتا - ئانىسىغا جاۋاب ياندۇرالماي ئايتىللاخاننى بولۇشىغا دۇمبالىدى . ئەمما ، ئايتىللاخان يامانلاپ كەتمىدى . ئابدۇكېرىم ئۇنى بولۇشىغا دۇمبالىغان بىلەن يۈرىكىگە قولىنى سېلىپ بېقىپ ئۇنىڭغا چىدىمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى . شۇڭا ئۇ ئاتا - ئانىسىنىڭ تاپا - تەنىسى ئۈچۈن

ئايتىللاخاننى هارغۇچە ئۇرۇپ ئۇلارنىڭ دەردىنى چىقىرىپ قويغىنى بىلەن هازىرغىچە خېتىڭنى ئال دېگەن گەپنى قىلمىدى .

— هوي - هوي ئابدۇكېرىماخۇن ، هەي ، قوپۇڭلار ناماز ئوقۇمىساڭلىمۇ سەھەر قوپقان ساۋاب ، مۇشۇ چاغقىچە پاقىدەك چاپلىشىپ يېتىۋەرگەن بارما .

— بېشىڭنى يەيدىغان ئوغرى ... ۋاي ، چىقىپ كەتكىلى نەۋاخ ، — ئايتىللاخان مەڭزىدە توختاپ قالغان يېشىنى ئىچ كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكى بىلەن سۈرتۈۋېتىپ تىزىغا تايىنىپ ئورنىدىن تۇرۇپ جاۋاب بەردى .

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ، — ئىشىكتىن سەلەي توختى كىرىپ كەلدى . ئۇ ئۆزى بىلەن تەڭ بىر پاتمان قار سوغۇقنى ئېلىپ كىردى . ئۇ ئۇچىسىغا يوغان قارا تاشلىق جۇۋا ، پۇتىغا كونا چەملەنگەن دەپسە كىيىۋالغان بولۇپ ، قولىشالماي قالغانىدى . قارا چاشقان بۇرۇتىغا بۇرنىدىن چىققان هوردىن مۇز تۇتۇپ كەتكەنىدى . جىلمىيىپ تۇرىدىغان قىسىق قوڭۇر كۆزلىرى چۈكۈرۈپ كىيىۋالغان سەل كىرلەشكەن مۇغەمبەر تۇماق ئاستىدىن پارقىراپ كۆرۈنەتتى .

— ۋاي كېلىڭ سەلەيكا ، ۋاي ئىسست هەجەپ سەت بىر ئىش بولدى . بىرەسىنى يىغمىغان تېخى ، — ئايتىللاخان هودۇقۇپ ، پۈرلىشىپ پوملاقلىق تورغان يوتقان تېگىدىن بىر كۆرپىنى سوغۇرۇۋېلىپ تام مەشكە يېقىن تۆرگە سالدى .

— ياقەي بولدى ، مۇشۇ يەردىلا مانا ، هازىر كۆرپىدىن مەشە بەلەن بولاپ قالدى ، — سەلەي توختى ئوچاقنىڭ ئالدىدىكى ئۆچكە تېرىسىگىلا ئولتۇردى . ئۇنىڭ پالاكەت گەۋدىسى ئوچاقنىڭ ئالدىنى بىر ئالدى . «ۋايجان ، نەدىن كىردى بۇ سەت ئوغرى ، ئوچاقنىڭ ئىسسىقىنى توسۇپ» دېدى ئايتىللاخان سەل قاپىقى تۈرۈلۈپ ئىچىدە .

— سوغۇقنى نەگە بارسەن دېسە جۇۋىلىقتا دەپ هەجەپ

توڭلىدىسا ، بۇگۇن ئانىسىنىڭ ھەققىــى باردەك نازا بوپتۇ بۇ سوغۇق .

ــ شۇنى دەيمەن ، ــ دېدى ئايتىللاخان يوتقاننى يىغقاچ خۇشياقماي .

ــ شۇنداق قىلىــپ ئۇكام ئايتىــللاخان تىــژلىــق يەڭگمۇالدىڭىز ؟

ــ خۇداغا شۇكرى .

ــ بالىڭىز ئوغۇلمۇ ، قىزمۇ ؟

ــ قىز .

ــ ھەنىم بولسا خۇدانىڭ بەرگىنى ، تۇغۇپ قويسا بالا دېگەن ئۆزى بىلەن تەڭ چوڭ بولىدىغان گەپكەن . ئېتىنىــــى نېمە قويدۇڭلار ؟

ــ ھۆرىگۈل قويدۇق .

ــ چىرايلىق ئات قويۇپسىلەر ، قانچە كۈنلۈك بولدى ؟ ئايتىللاخان ئالايدى ، سەلەي توختى ئۇچاقتىكى مەدەكنى كوچىلاپ چوغنى كۈلۈڭغا تارتىپ ئولتۇرغانىدى .

ــ ۋايجان سەلەيكا ، ھەجەپ سوراپ كەتتىڭىز . ئەمدى يىگىرمە سەككىز كۈنلۈك بولدى تېخى ، كوپېراتسىيىگە چىقماي ئارتۇق يېتىۋالامدىكىن دەپ ئۈيقۇڭىز كەلمەي قاپتۇ ـ ھە .

ــ ياقەي ، ــ سەلەي توختى ئىنچىكە بۇرۇتىنى سىلاپ كۈلدى .

ــ ئەمدى مانداخ ، تىرىكلىكنىڭ نىشانىســـــى ، سوراپ قويدۇم . سىز بىر خوتۇن ئىشقا چىقمىغانىغا كوپېراتسىيىنىڭ ئىشى توختاپ قالامتى . ئابدۇكېرىم بىلەن كۈڭلىمىز يېقىن تۇرسا بىزنىڭ .

ــ ۋايىيەي قويۇڭە ، ئۇ كادىر دېگەنگە ئىشەنچ قىلغىلى بولامدىغان ، ئۇنداق دېسەم خاپا بولماڭ . كادىر خەق دېگەن يۈزۈڭلاردا تۇكۇڭلار بار خەق . ھەي سىلەر ، ۋاقتى كەلگەندە

يۈزۈڭلارغا ئېلىپ چاپلاپ تۇرىۋېرىسىلەر . سىلەرنىڭ پوقۇڭلارنى يېگەن ئىتمۇ ھەپتە يالغان قاۋايدۇ .

— ئەمدى قانداق قىلىمىز . كوپېراتسىيىچىلىك . ئۇنىڭ تاشايىنىدا بىز پارتىيە ئەزاسى ئادەم ، شۇنداق قىلىساق بۇ خەقنى باشقۇرغىلى بولامدۇ دەيسىز . بىر نېمە دېمىسە ئىش ئاقمىغان ، بوش دېسە تېخى بولمىغان ، بەك دېسە خاپا بولۇۋاتقان . كوپېراتسىيىدە خىزمەت قىلغان ئادەم دېگەن شۇ خەقتە يامان بولماقتىن باشقا گەپ يوقكەن .

— ئاكا ئىسسىۋالدىڭىزمۇ ، خاپا بولماي ئاستا چىقىپ كېتىڭا .

سەلەي توختى مۇغەمبىرنى پېشانىسىگە كۆتۈرۈپ قويۇپ جۇۋىسىنىڭ قايتۇرما تۇكلىرى ئارىسىدىن قايرىلىپ قارىدى . ئۇنىڭ قىسىلغان كۆزلىرى سەل چوڭىيىپ پېشانىسىگە بىر مۇنچە ئەگرى - بۈگرى قورۇقلار يىغىلغانىدى . ئايىتىللاخان قورۇلغاندەك بولۇپ پېشانىسىگە چۈشۈۋالغان چۇۋۇق چاچلىرىنى ياغلىقىنىڭ ئاستىغا تىقىشتۇردى . چىرايلىق كۆزلىرىنىڭ ئەتراپىدا ئىنچىكە قورۇقلار پەيدا بولدى . ئۇ ئۆزىگە ھەيران بولغان ھەم سەل ھار ئالغاندەك قاراپ قالغان سەلەي توختىغا قاراپ خىجىللىق بىلەن كۈلۈمسىرىدى .

— ئاكا ، ئەمدى شۇ ، ھېلى ئا ئادەم كىرىپ قالسا شۇ ، كۈندەشلىكى بەك يامان ، ئەر كىشى يوق ئۆيدە نېمىدەپ ئولتۇرىسەن دەپ جېدەل بولمىسۇن دەيمەن .

— ھىم ... ھە بۇ گېپىڭىز راست . دېمىسىمۇ راست زادى . ئۆزۈڭىمۇ پاكىز بالا ، كۆڭلىمىسىمۇ بولمايدۇ . ھە ئابدۇكېرىم نەگە چىقىپ كەتتى .

— ئەتىگەن سىز تۇۋۇلغاندىلا بىر پەردە پىشكە غازاڭ كۆرۈپ قويغان شۇنى تېپىپ كېلەي ، ھېلى بىر كىم سوقۇپ كەتمىسۇن دەپ ئارىنى ئېلىپ چىقىپ كەتكەن .

سەلەي توختى لاسىدە ئورنىدىن تۇرۇپ تۇمىقىنى چۆكۈرۈپ كىيدى . ئايتىللاخانغا گۇمانسىراپ تىكىلدى .

— ۋىيەي ما سەلەيكامنى ، ئىشەنمەيۋاتامسىز ، ھازىر شۇنداق دەپ چىقىپ كەتتىميا ، توۋا ، ما سەلەيكامنىڭ قارىشىنى ئادەمگە .

— ياق ، ئەمدى ، ئابدۇكېرىمەم بىلەن سەنمۇ ئۆي تۇتۇۋاتسەن ، ئوبدان بىلىشىمىزچۇ ، ئۆزىنىڭ سەل بىلىشلىك يەرلىرى بار . بۇنداق گەپلەرگە يەنە كېلىپ كوپىراتسىيىنىڭ گەپلىرىگە بىرەر قېتىم دېگەنگە چىقىدىغان يېتىم ئەمەس ، شۇڭا دەيمىنا ئەمدى .

— ھېلى جاڭگالغا ئوشۇق سوغۇق يەپ ماڭغۇچە غازاڭدىلا ۋەزىپىنى ئادا قىلاي دەپ ماڭدى .

— ئۇنداق بولسىغۇ مەيلى ، — سەلەي توختى پۇشۇلداپ ئالچاڭلىغىنىچە چىقىپ كەتتى .

— خوش دېمىدىم ئەمىسە ، خاپا بولماسسىز .

— ياق ، ياق بولدى چىقماڭ ، ئىشىكنىڭ غىچىرلاپ يېپىلىشى بىلەن ئۇنىڭ گەپلىرى ئۈزۈلدى .

— چىقامتىمكى ئەمىسە ، سەت قانجۇق كاسىلداپ تۇغۇتلۇق ئۆيگىمۇ سوۋۇتۇپ قويغاندەك ئۇسۇپ كىرىۋېرىدىكەن . بىر يەرنىڭ سوراقچىسىدەك سوراپ كېتىشىنى ··· سەت غالچىنىڭ ، ئانىسىغا كوپىراتسىيە چېپىلىپ قويۇپمىدىكى ئىگەكىم . ئىتتىنمۇ سادىق .

بىر ئاش پىشىم ئۆتمەي ئابدۇكېرىم قايتىپ كەلدى . ئۇنىڭ ئۇستۈبېشىنى ئۇن توزانلىرى بېسىپ كەتكەنىدى . ئۇ ئۇنىنى بۇلۇڭغا گۈپپىدە قويۇپ قوللىرىنى ھوردىغانچە ئوچاقنىڭ ئالدىغا كېلىپ زوڭزايدى . يۈزلىرى قىزىرىپ كەتكەن بولۇپ كۆزلىرى پات - پات مەغرۇرلۇق بىلەن چاقناپ خوتۇنىغا قاراپ قويدى .

— ۋاي بىردەمدە تېگىشىپ كېلىپ بوپسىلىيا ؟

ئايتىللاخان خۇشال ھەم ھەيران بولغان ھالدا ئىرىنىڭ ئۇستۈشىنى قىقىشتۇرۇپ قويدى .

— بارسام ياخشى ئۇدۇللۇقكەن . ئۇسكەنگە قۇيدى . قۇيۇپ تۇرۇشىغىلا بىسىقىپ كەتتى . سەل كىيىن قالغان بولسام چۇشكىچە تۇرىدىكەنمەن .

— ھەر نىم بولسا ئىشىنىڭ ئوڭغا تارتقىنى دىگەن شۇ .

— سەلەي باي چىمىگەندۇ ؟

— ژاي چىمەي قالامدا . غازاڭغا كەتتى دىسەم ئىشەنمەي چىقىپ كەتتى .

— مەن دىمىدىمما ، ئەمسە غاچچىدە ئوماچ چالە ، ئىچىپلا ماڭاي ، ھىلى باكا خەرەگلىشىپ قالماي ئۇ توخۇ پوقى بىلەن .

— تۇخۇم قورۇپ زالڭ ئىتىپ بىرەيمىكى دىگەن ، ئوماچ ئىچسەڭلا ئىشەگە بىرىپلا قورسىقىڭلاردىن چۇشۇپ قالىدۇ .

— ئۇنى كەچتە ئىتەرسىلە ، ھازىر غاچچىدە پىشىدىغان بىر نىمە ئىتىڭلا . يەنە قاۋاپ كىلىدۇ .

ئايتىللاخان قازانغا سۇنى جىقلاپ قويۇپ چامغۇر ئاقلاشقا ئولتۇردى . ئابدۇكىرىم سىۋەتتە مەدەك ئەكىرىپ ئوچاققا كەپلەپ سالدى .

— ئابدۇكىرىماخۇن …

— مانا يەنە كەلدى ، ئاينا .

— ياق بۇ سەلەي باينىڭ ئۇنى ئەمەس . باشقا بىر كىمدەك قىلىدۇ .

ئابدۇكىرىم غۇدۇراپ تالاغا چىقىپ كەتتى . ئۇ بىر دەمدىلا قايتىپ كىردى . ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ جىددىيلىشىپ كەتكەندى .

— كىمكەن ؟ — ئايتىللاخان ئىرىنىڭ تەلەتىنى كۆرۈپ قورقۇپ سورىدى .

— ھىلىقى خانىمازلىق تۇرەك بەختىنىڭ بالىسىمەن

دەيدۇ . ياش بالىكەن ، ئىشىكلارنى قويۇڭلار ، قېينانامنىڭ بىرنېمىسى كاژ بولۇپ قاپتۇ .

ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەن ئايتىللاخاننىڭ قولىدىكى قىڭراق بىلەن چامغۇر يەرگە چۈشتى . قىڭراق قاچىنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ قاچىنىڭ قوناقتەك يېرىنى ئۇچۇرۇۋەتتى .

— ۋاي ئىسىت ئانام ، ۋاي ئانام ، ۋاي بۇ باغرى پۈتون قىزىڭدىن رازى بولغانسەنمۇ ئانام . ۋاي جېنىم ئانام ، ۋاپاسىز قىزىڭ ساڭا قارىماي تاشلىۋەتتىمۇ ئانام .

— هاي - هاي ، سەۋرى قىلىڭلار ، يىغلىماڭلار تېخى ساقكەن ... هازا قىلماڭلار دەيمەن ، ئاۋۇ بالا تالادا قالدى . ئەترەتنىڭ ئېتىنى هارۋىغا قوشۇپ كەپتۇ . مېنىڭ جوۋام بىلەن بىر يوتقان ، بىر كۆرپە ئېلىۋالايلى ، سىلى كىيىمىڭلارنى كىيىۋېلىڭلار ، هە تېز بولۇڭلار مىشىلدىماي .

ئابدۇكېرىم يوتقان ، كۆرپە ، جوۋىنى يوملاپ قولچاقلاپ تالاغا ئېلىپ ماڭدى .

ئايتىللاخاننىڭ كاللىسى چۆرگىلەپ ئۆيدە ئۇياقتىن ، بۇياقتا بىر - ئىككى پىرقىرىۋەتكەندىن كېيىن ئالدىرىماي پايتىمىسىنى يۆگىمەستىن مايلاقىسىز ئاقىرىپ كەتكەن ئۇزۇن قونچلۇق ئۆتۈكىنى كىيدى . پايتىمىلىرىنى قونچىغا تىقىۋەتتى . ئۇ بالىنى يۆگەشتۇرۇپ تالاغا ماڭدى . ئىشىكتە ئابدۇكېرىم بىلەن دوقۇرۇشتى . ئۇنىڭ قاتلىشاڭغۇ قاپىقى ئاستىدىكى چوڭقۇر سارغۇچ كۆزلىرى ئېچىنىش بىلەن پارقىرايتتى .

— ماڭا قاراڭلا ، ئۆزۈڭلارنى توختىتىۋېلىڭلار ، سوغۇق يامان . سوغۇق ئېلىپ كەتمىسۇن . چىڭ چۈمكىنىۋېلىڭلار . هارۋىدا پۈتۈڭلار توڭلاپ كېتىدۇ . مېنىڭ دېمەكچى ... كىيىۋېلىڭلار ...

ئايتىللاخان ئۈنسىز ئالدىراپ تالاغا ماڭدى . سوغۇق ساپ هاۋا ئۇنىڭ بوغۇلغان نەپەسلىرىنى سەگىتىپ كۆكسىگە پاتماي

قالغان ھەسرەتلىرىنى بىر ئاز يەڭگىللەتكەندەك بولدى .

سەرپۇش تۇماقنى چۈكۈرۈپ كىيگەن بۇغداي ئۆڭلۈك بىر بالا ئاتنى تۇتۇپ تۇراتتى . ئۇنىڭ چىمبەرقۇت پالاشوپكا چاپىنىنىڭ قاما ياقىسىغا ، تۇماقلىرىغا ئاق قىرو باغلاپ كەتكەندى . بالا ئايتىللاخانغا ئېگىلىپ سالام قىلىۋىدى ، ئايتىللاخان كۆرمەي قالدى . ئۇنىڭ كۆزى بالىغا قادالغان بولسىمۇ ، ئەمما بالىنىڭ سالامىنى كۆرمىدى . بالىنىڭ قارا كۆزلىرى چوكاننىڭ تاتىرىپ كەتكەن چىرايىغا ، چىرايلىق كۆزلىرىدىن توختىماي قۇيۇلۇۋاتقان ياشقا چۈشكەندە ئۇ يەرگە — پاختىلىق خەينىڭ ئۇچىغا قارىۋالدى . ئايتىللاخان يوتقان - كۆرپىنى ھارۋىغا راسلاپ سېلىپ بالىنى چۈمكىدى ، ئۇ توختىماي ئۆكسۈيتتى .

ئابدۇكېرىم ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا نېمە قىلىشىنى بىلمەي تۇمىقىنى گەدىنىگە سۈرۈپ قويۇپ بىردەم پۇشۇلداپ تۇردى . قاپاقلىرى يوقىرىسىغا سوزۇلۇپ ، قىزىل پېشانىسىگە بىر مۇنچە قورۇقلار يىغىلىپ سېرىق كۆزلىرى قىسىلدى .

— ئەستەغپۇرۇللا ، — دېدى . كېيىن سۇپىغا ئۆمىلەپ چىقىپ يوتقان - كۆرپە يىغقان يەرنىڭ ئاستىدىن يوغان بىر جۇپ كونا دەپسىنى سۇغۇرۇپ ئالدى .

ئايتىللاخان ھارۋىنىڭ كەينىدىن ئىككى قېتىم كۇچەپ ئېسىلىۋېدى چىقالمىدى . ياغاچ ھارۋىنىڭ چاقى ئادەتتىكى كالا ، ئېشەك ھارۋىسىنىڭ چاقىدىن خېلى ئېگىز ئىدى . ئابدۇكېرىم دەپسىنى قارغا تاشلاپ ئايالىنىڭ يان يېشىدىن يۆلەپ ھارۋىغا چىقاردى .

— ماۋۇ دەپسەمنى كىيىۋېلىڭلار ، بېشىڭلارغا قېلىنراق ياغلىق چىگىۋېلىڭلار ، نېمە ئەرسكى بولسا قوناق ئۇنىنى ئېلىۋالساق بولامىكى ، راست ئېلىۋالايلى .

ئايتىللاخان مىشىلداپ يىغلاشتىن باشقىنى بىلمەيتتى . ئابدۇكېرىم ئۇننى كۆتۈرۈپ چىقىپ يوتقان - كۆرپىنىڭ بۇلۇڭىغا

كۆرۈنمەيدىغان قىلىپ قىستۇردى.

— ئاتاملا كۆرمىسۇن، كوتۇلدىغىلى تۇرىدۇ.

— ھە ئابدۇكېرىماخۇن قاق پودا بىر يەرگە جابدۇغان ئوخشىمامسىلە.

يوغان جۇۋىسىنىڭ قايتۇرمىسىنى ئۆرۈۋالغاچقا بېشى كۆرۈنمەي قالغان سەلەي توختى دەپسىنى سۆرەپ قولىنى قولاشتۇرغان پېتى يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ سېرىق ئىنچىكە بۇرۇتلىرىغا يىڭنە ئۇچىدەك مۇز دانچىلىرى ئېسىلىپ قالغان بولۇپ، خۇددى يۇلتۇزدەك پارقىرايتتى. چوڭقۇر قوڭۇر كۆزلىرى، «ھە يالغانچى، بايا نەگە يوقالغان» دېگەن مەنىدە مەسخىرىلىك ھىجايغانىدى. ئابدۇكېرىمنىڭ قاپىقى تۈرۈلۈپ بۇرنىنىڭ ئۇچى ياللىدە قىزىرىپ كۆز ئەتراپى ئاقىرىپ كەتتى. سەلەي توختى بۇنى شۇ زامان سېزىپ جۇدۇنى تۇتتى.

— ئۇكام، سوغۇقتا توڭلاپ جېنىم چىقىۋاتقاندا ئادەمنى زاڭلىق قىلماڭلار جۇمۇ. ئىشلىسەڭلار ماڭا ئىشلەپ بەرمەيسىلەر، كوپىراتسىيىگە ئىشلەيسىلەر. بايا كەلسەم بىر يەرگە غازاڭغا كەتتى دەيدۇ. راستىمكىن دېسەم، قېنى ئەكەلگەن غازاڭ. ئۇن تېگىشكىلى بېرىپسىلە-دە. ھازىر ھەممە خەق چاپاق كۆلگە ھارۋىسىنى قېتىپ كېتىپ بولدى. قوزا چۈشكە قالماي كېلىپ بولىدۇ. سىلەر تېخى مەھەللىدىن نېرى كەتمەي يەنە ئادەمگە ھۆكۈجە قىلىپ قارايسىلەر، ئادەمنىڭ گېپىنى ئىككى پۇلغا ئالساڭلار ئېلىڭلار، بولمىسا ھېلى كادىرلار باھالاشقا كەلگەندىزە مەن شۇدۇيجاڭلىقنى سىلىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىمەن جۇمۇ، قولاقنىڭ قېنى قېچىپ تۇرغاندا مەشەدە نېمە ئىش كۆرسەم كۆرىمەن.

ئابدۇكېرىم خىجىل بولغاندەك چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتتى.

— ئاكا، بايا ئۆيدە ئۇن تۈگەپ يېگىلى بىر نېمە قالماپتىكەن، تۈگمەنگە بېرىپ ئۇن تېگىشىپ كەلدىم.

ئىشەنمىسەڭلار قەسەم قىلىپ بېرەي، مانا شۇ كەمگىچە ھېچقايسىمىز ئاغزىمىزغا گىياھ سالمىدۇق. ئەمدى كېلىپ تۇرساق ئېيىنانىمنىڭ سىرتىمىسى كار بولۇپ قاپتىكەن، ئىچقىرغىلى كەپتۇ. شۇ يەرگە جابدۇۋاتقان گەپ.

ئابدۇكېرىم سەلەي توختىنىڭ قولىقىغا بىر نېمە دەپ پىچىرلىدى. سەلەي توختىنىڭ ئۆسەك قاشلىرى ئېگىلدىكى كۆزلىرى سەل چوڭ ئېچىلىپ «راست» دېگەندەك ئابدۇكېرىمگە بىر قارىۋېتىپ ئىشەنمىگەندەك ھارۋىغا. سالپايغىنىچە قارا تورۇق ئاتنىڭ بېشىنى تۇتۇپ تۇرغان بالىغا قارىدى. ئاندىن قاپقىنى تۈرۈپ:

— بۈگۈن ئەمدى باھالاش كېلىۋاتسا يولنىڭ ئاشۇ ساڭا بۆلۈنگەن يېرى ئاق قالسا ئۇ يەرنى مەن تۇشقۇزىمەنما. ئابتىللاخان ماڭغاچ تۇرسا، سەن غاچچىدە بىر - ئىككى ھارۋا بىر نېمە ئەكېلىپ ئاشۇ يەرنى قارا باستى قىلىۋېتىپ كەينىدىن بارمىساڭ، كىچىدە باھالاشتا مېنى پى - پى قويۇن چىقارتىۋېتىدۇ ئۇكام.

ئابدۇكېرىمنىڭ كۆزى چوڭ ئېچىلدى. كۆزىنىڭ ئەتراپى سارغىيىپ، بۇرنىنىڭ ئۇچى قىزىرىپ كەتتى.

— ئاكا، مېنىڭ كېپىمنى رەسمىي ئاڭلىدىڭىزمۇيا.

— ئاڭلىدىم ئۇكام شۇ، ئاڭلىدىم، ئاڭلىغاچقا شۇنداق دەۋاتقاندىمەن، — سەلەي توختىنىڭ ھاشقان بۇرۇتلىرى دىڭگىيىپ قاپاقلىرى تارتىشىپ كەتتى.

— باھالاش دېگەن ئۇنداق گەپنى دېسىمۇ بۇ سېنىڭ باھانەڭ دەپ مېنىڭ تومىقىمدىن بوك چىقىرىدۇ. شۇنداق قىلمىساڭ بولمايدۇ. بولمىسىغۇ كاللام كەتمىدىغان ئىش بولسىمۇ مەيلى دەيتتىم. باھالاشنى ئۆزۈڭ بىلسەنيا؟ تۈنۈگۈن بىر يەردىن كېلىپ قالغاندەك گەپ قىلىدىكەنسەن

— باھالاش بولسا نېمە بوپتۇ. ھەممە ئادەمنىڭ بېشىدا بار

ئىش بۇ. ھەر قانچە پارتىيە ئەزاسى بولساڭلارمۇ سىلمىنىڭمۇ بېشىڭلاردا بار بۇ ئىش.

— بىلىمەن.

ئىككىسى بىر - بىرىگە تومشۇقى تېگىشىپ كەتكۇدەك ھۆرپىيىشىپ كېتىشتى.

— نېمانداق گەپ ئۇقمايسىلەر، مەن دېدىمما، ھازىر ئاشۇ يەرنى قارا باستۇرۇۋېتىپ بېرىڭلار. قالغان ئىشقا مەن جاۋاب قىلاي دەپ، بۇنىڭدىنمۇ بەلەن گەپ بولامدۇ بىر يەردە.

ئابدۇكېرىمنىڭ كۆز چاناقلىرى قىزىرىپ، كالپۇكلىرى كۆكىرىپ كەتتى.

— ماقۇل ئاكا، ماقۇل. يا ئاللا سېنى ... تېخى جاھاننىڭ مەنزىلى ئۇزۇن.

— قولۇڭدىن كەلسە بىر ئىش قىلىۋېتەرسەن.

ئابدۇكېرىم ھارۋىنىڭ يېنىغا كېلىپ چۈمكىنىپ يېتىپ ئۆكسۈپ يىغلاۋاتقان ئايتىللاخانغا:

— مەن ئاتاملارغا دەۋېتىپ، غاچچىدە ماۋۇ قانجۇقنىڭ دېگىنىنى قىلىۋېتىپ ئاكامنىڭ ۋىلسىپىتىدە كەينىڭلاردىن يېتىشىمەن. سىلەر ماڭغاچ تۇرۇڭلار، — دېدى.

ھارۋا مېڭىپ كەتتى. ئاتنىڭ تۇيىقىدىن چاچرىغان قار ئابدۇكېرىمنىڭ ئايىغىغا چۈشتى.

## 5

ئۇلار كىرىشى بىلەنلا ئۆيگە قاتتىق سوغۇق كىرىپ كەلدى. ئوچاقنىڭ ئالدىدا پۇرلىشىپ كەتكەن بىرقانچە كوي پۇلنى تىزەپ ئولتۇرغان مىرەمنىساخان ھودۇقۇپ لىككىدە ئورنىدىن تۇردى ۋە قوللىرى پۇللارنى كۆك تامبىلىنىڭ بىر يەرلىرىگە قىستۇرۇشقا ئۈلگۈردى. ئۇنىڭ يۇمىلاق ئاق سېرىق يۈزلىرى قىزىرىپ

ئانىسىنىڭكىنى تارتقان چىرايلىق كۆزلىرى يارىشىپ كەلگەن توڭكاي چىشلىرى بىلەن تەڭ كۈلدى .

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم .

— ۋاي جېنىم ، كېلىڭلى ، بۇ نامازشام بولغاندا ئەمدى ، نېمانداق جىق ئادەم بۇ . بىر - ئىككىدىن كىرسەڭلار بولمامدۇ . بېشىمنى يەبدىغانلار ، ھېلى بىرسى كۆرسە مەشەدە ئاندىن .

— ئاھاي ، سوغۇقتا تولا گەپ قىلماي ، چىرىغىڭىزنىڭ يېغىنى جىقراق قويۇڭا . كىرسىنىنىڭ پۇلىنى مەن بېرەي ، قار يېغىۋاتقاندا بىزنىڭ پېيىمىزگە چۈشكىلى ئانىسىنىڭ ھەققى بارمىكەن .

— ھازىر چىراغ چىچەكلەپتى . ئەمدى مەختاخۇن يوق چاغدا نەدىن كىم كېلىدىغاندۇ دەپتىمەن .

مەرەمنىساخان چىراغنىڭ پىلىكىنى يوتقان يىڭنىسى بىلەن كوچىلاپ چىقاردى . ئۆينىڭ ئىچى غۇۋا يورۇدى . چىراغنىڭ ئۇدۇلىدىكى تورۇسنىن ساڭگىلىشىپ ، يەلپۈنۈپ تۇرغان ئىسلارنىڭ ئۇچى كۆرۈندى . يوغان جۇۋىلارنى كىيگەن بىر - بىرىدىن قاۋۇل يەتتە - سەككىز ئادەم ئوچاق ئالدىدا قىستىشىپ ئوت سۇنۇشتى .

— مەختەمنى يوق دەپ ئولتۇرامسىز ، يۇتتۇرۇۋەتكەن بولسىڭىز ، مانا بىز ئەكەلدۇق ، ھازىرلا كەينىمىزدىن كىرىدۇ . سىزگە قىمارغا بارىمەن دەپ قويۇپ بازار جەمىلىك قېرى ئاشىنىسىنىڭ قوچىقىغا كىرىۋاپتىكەن ، سۆرەپ چىقىرىپ ئېلىپ كەلدۇق . ئاشۇنداق قىلسا ياقىسىدا ئىلەنگۈچ ئۇچمايدىكەنمىز ، ياۋاش جۇمۇ سىز مەرەمنىساخان ، — دېدى ئېگىز بوي ، كۆزى كىچىك ، سوزۇق يۈز ، يېڭى مۇغەمبەر تۇمىقىنى پېشانىسىگە قىستۇرۇپ كىيىۋالغان بىرسى مەرەمنىساخاننىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ .

— ئوغۇل بالا دېگەن شۇنداق نوچى بولسا بولىدۇ . بىر

خوتۇنغا قاراپ كۆزىنىڭ يېشىنى قىستۇرۇپ ئولتۇرىدىغان ئەر كىشىنى ئەر ھېسابلاپ ئۆيدە ئولتۇرمايمىز روزاخۇن. مەختاخۇننىڭ پاچىقىنىڭ ماغدۇرى بار، تۆگەپ قالمىدۇ يەنە كېلىدۇ، — دېدى مەرەمنىساخان قاپىقىنى سۈزۈپ بوينىنى تولغاپ.

— ھا ... ھا ... ھا ... ئۆلە روزەك شار. ئۆلە. بولدىما، ئۆتتۇرۇۋەتتىڭ ئوغرى، ئۆتتۇرۇۋەتتىڭ بوگۈن زادى نامەت يوق سەن شاردا. ئەتىگەندىن بېرى كېتىۋەردى. ھا ... ھا ... ھا ... قىمارۋازلارنىڭ ھەممىسى قاقاقلاپ كولۈشۈپ كەتتى.

— نوچىلىق قىلمىسىڭىز بولارمىكىن مەرەمنىساخان، مۇشۇنداق دەپ يۈرۈپ مەختەمدىن قورۇق قېلىپ ئەتە ـ ئۆگۈن كەشكىز توغرىلىنىپ قالمىسۇن يەنە، — دېدى روزەك شار ئۆزۈن بوينىغىچە قىزىرىپ كېتىپ زورىغا ھىجايغان ھالدا.

— ۋاييەي، پەرۋايىم پەلەك كېتىۋېرىمەن، تۆشۈك مارجان يەردە قالمايدۇ. شۇنداق يولغا چىقسام، بىرسىنىڭ پېشىنى تۇتسام دوپپىسىنى ئاسمانغا ئېتىپ جان بۇۋىكام دەيدۇ. جاھاندا بىر مەختاخۇن بار دەپ كۆزىگە قاراپ تەلمۈرۈپ ئولتۇرىدىغان مەرەمنىساخان يوق بۇ يەردە. خۇش بولسا مانا مەن، بولمىسا يول كەڭرى.

— ھا ... ھا ... ياشاڭ ... ياشاڭ، ئۆلمەڭ. خوتۇن كىشى دېگەن كۆزىنىڭ سۆيىنى ئېقىتىپ مىشىلداپ ئولتۇرماي، مۇشۇنداق نوچى بولسا مانا، ئىسىتەي، شۇ مەختەمدە مەرەمنىساخاندىكى نوچىلىقنىڭ يۆچۈقى بولسىمۇ كاشكى. بۇ ئۆيگە مەرەمنىساخاننى دەپ كىرىمىز ـ دە، بولدى، ئۆلمەڭ، ياشاڭ، دېدى تۆرەك تاز. يوغان ئاغزىنى تېخىمۇ كالچايتىپ.

— غەرەز بىلىدۇ دەپ چاقچاق قىلىمىز ـ دە، كۈلكە بولسۇن دەپ. بۇ جاھاننى مۇشۇنداق كۈلكە ـ چاقچاق، ئويۇن ـ تاماشا بىلەن ئۆتكۈزمىسەك، قانداق ياشاپ بولغىلى

بولىدۇ ، ـــ دېدى روزەك شار .

ـــ مەرەمنىساخان بۇگۈن قاردا مۇشۇ ئۆيدە تونەيلىمىكىن دەپ كەلدۇق . قانداق پەيزىڭىز باردۇ ، ـــ دېدى قارا مامۇت كۆكىرىپ كەتكەن چىش قامغاقلىرىنى تەكشى كۆرسىتىپ كولۇپ تۇرۇپ .

ـــ قانداق كۆزىڭىزگە پەيزىم يوقتەك كۆرۈنۈۋاتىمەنمۇ ؟ نەشە كۆزىڭىزنىڭ خۇننى قويمىغان ئوخشايدۇ . ئانچە ـ مۇنچە تاكا ـ توشقانىنىڭ پودىقىنى قوقاسقا كۆمۈپ يەپ تۇرۇق . خۇدا بۇيرۇسا بىزنىڭ پەيزىمىز دېگەن ، ئاللانىڭ قۇتلۇق كۈنى بىز بىلەن بىللە ، ـــ دېدى مەرەمنىساخان . قىمارۋازلار يەنە ئۆينى كۆتۈرۈۋەتكۈدەك كۈلۈشۈپ كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتتى .

ـــ ئۇنداقتا چىلىمىڭىزنى بىر توغرىلىمامسىز ، ئاۋۋال بىر قاپاقتىن تارتىشىۋېتىپ ئاندىن ئاۋكانى قۇرمامدۇق . قانداق دېدىم ئاغىنىلەر .

ـــ ئەمسە ، ئالدىن دەپ قوياي ، بىر قاپىقى سىڭاكوي .

ـــ نېمە ، بىز مەختەم بىلەن گەپ قىلىشىۋاتامايدىغاندىمىز دېدى مەمەت بەگ قاپىقىنى تۈرۈپ .

ـــ يوقسۇ غوجام . مەختەم سىلىگە مايلق ئۆتكۈزمىگەن بولغىيتى . نېمانچە كەم سۇندۇرسىز . ماۋۇ دېگەن خۇۋەينىسى . كېلىشىمۇ ئەرزان چۈشكەن ئەمەس . ئاۋۇ تۈمەن تالدىكى ئوسمان توكۇرنىڭ ياسىغىنى ماۋۇ .

ـــ هە مانداق دېمەمسىز . ئوسمان توكۇرنىڭ بولسا چاتاق يوق ، ـــ دېدى قارا مامۇت .

ـــ ئوسمان توكۇرىڭىزنىڭمۇ توختى چوقۇرنىڭكىگە يەتمەيدۇ . ئەممازە بۇ كاساپەتمۇ بولىدۇ ، بوپتۇ ، ئەكېلىڭ ، ـــ دېدى مەمەت بەگ .

مەخەت بىر بوز پاقلاننى بوينىغا ئېلىپ كىرىپ كەلدى .

ـــ خوتۇن ، ماۋۇ تانا قولۇمغا كىرىپ قالدى . ئېلىۋېتە .

— ھە خېلى چاققان بولۇپ قاپسەن جۇمۇ مەختەم. نەدىن تاپتىڭ بۇنى، — دېدى زۇنۇن ھاجى ئالتۇن چىشلىرىنى كولاپ تۇرۇپ.

— ئەشەدە بىرسىنىڭكىدىن، — دېدى مەخەت ئىنجىقلاپ پاقلاننى يەرگە قويۇپ، پاقلان يەرگە چۈشۈپلا ئۇيان - بۇيان قېچىپ، مەرىگىلى تۇردى.

— نەچچە پۇلغا ئالدىڭ.

— يۈز ئون سەككىز كويغا.

— بەك ئۆرە ئېلىپ قويدۇڭمۇ نېمە.

— ئانچە ئەمەس، ئەمدى ئۆيگە كىرگەندىكىن بازاردىن ئۆرە بولىدۇ. لېكىنزە كاساپەت ئانىسىدىن ئايرىلمىغان نېمىكەن. خېمىردەك دەڭلا.

— ھە بولدى، چاتاق يوق.

چىلىمدىن چىققان كۆكۈش ئىس ئۆيگە كەندىر پۇرىقىنى تارقاتتى.

— ھە ... ۋاي! بولىدىكىنەي ئاغىنىلەر، توكۇرنىڭ زادى بىر ھۈنىرى بار. كارامەت ياساپ قويىدۇ - دە.

— سويە مەختەم ھازىرلا سويە. مەن بىر تېرىسىگە كىرىپ قوياي، — دېدى تۇرەك تاز.

— ۋاي پاخشەك باش، كۇسەي تۇمشۇق تازەي، مېنىڭ كۆڭلۈمگە كېلىپ بولغۇچە سەن دەپ بولدىڭا؟

— كىم تېرىسىگە كىرسە يىگىرمە كوي، — دېدى مەخەت چىلىمغا ئاچ كۆزلۈك بىلەن قاراپ شۆلگىينى ئېقىتقان ھالدا.

— گىنساپ بىلەن بىر نېمە دەڭلار ھەي مەختەم، بۇ يەردە پۇل زاۋۇتىدا ئىشلەيدىغانلار يوق، پۇل دېگەن شاڭخەيدە ئىشلىنىپ كەلگەن نېمە، — دېدى تۇرەك تاز قاپىقىنى سىلىپ.

— مەيلى، زورلىمايمەن. خاپا بولماي كىرمىسىڭىز بولىدىما.

— مەرەمنىساخان سىز بىر نېمە دەڭ مەخىتەم بىلەن زادى ئومىچىمىز يېشمايدۇ.

— ۋاي، ئانىڭىز نەگە باغلاپ باقتان سىزنى، ئەر كىشى بىلەن سودىلىشىۋېتىپ مېنى ئارىلاشتۇرماڭ. پاقلاندىسى مەن ئەكەلمىدىم، — دېدى مەرەمنىساخان.

— تۇتۇڭلار خوتۇن، تېڭلاپ كەتتىم قىلۇمنى بىر ئىستىتۇالاي. نېمە دەيدا ئادەمنىڭ زەنىنى چېچىپ ماۋۇ ئاداش.

— مەن تۇتىماممۇ ئاۋۇ تۇۋرۇككە باغلاپ قويسىلا بولىدۇ.

— ھەي مەخىتەم، تېز بولە، بولدى مەن كىردىم، ھېساب يىگىرمە كوي. بۆرەكنى كاۋاپ قىلىپ بېرىسەن، — دېدى زۇنۇن ھاجى ئۇن سوملۇق ئىككى قەغەزنى ئوتتۇرىغا تاشلاپ.

— بۆرەكنى ... — گەدىنىنى قاشلىدى مەخەت ھىجىيىپ.

— ۋە سەتلەشمىگىنا ئەمدى. ئالە، كېيىۋالامتىڭ تايىنلىق. دېگىنىڭ بولىدىيا، — دېدى مەرەمنىساخان.

— ئالەۋە مەختەك، قاچان ئادەم بولارسەن. قىمارۋازلار-نىڭ ئەيىبلەشلىرى ئىچىدە مەخەت پۇلنى يەردىن ئېلىپ تۇمىقىغا سالدى.

— كاۋاپ قىلامدۇقيا؟

— ياقەي كاسالڭ[1] ئۇچا قىلىمىز. كاۋاپ قىلسا ئىس كېلىپ يىقىتىدۇ ئادەمنى.

مەخەت بار كۈچى بىلەن چىلىمنى خورۇلدىتىپ تارتىقلى تۇردى. ئۇنىڭ كۆزىدىن ياش قۇيۇلۇپ كەتتى. مەخەت ئىككى قېتىم قاتتىق شوراپ كۆزلىرى خۇمارلاشقاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ پاقلاننى سويغىلى ئىچكىرى ئۆيگە كىرىپ كەتتى. قىمارۋازلار كۈلۈڭگا قويۇۋالغان قەدىمىي قاپاق چىلىمنى بىر ھازا تارتىشتى. كېيىن ئىسسىق تام مەشكە يۆلىنىپ كۆزلىرىنى

---

① كاسالڭ — بىمەكلىك قاچىلايدىغان چوڭ ئىدىش.

يۇمۇپ بىردەم شوك بولۇشتى . روزەك شارنىڭ بىرىنى يۇمۇلغان خومار كۆزلىرى پات - پات چىلىمغا نەشە بىسىپ بىرىۋاتقان مەرەمنىساخانغا تىكىلەتتى . مەرەمنىساخان بۇنى سىرىپ تۇرسىمۇ ئەتەي كۆرمەسكە سېلىپ باشقا قىمارۋازلارنىڭ چاقچاقلىرىغا جايىدا جاۋاب ياندۇرۇپ پۇلىنى يىغىپ ئالىقىنىغا ئۇرلاپ تىقىۋەردى . كېيىن ھەممىسىنىڭ خوماري بېسىقىپ جىمىقىشتى .

— مەرەمنىساخان ، ئالىقىنىڭىزغا تىقىۋەرسىڭىز چىرىپ كېتىۋېرىدىكەنا سىزنىڭ ، — دېدى روزەك شار جاۋغىيىدىن ئېڭىكىگە سائىپ چۇشكەن شالىنى قولىنىڭ دۈمبىسى بىلەن سۈرتۈپ تۇرۇپ :

— مېنىڭ ئالىقىنىمنى خۇدايىم شۇنداق يارىتىپتىكەن . مېنىڭ ئالىقىنىمغا كىرسە سىزنىڭ كۆزىڭىز ئالىيىپ كېتىپتۇيا ھەجەپ .

— بولدى گەپ قىلمىدىم ساراڭ .

— ھا ... ھا ... ھا ... ئۇلە روزەك ... ھا ... ھا ... بېسىقىپ قالغان قىمارۋازلار يەنە بىر - بىرىنى شاپىلاقلىشىپ كۈلۈشتى . مەرەمنىساخانغا مەدھىيە ئوقۇشتى . مەرەمنىساخان بولسا نەپسى قويۇق ھەم ئىنچىكە قاشلىرىنى ھىمىرىپ ، قارا كۆزلىرىنى ئوينىتىپ كۈلۈۋاتقاندەك ھەم كۈلمەيۋاتقاندەك بىر قىياپەتتە تۇرىۋەردى . نەشىنىڭ كەيپى تۇتقانلار ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ئانچە - مۇنچە ئۇنىڭ بېقىن ، يوتا ، كۆكسىلىرىگە قول سوزسا بېلىقتەك ئۆزىنى تۇتقازماي تۇرۇپ :

— يوتا ، مەيدە ، بېقىن دېگەن ئۆزۈڭدە تۇرۇپ نېمە مېنىڭكىنى تۇتۇپ يۈرۈيتىڭ . ئوخشاش ئەمەسمۇ ، يا سېنىڭ ئەچكىنىڭكىدەك ، مېنىڭ كالىنىڭكىدەك بولمىسا ، تۇتقۇڭ ، سىلىغۇڭ كەلسە ئۆزۈڭنىڭكىنى تۇتۇپ سىلاپ باق . ئوخشاش ، — دەيتتى ئۇ قاپىقىنى تۈرۈپ سىلكىشلەپ تۇرۇپ . ئەمما ، سەل رەنجىگۈدەك بولسا دەرھال چىرايىغا كۈلكە

يۈگۈرتۈپ :

— ۋابجانەي ، تۈتۈپ نېمە قىلاتتىڭ ، جىنىڭنى قىيناپ ؟ — دەپ سۆركىلىپ يەنە خويلىرىنى تارقىتىۋېتەتتى . مەرەمنىساخان بۇ بەڭگە قىمارۋازلار ئۈچۈن كۆڭۈل خوشى . ئۇ پەقەت مۇشۇنداقلا . ئەمما ئۇلار كۆڭلىگە پۈككەن قىنىپ خوشال بولۇش مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ . ئۇ كۆڭلىنى بەك خوش قىلاي دەپ خوش بولالمايدىغان ، خاپا بولاي دەپ خاپا بولالمايدىغان ئەمما مېھرىنى ئۈزەلمەيدىغان گۈزەل جۇۋان . ئۇلار ئەنە شۇنداق نىشە ، چاقچاق كەيپى بېسىلغاندىن كېيىن سۇپا ئۈستىگە تاۋكا قۇرۇپ رەسمىي ئۇشۇقنى باشلىدى . مەرەمنىساخان ئۇلارنىڭ بېشىدا چىراغ تۇتۇپ تۇردى . قايسى قىمارۋاز ئۇتتۇۋالسا :

— ھە خوجام ، ئۇنتۇپ قالمىغانلا ، ۋايىەي سەتلىكىنى . ئىسىت ساڭا چۈشكەن سىبا كەتسىچۇ ، چاشقانغا كېپەك ئالدۇرمايدىغان تۈمۈر تىماقكەنسەن ، بىرنى تاشلا ، — دەپ ھەم تاتلىق ، ھەم سوندۇرىدىغان گەپلەر بىلەن ئالاتتى .

ھازىر شۇنداق بولدى . تورەك تازغا كەينى ـ كەينىدىن تۆت كەلدى .

— ھە توراخۇن ، بىرنى تاشلىمامسەن . مېنىـى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇيا ؟ — دېدى مەرەمنىساخان ئاۋازىنى سوزۇپ قويۇۋېتىپ . تورەك تازنىڭ قاپاقلىرى تورۇلۇپ كوسا يۈزلىرى تارتىشىپ كەتتى .

— ۋاي خېنىم ، بىردەم توختىمىغا ئەمدى ، تېخى ئاران تۆت كەلدى . سىز كەتكىنىنى كۆرمىدىڭىز دەيمەن . تازا كېلىۋاتقاندا مۇشۇنداق قىلسىڭىز قارا بولۇپ قالىمەن دەيمەن .

— ۋايىەي قاپىقىڭىزنى تۈرمەڭە جېنىمنى ئالسىڭىزمۇ . بىكار چىراغ ، بىكار ئۆي ، بىكار ئادەم يوق بۇ يەردە . كىمگىز يىرتىلمىدۇ . چىراغقا ياغ كېتىدۇ . ھېلى بىكار چىراغنى ئۆچۈرۈۋېتىمەن .

— بېرە تاز ، بېرە . ئارىپ تۇرمىساڭ كېتىمدۇ . — دېدى ئۇشۇقىنى بارماقلىرىغا كەلتۇرۇپ تىزىۋاتقان زۇنۇن ھاجى .

— بېرەۋە . تۆت كەلگەندە بەرمەمسەن تاز ، راست چىدىماس تازمۇ دەيمەن بۇ .

قىمارۋازلارنىڭ ھەممىسى تېرىكىپ تۇرەك تازنى ئەيىبلەپ كېتىشتى . تۇرەك پۇرلىشىپ قارىيىپ كەتكەن بىر سوملۇق پۇلدىن بىرنى خاننىڭ قولىغا سۇندى . مەرەمنىساخان قاپىقىنى سۇزدى ۋە :

— ھەجەپ چىدىماس تازكەنسەن . قىمارۋازنىڭ ئەسكىسكەنسەن . بىلمەيتىكەنمەن ، — دېدى ھار ئالغان ھالدا .

— ۋاي چا قالاڭ ، سىز بىلمەيسىز ، ماڭا تازا كېلىۋاتقاندا مۇشۇندا چاتساملا كۆڭلۈم قارا بولۇپ كېتىمدۇ . بولمىسا ھېلىغۇ بىر كويكەن ، ۋاقتى كەلگەندە سىزگە يۈز كوي دېسىڭىزمۇ بېرىمەنيا مەن .

— ۋاي تايىنلىق . بولمىسا مۇشۇ كەمگىچە خوتۇندىن بىرنى ئالغان بولساڭ ، مۇشۇنچىۋالا رەزگە ، باغرى تاش بولۇپ كېتەمتىڭ .

— نېرى تۇرۇڭلا خوتۇن ، قازانغا قالاڭلار سىلە . پۇلنى ئۆزۈم بېرىمەن سىلىگە . گۆشنى قازانغا سەپ قويدۇم ، — مەخەت خام چاۋنى چايناپ قوللىرىدىكى ماي يۇقىنى يۈزىگە سۈرتۈپ كېلىپ تاۋكاغا ئولتۇردى .

— نېمىشقا قازانغىمۇ قالايمەن . بۇ يەردە باكا كىگىز ، باكا چىراغ يوق . تاۋكاغىمۇ قالايمەن خۇددى بولماي ئويناۋېرىڭلار ، — مەرەمنىساخان سۆزلىگەچ ئىچكەرى ئۆيگە كىرىپ كەتتى . روزەك شار يەر تېگىدىن مەرەمنىساخاننىڭ تولغىنىپ كېتىۋاتقان بەل ساغرىسىغا قاراپ قويدى .

# 6

ئەتىياز ئىللىق كەلگەن كۈنلەردە ئەزالارنىڭ ھەممىسى قەلەندەر زەينىڭ ئايىغىغا ئۇرمان بەلۋېغى ئېلىپ ھاجى ئاۋات بىلەن خانىماز ئارىلىقىدىكى ئۆزۈكنى ئۇلىماقچى بولدى. ھاجى ئاۋات تەرەپتە بۇرۇنلا ئۇرمان بەلۋېغى ئېلىنىپ ئۇششاق قاغىلەك جىگدىلەرنى پاتۇرۇپ بولۇشقانىدى. خانىماز تەرەپ قەلەندەر زەينىڭ ئاساسلىق ئېقىنى بولغانلىقتىن چوڭقۇر ئېقىنغا توپا تىندۇرۇپ چوڭقۇر سۈزۈك زەي سۈنى يىراققا قاچۇرۇپ شۇ يەردىن ئۇرمان بەلۋېغى چىقارماق ئاسان گەپ ئەمەس ئىدى. بۇنىڭغا بىرلا خانىمازلىقنىڭ كۈچى يېتىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا، پۈتۈن يانتاق بويىچە ئەر - ئايال، قېرى - ياش دېمەي بۇ يەرگە دولقۇن قوزغاپ كېلىنگەنىدى. ئەينەكتەك مۇز تۇتقان زەي سۇ ئىچىدە ئاياللار كۆڭلىكىنى بېلىگە تۈرۈپ قويۇپ، ئىشتانلىرىنى يوتىغا تۈرۈپ قاپ، تاغاردا قۇمنى يۈدۈپ ئەكېلىپ قاشقا يۆلەپ تۆكمەكتە. توپا ئىتتىرىدىغان تراكتورلار، كالا ھارۋىسى، ئېشەك ھارۋىسى يولغا پاتماي بىر - بىرىگە سوقۇلۇپ قۇم توشۇيتتى. قۇمنىڭ ئۈچىغا قاتارى قاداپ قويۇلغان قىزىل بايراقلار ئەتىياز شامىلىدا تاراقلاپ ئاۋاز چىقىرىپ كۈچىنىپ يەلپۈنەتتى. قۇم باغرى، قۇم ئۈچلىرىغىچە نەيزە ئۈچىدەك ساناقسىز سۇيا ئۈنۈپ كەتكەن بولۇپ، كۈن نۇرىدا سارغۇچ پارقىرايتتى. چاۋار قۇۋان يۈدۈۋالغان قاپ تاغارنى قۇم بىلەنلا زەيگە چۆكۈرۈۋېتىپ ئىشتان بېغىنى قولتۇقلىغان پېتى قۇمۇشلۇق بىلەن قۇمنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋالدى. ئاندىن ئېڭىشكەنچە پىچانلىق چىغىر يول بىلەن يۈگۈرگەندەك ماڭدى. ئۇنىڭ ئۈزۈن قارا پاختىلىق توندىن كۆكىرىپ، ھاسىدەك كۆرۈنۈپ قالغان پاچاقلىرى ئاچچىق زەي سۇدا ئېچىشىپ كېتىۋاتاتتى. پۈتىدىكى ھەممە يېرى تېشىلىپ كەتكەن كىگىز مازلىرى

جىقىپ قالغان پاختىلىق قارا چوخىيىگە لاي چاپلىشىپ كالىنىڭ كومىشىرىدەك بولۇپ قالغانىدى ، پۇتىنى ھەر يۆتكىگەندە خەيىنىڭ ئىچى شالاقلاپ ، تۆشۈكلىرىدىن بوزۇلداپ سۈيۈق لاي سىقىپ چىقاتتى . «ئۆلتۈرۈپ يېيىشە خەقنى ... خەقنى زەيگە جۆكۈرۈپ ، مۇز بىلەن توڭلىتىپ ئۆلتۈرە كوپىراتسىيە ... مەن ئۆلمەيمەن . مەن چاۋار قوۋان ئۆلمەيمەن . قىچىپسەن دەپ ئۇرساڭ ئۇرۇش . بولمىسىغۇ قاچمايتتىم . توڭلىسامۇ قاچمايتتىم . جوتۇن خەقمۇ زەي سۇ ئىچىدە چىشىنى چىشلەپ ئىشلەۋاتامدۇ ... چىدايتتىم ، ئەمما ... ھەي خوتۇن خەق دېگەن ئىتتىنىمۇ جېنى چىڭ نېمىلەر زادى . ئەمما لېكىنزە زادى خومارىم ... بولالمىدىم . بىر دەم تۇرسام بىرسىنى چاناپ سالىمەن . كەتمەندە زادى چاسىۋېمەن . بولمىسا بىزنىڭ خوتۇنمۇ ... ھېلىمىخانمۇ زەي سۈنىڭ ئىچىدە تاغار يۇدۇپ يۇرمەمدۇ . ھەي بىچارە جېنى پىششىق بىچارە ـ دە ، توڭلاپ كۆكىرىپ كېتىپتۇ . چىشىنى چىشلەپ ئىشلەۋاتىدۇ ئاينا . سەزگۈر خوتۇن ـ دە ... قالاپلا مېنىڭ خومارىم ساڭگىلاپ كەتكىنىنى بىلىۋالدى ئاينا . شەرەت قىلىۋەتتى . ھېلى باكا خومارىم ئېشىپ كەتكەندە قولاقنىڭ قېنى قېچىپ قالغان بىرسى بىلەن قان چېچىشىپ كەتمىسۇن دېدى . ئۇششا خوتۇن . زادى بىر دەم تۇرسام خومارىم ساڭگىلاپ بىرسى بىلەن رەسمىلىسىگە قان چېچىشىپ قالاتتىم ... خەپ ، ھەجەپ بېرىپ بولالمىغىلى تۇردۇم سەمەرباي ... ھۇ ئىتتىن تۇرەلگەن ئەبگار . ھازىر ھەقىچان ئىسسىق ئۆيدە تام مېشىڭگە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ تازا ھۇزۇرلىنىپ تارتىۋاتقانسەن . خەپ ... توڭگۇزنىڭ بۇرنىدىن چۇشكەن ... ھازىرقى ئەلپازىمدا تۆت تارتسام ياق ... بەش تارتسام خومارىم بېسىلارما ... »

چاۋار قوۋان جىگدىلەر بىلەن قورشالغان پۇچۇق تاملىق مەھەللىگە يېتىپ كەلگىنىنى بىلمەي قالدى . مەھەللىنىڭ ھەممە يېرىدە شادا ، پىچان قالايمىقان چېچىلىپ ياتقان ، بىر مۇنچە

توخۇلار توپا توزۇتۇپ ، يەر تاتىلاپ دان ئىزدەپ يۈرۈشمەكتە ئىدى . جىگدىنىڭ مايماق ئاچىسىدا قويۇلغان چەللە بارالڭ ھېلىلا ئۆرۈلۈپ چۈشىدىغاندەك سىڭايان كۆرۈنەتتى . ئاچىغا باغلاپ توغراقنىڭ كاۋىكىغا سامان سېلىپ بەرگەن تولۇمدەك سېمىز بوز ئۆشكىنىڭ بۇرنىغا سەمەر باي نەشە پۈركىمەكتە ئىدى . ئۆشكە پات - پات پۈشقۇرۇپ قويۇپ كۆزى يۇمۇلغان ھالدا سامان يېمەكتە ئىدى .

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم سەمىراخۇن .

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام چاۋاباي . كوپىراتسىيەدىن قېچىپ كەلدىڭلىما ؟

بۇقىنىڭ بوينىدەك تۈرۈلۈپ كەتكەن بويىنىنى تەستە بۇراپ چاۋار بايغا چىرايىنى ئاچماستىن خۇشياقماي جاۋاب بەردى سەمەرباي . ئۇنىڭ خالتىلىشىپ كەتكەن قاپاقلىرى ، پۈۋدەپ قويغاندەك سېمىز ، ئاقىرىپ كەتكەن مايلىشاڭغۇ يۈزلىرى ، قاپقارا ساقال - بۇرۇتلىرى سۈرلۈك ئىدى . ئۇ كىچىك ئۆيىدە توختىماي شوراپ تۈتۈننى سەل ئېكىشىپ ئۆشكىنىڭ بۇرنىغا پۈركىيتتى . ھەر ئېكىشكەندە ساڭگىلاپ چۈشكەن قورسىقى كوڭتەيىنىڭ گىرۋىكىگە تېگىپ قالاتتى .

— سېنى كوپىراتسىيىنىڭ ئىشىغا ھەيدىمەيدىغان ئىشزە ئوبدان جومۇ ، دېگەن بىلەن سەمەرباي ، — دېدى چاۋاقوۋان ئۆشكىنىڭ تۇمشۇقىدىن يانغان ئىسنى سۇمۇرۇپ .

— مەن ئۇرمان باقىدىغان تۇرسام ، مېنى ئانىسىنىڭ ھاشىرىغا ھەيدەمتى ، — دېدى سەمەرباي كانىيىنىڭ غاژىلدىشىغا باقماي كۇچىنىپ .

— سەن خوتۇندىن بىرنى ئەپ قويمامسەن ؟ ئەلۋەتتە تەرىتىڭگە سۇ بەرسىمۇ ھېساب . ئاش - تامىقىڭنى ئېتىپ ، ئۆي - ھويلاڭنى سېپىرىپ سۈپۈرگىلى ئەسقاتىدۇ . يالغۇز جىندەك ئولتۇرامسەن .

— يازچە خوتۇن ئېلىپ نېمە قىلىمەن . كۆزلۈككە سوغۇق چۈشكەندە قىشلىق خوتۇندىن بىرنى ئالسام ، ئەتىياز بولۇشىغىلا كەشىسىنى توغرىلايمەن . قىشتىن چىقىۋالسام ھېساب .

—بولدى ئاززاق پۈركە ، ئېشىكىڭنىڭ قارنى يېرىلىپ كەتمىسۇن .

— سەن نېمىنى بىلىسەن . ھەپتىنىڭ ياقى تازا بىر نېمە يېمەي سەل ياداپ قالدى گۆينىڭ ئېشىكى . مۇشۇنداق قىلىپ ئىشتىيىنى ئاچمىسام بولمىدى .

— ئەكىلە ماڭىمۇ بىر شورىغۇدەك قالسۇن ئەمدى .

سەمەرباي غاڭزىنى چاۋار قوۋانغا بېرىپ ئېشىكىنىڭ دۈمبىسىنى قاشلىغىلى تۇردى . ئېشەكنىڭ دۈمبىسىدىن قويۇق توپا كۆتۈرۈلدى . چاۋار قوۋان كۆنگە ئالدىنى قىلىپ تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ غاڭزىنى كۆچەپ شورىدى . ئىككى قېتىم قاتتىق شورىغاندىن كېيىن غاڭزىدىن تۈتۈن چىقمىدى . چاۋار قوۋاننىڭ ئاغزىدىن شالى قۇيۇلۇپ ساقىلىغا چاپلىشىپ قالدى . ئۇنىڭ تۆمۈردەك كالپۇكلىرى سۇس تىترىدى .

— چىلىمغا بىر بېسىپ بەرمەمسەن ، قانمىدىم .

— چىلىمغا بېسىپ بېرىمەنما تېخى . ئۆيۈمگە كىرىدىغان چېغىڭ بار ئوخشىمامدۇ ، ھىم . بە - - كارغا مۇشۇك ئاپتاپقا چىقامدۇ ؟ — دېدى سەمەرباي تامغا يۆلىنىپ چالا خۇمار بولۇپ تاتىرىپ تۇگۇلۇپ قالغان چاۋار قوۋانغا مەسخىرە نەزىرى بىلەن قاراپ . ئۇنىڭ سالپىيىپ تۇرغان خالتا قاپاقلىرى پۈرۈشۈپ كەتتى . قىزىرىپ توخۇ ئەت بولۇپ كەتكەن چۈپۈرلۈق مەيدىسى تولىمۇ كەڭ ھەم گۆشلۈك ئىدى . كىندىكىنىڭ تۆۋىنىگە باغلىۋالغان كەڭ بەلۋېغىغا ئېسىۋالغان ئۇزۇن پىچىقى كالتا پۇتلىرىنىڭ تىزىغا تېگىپ تۇراتتى .

— ئىناپ قىلىڭلار سەمەراخۇن ، ئىشكىڭلارنىڭ ئالدىغا كەلدۇق . ئادىمگەرچىلىكتىن چىقىپ كەتمىگەنسىلەر تېخى .

ئىشكىڭلارنىڭ بۇرنىغا پۇركىگەننىڭ يېرىمچىلىك بولسا بولىدۇ .

— ئىنساپ ، ئادەمگەرچىلىك دېگەن گەپ نەدىن يادىڭغا يېتىپ قالدى چاۋارباي . جاھاندا ئىنساپ قالمىغان يەردە سەن كۈندە كېلىپ تۆشۈكنى ئېچىپ تۇرۇۋەرسەڭ ، بېرىۋەرسەم ، چېكىپ قېنىۋەرسەڭ يا سېنىڭدىن قىيامەتكىچە تۈگىمەيدىغان قەرزىم بولمىسا . مەن كەندىر تېرىمايمەن . خەقتىن پۇلغا ئالىمەن . ئەمدى سەن ئىنساپ قىلساڭ بولار . ئەكېتىۋەردىڭ ، دەپتەرگە يېزىپ قويغان بىلەن تۇرۇۋېرىدۇ . ئەكەتكەنلىرىڭنى خوتەنلىك ، غۇلجىلىقتا سانسام ، ھازىر ئىككى يۈز كويغا يارايدۇ . مەھەللىدىكى باشقا بەڭگىلەرگە ساتسامۇ سەكسەن - توقسان كويغا يارايدىغان گەپ . ئاۋۋال سەن ئىنساپ قىلىپ گەدىنىڭدىكى قەرزىڭنى ئۈزۈپ ئاندىن گەپ قىل . شۇ چاغدا كەلسەڭ مەن ئەڭ نوچىسىدىن چىلىمغا بېسىپ ھۆرمىتىڭ بىلەن ئالدىڭغا قويىمەن . كىچىكىمىزدىن بىر مەھەللىدە چوڭ بوپتىمىز دەپ يۈز - خاتىر قىلغاننى بىل جۇما .

— مەن دېدىمغۇ ، دارامەتتە بېرىمەن دەپ . يېزىپ قويىۋەرسەڭ دارامەت چىققان ھامان بېرىۋېتىمەن . خوتەنلىك ، غۇلجىلىق نەرقىدە يېزىپ قويىۋەر . دارامەتتە ئەڭ ئاۋۋال سەندىكى قەرزىمنى ئۈزىمەن .

— ئادەم زاڭلىق قىلمىغىنا ، مېنى نېمە كۆرۈۋاتىسەنوي ، چاۋارباي ، سەن تۈزۈك ئىشلىمىسەڭ خوتۇنۇڭ يالغۇز ئىشلەپ نومۇر ئېلىپ يىلدىن - يىلغا ئۇماچ قەرزىڭ ئېشىپ قېلىۋاتسا ، مېنى گوللىما ، مەن كىچىك بالا ئەمەس .

— بۇ يىل خۇدايىم ئۇلۇغ كۆزدە قارىسا تېگىپ قالسا ئەجەب ئەمەس .

— باشقا خەققە دارامەت تەگسىمۇ كوپىراتسىيىنىڭ ساڭا دارامەت بېرىشى ئۇن تاغنىڭ ئۈيانىدىكى گەپ .

سەمەرباي زەردىسى قايىنىغان ھالدا ئىغاڭلاپ كېلىپ چاۋار قوۋاننىڭ قولىدىكى غاڭزىنى تارتىۋېلىپ بىر ـ ئىككى پۈۋلەپ قويىنىغا سالدى. چاۋار قوۋاننىڭ تاتىراڭغۇ چىرايى ئاقىرىپ كەتتى. سەمەرباي ئۇنىڭغا قاراپ كۈلدى.

— ھە چاۋارباي، قانداق؟ سەن بىزگە ھەممىدىن بۇ ناۋاتنىڭ دىشىۋارچىلىقى يامان، مەن دېگەندەك قىلساڭ ھەممە قەرزىڭدىن ئۆتۈپ مانا مۇشۇ قوش مۇشتۇمدەكىنى بېرىمەن. خۇۋەينىمنى دېگىنا، بىر چوڭ بەلەن بىر نېمىدىن بىرنى ئېلىپ قويدۇم. ئۇنى بېرىمەن.

سەمەربايىنىڭ مايلاپ قويغاندەك پارقىراپ كەتكەن يۈزى لىغىلداپ كەتتى. چاۋار قوۋاننىڭ كۆزى ئەلەملىك پارقىرىدى. كۆكىرىپ كەتكەن لەۋلىرى تىترىدى. ئۇنىڭ ياشاڭغىراپ كەتكەن كۆزى كۈنگە قاراپ قىسىلدى. بۇرۇن تۆشۈكلىرى كېڭىيىپ، يۈزلىرى ئېسىلىپ كەتتى. ئەتىياز شامىلى چەللە تۈپىسىگە بېسىلغان كەندىرنىڭ پۇرىقىنى ئۇچۇرۇپ ئۇنىڭ دىمىغىغا ئۇردى. شۇئان ئۇنىڭ پولتايغان كۆزلىرى يەنە قىسىلىپ قويرۇقىدىن ياش ساقىپ چىقىپ ئۆسەك ساقاللىرى ئارىسىغا كىرىپ كەتتى. چىرايلىرى قورۇلۇپ كەتتى.

— ما ... ماقۇل ... ئەمسە ھازىر بىر چېلىم بەرسەڭ خۇمارىمنى بېسىۋالاي، ئاندىن ئۆيگە باراي ...

— قوي بۇنداق چويلىدا توختىمايدىغان گېپىڭنى، ئېشەكمۇ تۆشۈك كۆۋرۈككە بىر قېتىم سېپىلىدۇ. مەن دېگەندەك قىلساڭ بولدى، يەنە مەن ساڭا ئۇن كوي بېرەي، شۇنداق قىلساڭ قىل بولمىسا قەرزگە پۇل تەييارلاپ كەلسەڭ كەل، بولمىسا مېنىڭ بوسۇغامغا ئىككىنچى قەدەم باسقۇچى بولما.

سەمەرباي شۇنداق دەپ كىچىك ئۇلگۇچەكلىك ئىشىكنى غىچىلدىتىپ ئېچىپ ئۆيگە كىرىپ ئىشىكنى ياپتى.

چاۋار قوۋاننىڭ كۆزلىرى ئىلىشىپ، ھە دەپ قارنى

ئارقىسىغا تارتىشىپ ، ئاغزىدىن توختىماي شالى ئېقىپ كۆزىدىن ياش قۇيۇلۇپ كەتتى . ئۇ ئۆمىلەپ ئورنىدىن تۇرۇپ ، دۈمچەيگەن پېتى پۇتنى سۆرەپ مېڭىپ كەتتى .

— ئاتام مېنى سەمەركاڭدىن تاماكا ئەكەل دېگەن .

ئىشىكتە پۇتىنىڭ ئۇچىغا قاراپ لېۋىنى چىشلەپ ، قارا كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ مەرەمنىساخان پەيدا بولدى . تام مەشكە يۆلىنىپ خورەك تارتىپ ئۇخلاۋاتقان سەمەرباي كۆزىگە چۈشۈپ قالغان سەرپۇش تۇمىقىنى كۆتۈرۈپ قويۇپ ، ئۇجمىنىڭ نوتىسىدەك تۈپتۈزلا بوي تارتىپ كەتكەن قىزنى كۆرۈپ كۈلدى . «كاساپەت ... پىتلىق قەلەندەر بەڭگىگە بەرگەن خۇدايىمنىڭ توۋا ... كىم چاۋا باينىڭ قىزى دەيدۇ بۇ بېلىجاننى» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى سەمەرباي .

— كېلىڭا خېنىم ، كېلىڭا ... هە ئاتىڭىز ئەۋەتتىما ، يېقىن كېلىڭا تارتىنماي ئوچاقنىڭ ئالدىغا كېلىڭا .

غۇۋا ئۆيگە ، قارا ساقاللىق سورلۇك چىرايغا قاراپ سەل قورۇنۇپ كىردى مەرەمنىساخان .

— سوغۇقتا ئىشىكنى يېپىپ كېلىڭ بوتىلاق .

بوغۇق ئاۋازى غازىلداپ سىلىق سۆزلەپ كەتتى سەمەرباي .

قىز ئوچاقنىڭ ئالدىدىكى ئۆچكە تېرىسى ئۈستىگە ئولتۇردى . سەمەرباي قىزغا زوقلىنىپ قاراپ بىردەم جىم ئولتۇرۇپ قالدى . كېيىن :

— ماڭا قالاڭ ، ئاۋۇ ساندۇقتا بىر يۈك رومال بار ئېلىڭا ، سىز مەندىن ئوبدان ، هە ئېلىڭا ئاشۇ شۇ هەقچان .

قىز يۈك رومالنى ئېلىپ كېلىپ سەمەربايغا ئۇزاتتى .

— ئۇنى ماڭا تەڭلىمەي ئۆزۈڭ كۆرۈپ باقە .

مەرەمنىسا يۈرىكى دۈپۈلدىگەن هالدا تۈگۈلۈكتىن چۈشۈپ تۇرغان غۇۋا يورۇقتا كۆردى . بۇ پىياز كۆكى چوك يۈك رومال بولۇپ مەرەمنىسا ئۇنى بوغالتىرنىڭ ياسانچۇق خوتۇنىنىڭ بېشىدا

كۆرگەندە «ئەجەب چىرايلىقكەن، چوڭ بولغاندا مەنمۇ شۇنداق يۇڭ رومالغا چىقىنالارمەنمۇ؟ ...» دېگەن خىيالدا بولغانىدى.
— چىرايلىقمىكەن؟
— ھەئە، بەك چىرايلىقكەن.
— بۇ چىرايلىق رومالنى سىزگە بەردىم.
— ئادەمنى گولدىمالڭ سەمەركا.
— ياق گولدىمىدىم، راست بەردىم.
قىزنىڭ قاپقارا كۆزلىرى ئاجايىپ چاقناپ كەتتى.
— بۇنى ماڭا نېمىشقا بېرىسىز؟
— سىزنى خۇش بولسۇن دەپ بەرمەيمەنمۇ؟
— مەن بەك خۇش بولۇۋاتىمەن، شۇغىنىسى كۆڭلۈم يېرىم بولۇۋاتىدۇ.
— نېمىشقا؟
— قەرزىم باردەك، سىزنىڭ مەندە ئېلىشىڭىز باردەك بولۇپ قالىدىكەنمەن؟
— ياق، مەن تېخى دادىڭىزغا قوش مۇشتەك تاماكا بەرگەنىنىڭ سىرتىدا ئۇنىڭ بىر يىلدىن بېرى قەرزگە چەككەن تاماكىلىرىنىڭ قەرزىنى كۆتۈرۈۋېتىمەن.
— ۋاي - ۋاي، سىز ئەجەب ئوبدان ئادەمكەنسىز، بۇنى ئانام ئاڭلىسا بېشى ئاسمانغا تاقىشار، تولا ھۇۋلاپ - ھۇۋلاپ يىغلايمۇ جېنى بىر سىرى بولۇپ كەتتى. بۇنچىۋالا ياخشىلىقىڭىزنى بىز قانداق ياندۇرۇپ بولارمىز.
قىز خۇشال بولۇپ ئېچىلىپ كەتتى. تارتىنىش دېگەنلەر پۈتۈنلەي يوقالدى.
خۇشلۇقتىن ئۇ توختىماي چىلڭ سىقىمدىۋالغان يۇڭ رومالنى كۆكسىگە بېسىپ، ئۇنىڭدىن چىقىۋاتقان قويۇق كۆيە دورىسى پۇرىقىنى پۇراپ قويدى.
— بۇ ئانچىكىلا ئىش، سىز ھەر كۈنى كېلىپ ماڭا تاماق

ئېتىپ بەرگەچ ئولتۇرىسىز . شۇنداق قىلىسىڭىز مەن سىزگە يەنە دۇخاۋا كۆڭلەك ، ھىلھىلە ياغلىق ، چىرايلىق مايلايدىغان ئۆتۈك ئېلىپ بېرىمەن .

— ماقۇل ، مەن كۈندە كېلەي ، ئەجەب بەلەنكەنسىز .

قىز خۇشلۇقىنا خۇدىنى يوقىتىپ قويىدى . ئۇنىڭ پۈتۈن ئەس - يادى ئاشۇ چىرايلىق كىيىملەردە قالدى . ئۇ كۆڭلىدە دۇخاۋا كۆڭلەكنى ئانىسىغا ، ھىلھىلە ياغلىقنى ئايتىللاخان ئاچىسىغا ، يوڭ رومال بىلەن ئۆتۈكنى ئۆزى كىيمەكچى بولدى . توي قىلغان قىزلارمۇ بۇنچىلىك ئېسىل نەرسىلەرگە ئېرىشەلمەيدۇ . ئەجەب ئاسان ئېرىشتىم - ھە . مەيلى بۇ ئادەم ئەجەب ئوبدان ئادەمكەن . ئاتام مۇشۇ ئادەمدەك بولسا بېشىم ئاسمانغا تاقاشماسمىدى ... ئىسىت ، چېكىشتىن ، قورساقتىن ، جېدەلدىن باشقىنى بىلمەيدۇ . بۇ كىيىملەرنى كىيىپ ماڭسام قانچە ئېسىل بولۇپ كېتەرمەن . ياق ، ياق ھەممىنى ئۆزۈم ... ئۆزۈمنىڭ ئانامغىمۇ ، ئاچامغىمۇ بەرمەيمەن . بۇ ئادەمنىڭ يېنىغا دائىم كەلسەم كېيىن بەرگىنىنى بېرەرمەن ...

سەمەرباي مەرەمنىساخاننى يوغان قوللىرىدا تۇتۇپ ئالدىغا تارتىپ مەيدىسىگە باستى . «مەيلى بۇنچىلا ياخشىلىق قىلغان ئادەمنىڭ ئاچچىقى كەلمىسۇن ، خاپا بولۇپ قالسا ھېچنېمە ئېلىپ بەرمەيدۇ . چىرايلىق مايلايدىغان ئۆتۈك ، دۇخاۋا كۆڭلەك . قىزنىڭ كۆز ئالدىدا ئاشۇ پارقىراپ تۇرغان ئۆتۈك ، ئوتقاشتەك جۇلالىنىپ تۇرغان دۇخاۋىدىن باشقا نەرسە كۆرۈنمىدى . بىردىن كۆزىگە رەسمىي قىزىلچىلىق تىقىلغاندەك بولدى .

پېشىنگە يېقىن مەرەمنىساخان چىرايى تاتارغان ھالدا سالپىيىپ كەلدى . ئەمما ئۇنىڭ ئاقىرىپ كەتكەن لەۋلىرىدە شېرىن كۈلكە ئۆچمىگەنىدى . ھېلىمىخان ئۇنى ئىككى تەستەك ئۇرغاندىن كېيىن ئاتىسىغا ئېسىلىپ يىغلاپ كەتتى . ئاتىسى

بولسا قوش مۆشتەك نەشىنىڭ خۇشلۇقىدا بېشى ئاسمانغا يەتكەندەك خۇش بولۇپ خوتۇنىنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىپ كاچاتلىغىنىغا پەرۋا قىلماي خىرىلداپ كۈلۈپ ئولتۇرىۋەردى. ئانىسى بىردەم ئۆزىنى كاچاتلىغاندىن كېيىن ھەيران بولۇپ بوسۇغىدا تۇرۇپ قالغان مەرەمنىسا چىلىڭ سىقىمداپ كۆكسىگە بېسىپ تۇرغان پىياز كۆكى چوڭ يۇڭ رومالنى تارتىۋېلىپ ئوچاققا تاشلىدى. مەرەمنىسا مۆشۈكتەك چاقچان بېرىپ كۈلۈڭغا چۈشكەن يۇڭ ياغلىقنى ئېلىپ دۇم يېتىۋالدى.

— ئوبدان ئانا … ئۇنداق قىلما بۇ ياغلىقنى مەن ئاران تاپتىم …

ئانا ئۆزىنى سۇپىغا تاشلاپ يىغلاپ كەتتى.

## 7

تاڭغا يېقىن قىمارۋازلار ئۆيىنىڭ ھەممە يېرىگە چېچىلىپ قالايمىقان يېتىپ ئۇيقۇغا كېتىشتى. مەخەتمۇ ئۇخلاپ كەتتى. پەقەت مەرەمنىساخانلا گۆش ساتقان پۇللارنى ئېتىكىگە تاشلاپ رەتلىمەكتە. خۇشلۇقتىن ئۇنىڭ چىرايلىق كۆزىنىڭ قۇيرۇقىغا كېسىم - كېسىم قورۇقلار ئولىشىپ، ئاق سېرىق يۈزلىرى سۇس قىزىرىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ تازا ئامىتى كەلگەنىدى. چىراغنى ئۆچۈرىمەن، كىگىز يىرتىلدى دەپ خېلى جىق پۇل چوتا ئالدى. گۆش پىشقاندىن كېيىن بىر زاغرا بىلەن بىر تاۋاق شورپا، قۇشقاچچەك بىر پارچە گۆشنى بەش كويدىن قىمارۋازلارغا ساتتى. تويماس قىمارۋازلار گۆشنى يەۋەردى. كېيىن ھەتتا قۇشقاچچەك بىر پارچە گۆش سەككىز كويغا چىقتى. ئىسىت، تۈگەپ كەتتى - دە. بوپتۇ، خۇداغا شۈكرى. بۇمۇ خۇدانىڭ بەرگىنى، بۈگۈن ياخشى قىمارۋازنىڭ مەينىتى يىغىلماي خېلى مەرد، نوچىلىرى يىغىلىپتىكەن، لاتا غىلاپ تايىنلىق چوڭ

قويدىن بىرنى ئالغان بولسىمۇ تۈگەپ كېتەركەن . بىر كەم ئەقىللىق قىپتۇ ، بوپتۇ . خۇدايىم قار يەنە كەچكىچە توختىمىسا چۈشكىچە چۇقازاسىنى پىشۇرۇپ ئۇنى بىر سۇ قىلىۋالسام تازا ئوبدان بولاتتى ، ئاڭغىچە ئوبدان قويدىن يەنە بىرنى ئۆلتۈرسەك كېچىچە يەنە بىر توزاقىقا دەسسەتسەم ...

— ھە خېنىم بۈگۈنزە ئەپچىل جايلىدىڭىز - ھە ، ئۇخلاۋاتقانلار ئارىسىدىن روزەك شار ئاستا بېشىنى كۆتۈرۈپ سوزۇلۇپ ئوچاقنىڭ ئالدىغا كەلدى .

— سېنىڭمۇ ئامىتىڭ باركەن شار . زادى بىزنىڭ ئۆيدە ئوينىساڭ ئۇتىسەن . بۈگۈن ھەممىسىنى سەن جايلىدىڭ . شۇڭا ، ئۇيقۇڭ كەلمەپتۇيا .

— ۋاي گەپ قىلماڭ دەيمەن ، ئىككى ئاينىڭ بۇيىزى كېتىۋېرىپ قەلەندەر بولۇپ كەتتىم دەيمەن . ئىشتان - چاپان بىلەنلا قالدىم . ئازايىم يەتتىمۇ خۇدايىم بۈگۈنزە پېشتكە ئوڭقېيىنى بەردى .

— بىزنىڭ ئۆيدىكى قىماردا سەن قاچان ئۇتتۇرغان ، دائىم ئۇتۇپ كېتىۋاتىسەن . ساڭا زادى ھارام يارىشىدىغان نېمەكەنسەن .

روزەك شار كۈلدى .

— سىزمۇ پايدىنى ئالدىڭىز خېنىم . چوتانىغۇ قانچىلىك ئالدىڭىز بىلمەيمەن . يىگىرمە بەش كويلۇق گۆش يېسەممۇ ، ئوتتۇر قورساق بولماپتىمەن دەيمەن . قانچە پۇل بوپتا ؟

— ئاۋۋال سەن دەپ باقە . قانچە پۇل ئۇتۇپسەن ؟

— پارچىسىنى ھېسابلىمىدىم ، ئازغىنە كەم ئۈچ مىڭ ئوخشايدۇ .

— ئادەم زاڭلىق قىلمىغىنا شار . كەم دېگەندە بەش مىڭ . كەم چىقسا قۇلىقىمنى ساپالدا كېسىمەن .

— ۋاي سىزگە شۇنداق كۆرۈنۈپ كېتىپتۇ . ھەممىسىنى يىغسا تۆت مىڭ چىقامىكى ، بۇ يەردە شۇ جىقراق پۇلى بارى

زۇنۇن ھاجى بىلەن تۇرەك تاز . قالغىنى سالتاڭ دەيمەن .

روزەك ھېجىيىپ تۇرۇپ مەرەمنىساخاننىڭ بېقىنىنى تۇتتى . مەرەمنىساخان دەرھال مەخەت ياتقان بۇلۇڭغا قارىدى . ئۇ ئۆلۈكتەك جىممىدە تۇگۇلۇپ بوش پۇشۇلداپ ئۇخلاۋاتاتتى .

— ۋاي ، لاۋزىلاشمىغىنا ، ھېلى ئويغىنىپ قالسا باكا ئۆلۈم پىششىقى چىقىدۇ ، — دېدى روزەك شارنىڭ تۇمشۇقىغا مەگزىنى تەگكۇزە تەگكۇزمەي ئەپقېچىپ .

— شۇڭا ئۇخلىمىدىم خېنىم مەن ··· بولمىسا سارالڭ ئەمەس مەن ، قورسىقىم تېخى ئېچىپ كەتتى .

مەرەمنىسا روزەكنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە تىكىلدى .

— راست گەپ قىلىۋاتامسەنيا ؟

— ۋاي سىز مەرەمنىساخاندىن باشقىغا ئۆزگىرىپ قالمىغانسىز ؟

روزەك پۇرلەشكەن ئون كويلۇق پۇلنى ئۇنىڭ قولىغا تىقىپ قويدى .

— قانچە .

— بىر توقماق .

مەرەمنىساخاننىڭ چىرايى گۇلدەك ئېچىلدى . ئۇ روزەك شارنىڭ غاز بوينىغا ئېسىلىپ ئوغلاق ئانىسىنى چوكلىنىپ ئەمگەندەك پۇشۇلداپ سۆيۈپ كەتتى .

— زادى مەرد شاردە سەن . ھېچكىمگە ئوخشىمايسەن تاتلىقىم ··· ئىچكەركى ئۆيگە كىرىپ كۆمتۈرۈكلۈك ئاياغنىڭ تېگىدە پاقلاننىڭ بوينى بار يېگەچ تۇر . مەن كەينىڭدىن كىرىمەن ···

روزەك شار پەم بىلەن دەسسەپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى . «ئاخماق شار ، نېمىلا دېگەنبىلەن مەرد شار ـ دە ، قولى ئوچۇق ، پۇل خەجلەشنى بىلىدۇ» دېدى مەرەمنىساخان بۇلۇڭدا تۇگۇلۇپ يېتىپ پۇشۇلداپ ئۇخلاۋاتقان مەخەتكە نەپرەت بىلەن قاراپ .

مەخەتنىڭ قورۇلۇپ كەتكەن خام سېمىز كۆكۈش چىرايى شۇنچە خاتىرجەم ئىدى. ئادەتتىمۇ ئۇ بىر ئىشقا تازا ئېرەنشىپ كەتمەيدىغان، لايغەزەلراق بىر نېمە ئىدى. «مەن سېنى ئەر كىشى قىلىپ كېلىۋاتىمەن ... بولمىسا بۇ چاغقا ئاللىقاچان تىرىك تۇرۇپ شەمى گۆردا تۇنەيتتىڭ ئەبگا» دېدى مەرەمنىساخان.

— ھەي مەخەتخان ... مەخەتخان ...

ئىككى ئېغىز تۇۋلاش بىلەنلا ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئويغىنىپ كېتىشتى. بىر - بىرىگە جىمغىنا قاراپ قېلىشتى. تاڭ ئاتقىلى خېلى بولغانىدى. بۇنى ھېچقايسىسى بىلەلمىدى. تۆرەك تاز يېنىدىكى يۆلىنىڭ ئۇن سوملۇقىنى گېلىغا پاتقۇدەك يۇرلەپ ئۇدۇللۇق يۇتقىلى تۇردى. ئۇ پۇلنى گېلىدىن ئۆتكۈزەلمەي قارا چىرايى قىزىرىپ كېيىن تومۇردەك كۆكىرىپ كەتتى. بۇنى كۆرۈپ قىمارۋازلارنىڭ ھەممىسى ئالاق - جالاق بولۇپ كېتىشتى. زۇنۇن ھاجىمۇ ھېچ ئىككىلەنمەستىن ئۇن كويلۇق پۇللىرىنى ئۇزۇن ئۆتۈكىنىڭ چەمى ئاستىدىكى «ئامبار» غا قاچىلىۋەتتى. مەرەمنىساخان چاچراپ تۇرۇپلا يېنىدا بەخارامان ئۇخلاۋاتقان روزەك شارنىڭ قولىقىدىن سوزۇۋەتتى.

— ئۆلمەيدىغان توخۇ پوقى شار ... مانا بولدىما. ئاخشام چىقىپ كەت دېسەم، ھېلى ... ھېلى دەپ ... ۋاي سەتچىلىك روزەك شارنىڭ كىچىك كۆزلىرى چەكچىيىپ ئېسەنگىرەپ تۇرۇپ قالدى. مەرەمنىساخان يالىڭاچ پېتى ئۇنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنى قولتۇقلىتىپ يوتقان يىغىدىغان قەدىمىي چوڭ ساندۇقنىڭ ئىچىگە سولىۋېتىپ قۇلۇپىنى سالدى. ئاندىن ئالدىراپ كىيىملىرىنى كىيىشكە باشلىدى. قاراپلا روزەك شارنىڭ ئۆتۈكى قالغىنىنى كۆرۈپ يەنە كىيىمنى تاشلاپ ئۆتۈكىنى ئېلىپ بېرىپ ساندۇقنى ئېچىپ ئۆتۈكنى تاشلاپ ساندۇقنىڭ ئاغزىنى ياپتى.

— ھەي بۇ كىمدۇ، — دەپ ئىشىكنى ئېچىپ مەخەت

كۆزىنى ئۇۋۇلىغان هالدا پەيدا بولدى . مەرەمنىساخان قاتتىق چۆچۈپ «مەن» دەۋەتتى . مەخەت هەيران بولۇپ كۆزىنى پارقىرىتىپ تۇرۇپ قالدى .

— نېمە ئىش قىلىۋاتىسلەر؟ — دېدى مەخەت قاتتىق گۇمان بىلەن ئايالىنىڭ بىر بېشىغا ، بىر ئايىغىغا ، ئاندىن ياتقان ئورنىغا قاراپ .

— ۋايجان هەجەپ قورقۇتتى ، سەت بېشىڭنى پەيدىغان ئۆلمۇگۇر ... نېمە چەكچىيىسەن ئۆلمۇگۇر ، ئاخشامنىڭ بۇيىزى تاپقاننى ما يەرگە تىقىپ قويۇۋاتىمەن . توۋلاۋاتسا تالاغا چىقماي بۇ يەرگە كىرىپ هاڭۋاقامسەن . بولە ، — دېدى پەس ئاۋازدا تەهدىت بىلەن تىللاپ . مەخەت شۈئان كۈلدى .

— هە ، مانداق دېگىنە خوتۇن .

— قانداق دېگەن توگمەس ئويقۇ بۇ . قورا چۈشكىچىمۇ ئۇخلامدۇ ئادەم دېگەن . مۇسۇلمان دېگەننىڭ ئەتىگىنى سەهەرراق تۇرۇپ بىرەر ۋاخ ناماز ئوقۇغىنىنى كۆرگەن . ئۆيدە يوقمىكى دېسە باردەك ، ئۆلدىمىكىن ، توۋلىسا ئاڭلىمايدۇ ... — سىرتتا كوتۇلدىغان ئاۋاز ئاڭلاندى .

— ۋاي مەخمتاخۇن ...

— هە دېمەمسەن ، كامادەك قالاپ تۇرماي ماڭە چىقە جۇگۇ . يەپ كېتىمدىغان بىرى كەلگەن بولسىمۇ .

— هە ... هەي ... مانا ... مانا ...

مەخەت شۈئان تالاغا ئالدىراپ چىقىپ كەتتى . مەرەمنىساخان كىيىملىرىنى كىيىپ بولدى . قىمارۋازلار بۇلۇڭ - بۇلۇڭدا توگۇلۇپ يېتىۋېلىشقان . بىر قانچىسى ئوچاق ئالدىدا هېچ ئىش بولمىغاندەك قەستەن خاتىرجەم ئولتۇرۇشتى . ئەمما ئۇلارنىڭ جىددىيلىكتىن چىڭقىلىپ كەتكەن چىرايلىرى تولىمۇ سۈنئىي كۆرۈنەتتى . مەخەت تالاغا چىقىپلا :

— ۋاي ... هەي تالاغا چىقىۋېرىڭلار ، هېچ ئىش

يوقكەن ، — دېدى خاتىرجەملىك بىلەن . شۇنىڭ بىلەن قىمارۋازلار ئۇھ دېيىشىپ تالاغا ئالدىرىغان قوي ـ ئۆچكىلەردەك ئىشىككە قىستىلىشىپ قاپلىشىپ تالاغا مېڭىشتى . مەرەمنىساخان دەرھال بېرىپ ساندۇقنى ئېچىپ روزەك شارنى سۆرەشتۈرگەن پېتى ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئىتتىرىۋەتتى . روزەك شار تېخى بىر پاي ئۆتۈكنى كىيىپ بولالمىغانىدى . ئۇ بىر پۇتى يالاڭ تالاغا دەسسەپلا :

— ۋايجان ، ۋاي پۇتۇم ، — دەپ ۋارقىرىۋەتتى .

— قالاڭلار ماۋۇ شارنى ... ھا ... ھا ... ھا ... ئۆلە شار ، ئۆلە ... بايا نەدە قالغان .

— ئۆتۈكۈڭنى نېمىشقا كىيىۋالمىغان ؟

— ھەي شار ، ھېچ ئىش يوق دېگەندىكىن ئۆتۈكۈڭنى كىيىپ بولۇپ چىقساڭ بولمامدا .

روزەك شار قارغىلا كاسىسىنى قويۇپ ئولتۇردى . ئۇ تاتارغان ھالدا ھىجايدى .

— شۇنداق دېگىنىڭىز بىلەن ھەممىڭىز ئۆلەر ـ تىرىلىشىڭىزگە باقماي ئىشىككە ئۆزىڭىزنى ئېتىشتىڭىزيا ، تولا نوچىلىق قىلىشمىڭا ...

ئۇ قارغا بولانغان پايتىمىسىنى پۇتىغا يۆگەپلا ئۆتۈكنى كىيىۋالدى .

— ئۆلە شار ، ئۆلە ... يا ئاللا رەسمىي قورقۇنچاق نېمىكەنسەن جۇما . ئا چىرايىغا قالاڭلار ماۋۇ شارنىڭ پوق تاتىلىغان توخۇنىڭ چىرايىدەك بولۇپ كېتىپتۇ ئەمەسما ... ھا ... ھا ... ھا ...

— ۋاي ... ئۆلەم پۇرايدىغان شار . ھا ... ھا ...

ھەممە قىمارۋازلار قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كېتىشتى . ئۇلار شۇ تاپتا ھېچنېمىدىن قورقمىغاندەك ، ھەممىنى ئۇنتۇپ كېتىشكەندەك كۆرۈنەتتى . ئەمما ھەممىنىڭ

يۈرىكىنىڭ پوكولدىشى تېخى بېسىلمىغانىدى. روزەك شار «ھەي كالۋالار، ئەخمەقلەر، كۆلۈشە، ئاكاڭ قارىغاينىڭ نېمىدىن قورقىنىنى بىلىشمەسەن ئەبگاھلار، بىلىپ قويۇش، ھەممىڭنى ئېغىز - قۇلىقىڭغىچە ئىچۈرۈپ قويدۇم» دەپ مەغرۇر كۆلۈپ قويدى.

— ما تازنى كۆرۈڭلار ... ھەي ئۆلمەيدىغان تاز، چىرايى تۇڭگۈزغا ئوخشاپ قاپتۇ ... ھا ... ھا ...

— ھە تاز، ئەمدى پۇلنى چىقىرالماي نەچچە كۈنگىچە كۆتۈڭنى ياغاچتا كولاپ ئاپتاپتا قۇرۇتىدىغان بولدۇڭ ھە تاز ... ھا ... ھا ... ھا ...

— ھەي تۈرەك ... يادىڭدا يوق يەنە چوڭ خالاغا ئولتۇرۇپ سالما جۇمۇ، يەنە غول پوقىنىڭ ئارىسىدىن پۇلۇڭنى تاپالماي بېشىڭچە چۆشۈپ كەتمە يەنە ... ھا ... ھا ... ھا ...

— يا ئاللا، ئەجەب يامان تازكەن. بىر سىقىم پۇلنى كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە يۇتۇپ تۈگەتتى.

— چىمكەن ئاداشلەۋە ئادەمنىڭ قورقۇتۇپ جان - ئىمانىنى چىقارغان.

ھەممىسى ئونبەش قەدەم نېرىدا مەخەتكە بىر نېمىلەرنى دەۋاتقان پاكار، قارا ساقال، ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئادەمنى كۆردى. ئۇنىڭ بېشىغا كىيىۋالغان قارا سالۋا پۇتۇنلەي بوز قىرو بېسىپ ئاقىرىپ كەتكەن. قاش - ساقاللىرىغا ئۇششاق مۇز مارجانلار ئېسىلىپ كەتكەنىدى.

مەخەتنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتكەنىدى. بۇنى كۆرۈپ قىمارۋازلارنىڭ چىرايىدىكى كۈلكە ئۆچتى. مەخەت پېشانىسىگە بىر شاپىلاق سېلىپ ئېڭىكىنى سىقىمدىدى.

— ئاپلا خەپكەر ... گەستاغپۇرۇللا، ما ئىشنى ئەمدى.

— نېمە بولدى مەخىتەم، — دېدى مەمەت بەگ.

ھەممىسى ئۇنىڭ يېنىغا ئولاشتى. مەخەت توختىماي

ئەستاغپۇرۇللا دەپ كالپۇكىنى چىشلەپ كەتتى .
— بېشىڭغا تام ئۆرۈلگەن ئىش بولسىمۇ دېمەمسەن ئاداش ، كەچكىچە ئەستاغپۇرۇللا دېمەي ، — دېدى قارا مامۇت كۆكۈش كالپۇكىنىڭ ئارىسىدىن تۈكۈرۈكىنى چاچرىتىپ .
— ھە ، دېگىنا ... شالتاقچىدىن بىرسى چېقىپ قويۇپتىمۇ يا بىزنى ... — دېدى تۆرەك تاز .
— ئاداشلار ، تولا گەپ قىلماڭلار ، بېشىمغا كۈن چۈشتى ، — دېدى مەخەت ئىشىككە بىر قاراپ قويۇپ .
— قېيىنانام ... قېيىنانام تۈگەپ كېتىپتا ئەمەسما ؟
— ۋاي قاچان ...
— ئەتىگەن ئېغىر تاماق ۋاقتى بىلەن .
قىمارۋازلارنىڭ ھەممىسىنىڭ بېشى چۈشۈپ جىمىپ قېلىشتى .
— چۈش پېشىنگە مۇردىنى ئاچىقىدىغان بولغان ئۇكام ، سەل مىدىرلاڭ ئەمدى . نامىزىغا ئۆلگۈرۈڭلار ، مەرەمنىساخان يۈزىنى كۆرەلمەي قالمىسۇن .
— ھە ... راست ، زادى بولە ، ئىزىڭدا تۇرۇپ چىكىلدىماي .
مەخەت ئالدىراپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى . ھايالىشماي مەرەمنىساخاننىڭ :
— ۋاي ئانام ... ۋاي مېھرىبان ئانام ... ۋاي بەش بالىنى چوڭ قىلىپ راھەت كۆرمىگەن ئانام ... ۋاي دەرد - ئەلەمنىڭ تاغلىرى ئاستىدا ئېزىلىپ كەتكەن ئانام ... ۋاي يۈرىكى بالىلىرىنىڭ دەردىدە ئېزىلىپ كەتكەن ئانام ، — دېگەن ھەسرەتلىك يىغىسى ئاڭلاندى .
— ھازاڭلىنى قويۇپ غاچ بولۇڭلار ، پېشىن نامازدىگەرگە ئېچىقىدىكەن ، نامىزىغىمۇ بولسا ئۆلگۈرمىسەك بولمايدۇ .
— ۋاي كۆزىڭىز ئوچۇق كەتتىمۇ ئانام ... ۋاي قىزلىرىڭىز تۇرۇپ باقمىدىمۇ ئانام . ۋاي قىز خاپىلىقىدا تۈگەپ

كەتكەن ئانام ...

مەخەت پۈشۈلداپ تالاغا يېنىپ چىقتى .

— ئاداش مەختەم ، بىز ئەل - ئاغىنىلەر بىر جامائەت بولۇپ تەرەت ئۆشىغا بىر قوي ئېلىپ بارىمىز . سەن هازىر مەرەمنىساخاننى ئېلىپ ئالدى - كەينىڭگە قالماي ماڭ ، — دېدى مەمەت بەگ .

— شۇنداق قىلىلى زادى .

مەخەت بىلەن مەرەمنىساخان قىچقىرغىلى كەلگەن ئادەمنىڭ كالا هارۋىسىغا چىقىپ ماڭدى . قىمارۋازلارمۇ توپلىشىپ مېڭىشتىن هەزەر ئەيلىشىپ ، ئىككى - ئۈچتىن تارقىلىپ بەزىسى چوڭ يول بىلەن ، بەزىسى ئېتىزلىق بىلەن ، بەزىسى چىغىر يول بىلەن قار كېچىپ مېڭىشتى . ئۇلارنىڭ يىغىلىدىغان يېرى دۈشەنبە بازارنىڭ كىنوخانا ئالدى بولدى .

يول بويى مەرەمنىساخاننىڭ يىغىسى بېسىلماي ماڭدى .

— ئۇكام ، هازىر يىغلاۋەرسىڭىز هالىڭىزدىن كېتىپ ئۇنىڭىز پۈتۈپ قالىدۇ ، ئەندىنزە مەهەللىگە بارغاندىن كېيىن خەقنىڭ ئالدىدا تۈزۈك يىغلىيالمىسىڭىز خەق زاڭلىق قىلىدۇ جۇما . هېلىهەم رەهمەتلىكنىڭ ئۆلۈمى توغرىسىدا خەق هەر نېمىلەرنى دەپ يۈرىدۇ . دېمىسىمۇ مۇشۇنداق ئالتۇندەك بالىلىرى تۇرۇپ قورساقتىن كېتىپ قالدى رەهمەتلىك . ئاتاڭلار چاۋارئاخۇننىڭ ئەهۋالى تېخى ئۇ ... ئىككى تال نەشە تېپىۋالسا مەن جاهاندا پادىشاه دەپ ، نەگە ئاپتاپ چۈشسە شۇ يەردە تامغا يۆلىنىپ چېكىشۈپلىپ كەچكىچە ئۇخلاپ ، كەچتە قورساق ئاچقاندا ئۆيگە بارىدۇ . هەي بۇ جاهاننىزە ... ئەمدى هېلىمىخاندىن ئايرىلدى . چاۋارئاخۇننى ئەمدى كۆرىمىز ، تېخى تېپىلغۇسىز ئوبدان ئايالنى خۇن قىلىپ تۈگەشتۈردى . هېلىمىخان بار شۇنچىلىك تۇرغان ... ئەمدىزە ، هەممە خەق مۇشۇنداق سوغۇقتا تالادا مەست بولۇپ يېتىپ قېلىپ ئۆلەمكىن دېيىشىۋاتىدۇ .

ئۇغۇ يەيدىغىنى يەپ بولغان ئادەم . ئۇنداق خارلىقتا قالغاندىن ئۆلۈپ گۆرىدە ئىززىتى بىلەن ياتقىنى ياخشى ... لېكىنمۇ ئاشۇ مۇشتەك قالغان ھەممىدەمگە زەپ بولدى ـ دە ، زەپ بولدى . بىچارە ئانىسىنىڭ تېرىسىنى كىيىپ چۇشۇپتىكەن . ئۇنىــــزە ئۇكام بولۇپمۇ سىلەر تاشلىۋەتمەي بېقىڭلار . ئاتاڭلار ھەممىدەمگە قاراش توگۇل جاھاندا بالا بارمۇ ـ يوق ، خىيالىغا كىرىپ چىقمايدۇ . بالىنى ناپتىم دەپ تېپىپ قويغان بىلەن ئۇنىڭ يولىدا خەۋەندى خالىقىنى قىلمىسا نېمە پايدىسى . ئىتمۇ كۇچۇكلەيدۇ ئەمەسمۇ .

ھارۋىكەش غاڭزىسىنى چېشلىۋالغان ھالدا پات ـ پات كالىغا دۈكشۈتۈپ كالتەك سېلىپ مېڭىشقا ئالدىرىتىپ سۆزلەۋەردى . بۇ ئادەمنىڭ سۆزىدىن مەرەمنىساخان قاتتىق خورلۇق ـ نومۇس ھېس قىلىپ ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالدى . نەچچە قېتىم بوغۇپلا ئۆلتۈرۈۋەتكۈسى كېلىپ كەتتى . ئەمما ، ئادىمگەرچىلىك قىلىپ شۇنچە يىراق يەردىن سوغۇق ، قار دېمەي ، مۇسىبەت خەۋىرىنى ئېلىپ كەلگەن ئادەم بولغاچقا يۈز ـ خاتىر قىلغان بولۇپ ئۇندىمەي ئولتۇرۇپ ئاڭلاشقا مەجبۇر بولدى . ئۇ ئادەمنىڭ ھەممە گېپى راست ئىدى . ئەمما ، ئەيىبىنى ئېچىپ ، ئىچىنى ئېچىشتۇرۇپ دەۋەرگەننىڭ نېمە پايدىسى . بۇنداق تاپا قىلىپ دەۋەرگەنگە ئورنىغا كېلىپ قالاتتىمۇ ؟

مەرەمنىساخان ئانىسىنىڭ مۇسىبىتىنى ئۇنتۇپ نومۇس ، ئىزا بىلەنلا بولۇپ كەتتى . ئۇنىڭ يۈزلىرى بىر قىزىرىپ ، بىر تاتىراتتى ...

ھارۋىكەش بىر قانچىنى يۆتىلىۋەتكەندىن كېيىن ئاغزى يەنە ئېچىلدى .

ــ ئاتاڭلىغۇ بولغان يېرى بولدى . نېمە قىلسا قىلىپ كۆنى كېتىپ ئۆلۈپ توگەر . ھەممىدەمزە پاكىز ، چىرايلىق بالا . ئەگەر قورسىقىغا توق ـ توق بېرىپ ، ئۇچىسىغا ئوبدان كىيىم بېرىدىغان بولسا ئاشۇ قولدىن ـ قولغا چۇشۇرمەي كۆتۈرۈپ

يۇرگەن كادىرلارنىڭ ئاق نان يەيدىغان چىرايلىق بالىلىرىدىن نەچچە ھەسسە چىرايلىق . بالاڭلىنىڭ ئورنىدا شۇ بىچارىنى تاشلىۋەتمەي بېقىڭلار . قازىنىڭلارنىڭ بۇرجىكىدە تۇيىدۇ . مۇشۇكنىڭ ئورنىدا ھەمراھ بولىدۇ . خەق خۇدادىن كىچە ـ كۈندۈز بالا تىلەپ ئۆردىخان پاشايىمنىڭ قۇملۇقىغا بېرىپ كىچە ـ كۈندۈز يىغلاپ قۇمدىن قوڭغۇز ، سالىملارنى تېرىپ يەپ يۈرىدىكەن . نەدە سەت ، قان ـ يىرىڭ بالىلىرىنى تاۋار ـ دۇردۇنغا يۆگەپ باقىدىكەن . توۋا دەيمەن ، خۇدايىم مۇشۇنداق چىرايلىق بالىنى ئاشۇنداق ئادەملەرگە بەرسە بولمامدۇ . ئەتىگىنىگە تاپسا كەچكە يوق يەرگە مۇشۇنداق چىرايلىق بالىنى بېرىدىكەن ، ئاشۇ ئاق نان يەپ ، توقى شايىغا يۆگەپ باققان كادىر باشلىقنىڭ بالىلىرىنىڭ سەتلىكىنى دېمەمدىغان ، ئىنجىمارۇق ، دوقا باش ، كېسەلمەن ، ھارام دۇنياغا ئىگە بولۇپ ، كېچە ـ كۈندۈز ھارامنى يېگەچكە شۇنداق سەت تۆرىلەمدىغاندۇ باللىرى . ئۇلار ھەممەدەك چىرايلىق بالىلىرى بولسا قانچە ئەتىۋارلاپ بېقىپ كېتەر .

— خۇدا بۇيرۇسا ھەممىمنى ئۆزۈم ياندۇرۇپ ئەكېلىپ باقىمەن ، — دېدى مەختەتمۇ قىزارغان ھالدا . مەرەمنىساخان يەر تېگىدىن ھارۋىكەشكە ئالىيىپ قويدى .

— زادى شۇنداق قىلىڭلار . خۇدايىم تېخىمۇ بېرىدۇ . ئاشۇ بالىنى ئۆرماي ، تىلىلماي چىرايلىق باقساڭلار خۇدانىڭ كۆزى كۆرىدۇ بىر نۆرە . ئاندىن سىلىگىمۇ پەرزەنت ئاتا قىلىدۇ ئىككى نۆرە . ئاندىن ھېلىمىخاننىڭمۇ كۆزى يۇمۇلۇپ گۆرىدە خاتىرجەم ياتالايدۇ . خەقمۇ ئوبدان قىلدى دەيدۇ . ئاناڭلىنىڭ روھى قورۇنمايدۇ .

مەرەمنىساخاننىڭ ئەس ـ يادى باشقا بىر ئىشتا قالدى . كۆڭلىنى دەككە ـ دۈككە قاپلىدى . ئۆلمەيدىغان مەرەز شار ، ئىسسىت ، ئۇنىسسامچۇ ، مانا بىتەرەت خەقنىڭ يۈزىگە قالسام

تېخى يامان ، كۈن ـ ئاسمانغا قالسا چىرقىـــرايدۇ . يەرگە
دەسسىسىمۇ چىـــرقىـــرايدۇ .بەك يامان ، بەك يامان ، ئەمدى
ھەممىدىن يامان بولغىنى ئانامنىڭ نامىزىغا مۇشۇنداق بارسام
قانچە يامان بولار ، دوزىقى بولۇپ كېتەرمەن . يۈزىگە قالسام
ئانام دوزاخقا كىرىپ كەتمەمدۇ . روھى قورۇنۇپ قانچىلىــك
ئازابلىنىپ كېتەر . قىيامەت كۈنى يۈزۈم قارا بولار . خۇدا ئۇرار
ھەقىچان ، ياق ... ياق ئانامنىڭ نامىزىغا تەرەتسىز بارغۇچە
ئۆلگىنىم ئوبدان ، مۇشۇنداق بىتەرەت ھارۋىدا ئولتۇرسىمۇ بىر
پېشكەللىك ، بالا ـ قازاغا ئۇچرىماي قالمايدۇ ئادەم .
ئۇ ناھىيە بازىرىغا كەلگىنىنىمۇ بىلمەي قالدى . ۋەسۋەسە
ئۇنىڭ ئەس ـ يادىنى يوقاتقانىدى .
— ئۇكام ، يېنىڭلاردا پۇل ـ پۈچەك بولسا يىدىسىغا پىتكە
گۈگورت ، سوپۇن بىر نېمىدىن ئېلىۋېلىڭلار .
— ھە ، راست ئاكا ، راست دېدىڭىـــز ، — دېدى
مەرەمنىساخان ئالمان ـ تالمان .
— سىلەر تاماق يېگەچ گۈگورت ، سوپۇن ئەكېلىڭلار . مەن
ئاشۇ بىر يەردىن رومالىق داكا تاپاي .
ئۇ شۇنداق دەپلا ھارۋىدىن سەكرەپ چۈشۈپ ، يۈگۈرگەندەك
مېڭىپ بىر مۇنچىغا كەلدى .
— بۈگۈن ئىسسىق سۇ يوق ، — دېدى ئوتتۇرا ياشلىق
بىر ئايال قاپىقىنى تۈرۈپ .
— سوغۇق سۇ بولسىمۇ مەيلى ، بەك يامان بولدۇ ، —
دېدى مەرەمنىساخان ھودۇقۇپ .
ئايال مەرەمنىساخاننىڭ باش ـ ئايىغىغا بىر قارىۋېتىپ
غوتۇلداپ قار توختاپ قالغان يوغان قۇلۇپنى داراقلىتىپ ئاچتى .
— مانا تازا بىر راھەتلىنىڭ ... قار ياغقاندا غىت قىسماي ،
مانا ئەمدى پۇتى كۆيگەن توخۇدەك ، — دەپ ئالىيىپ قويۇپ
كەتتى .
ئۇ مۇزلۇق سېمونتقا يالاڭ دەسسىشىگىلا تاپىنىدىن كىرگەن
سوغۇق مېڭىسىگە چىقتى .

دەرياغا ئاق سۇ كېلىش بىلەن تەڭ قۇمساڭغۇ بوش تۇپراق ئۆزىنى سۇنىڭ مەيلىگە قويۇۋەتتى . ھەممە مەھەللىلەردە كېچە ـ كۈندۈز تېرەك كېسىش ، شاخ چاناش باشلىنىپ كەتتى . قېرىلارنىڭ ھەممىسى جىگدىگە كاللەك ئۇرۇپ شاخ يىغدى . مەكتەپ بالىلىرى دەريا بويىغا كالا ھارۋىسىدا شاخ توشۇدى . كەتمەنگە كېرەككە كەلگۈدەك ئەرنىڭ ھەممىسى ھەپتىنىڭ ياقى دەريا بويىدا يار ئېلىپ كەتكەن چېقىلنى ئېتەلمەي ئاۋارە ۋولۇۋاتاتتى .

گوڭشېنىڭ تاغار قورساق سۇجىسى قولىغا ئۇزۇن سېرىق سۆگەتنىڭ كەسمىسىنى ئېلىۋېلىپ چۇمۇلىدەك قىمىرلىشىپ يۈرگەن ھاشارچىلارنىڭ بويۇنلىرىغا ، پاچاقلىرىغا ئۇرۇپ بوغۇلۇپ ۋارقىراپ يۈرەتتى . چىم يۇدۇۋالغان ياكى تۇرمەل تورۇۋاتقان ، بوقا باغلاۋاتقان يېرىم يالىڭاچ ئەركەكلەرنىڭ بىرەرسى بۇ كۆك كەسمىدىن بىرنى يېسە جۇۋاز كالىسىدەك كۆزىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ قويۇپ ئىشىنى بۇرۇنقىدىن سەل ـ پەلمۇ تېزلىتەي دېمەيتتى .

قاپقارا لاي بولۇپ ئېقىۋاتقان ئۇلۇغ سۇ كۆپۈكلىنىپ شىددەت بىلەن كەگرى جاڭگالغا قاراپ ئاقماقتا ئىدى . دەريانىڭ ئەسلى ئېقىنى قۇرۇقدىلىپ قېلىپ ، يار ئالغان قاشتىن مەھەللە تەرەپ جاڭگالدا ئېقىن ياساپ ئاققىلى تۇرغىلى بۈگۈن ساق بىر ھەپتە بولدى . ئەمدى پەپەك چىقىرىشقا باشلىغان يېشىل قومۇشلار سۇنىڭ تېگىدە قالدى . دەريا بويىدىكى جاڭگال ئوتتۇرىسىغا چىقىۋالغان بىر قانچە ئۆينى دەريا يۇتۇۋالدى . يار ئېغىزىنى ئېتىپ دەريانى ئەسلى قىنىغا ياندۇرمىسا ، يەنە مۇشۇ

پېتى ئىككى كۈن ئاقسا دەريا ئەمدى رەسمىي يۇرت ئىچىگە بېسىپ كىرىپ ھەممىنى ۋەيران قىلاتتى. خەقنىڭ ھەممىسى بۇنى ئوبدان بىلەتتى. يۇرتتىكىلەر بۇنىڭدىن ئانچە قورقۇپ كەتمىدى، ئۇلار خۇدادىن كەلسە بەندىنىڭ قولىدىن نېمە كېلىدۇ دەپ، ئۆزىنى غەمدىن خالاس قىلىشقا ئۇرۇناتتى. قىرىق - ئەللىك ھارۋا شاخنى سىمدا چېتىپ ئىچىگە يىكەن، پىچان، پىزەك بېسىپ تۆپىسىگە چىم قويۇپ بورا يۆگىگەندەك بۆگەپ ئون - يىگىرمە تونىنا ئېغىرلىقنىكى تۇرمەلنى سوغا سالسا بۇززىدە قىلىپ چۆكۈرۈپلا بىرمۇنچە لايقا كۆپۈكلەرنى پەيدا قىلىپ يوق قىلىۋېتەتتى. كۆپۈكلەر كىچىلىك كۈن نۇرىدا كۆزنى چېقىپ پارقىراپ ئۆركەشلەر ئىچىدە ئېگىز - پەس چايقىلىپ يىراقلاپ كېتەتتى. ئاشۇ كۆپۈكلەرنىڭ ئېگىدە دەل ئاشۇ بىرەر يۈز ئادەم يېرىم كۈن باش - كۆزىگە تاياق بەپ، تىل ئىشتىپ تۇرۇپ ياسىغان تۇرمەل يۇمىلاپ ئېقىپ كېتەتتى. گوشتىېنىڭ تاغار قورساق باش شوجىسى ھەمراجان ئېيىق تاپىنىدەك بوغماق ئالىقىنىنى ھەدەپ قارا ساقاللىرى ئارىسىدا قالغان ئېگىكىگە ئۇرۇپ بوغۇلۇپ ۋارقىراپ كەتتى.

— ھەي ئاناڭنى، تەتۇر پېشانە خوتۇن تالاق ئوغرىلار، بىر ھەپتىنىڭ ياقى پۈتۈن يۇرتتىكى دەل - دەرەخنى كېسىپ كېلىپ يۇرتنى ئاقلىۋەتتۇق. قوشقاچ قونغۇدەك شاخ قالمىدى. ھەممىنى دەرياغا ئېقىتىۋېتىشتىڭ... ئەمدى دەريانى نېمىدە باغلايمىز - ھە؟! ھو نانكور ئوغرىلار! ئىشتان - چاپىنىڭنى باغلامەن؟

ئۇ لوپولداپ يۈگۈرۈپ يۈرۈپ ئالدىغا ئۇچرىغان يېرىم يالىڭاچ ھاشارچىلارنى ئۇرۇپ كەتتى. ھاشارچىلار ئېيىق قوغلىغان قويلاردەك تەرەپ - تەرەپكە پىتراپ ئۇنىڭ ئالدى قايانغا بولسا شۇ تەرەپكە دېگىزدىكى لەھەڭ سۈزۈ ئىككى تەرىپىگە يېرىپ ماڭغىنىدەك شۇ تەرەپكە بوشاپ ماڭاتتى. خەق پەقەت قېچىشنىلا،

بىر ـ بىرىنى ئىتتىرىشىپ پۈلىشىپ يىقىلىپ ھېچىسىنىلا بىلەتتى. ھېچكىم زوۋانى دارغا تارتىلغاندەك ۋاي دەپ، بىر ئېغىز گەپ قىلمايتتى. قېچىپ يۈرۈپ يەنە ئىشلىمەك بولۇپ بېگىزدەك تىكەنلىرى دىردىيىپ تۇرغان شوخلۇق چىگدە شاخلىرىنى يالىڭاچ مەيدىلىرىگە بېسىپ چىڭ قۇچاقلاپ قايانغا ئاپىرىشنى بىلمەي بىر ـ بىرىگە ئۇسۇشۇپ، دوقۇرۇشۇپ ھەر تەرەپكە يۈگۈرۈشەتتى. بېشىغا قامچا يەپ كاللىسى چۈرگىلەپ قالغان ئېشەك يولنىڭ ئوتتۇرىدا قايسى تەرەپكە مېڭىشىنى بىلمىگەندەك ئۇلارمۇ قوللىرىدىكى شاخلارنى، ھۆل تېرەك ياغاچلىرىنى، چىملارنى نەگە قويۇشنى بىلمەي، ھەر تەرەپكە يۈگۈرۈشەتتى. ھەممىنىڭ كۆزى ئالاق ـ جالاق بولۇپ كېتىشكەندى. قالايمىقان پىتراپ يۈرگەن قوي پادىسىدەك بىر ـ بىرىدىن ئۇرۇق، ۋىجىك بۇ ئادەملەرنى ئەندىشىدىن كۆرە بىر خىل قورقۇش، خىجىللىق بېسىۋالغانىدى. ئۇلار بۇ سۇنىڭ يۇرتىغا بېسىپ كىرىپ يۇرتىنى خانىۋەيران قىلىشىنى، ئاران تۇتقان كومىلاچ تاملىق ئۆيلىرىنى، بىر ـ ئىككى جانلىقلىرىنى، تىلسىز باللىرىنى، مىڭ تەستە تېرىپ ئۆستۈرگەن زىرائەتلىرىنى نابۇت قىلىشىنى ئەمەس، پەقەت يار ئېلىپ كېتىشنىڭ، سۇنى باغلاپ ياندۇرالمىغىنىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ گۇناھى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشىپ ئىچى سىقىلاتتى.

ھەمرا شوجى لوكولداپ يۈگۈرۈپ شارقىراپ ئېقىۋاتقان يارداڭنىڭ بويىغا كېلىپ توختاپ قالدى. لايقىپ ئېقىۋاتقان قارا سۇ ئۇنى مەسخىرە قىلىپ قاقاقلاپ كۈلۈۋاتقاندەك قىرغاققا ئۇرۇلۇپ بوش يارداڭ توپىلارنى ئۈزلۈكسىز يېرىپ پولتۇڭ ـ پولتۇڭ ئاۋاز چىقىرىپ ھۆركىرەپ ئاقماقتا ئىدى. ئۇنىڭ يوغان يۈزى قارىيىپ ئېسىلىپ كەتكەن، غورىدەك قاپىقى ئاستىدىكى چىمچىلاقنىڭ ئۇچى پاتقۇچىلىك چوڭقۇر تۆشۈكتەك كۆزىدىن ياش چىقىپ كەتتى. ھەي ئىست، پۈتۈن گوڭشې بويىچە ئۇن

مىلى ئەركەكنى باشلاپ كېلىپ مۆشۈ بىر يارنى ئېتەلمىسەم، خەلقىئالەم ئالدىدا، ناھىيە كاتتىۋاشلىرىنىڭ ئالدىدا كۈلكىگە قالمامدىمەن، راخمان كۆك تېخىمۇ قاقاقلاپ كۈلۈۋالىدىغان بولدى. ئىككى پۇللۇقۇمنى قويمايدىغان بولدى. ياق… ياق، مەن ئېتىمەن…

شامنىڭ يورۇقىدا ناھىيىدىن چىققان كاتتىۋاشلار چىرايلىرىنى غورا يېگەن تازدەك تۈرۈشۈپ ئولتۇراتتى. ھەمرا شۈجى ئىششىغان قاپاقلىرى ئاستىدىكى پىسىلداق كۆزىنى يەر تېگىدىن راخمان تورغا تىكتى. راخمان تۆر ئورۇق گەۋدىسىنى ساپانىڭ يۆلەنچۈكىگە تاشلاپ شەپكىسىنى گەدىنىگە كىيىپ سېرىق پۇرلاش يۈزىدىكى ھەممە قورۇقلارنى كۆزىگە يىغقان ھالدا گېزىت قەغىزىگە يۆگىۋالغان كۆك تاماكىنى ئالىقىنىغا يېقىن بارمىقىنىڭ تۈۋىگە قىستۇرۇۋېلىپ خاتىرجەم تاماكا چېكىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ يۈزى سارغىيىپ پىشقان سېرىق چىلگىنىڭ ئاپتاپتا قورۇلۇپ قالغان شاپىقىغا ئوخشاپ قالغانىدى. قورۇقلار ئارىسىدا بىر تال سىزىقتەك قىسىلىپ قالغان كۆزلىرى يۇمۇقمۇ، ئوچۇقمۇ بىلگىلى بولمايتتى. مۇنداق قاراشتا راخمان تۆر دۇنيادا كۆك موخوركىدىن بەلەن نېمە يوق دېگەندەك پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن ھەممىنى ئۇنتۇپ تاماكىنىڭ ھۇزۇرىنى سۈرۈۋاتقاندەك ئولتۇراتتى. ھەمرا شۈجى ئىچىدە تېرىكىپ كەتتى. «ھۇ دەيۈز قارىغۇ، ئادەمنىڭ بېشىدا تۈگمەن چۆرگىلەۋاتسا ھېچ ئىش كۆرمىگەندەك ھەتتا بۇ يەردە يوقتەك غەم تارتماي ئولتۇرغىنىنى قارا… ئۆلەكچۇ، ھۇ قېرى.»

ھەمرا شۈجىنىڭ يۈزلىرى ئېسىلىپ قارىيىپ كەتتى.

— مەن گەپ قىلمىسام كېسەل توخۇدەك مۈگدەپ ئولتۇرىدىغان گەپ ئوخشايدۇ. يا بابا يېگەن پاقلان گۆشى ھەممىمىزنى بېسىپ كەتتىمۇ؟ — ئۇ شۇنداق دەپلا راخمان تۆرغا قارىۋىدى، ئىككىسىنىڭ كۆزى ئۇچرىشىپ قالدى.

ھەمرا شۈجىنىڭ كۆزى تەھدىت ۋە غەزەپ ـ نەپرەت بىلەن راخمان تۇرغا تىكىلدى . راخمان تۇرنىڭ ئۇلۇغ كۆزى كۆمۈنا كىرىپ كەتكەندەك چىلىق يۇمۇلغان بولۇپ ، خۇددى قېرى مۇنسۇكنىڭ كۆزىدەك كۆزى لۆممىدە ئېچىلىپ يالت قىلىپ يەنە سۇلاشقان ياپراق ئارىسىدا غايىب بولدى . ئۇنىڭ كۆزىنىڭ مەسخىرە بىلەن چاقنىغان يېشىل نۇرى ھەمرا شۈجىنىڭ تۆشۈكتەك كۆزىدىن ئۆتۈپ يۈرىكىدىكى سەپرانى ئېخىمۇ ئۇلغايتىۋەتتى . «خەپ ، ئۆلمەيدىغان تىرىك تاپ» دېدى ئىچىدە . «ئاۋۇ لامزەللىنىڭ دائىم جالاپتەك ھىجىيىپ ئولتۇرۇشىنى» دەپ ئۇنىمۇ تىللىغۇالدى ھەمرا شۈجى گوڭشې باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ دېگىلەكنەك پاكار خام سېمىز مۇدىرى كېرىم پازىلغا ھومىيىپ ، ئۇمۇ تۇغما ئادىتى بويىچە ئاغزى ئېچىلمىسىمۇ دائىم چىرايى ھىجىيىپ تۇرغاندەك كۆرۈنۈشى بويىچە ئولتۇرۇپ تامىقىغا چاپلىشىۋالغان گۆش ئۇۋاقلىرىنى تىلىدا تېپىشقا تىرىشىپ ئولتۇرماقتا ئىدى . ئۇنىڭ قىياپىتىمۇ ھەمرا شۈجىنىڭ سەپراسىنى يەنە بىر ھەسسە ئۆرلىتىۋەتتى . «بۇ خېنىم تەلەت پايىمۇ خوتۇن خەق بىلەن كېزەز تاقلىماي ، ئىست ، سېنىڭ ئەر كىشى بولۇپ قالغىنىڭ» دەپ ئىچىدە تىللىدى راخمان تۇر سول كۆزىنىڭ سالپىسىنى سەل كۆتۈرۈپ كېرىم پازىلغا نەپرەت بىلەن قاراپ . ھەمرا شۈجى غەزىپى قاينىغان ھالدا سۆزلەپ كەتتى :

— مەن گوڭشې داڭۈيى باشقۇرۇش كومىتېتىغا ۋاكالىتەن ناھىيە باشلىقلىرى ئالدىدا باشباشتاقلىق قىلغانلىق بولۇپ قالسىمۇ شەخسەن ۋەدە بېرىۋېتەي ، بۇ قېتىمقى يار ئېلىپ كېتىش ئىشىدىن ناھىيە خاتىرجەم بولسۇن ، مەن پۈتۈن گوڭشېدىكى ئون مىڭ قاۋۇل ھاشارچىنى ھەرقايسى دادۈينىڭ بىرىنچى شۈجىسى بىلەن دەريا بويىغا ئېلىپ بېرىپ بىر ھەپتە ئىچىدە يارنى ئېتىۋېلىش ئارقىلىق پۈتۈن يۇرتنى ، زەپ ـ زىرائەتنى ، خەلقنىڭ ھاياتى ، مال ـ مۈلكىنى قوغداپ قېلىشقا ۋەدە بېرىمەن .

قاپاقلىرىدىن مىلىك باتمان قار ياغدۇرۇپ ئولتۇرغانلار ئىگىز - پەس چاۋاك چېلىشتى .
— ھەمرا باراندۇ . ماندان ئىش بولۇشىدىن قەتئىينەزەر قورقماي ئىشىڭ . بارى ئەنە ئەگەلا خاتالىشىپ قالساڭمۇ مەن بار ، — دېدى ناھىيىنىڭ دوقا باش شۇجىسى ئۇزۇن تۇمشۇقىغا قىستۇرۇۋالغان ئەرزان باھالىق ئەتىرگۇل ماركىلىق سېرىق تاماكىسىنى ئاغزىدىن ئېلىپ .
— مەن مەسەدىلا ئىشنى تەقسىم قىلىۋالاي ، مۇگدەپ ، سۆرىلىپ يەنە يېغىن ئېچىشقا ۋاقتىم يوق . ھازىردىن باشلاپ راخمان شۇجى خەقنى ھاشارغا قوزغاش ، ياغاچ - تاش ، شاخ - شۇمبا يەتكۈزۈش ، ئىشقىلىپ ئارقا سەپ تەمىناتىغا مەسئۇل بولسۇن .
ھەمرا شۇجى ھەرقانچە بولسىمۇ مەن ئۇنىڭغا ئىش بۇيرۇۋاتقاندەكمۇ قىلىپ سېلىپ ئاڭلا . بۇ يەردە ناھىيىنىڭ شۇجىسى ، ھاكىملىرى بار دەپ ئويلىغانتى . بىراق ، راخمان تور بۇرۇنقى پەدىدە كۆزىنى قىسىپ تاماكىسىنى شورىغانچە قىمىر قىلماي مۇگدەپ ئولتۇرىۋەردى . ھەمرا شۇجى تېرىكىپ گەپنى چىشلىرىنىڭ ئارىلىقىدىن چىقىرىپ خارقىراپ كەتتى .
— ئەگەر شاخ ، ياغاچ ، ئادەم ئۈزكۈپ قالىدىغان ، بىر تال كەم قالىدىغان بولسا مەن كىمدە - كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر شۇ ئادەم بىلەن ئوبدان بىر قەپەس ھېساب - كىتاب قىلىشىۋالىمەن . لى شۇجى ھوقۇقنى ماڭا بەردى ، خاتالىشىپ قالسامۇ مەيلى .
— ھەمرا شۇجى ، سىز دېگەن بۇرۇن كىمگە زەك ھوقۇقىڭىزنىمۇ بېگىزدەك ئىشلەتكەن . ھازىر مۇڭگۈزدەك ھوقۇقىڭىزغا لى شۇجى قوغۇشۇن ئۇلاپ بەردى ، — دېدى راخمان تور سېرىق شالاڭ چىشلىرىنى كۆرسىتىپ كۈلۈپ .
لى شۇجىنىڭ قاپىقى تۈرۈلدى .

— راخمان ، سەن پېشقەدەم شۈجى . سەندە قوللاش ياخشى بولمىسا بولمايدۇ . قېنى ، ئۆزەڭنىڭ قارشىڭنى قويۇپ باقە ، — دېدى خاپا بولغان هالدا .

— لى شۈجى ، سىز مېنى ئوبدان بىلمىسىزيا . مەن راخمان قاچان ، قايسى ئىشنى دادىغا يەتكۈزمىگەن . بۇنچىلىك ئىشنى قىلالمىسام ، مەن هوقۇقۇمنى تالاشقانلارغا بېرىپ خوتۇنۇمنىڭ ئوچىقىغا ئوت قالايمەن . مەن پۈتۈن مەكتەپنى ئاقلىسۇۋەتسەم ئاقلىۋېتىمەنكى ، شاخ دېگەننى دەريا بويىغا قومدەك دۆۋىلەيمەن ، هاشارغا بارمىغان كىسپۇرۇچىتىن بىرنى تۇتۇۋالمىدىغان بولسام يالىڭاچلاپ ئالدىمغا سېلىپ قوغلاپ دەرياغا ئاپىرىپ تۈرمەلگە باغلاپ يارغا باسمەن دەڭا . مەن راخمان ئۆلمىدىم .

— مۆكۈۋالسا كۆرمەي قالارسىزمىكىن راخمىنىكا ، — دەپ كۈلدى هاكىم تولغىنىپ ئولتۇرۇپ سىلىق قىلىپ . «ۋاي قوڭ چالمىسى» دېدى راخمان تۈر ئىچىدە تېرىكىپ . هەممە ئوخشاشمىغان قىياپەتتە كۈلۈشۈپ كېتىشتى . چۈنكى ، راخمان تۈرنىڭ لەقىمى قارىغۇ ئىدى . هەمرا شۈجىنىڭ ئاچچىقى بۇ گەپ بىلەن پوسىدە يەلدەك قېچىپ كۈلۈپ كەتتى . خېنىمدەك كۈلىدىغان كېرىم پازىلمۇ ئىچىدە دەردى چىققاندەك بولۇپ ئۈنىگدىن قېلىشمىغۇدەك تېلىقىپ كۈلدى . كەيپىيات خېلى جانلانغاندەك بولۇپ قاتماللىق پەسەيدى .

— ۋاي شەنجاڭ ، مەن راخمان ئۇ خوتۇن تالاقلارنى خوتۇنىنىڭ ئىشتىنىنىڭ ئىچىگە مۆكۈۋالسىمۇ تاپىمەن ها ... ها ... ها ...

بۇ قېتىم راخمان تۈر ئۆزى يالغۇز كۈلدى . چۈنكى ، هاكىم تېرىكىپ پوكاندەك ئېسىلىپ كەتكەنىدى . راخمان تۈر يۈزسىزلىكتە ئۈچىغا چىققان بولسىمۇ ، لېكىن هاكىم ئۇنىڭ ئۆزىگە يۈز ـ خاتىر قىلمايدىغانلىقىنى ئويلىمىغانىدى . چۈنكى ، هاكىمنىڭ لەقىمى ئىشتاننىڭ ئىچى بولۇپ بۇ هەقتە سەت

رىۋايەتلەر تارالغانىدى . بۇنى ھېچكىم ئېغىزىغا ئېلىشقا جۈرئەت قىلالمايتتى . راخمان تۆر دەيدىغاننى دەپ بولۇپ ھېچ ئىش بولمىغاندەك كۆزىنى قىسىپ ئولتۇرىۋەردى .

— ھە ، ھە ، راخماندا ئىپادە ياخشى ، روھى ياخشى ، — دەپ گەپنى يۆگەپ كەتتى لى شۈجى .

ھەمرا شۈجى گېپىنى داۋاملاشتۇردى :

— كى جۇرېن ھە ، كېرىم جۇرېن ئائىلىدە قالغان ئاياللارنى قوزغاپ ئۇمىنى ئورۇش ، كېۋەز - قوناقلارنىڭ ئوتاق - سىلاق ئىشىنى قىلغاچ تۇرىدۇ . يەنە ھەممە ئادەم ھاشارغا كەتكەندىكىن دەپ كى جۇرېن ئورامغا چۈشمەي دۆلەتكە سېتىپ بېرىدىغان بۇغداينىڭ ۋاقتى كېچىكسە ، مەن كى جۇرېننىڭ سىم ساقلىنى يىكەندە ئالىمەن .

— مەنمۇ ۋەزىپەمنى ئوبدان ئورۇنلايمەن ، — دېدى كېرىم پازىل ھەمدە ئىچىدە : «ھۇ ئاناڭنى ياپال باش ئۆزىنى كۆرسىتىپ كېتىشىنى» دەپ تىللىدى .

— كى جۇرېن ، سىزنىڭ ئاۋاز بەك بوش چىقىدىغۇ يا ، قانداق ؟ — دېدى لى شۈجى .

— ئىشنى قىلىشتا چاتاق يوق . ئەمدى ئۈنۈم بوش چىققان بولسا يېڭى بۇغدايغا ئۆلاشقاندا بەكرەك توۋلايمەن .

شۇنداق قىلىپ ، يىغىن توگەپ ھەممىسى ئورنىدىن تۇرۇشىغا قىمىر قىلماي ئولتۇرۇپ تومۇرلىرى كۆپۈپ چىققان ئارىدەك قوللىرىدا تاماكا يۆگەۋاتقان راخمان تۆر :

— مەن بىر كەلىمە پىكىر قىلاي ، — دەپ قالدى . ئولتۇرغانلار ئولتۇرغانچە ، ئورنىدىن قوپقانلار ئىزىدا تۇرۇپ قالدى . ھەمرا شۈجى قارىداپ كەتتى . «نېمە دەيدىغاندۇ ، ئىچىدە ھونناق قاينايدىغان» . راخمان تۆر تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن گېزىت ئۈچىنى ئاغزىغا ئاپىرىپ ھۆللىگىلى تۇردى . ھەممىسى ئۇنىڭغا ئىچى پۇشقان ھالدا قاراشتى . راخمان تۆر

ئورنىدىن تۇردى . ئۇنىڭ مۇكچەك گەۋدىسى ئورۇق تېنىنى تېخىمۇ ئاۋارە كۆرسەتتى . قورۇقلار گىرەلىشىپ كەتكەن چوڭقۇر پاتىڭى ھەمرا شۇجىنىڭ نەپرىتىنى قوزغىدى . ئۇ ئالدىرىماستىن قوڭغا قويۇپ ئولتۇرغان قارا سومكىسىنى مۇرىسىگە ئاستى . توختىغانلارمۇ ، ئولتۇرغانلارمۇ ئىزىدىن قوزغىلىشتى . ھەمرا شۇجىنىڭ كۆڭلى جايىغا چۈشكەندەك بولدى .

— راخمان ، كېنى سىزدە پىكىر ؟ — دېدى لى شۇجى ئۇنىڭ يالتىيىپ قالغىنىدىن ئىچى تىتىلداپ . ئۇ دائىم ئاغزىدا ھە دەپ كادىرلارنىڭ ئۆز ئارا قول - قانات بولۇشىنى تەشەببۇس قىلسىمۇ بۇنىڭغا كۆڭلىدە قارشى ئىدى . بىر - بىرىگە قارشى بولسا ئۇ ئۆز قول ئاستىدىكى ئادەملەرنىڭ ھەممە ئەھۋاللىرىنى ئوبدان بىلىپ نوقىتلاپ ئىشقا سالاتتى .

— دەۋېرىڭ ، سىزدە پىكىر توگرا بولسا مەن جان چىكىپ كەتسىمۇ سىزنى كوللايدۇ . كىزمەت ياكشى بولسا مەن سىزنى تەكدىرلەيدۇ .

راخمان تۇر ساڭگىلاپ كەتكەن قاپىقىنى تۇرۇپ مۇشۇكنىڭكىدەك كۆزىنى لى شۇجىغا تىكتى - دە ، ئالىقىنىغا يېقىن بارمىقىنىڭ تۇۋىگە قىستۇرۇۋالغان تاماكىسىنى شوراپ ئاغزىدىن ئىس پۇرقىرىتىپ گەپ ئاچتى :

— مېنىڭ باشقا پىكرىمغۇ يوق . نېمەرىسكى بولسا دەپ قوياي ، ھەمرا شۇجىنىڭ ئون مىڭ ھاشارچىسىنى ، شاخ - شۇمبا ، خىل خاياغاچلارنى ھاشارغا ئوبدان يەتكۈزۈپ بېرىمەن ، يارنى ھەپتە ئىچىدە ئېتەلمەي قالسا مەن ئۈچ كۈندە ئېتىپ سىزگە خۇش خەۋەر يەتكۈزىمەن .

— ياكشى ... ھا ... ھا ... ھا ياكشى ... مانا ... مانا يولداش را شۇجى يارايدۇ . ئىنكىلاۋى كادىر مۇشۇنداق بولىدۇ .

— ئاكا ، بولمىسا ئۆزەڭلا ئېتىپ كېلە ، — دېدى ھەمرا

شۆجى چىدىمىغاندەك قىلىپ .
— ياق ، سىز ئېتىڭ . سىز دېگەن شۆجى . سىز ئېتەلمىسىڭىز ، مەن باراي ، — دېدى راخمان تۆر ھىجايغان ھالدا . لى شۆجى تېخىچە ئۇنىڭ دولىسىغا شاپىلاقلاپ باش بارمىقىنى چىقىرىپ ماختاۋاتاتتى .
— مۆشۆ يارنى راستلا ··· سىز ئېتىۋالسا ··· سىزنى باش شۆجى قىلىشقا ··· مەن ··· ۋەدە بېرىدۇ ··· راست . ھەمرا شۆجىنى يۆتكەپ كېتىدۇ . جۇما ···
— سىز بالدۇر كېتىپ قالسىڭىز ··· ئۇلگۈرمەسسىز ؟ !
راخمان تۆر دۇمچەيگەنچە دولىسىغا ئېسىۋالغان سومكىسىنى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ ئىشىكتىن چىقتى . ھەمرا شۆجى جۇۋالدۇرۇز تۆشۈكىدەك كۆزىدىن ئوت چىقىرىپ كۆكىرىپ كەتكەن لەۋلىرىگە قىستۇرۇۋالغان تاماكىسىنى تۇتاشتۇرالماي يانىغان چاقمىقىنى غەزەپ بىلەن پىرقىرىتىپ چۆرۈۋەتتى ···
ئۇ لۆمشۈپ ئېقىۋاتقان سۇ يۈزىدە شاخلارنى كۆرۈپ تېخىمۇ ئەسەبىيلىشىپ ، قولىدىكى تاياقتا كىمنى ئۇرۇشنى بىلەلمەي تۇرغان جايىدا ئىككىنى پىرقىرىتۋەتتى . ئۇنىڭ كۆزى قاشتىن يار ئىچىگە يېرىم مېتىر سۆرىلىپ كىرىپ كەتكەن ئىككى مېتىر ئېگىزلىكتىكى بۇقا ئۈستىدە يوغان قوزۇقنا توقماق ئۇرۇۋاتقان ، كالتا ئىشتاندىن باشقا كىيىمى يوق بىر ياشقا چۈشتى . ئۇ ياش ئابدۇكېرىم بولۇپ ، ئۇ يوغان ئۆرۈك توقمىقىنى تەستە كۆتۈرۈپ قوزۇق ئۈستىگە قولاشمىغاندەك ئۇرۇۋاتاتتى . توقماقنى ھەر كۆتەرگەندە ئۇنىڭ قوۋۇرغىسى ئېنىق كۆرۈنۈپ ، تېرىلىرى ئىككى تەرەپكە سېيرىلىپ تۇراتتى . ئۇنىڭ توقماق ئۇرۇشىغا قاراپ ھەمرا شۆجىنىڭ سەپرايى تېخىمۇ ئۆرلىدى .
— ھۇ ئاناڭنى ، نەدىن كەلگەن سولتەكسەن . توقماقنى نان يېگەندەك ئۇرمامسەن ؟
ئۇ يۇگۇرۇپ كېلىپ ئۇنى كۆك كەسمە بىلەن يۆگەشتۇرۇپ

بىرنى سالدى . ئابدۇكېرىم «ۋايجان» دېگەنچە سوغا «پولتۈك» قىلىپ چۇشۇپ لاي سوغا چۆكۈپ كەتتى . ھەمرا شوجى ۋارقىرىدى :

— مانا كۆكەمە ئۆششۈقنى سۈزۈپ چىقىش . سەكرە سوغا ... ئاناڭنى . مەن يارنى بىر ھەپتىدە ئېتىمەن دەپ ۋەدە بەرسەم ، بىر ھەپتىدە ئېتىش توگۇل سەككىز مېتىرلىق يار ھازىر ئون توققۇز مېتىرغا يېتىپتۇ ...

— ئۇنى قۇتقازمىساڭمۇ بولىدۇ ، ئۆزى چىقالايدۇ ، چىقالمىسا مەيلى ، ئۇ دېگەن بۇزۇق ئۇنسۇرنىڭ بالىسى . ئۆلسە مەيلى . سىلە ئۇنى سوغا تاشلىۋەتمىدىلە ، — دېدى يېقىنلا يەردە بىرسى ھىجىيىپ تۇرۇپ .

— راست ، بۇزۇق ئۇنسۇرنىڭ بالىسى .

— راست دەيدۇ .

— تېخى ئانىسى تەرەپمۇ باي دېھقان ئۇنىڭ ، ئۇ بىز كەمبەغەل دېھقانلارغا ئوخشىمايدۇ .

ھەمرا شوجى لۆمشۈپ ئېقىۋاتقان سۇ يۈزىگە چەكچىيىپ قارىغىنىچە «ئۆلسە بولاتتىغۇ ھەرقانچە بولسىمۇ» دېدى . سۇ يۈزى كۆن نۇرىدا پالىلداپ پارقىراپ ساناقسىز شاخ ـ لۆجىلەرنى ئېقىتىپ كېتىۋاتاتتى . ئەمما ، ئابدۇكېرىمنىڭ بېشى سۇ يۈزىدە كۆرۈنمىدى . ھەمرا شوجىنىڭ كۆڭلى سەل جايىغا چۈشكەندەك قىلسىمۇ ، تېخى ئېچىدىكى قورقۇنچ تامامەن چىقىپ كەتمىگەنىدى . تېخىچە ئۇنىڭ يۈرىكى جىغىلداپ سوقۇپ تۇراتتى . ئىششىغاندەك يوغان ساقال باسقان يۈزلىرىدە يىڭنە ئۇچىدەك تەر تامچىلىرى پارقىرىدى . «سوغا مەن ئىتتىرىۋەتتىممۇ ئۇ دەيۈزنى ، كۆكەمە گۇي ، ئاران تۇرۇپتىكەن» . ئۇ شۇنداق دەپ ئۆزىنى بەزلەپ ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپلا ئەرۋايى ئۇچتى . تاۋۇزنىڭ قىزىل ئۆرۈقىدەك كۆزلىرىدىن سوغۇق ئۇچقۇنلىرى نۇرى چاقنىدى .

راخمان تۆر سۇنايدەك يۇگىۋالغان تاماكىسىنى ئالىقىنىغا يېقىن بارماقلىرىنىڭ تۇۋىگە قىستۇرۇپ ئالدىغا دۇمچەيگەن ھالدا كېلەم سېلىنغان مەيدىن چۈشۈپ ئۆزى تەرەپكە كېلىۋاتاتتى . «ما پېسەندىنىڭ كەلگەن ۋاقتىنى ··· بۇ ئىت پوقى مېنى سۇندۇرغىلى كەلگەن چېغى ··· مەندىن ئامەت قېچىۋاتامدۇ نېمە ، ساپ توشقىنىم تەتۈر قېچىپ ، يېغىرىم ئېچىلغاندا دۈشمىنىمگە ئۇچرايمىنا . ھۇ خوتنۇڭنى ··· » ھەمرا شۇجىنىڭ قارا ئۆششاق چىشلىرى غۇچۇرلاپ كەتتى .

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم را شۇجى ، — تۈرمەل تورۇۋاتقان ، تۈرمەلگە شاخ تاشلاۋاتقان ، چىم يۇدۇپ كېلىۋاتقان بىر توپ ھاشارچى دېھقان قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى تاشلاپ ئېگىلگىنىچە قوللىرىنى قولتۇقىغا سۇرتۇپ ئالدىغا ئۆتتى . ھەممىنىڭ ئالدىدا ماڭغىنى سېرىق كەكە ساقال بىر ئادەم ئىدى .

— قويە خوتۇنۇڭنى ، نان قېپى ئوغرىلار . قېنى سەن قادى چەپەر ، ما ئوغرىنى باغلىغىنا . مەن ماڭا خوتۇنۇڭنى ئالغاچ كەپتىمەنما . ماڭا نېمە سالام قىلىشسەن . مەندە ئىلىشىڭ بارمىتىيا ؟ — راخمان تۆر شۇنداق دەپ يەرگە ئېگىشىپ قوش مۇشتەك ھۆل سېغىز چالمىنى ئىلىشىغا ئۇنىڭ ئالدىغا يوگورۇشۇپ كەلگەن ھاشارچىلار ئىتتىن ھوركىگەن قوي پادىسىدەك بىر - بىرىگە پۇتلىشىپ گۇررىدە قېچىشتى . راخمان تۆر ئاتقان چالما خالايىقنىڭ ئوتتۇرىسىغا چۈشۈپ كىمگە تەگكەنلىكىنى بىلگىلى بولمىدى .

— ئىشىڭنى قىلىشماي ماڭا نېمە سالام قىلىشسەن ، ھۇ خوتۇن تالاقلار . ماڭا سالام قىلىشقا ھەددىڭ يوق . ھەپتە - ئون كۈننىڭ ياقى ئالەمنىڭ شاخ - شۇمبىسىنى يارنىڭ ئاغزىغا تىقىپ بولۇشتۇڭ ، يۇرتتا ئېشىكىڭنىڭ قۇيرۇقچىلىك شاخ قالمىدى . ھەممە يەر تازنىڭ بېشىدەك ئاقلىنىپ كەتتى . يارنى ئېتىش توگول ، بارغانچە كېڭەيتىۋېتىشىپسەن . ھۇ لىڭتاسىما ئوغرىلار .

بۈگۈن مەن ھەممىڭنى باغلايمەن . سەن ئۇغرىلار لامزەللىلىك قىلىپ كۈچ چىقىرىشمىدىڭ . مەھەللىدە دەل ـ دەرەخ كېسىلىپ تۈگىسە ، خوتۇنۇڭنىڭ چېچىنى كېسىپ كېلىپ يارنى ئېتىشەمسەن . مەن بۈگۈن ھەممىڭنى باغلاپ يارغا باسىمەن . ھەممىڭنى ، ئۆيۋاقاڭنى ، زىرائەتلىرىڭنى دەريا بېسىپ كەتسە قارنىڭغا نېمە يەيسەن؟ مەن راخمان ھەممىڭنىڭ قارنىنى قانداق بېقىپ بولىمەن .

راخمان تۇر كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ قولتۇقىدا سېيرىلىپ توختىمايدىغان تەۋەرۈك سومكىسىنى پات ـ پات ئۈستىگە سۈرۈپ قويۇپ تاماكىسىنى شورىغاچ ئاغزىنى بۇزۇپ تىللاپ ئالدىغا مېڭىۋەردى . چۆمۈلىدەك قىمىرلاپ يۈرۈشكەن ھاشارچىلار بايا سالامغا بارغانلارنى زاڭلىق قىلىپ كۈلۈشكىلى تۇردى . راخمان تۇرنىڭ ھەربىر گېپى ئۇلار ئۈچۈن كۈلكىلىك ئىدى . ئەمما ، ھەممىسى ئۇنىڭدىن قورقۇپ ئۆزىنى ئېلىپ قاچاتتى .

ھەمرا شۈجى يار بېشىدا جەينەكىگىچە تورۇۋالغان زەڭگەر كۆڭلىكىنىڭ يېڭىنى توختىماي شىمايلاپ چۈپۈرلۈق يوغان قوللىرى بىلەن تۈلۈمدەك بېلىگە تايىنىپ كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ دۈمچەيگەن پېتى تىللاپ كېلىۋاتقان راخمان تۇرغا غەزەپ بىلەن تىكىلىپ تۇراتتى . ئۇ يار بېشىدا ئۆزى يالغۇز ئىدى . كالتىنا پاچاقلىرىنى كېرىپ خۇددى ھەيكەلدەك قېتىپ تۇراتتى . ئۇنىڭ كەڭ پۈشقاقلىق توپا رەڭ سارجا ئىشتانلىرى دەريا تەرەپتىن ئۇرۇۋاتقان ئىسسىق شامالدا پالاقلايتتى . ھاشارچىلار سورۇنغا كىرىۋاتقان ئىككى ئىتنىڭ تالىشىشىنى كۆرگەندەك ئىشلىرىنى تاشلاپ ئۇلارغا قارىشىپ تۇراتتى . «بۇ قارىغۇ ماڭا ئۇسۇپ توختايدىغان بولدى . ئۇسەي دېيىشىگىلا ئۆزۈمنى يانغا ئېلىۋالسام دەرياغا چۈشۈپ كېتىپ ئۆلىسمۇ بىر قۇتۇلاتتىم» دەپ ئويلايتتى ھەمرا شۈجى . راخمان تۇر دەل ئۇنىڭ ئالدىغا ئىككى قەدەم قالغاندا توختىدى . ئۇ بېشىنى يەردىن كۆتۈرۈپ قارىۋىدى ،

تورۇلۇپ كەتكەن سېرىق لەش تېرىلەر ئارىسىدىن لىپىلداپ مۆشۈكنىڭكىدەك يېشىل كۆزلەر كۆرۈندى . راخمان تور سېسىغان ، ئۇپراپ كىچىككىنە قالغان چىشلىرىنى كۆرسىتىپ كۈلدى . بۇ كۆلكە ئۆزىنى ئاران تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان ھەمرا شۇجىنىڭ جېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى .

— نې ··· نېمىگە كەلدىڭلە ، راخمىنىكا بۇ يەرگە ، — ھەمرا شۇجى لاغىلداپ تىترەپ كەتتى .

— يۇرتىمىكى جىممىكى تۆت سەر گۆشى بار ئەركەكلەرنى توچەيلەپ ، هارۋىلاپ دەل - دەرەخ ، شاخلارنى ئەۋەتىپ تۇردۇم . ئۆكسۈپ قالمىدى . ھەپتىنىڭ ياقى ھېچ ئېتىلدى دەيدىغان گەپ يوق . مەھەللە ئاقلىنىپ كەتتى . بەش يۈز مىڭ جىڭ ئاشلىق ئەۋەتتىم . ئامبار بىكار بولغىلى تۇردى . بۇ خەق زادى نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ . بىر كۆرۈپ باقاي دەپ كەلدىم .

راخمان تور ئوڭ كۆزىنى چىڭ يۇمۇپ سول كۆزىدە ئۆركەشلەپ لايقىپ ئېقىۋاتقان دەريا بېتىگە قارىدى .

— نېمە ئىش قىلدىكىن دېسەم ، دەريا كۆچۈرۈپسىز ئەمەسما ھەمراجان . دەريانى ئاۋۇ ئەسلى قىنىدىن يۆتكەپ يۇرت ئىچى بىلەن ئېقىتىدىغان بوپتىمىز - دە ، ئەمدى . بۇ يۈيگۈڭنىڭ تاغنى يۆتكىگىنىدەك ئىش بوپتۇ . ماۋجۇشى يۈيگۈڭنى يازماي سىزنى يازسا بوپتىكەن ، ئۇنى ئاتام زامانىسىدىن قالغان رىۋايەت دەيدۇ . بۇ دېگەن راست گەپ مانا . دەريا ئەسلى خېنىمىيانىڭ جاڭگىلىغا قاراپ ئاقاتتى . ئەمدى تاكاسىنىڭ قۇملۇقىغا قاراپ ئېقىش تاپىدىغان بوپتۇ . دېھقانچىلىق قىلماي كۆلىنىڭ خەنزۇلىرىدەك بىردىن قېيىق ياساپ ئۆردەك بىلەن بېلىق باقارمىز . ئەمدى سىز بىلەن مەن مەيدە شۇجىلىق قىلماي كېمىدە قىلارمىز .

— ھۇ باللاڭنى كىسپۇرۇچ قېرى . ھېلى ئاناڭنى كۆزۈڭگە كۆرسىتىمەن بىكار . قۇلىقىمىنىڭ قېنى قېچىپ قالغان !

بىكار ··· بىكار ··· سەن مېنى .
ھەمرا شوجى يەڭلىرىنى شىمايلاپ مۇشتىنى تۈگۈپ دىۋەيلەپ كېلىشۋىدى ، ھارۋىكەش قادى چەپەر ئىككىسىنىڭ ئارىسىغا كىرىۋالدى .

— ھاي ··· ھاي ··· ھاي ، ھە شوجى ، را شوجى سەت تۇردۇ ، ھەرقايسىلىرى كىچىك ئادەم ئەمەس . بىر گوڭشې ئادەمنىڭ بېشى ، ھاشارچىلارنىڭ ئالدىدا بۇنداق قىلىپ يۇرسىلە سەت تۇردۇ ، — دېدى قادى چەپەر ئارىغا كىرىۋېلىپ .

— سەن سېرىق تۈك سويمەك ، قوڭ چالمىسى ، سامان تىققان تاغاردەك قورسىقىڭغا ئىشەنمە . سېنىڭ قورسىقىڭ ھازىرقى زامانىنىڭ ئوت - خەسىدە ياسىغان ھارىقىدا چوڭايغان . مېنىڭ ھاسىدەك بېلىكىم ئەركەك پاقلاننىڭ يىلىكىدە ئۆيۈغان ، ھوقۇقۇمنى تارتىۋالالىغان بىلەن بەل تۇتۇشۇپ قالساق سېنى بوغاز خوتۇننى كۆتۈرگەندەك كۆتۈرۈپ دەرياغا تاشلىۋېتىمەن كۆتەمچى كىسپۇرۇچ ، — دېدى راخمان تۇر ئالىقانلىرىنى ئاغزىغا چىلڭ چاپلاپ تاماكىسىنى شوراپ تۇرۇپ .

— مەن سەن ئوغرى بىلەن بوگۇن زادى خەلقئالەم ئالدىدا ئېلىشقىنىم ئېلىشقان . ئىككىلىمىز بېشىمىزنى يەيمىز .

ھەمرا شوجى يەنە ئېتىلىشۋىدى ، قادىر چەپەر ھەمرا شوجىنى چىلڭ قۇچاقلاپ كۆتۈرۈپ ئون قەدەم نېرىغا ئەكەتتى .

— سەن ئېلىششقا ئالدىراپ كەتمە قوڭ چالمىسى . سۇ مەھەللە بوسۇغىسىغا قىستاپ بېرىپ قالدى . ئاۋۋال يارنى ئېتىۋېلىپ ئاندىن دېيىشىمىز . لەۋزىمىز بويىچە سەن ھەپتىدە ئېتەلمىگەن ئون مىڭ ئادەمنىڭ ھەپتىلىك كۈننى بىكار قىلغان بولغاندىكىن ، بۇ يەردىن دەررۇ يوقال . مەن ئۈچ مىڭ ئادەم بىلەن ئۈچ كۈندە ئېتىمەن .

— سەن قانداق قىلساڭ قىل . خەپ ، ئۈچ كۈندىن كېيىن پورۇزىڭنى يارغىلى كەلمىسەم ، ماقۇل .

— ماقۇل ، كەت . بېرىپ ئاشنىلىرىڭ قورۇپ بەرگەن يۇندىنى ئىچكەچ شاخ - شۇمبىنى يەتكۈزۈپ بەر ، ئۇكسۇتۇپ قويساڭىزە ئۆزۈڭگە ھېزى بول …

«ئەمدى ئىككى پۇتۇڭنى بىر ئۇتۇككە تىقمىدىغان كۈن كەپتۇ قېرى . ئۆلمىدىغان ۋاقىتاڭ كەلگەن ئوخشايدۇ» .

ھەمرا شۇجى يېنىدا ھاڭۋېقىپ تۇرغان قادى چەپەرنى گەدەنگە مۇشت بىلەن بىرنى ئۇرۇپ يۇمىلىتىۋەتتى . قادى چەپەر سۇ يىغىلىپ قالغان كىچىك بىر ئورىچەككە بېشچە كىرىپ كەتتى . ھاشارچىلار پاراقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى . ھەمرا شۇجى لوپولداپ يۈگۈرگەن پېتى بېرىپ مەپىگە چىقتى . چىقىپلا قامچىنى قولىغا ئېلىپ مۈگدەپ تۇرغان ئاتلارنى تاراسلىتىپ ئۇرۇۋەتتى . ئاتلار مەڭدەپ ھارۋىنى بىر سىلكىپ يۈگۈردى . ھەمرا شۇجى ئۇن خالتىسىدەك مەپە ئۈستىگە ئوڭدىسىغا يىقىلدى . لايغا بۇلغانغان قادى چەپەر توپا توزۇتۇپ كېتىۋاتقان مەپىنىڭ كەينىدىن يۈگۈردى .

راخمان تۇر ھېچ ئىش كۆرمىگەندەك تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن يانچۇقىدىن كۆك تاماكىسىنى چىمداپ ئېلىپ گېزىت قەغىزىگە چېچىشتۇرۇپ سالدى . لەش قاپاقلىرىنى قىمىرلىتىپ پارقىراپ تۇرغان سۇ يۈزىگە قارشى قىرغاقتا قارىدى . ئاندىن ئۆزلۈكىدىن ئەتراپىغا يىغىلىپ قالغان ، ئەمما يېقىن كېلىشكە ياكى گەپ قىلىشقا پېتىنالماي قارىشىپ تۇرۇشقان دادۇي شۇجىلىرىگە قارىدى .

— ماڭە ، ھەممىڭ ماڭ ، قارىشىپ تۇرماي ئەسكەرلىرىڭنى مېنىڭ يېنىمغا يىغىپ كېلىش ، ھازىر يىغىن ئاچىمەن . قانداق ھاڭۋاقتى نېمىلەر سەن ، نېمىگە قاراپ تۇرۇشىسەن ، مەن يا چىرايلىق چوكان بولمىسام ، مۇشۇنداق سەت قورۇلۇپ كەتكەن ئادەممەن . يا مەندىن ھوقۇق تەمە قىلىشىپ تۇرۇشامسەن . مېنىڭ سەنلەرگە ئۇنىڭدىن ئارتۇق ھوقۇق بېرىدىغان قەرزىم

يوق . ئۇنىڭدىن چوڭىنى ئالمەن دېمەك ماۋجۇشىغا ئىلتىماس ياز ، ھۆ نانكورلار .

ئۇ ئاشۇنداق تاغدىن - باغدىن سۆزلەپ تۇرغاندا يېنىدىكى ئادەملەر ئاللىقاچان كېتىشىپ بولغانىدى . ئۇ كۆزىنى ئېچىپ شۇنداق قاراپ كۈلدى . «بۇ ئوغرىلارنى مۇشۇنداق باشقۇرمىسا بوي بەرمەيدۇ» دەپ قويدى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە . يېرىم يالىڭاچ ھاشارچىلار توپ - توپ بولۇشۇپ يىغىلغىلى تۇردى . كەلگەنلەر سېغىز لاي ئۇستىگە تىزلاپ ئولتۇرۇشتى . ھەممىنىڭ كۆزى بىر باغ ھۆل تېزەك ئۇستىدە مۇگدىگەندەك تۈگۈلۈپ ئولتۇرغان راخمان تۇردا ئىدى . دەريا بويىدا كۆزىنى ئىمىر - چىمىر قىلىپ قىمىرلىشىپ يۈرگەنلەر بىردىنلا جىمىدى . ساناقسىز ياغاچ ھارۋىلار توختىدى . قۇلىقى سالپايغان ئېشەكلەر ، كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ كۆشەۋاتقان كالىلار ، بېشىنى تۆۋەن سېلىپ نومشۇقى بىلەن يەر تىيەپ تۇراتتى . ئورۇقلۇقىدىن ھەممە كالىلارنىڭ مۇڭگۈزى بىر - بىرىدىن يوغان كۆرۈنەتتى . دەريا بويىدا ھەپتىدىن بېرى كېچە - كۈندۈز ئاڭلىنىپ تۇرغان ئادەملەر ۋە ھايۋانلارنىڭ ئاۋازلىرى بېسىلىپ قالدى .

— ياساپ بولۇشتۇڭما ؟ — راخمان تۇر كۆزىنى ئاچماي تۇرۇپ ۋارقىرىدى . كەتمەن چېپىۋاتقان تۆت قاۋۇل ئەركەك بىر - بىرىگە قاراپ تۇرۇپ قېلىشتى . ھېچقايسىسى ئاۋۋال جاۋاب بېرىشكە پېتىنالمىدى .

— زۇۋانىڭغا سېغىز كەپلىشىپ قالدىمۇ ، گەپ قىلمىشمايسىنا ؟

كەتمەنچىلەر ئارقىسىغا قارىۋىدى ، تۇلۇمدەك قورسىقىنى چىقىرىپ قولىنى كەينىگە تۇتۇپ تۇرغان شۇجىسى «ھەئە دە» دېگەن شەرەتنى بەردى .

— ياساپ بولدۇق شۇجى .

— شۇجى دېگەن گېپىڭنى قوي ئاناڭنىڭ توقۇمى

بولمىغاندىكەن . سۇپاڭ پۈتتىمۇ دەۋاتىمەن .

— پۈتتى .

— قانچىلىك ئېگىز بولدى .

— بەلكە كەلگۈدەك .

— بالدۇرراق پۈتتى دېمەڭ بولمامدۇ ، ناغرا چالىدىغان پوتەي بولمىغاندىكەن . مەن پەشتاقتا مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا چىقىپ بولغان . ھوقۇقۇمنى تارتىۋېلىپ قاملاشتۇرالماي يەنە بېرىشتىڭ . ھوقۇق دېگەن خوتۇن ئەمەس تارتىۋالىدىغان . ئاۋۋال خوتۇنۇڭنى باشقۇرۇپ بېقىشە ، — ئۇ پىزەكتىن قوپۇپ يېنىغا قويۇپ قويغان قارا سومكىسىنى ئېلىپ قولتۇقىغا قىستۇردى . سېغىز توپىدىن ياسالغان سۇپىچاقتا كېلىپ توختىدى . كەتمەنچىلەر دەرھال توپقا قاراپ ھېلى كەينىدىن كېلىپ تۇتۇۋالىدىغاندەك ئالدىرىشىپ بېرىپ ئولتۇرۇشتى . راخمان تۇر تاماكىسىنى ئالىقىنى بىلەن ئاغزىغا چاپلاپ شورىغاچ يۇمىلاق سۇپىچاقنى ئايلىنىپ چىقالىغۇدەك ئەپلىك يەر تاپالماي تۇرۇپ قالدى .

— ھۇ ئۆلۈكى تاۋان مۇناپىقلار . مەن سەنلەرنى تىللىمام ، ئۇرسام جىقراق ئاش - نان يە دەپ ئۇرغاندىمەن ، تىللىغاندىمەن . سۇپا ياسا دېسەم بىر گۈمبەز ياساپسىنا . مېنى يىقىلىپ بوينى سۇنۇپ ئۆلسۇن دېيىشتىڭما . مەن راخمان تېخى ھەممىڭنى ئۆلتۈرۈپ كۆمۈپ قويۇپ يەنە ياشايمەن . مەن دېگەن يىگىرمە بەش يىللىق پارتىيە ئەزاسى . پارتىيە ئەزاسىنىڭ بالدۇر ئۆلگىنىنى قايسىڭ كۆرگەن . بالدۇر ئۆلىدىغان ئادەم پارتىيە ئەزاسى بولمايدۇ ، ئاڭلاپ قويۇش ، ئۇ سۇپىغا چىقىۋېلىپ تۆت ئەتراپقا ئاندىن ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇشقان يېرىم يالىڭاچ ھاشارچىلارغا بىر پەس بىر كۆزىنى ئېچىپ ، يەنە بىرسىنى چىلىڭ يۇمۇۋېلىپ نۆۋەت بىلەن قاراپ چىقتى .

— ئاۋۇ ئۇ يەر ، بۇ يەردە تازىنىڭ گەدىنىگە چىققان

سۆگەلدەك قاراپ تۇرغانلىرىڭنىڭ نېمە پىكرى بار؟ ئۇلتۇرۇشە . ما يىغىننى مەن راخمان ئاچىمەنمۇ، ھەر قايسىڭ ئاچامسەن؟ ھازىر راخمان يىغىن ئاچىدۇ . مۇگدىمەي ئۇلتۇرۇش . مەن گەپنى بىر دېيمەن . ئاڭلىمىدىم دېمەڭ . قالغىنىنى كۆزۈڭگە كۆرسىتىمەن . بىر ھەپتىدىن بېرى باغنىڭ جىنلىرىدەك ئون مىڭ ئادەم قىمىرلىشىپ يارنى ئېتىش تۈگۈل تېخىمۇ كېڭەيتىپ يۇرتنى سۇغا باستۇرۇۋېتىشكە تاس قىلىشىپەن . قارىسام ھەممىڭ كۆك پىت باسقان قانجۇقنىڭ كۈچۈكلىرىدەك پىت بېسىپ بىر - بىرىڭدىن نان قېپى بولۇشۇپ كېتىشىپسەن، مۇشۇ يەردە ھاشار چىپىۋاتقان ئون مىڭ ھاشارچىنىڭ ئىچىدە ئۈچ مىڭدىن ئارتۇق پومېشچىك، باي دېھقان، بۇزۇق ئۇنسۇرلار بار . ئاڭلاپ قويۇش، مەن راخمان ھازىر شۇنى جاكارلايمەنكى، ھەر قايسى دادۇينىڭ شۇجىلىرى ئۆزۈڭنىڭ بەش خىل ئۇنسۇرلىرىڭنى ئېلىپ ئىزىڭدا قېلىش، قالغان ھەممىڭ كېتىش . ئۇما ئورۇپ، خامان ئېلىش . قالغان يەتتە مىڭ ئادەم ھاشاردىن ئازاد… ھازىرلا يوقىلىش نەس باسقانلار .

ھاشارچىلار گوررىدە ئورنىدىن تۇرۇپ ھۇررا تۇۋلىشىپ بىر - بىرىنى قۇچاقلىشىپ دوپپىلىرىنى ئاسمانغا ئاتتى .

— ياشاڭ را شۇجى…

— ئۆلمەڭ را شۇجى…

— زادى بىزگە را شۇجى بولمىسا بولمايدۇ . را شۇجى بىزنىڭ دەردىمىزگە يېتىدۇ .

باياتىن بېرى مۈگدىشىپ، سالپىيىپ ئولتۇرغان ھاشارچىلار خۇشال بولۇشۇپ ھەر تەرەپكە پىتراپ يۈگۈرۈشۈپ كېتىشتى . پادىدىن ئايرىلىپ قالغان قويلاردەك ئۇ يەر، بۇ يەردە بېشى ساڭگىلاپ كەتكەن، توپ - توپ ئادەملەر ئىزىدىن قىمىر قىلماي ئولتۇرۇشۇپ قالدى .

— ھەي ئەبلەخ ئۇنسۇرلار، ھەممىڭ مەن راخماننىڭ ئالدىغا

كېلىش ! — ۋارقىراشنىن راخمان تۇرنىڭ ئاۋازى ئالىتاغىل چىقىپ كەتتى . جاۋغايلىرىدا كۆپۈك پەيدا بولدى . بېشىنى يەردىن ئۇستۇن كۆتۈرۈشمەي كەلگەن ئادەملەر سۇپىنىڭ ئالدىغا كېلىپ تىزلىنىپ ئولتۇرۇشتى .

— ھە نېمىدەپ ئولتۇرۇشىمەن . مەن سىلەرگە ھازىر بىر خۇشلۇق تەقدىم قىلىمەن . ھەممىڭلار تىغدەك تىك تۇرۇپ ئاڭلاڭلار . ھازىر مەن راخمان سىلەرگە شۇنى جاكارلايمەنكى ، مەن يۇقىرىدىن تەستىق ئالدىم . تەستىق مانا مۇشۇ پوپكىنىڭ ئىچىدە ، كۆرۈپ قويۇش ، — ئۇ قولتۇقىدىكى سومكىنىڭ بوزۇق سېپىرتىمىسىنى تارتقۇشلاپ بىر مۇنچە ئاغزىنى بوزۇپ تىلللىغاندىن كېيىن ئىچىدىن قىزىل خەتلىك بىر ھۆججەتنى چىقىرىپ پولاڭلاتتى .

— مانا بۇ تەستىقنى كۆردۇڭلارمۇ ؟

— كۆردۇق .

— ھە كۆرگەن بولساڭ ئاڭلاش ، مانا بۇ يارنى ئېتىۋالمساق ، سۇ يەنە ھەپتە ئاقسا ناھىيىنىڭ يېرىمىنى ئېلىپ كېتىدۇ . ئەگەر مۇشۇ تورغانلىرىڭلار يارنى پۈتۈن كۈچۈڭلارنى چىقىرىپ ياۋا توڭگۇزدەك ئۇندەرەپ دۆلەپ ئىشلەپ يارنى ئېتىۋالساڭ ، مەن ھەممىڭلارنىڭ قالپىقىنى ئېلىپ تاشلايمەن .

— نېمە ، بىزمۇ كەمبەغەل دېھقانغا ئوخشاش بولىمىزما ؟

— يەنە نېمە بولاتتىڭ ئەمىسە ، ئەگەر يارنى ئېتەلمىسەڭ ھەممىڭگە يەنە بىردىن قالپاق قوشۇپ بىر كېچە - كۈندۈز يالىڭاچلاپ باغلاپ پاشىغا تالىتىمەن .

ئادەملەر جانلىنىپ ۋارقىرىشىپ كەتتى .

— بىزنى ئازاد قىلىدىغان بولسىلا يارنى خۇدا بۇيرۇسا ھەرقانداق قىلىپ بولسىمۇ ئېتىۋالىمىز .

— ئۈچ كۈن ئىچىدە ئېتەلەمسىلەر ؟

— ئېتىمىز ، — دەپ ئەركىن ئادەملەردەك ۋارقىرىشىپ

كېتىشتى ئۇنسۇرلار.

— ۋاي راخمان شۇجى، راست بىز ئازاد بولارمىزمۇ؟ — دېدى قارا ساقاللىق ئاتمىش ياشلاردىكى بىر ئادەم ئۆمچىيىپ. ئۇنىڭ چوڭقۇر قىزىل كۆزلىرىدىن ياش تامچىپ شامال يالىغان يىرىك يۈزلىرىنى بويلاپ ئاقاتتى.

— مەن راخماننىڭ گېپىگە ئاتاڭ سېنى تاپقانغا ئىشەنگەندەك ئىشەن. ئۈچ كۈندە يارنى ئېتىۋالساڭلار، ھەممىڭلار ئازاد. كىمكى ھۇرۇنلۇق قىلسا باغلايمەن. قالپىقىنى ئالمايمەن. ئاڭلاپ قويۇش، مۇشۇ ھاشاردا كۈچ چىقارغانلارنىڭ قالپىقىنى ئالىمەن. كۈچ چىقارمىغانلارنىڭ قالپىقىنى ئالمايمەن. مۇشۇ ھاشاردا بارلارنىڭكىنى ئالىمەن، يوقلارنىڭكىنى ئالمايمەن. مەن ھەممىڭنى كۆزىتىمەن. مۇشۇ پۇرسەت. قەھرىمانلىق كۆرسىتىپ قالپاقتىن قۇتۇلىدىغان پۇرسەت. قاشاڭلىق قىلساڭ، قالپىقىڭ بىلەن گۆرۈڭگە كىرىپ كېتىسەن. مەندىن بۇيرۇق، ھازىرلا ئىش باشلا.

ئادەملەر ئۇلجىغا ئېتىلغان ئىتلاردەك ئەسەبىيلىك بىلەن ئىشقا كىرىشىپ كەتتى. خېلى ئۇزاقتىن بېرى قومۇشلۇقتا مۆكۈۋېلىپ ھاردۇقىنى چىقىرىۋاتقان ئابدۇكېرىممۇ يۇگۇرۇپ كېلىپ ئۆزىنىڭ توپىغا قوشۇلدى. خەقلەر ۋارقىراشتى:

— ھەي ئابدۇكېرىماخۇن، بىز سېنى ئۆلۈپ كەتكەن چېغى دەپتىكەنمىز، ئىچىمىزدە رازىلىق بېرىپتىمىز تېخى، ھەر نىم بولسا ساقكەنسەن، — دېدى بىرىنچى ئەترەتلىك پومېشچىك توختى بەگ.

— ئاكا، خۇدايىم ساقلىسۇن، بىر كۈن بولسىمۇ كۈننىڭ سېرىقىنى كۆرىلى ئەمدى.

— بايا بىر چۆمگەنچە يوقىلىپتىڭ، ئەنسىرىدۇق جۇمۇ. بوينى قومۇشنىڭ يىلتىزىغا كىرىپ قېلىپ تۇنجۇقۇپ قالدىمىكىن دەپ، — دېدى بۇزۇق ئۇنسۇر مۇسا شېرىپ تۇرمەلگە شاخ

تاشلاۋېتىپ . ئابدۇكېرىم ئەتراپقا قاراپ قويۇپ ئاۋازىنى پەسەيتىپ :

— ئاشۇ ھەممە خەق ھەمرا شۇجىدىن قورقۇپ قاچقاندا بۇقىدا تۇرۇپ تاسمىدەك سوزۇلۇپ توقماق ئۇرسام ، شۇجى قولىدىكى كۆك كەسمە بىلەن بېرنى قويسا سۇغا بىر سەكرەپلا دۈگىنىڭ كەينىگچە چۆمۈپ بېرىپ قاشقا چىقىپ كىچىچە ئۇخلاپ ئەتىسى چۈش پېشىن بىلەن كېلەي دەپ تۇرسام بۇ ئىش كۆڭلۈمدىكىدەك بولغىنىنى دېمەمسلەر ، — ھا … ھا … ھا …

— يامان پەملىك بار توشقان جۇماسەن . زادى توشقان ئەۋلادى يامان كېلىدۇ ، — دەپ كۈلدى توختى بەگ قوڭۇر قىسىق كۆزلىرىدىن ياش چىققۇچە كۈلۈپ . ئابدۇكېرىم تۇرمەلگە شاخ تاشلاۋېتىپ :

— مۇساكا ، راست قالپىقىمىزنى ئېلىۋېتەما ؟ — دېدى لاي چاپلاشقان ئالىقىنىنى ئىشتىنىنىڭ ساغرىسىغا سۈۋاپ .

— بۇ قېتىم كەتكەن يار يامان يار ئۇكام ئەمدى . بۇ ئېتىلمىسە مەكتىنىڭ يېرىنى سۇ ئېلىپ كېتىدىغان گەپ . مۇشۇنداق ئون ملىك ئادەم ئېتەلمىگەن يارنى بىز ئۈچ ملىك ئادەم ئېتىۋالساق قالپاقنى ئېلىۋېتەرمىكىن دەپ قالدىم . كۆڭلۈمگە شۇنداق ئايان بولغاندەك بولۇۋاتىدىيا . ئەگەر ئېلىۋەتمىگەن تەقدىردىمۇ ئون ملىك ئادەم ھەپتە ئىشلەپ ئېتەلمىگەن يارنى ئېتىۋالساق ھامىنى پايدىسى بار . راخمان تۇر شۇجىنى بەزىدە سارالڭ دېگەن بىلەن ، خېلى ئەركەك ، بېجىرىم گەپ قىلىدىغان ئادەم . مەن ئىشەندىم ، ھەممە ئادەم ئىشەندى . تەۋەككۈل دەپ بىر ئىشلەيلى . ئىشقىلىپ ياخشىلىققا تارتىدىغاندەك قىلىدۇ .

— ھەي ئىست . ئاتام كەلگەن بولسىمۇ بوپتىكەن ، كۈچىنىڭ يېتىشىچە ئىشلەتى ، ئۆلمەستى قالپاقتىن قۇتۇلىدىغان ئىش بولسا .

— بۇ قېتىم مۇشۇ ھاشاردا ھۆكۈمەت رەسمىي قالپاقتىن ئازاد قىلىپ قالسا بۇنىڭدىن كېيىن يەنە مۇشۇنداق يامان ھاشارلاردا ئوبدان باھالىنىپ قالسا ئېلىمۋېتەرمىكىن دەيمەن ، — دېدى مۇسا شېرىپ كونا بىر تومشۇقى ئۈچۈپ كەتكەن ئامبۇردا يوغان سىمنى كۆچەپ ئۆلىغاچ خىرقىراپ تۇرۇپ .

— ئاكا … ئابدۇكېرىماكا …

ئابدۇكېرىم كەينىگە بۇرۇلۇپ ئىنىسى ئابدۇسەمەتنى كۆردى . ئابدۇسەمەت قولاقلىرى سالپىيىپ كەتكەن بوز ئېشەكنىڭ ئۈستىدە سىڭايان ئولتۇرۇپ ئۈچكە بۇرنىنى قاپقارا بېگىز بارمىقىدا كولاپ ھاشارچىلارغا ھاڭۋېقىپ قاراپ تۇراتتى .

— نېمە بولدى ؟

ئابدۇكېرىم قورۇق باسقان پېشانىسىنى تۇرۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى . ئۇنىڭ بۇرنىنىڭ ئۇچى قىزىرىپ كەتكەنىدى .

— ئاۋۇ ، ئاۋۇ … ھەمىدەم بالاڭنىڭ بېلىنى سۇندۇرۇۋېتىپتۇ ؟

— نېمە ؟ — ئابدۇكېرىمنىڭ ئورا كۆزى تېخىمۇ چوڭكۇپ قاش سۆڭىكى ئالدىغا دوڭغىيىپ چىققاندەك بولۇپ كەتتى ، — نېمىشقا ؟

— ئۇ بالىنىڭ بېلىدىن قوشۇپ تۇتماي كۆتۈرۈپتىكەن ، قويۇشىغىلا بالا كەينىگە ئۈچۈپ كېتىپ ، بېلى سۇنۇپ كېتىپتۇ .

— ماڭە … ماڭە ئاناڭنى … كۆزۈمدىن يوقە . ھېلى باكا بىر قويۇمە ، گۇيىنىڭ بالىسىنى ، ماڭا دېسەڭ مەن قانداق قىلىمدىكەنمەن . ئابدۇسەمەت ئاغزىنى ئۈمچەيتىپ :

— شۇ … ئايتىللائاچام ئاكىڭىزنى قىچقىرىپ كېلىڭ دېگەن .

— مەن بارسام قانداق قىلىمدىكەنمەن . بىر بالىنى بېقىشالماي ، ماڭا خەۋەر قىلغىنىنى ، ئۆزى دوختۇرخانىغا ئاپارسۇن . ھېمىدەك دېگەن سوكنى ، خەپ . ئۇ سوك … ئاپلا ،

بارسام پاچىقىنى چىقىۋېتىمەن .
— ئۇ سوك قىچىپ كېتىپتۇ .
— نەگە ؟
— تالڭ ، يەڭگەم ئۇيگە كىرسە بالا تېلىقىپ يىغلاپ يېتىپتۇ .
— ماڭا ، جۇگۇ بېرىپ دە ، دوختۇرخانىغا ئاپارسۇن ، مەن بارالمەيمەن ، ئاتام يىلدام كەلسۇن ، ئۇلەر ھالدا بولمىغاندىكىن ، مۇشۇ ھاشارغا قاتناشقانلارنىڭ قالپىقىنى ئېلىۋېتىمدىكەن ، بېرىپ دە ، كەچكىچە نەدە بولسا كەلسۇن .
— سەن بارمايسەن .
— ماڭ دېگەندىكىن ماڭ ، ھېلى بىكا تۇمشۇقۇڭنى ئۇچۇرۇۋېتىمەن گۇيىنىڭ بالىسى .
بالا ئېشىكنى ھەيدەپ كەتتى .
— بالاڭنىڭ بېلى سۇنۇپ كېتىپتىما ؟ — دېدى مۇسا شېرىپ بۇرنىنى قېقىپ قولىنى ئىشتىنىنىڭ تىزىغا سۇۋاپ .
— ئەشەدە بىر سوقۇندا بار ، شۇ سۇندۇرۇۋېتىپتۇ .
— كىمنىڭ بالىسىتى ئۇ ؟
— خوتۇنىنىڭ سىڭلىسى . قېيىنانام ئۇلۇپ كەتكەن ئىككى يىلنىڭ ياقى بىزنىڭ ئۇيدىكى ئىتنىڭ بالىسى .
— قانچە ياشتا بار ؟
— سەككىز ياشتا .
— ۋاي ، ئۇ بالىدىن خاپا بولغىنىڭ نېمىسى ، ئۇنداق دېمە ، يامان بولىدۇ . يېتىم ئەمەسمۇ . تەقدىر شۇنداق . قازايى قەدەر ، خۇداغا شۇكرى دە ، — دېدى مۇسا شېرىپ .
— يۇمران بالا تۇخۇمدا شاقداپ بەرسە ئاسان ساقىيىدۇ ، — دېدى توختى بەگ .
— شۇ تاپتا باراي دېسەم بۇ ھاشارنى قانداق تاشلاپ كېتەلەيمەن دەڭلا . قالپاقتىن قۇتۇلۇپ جېنىم تېنىمدە ئامانلا

بولسا ئۇنداق بالىدىن نەچچىنى تاپىمەن . بوپتۇ خۇدايىم ئۇڭقىيىنى بەرسە ساقىيىپ قالار ، بولمىسا جان خۇدانىڭ .
— راست دەيسەن .
— قانچە ياشتا بار ئىدى ؟
— ئىككى ياشقا كىرگەن .
— خۇدا داۋاسىنى بىرەر ، قانداق قىلىمىز ئەمدى .
ئابدۇكېرىمنىڭ كۆزىگە لىققىدە ياش كەلدى . ياش ئارىسىدىن ۋىلىقلاپ كۆلۈپ تۇرغان بالىسىنىڭ چوڭ قارا كۆزلىرى ئۆزىگە مۆلدۈرلەپ قاراپ تۇراتتى .
ئادەملەر ئۆزىنى ئۇنتۇشقانىدى . ئون ئادەم يېرىم كۈندە تۈزەپ تەييارلىغان تۇرمەلنى ئۈچ ئادەم تۇرۇپ بولدى . ئۆلەر - تىرىلىشىگە باقماي قايناملارغا چالمىدەك ئۆزىنى ئېتىپ تۇرمەل باغلىدى . يار ئاغزى بارا - بارا تارىيىشقا باشلىدى . ھېچكىم ھېچكىمنى ئىشلىدىڭ - ئىشلىمىدىڭ دەپ تىللاپ كالتەكلەپمۇ يۈرمىدى .
كېچىدە يار ئىچىگە بارغانچە سۇرۇلۇپ مىڭىۋاتقان قاش ئۈستىدە قاتارى گۈلخان يېقىلدى . ئادەملەر لايدىن ياسالغاندەك بولۇشۇپ كېتىشتى ، ھەممە ئۆلۈك كۆزلەر تىرىلگەندەك چاقناپ كەتتى .
راخمان تۇر ئۆزىگە تەييارلانغان پالاس ئۆيدە پاخال ئۈستىگە سېلىنغان كىگىز كۆرپە ئۈستىدە يانپاشلاپ چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ ياتتى . ئاق تۇكۇچ ساقال بىرسى دۈمچەيگەن پېتى يوغان كونا كاساڭدا ھورى چىقىپ تۇرغان قوي گۆشىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ راخمان تۇرنىڭ ئالدىغا قويدى . ئۇ سول كۆزىنى چىڭ يۇمۇپ ئوڭ كۆزى بىلەن گۆشكە قاراپ قويدى :
— ھەي بارات قەھرىمان ، ئېشەك ئۆلتۈرۈپ كىرمىگەنسەن ...
— ۋاي را شۇجى ، تۇۋا دېسىلە ، ئەلھەمدۇلىللا مۇسۇلمان جۇما بىز .

بارات ئاخۇننىڭ ئىنچىكە بويىنى قىزىرىپ ئاق بۇرۇتلىرى دىردىيىپ كەتتى . ئۇ قولىنىڭ دۈمبىسى بىلەن ئاق دوپپىسىنى گەدىنىگە سۈرۈپ قويۇپ كاساڭنىڭ يېنىغا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ گۆشنى پارچىلىغىلى تۇردى .

— بايا سىلە پىچاقنى بىلەپ چىقىپ كەتكەندە تەخەي هاڭراپ كەتكەن ئەمەسما ، شۇڭا دەيمەن .

راخمان تۇر كۈلدى . بارات ئاخۇنمۇ كۈلدى .

— بۇلتۇر كۈزدىكى ئۇرۇق باهالىشىدا سىلىنى ئاقۋەلگە بىزنىڭ ئالدىمىزدا بېرىپ كاۋا توغراپ كۆجا ئەتكۈزگەچ تۇرۇڭلار دېسەم ، بىر لاۋزا كاۋىنى توغراپ كۆجا ئەتكۈزۈپسىلە .

— ۋاي بولدى ، نومۇسۇمنى كەلتۈرمەي شۇ گەپنى بىر تاشلىۋەتسىلە . ئالدىلىرىدا بەك خىجىل جۇما مەن ، — دېدى بارات ئاخۇن ئاق تۈكۈچ ساقىلىنى تۇتاملاپ ئاغزىنى چىكىلدىتىپ .

— مېنىڭ كاۋا توغراپ دېگىنىم پاقلان گۆشى دېگىنىم . كۆجا ئەت دېگىنىم پولا ئەت دېگىنىم . ئۇقتىڭلىما قەهرىمان .

— ۋاي ئۇقمامدىغان شۇجى ، ئۇقمامدىغان . مانا ماۋۇ قارا گۆشنى يەملا ، بوختان ، تازا تاتلىق پىشىپتۇ .

— مېنىڭ قانداق گۆش يېيىشىم بىلەن نېمە كارىڭ ، مۇشۇ گۆش بىلەنلا ئىشنى تامام قىلامسەن قەهرىمان . سەن قەهرىمان بولساڭ مەنمۇ خوتۇنۇمنىڭ ئىسسىق قۇچىقىنى تاشلاپ دەريا بويىدا ئەزالار بىلەن قونۇۋاتىمەن . سېنىمۇ مەن قەهرىمان قىلغان ... ماڭە بىر نېمە تاپ جۆگۈ .

بارات ئاخۇن مەڭدەپ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپ گاڭگىراپ تۇرۇپ قالدى .

— نېمە قالاپ تۇرىسەن . قالاپ تۇرمىساڭمۇ گۆشنى يەۋېرىمەن . كېلىمىغا سۆڭەك تۇرۇپ قېلىپ ئۆلسەم ، هوقۇقۇم ساڭا قالسا گۆشنى سەن يەرسەن .

— نىمە ئىچىرسەم بولا را شۈجى؟

— نىمانداق كاللاڭ ئىشلىمەيدىغان قەھرىمان سەن. جاھاندا كالۋا، تەلۋە ئادەم قەھرىمان بولىدىكەن. ماڭ جۆگۈ، مەن راخمان بۇنداق گۆشنى قۇرۇق يېمەيمەن. يەرگە قىغ قويغاندا سۇ قويمىسا زىرائەتكە پايدىسى يوق. مانداخ ئىچىدىغان ھاراق بولمىسا بۇ گۆشۈڭنىڭ ماڭا نىمە پايدىسى. بولە، تاسىمدەك تۇرماي.

«توۋا قىلدىم خۇدايىم ئادەمنىڭ ئىمانىنى بۇلغايدىغان ئادەمكەن بۇ.»

— ماقۇل ... ماقۇل مەن ھازىرلا ھازىر قىلاي. بىردەمدە تاپتۇرىمەن.

ئۇ دوڭغاسلاپ سىرتقا يۈگۈردى.

— ھەي قەھرىمان، توختاپ تۇر، ھازىرنىڭ ئادەملىرى ئوت - خەسنىڭ ھارىقىنى تولا ئىچىپ يىلىكى سويۇلۇپ خوتۇنىدىن قورقىدىغان لامزەللە بولۇپ قالدى. ھەممە باشلىق خوتۇنىدىن قورقىدۇ. مەن راخمان خوتۇنۇمدىن قورقمايمەن. بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلەمسەن.

— ھېچ بىلەلمىدىم، — بارات ئاخۇن ئىشىكتە ئىگىشكىنچە نىمە دەيدىغانلىقىنى بىلەلمەي ھاڭۋېقىپ تۇردى.

— مەن بايا دېدىمغۇ، كالۋا ئادەم قەھرىمان بولىدۇ. شۇڭا مەن ساڭا قەھرىمان دەپ نام بەرگەن. ئۇلارنىڭ خوتۇنىدىن قورقۇشى ئوت - خەستە ياسالغان ھاراقنى قۇرۇق سۇ بىلەن ئىچىۋېرىپ ئاخشىمى خوتۇنىدىن دەشنەم يەپ دەردىنى ئىچىگە پاتۇرالماي يەنە شۇ قۇرۇق سۇ بىلەن ھاراق ئىچىدىغانلار. ئۇلار شۇڭا قاچان قالساڭ ئىشتىن چىققان قېرى توپاقتەك پۇشۇلداپ يۈرىدۇ. خوتۇنى ئۇلارنىڭ ئۆلۈمىنى تىلەيدۇ. ئۇ خەق شۇڭا خوتۇنىدىن قورقىدۇ. مەن راخمان خوتۇنۇمدىن قورقمايمەن. خوتۇنۇم مېنى ماختايدۇ. نىمىشقا، مەن دائىم پاقلان گۆشى

بىلەن ئالتە ئايلىق قوناقنىڭ ھارىقىنى ئىچىمەن . بۇ دېگەن ئوغۇل بالىنىڭ سۆڭىكىنى قاتۇرۇپ ، پۇت - قولىغا يىلىك بولىدۇ . ئۇقتۇڭمۇ ، يوقال كۆزۈمدىن ، ھازىرلا تاپ ، مەن ئۆيگە بارغاندا ھاشارغا بارغان دەپ سولىشىپ كەينىمنى قىلىپ ياتسام خوتۇنۇم قوڭامغا تېپىپ يوتقاندىن قوغلاپ چىقىرىدۇ …

ئۇ ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي لاۋزا گەپ قىلىپ ئولتۇرغاندا بارات ئاخۇن ئالدىقاچان چېدىردىن يوقالغانىدى .

ئۇ بىر كاساك گۆش بىلەن بىر بوتۇلكا ئاق قوناق ھارىقىنى ئىچىپ مەست بولۇپ بىر ياتقانچە قانچىلىك ئۇخلىغىنىنى بىلمىدى . بىر چاغدا قۇلىقىغا بارات ئاخۇننىڭ بوش ئاۋازدا ئۆزىنى تولىغىنى ئاڭلاندى .

— را شۇجى … را شۇجى …

— ھە ، قەھرىمان ، ئاناڭ ئۆلۈپتىمۇ ، نېمە دەيسەن ؟

— يارنى ئېتىپ بوپتۇ . كۆرۈپ بېرەمدىكىن دەپ داۋىنىڭ شۇجىلىرى تالادا قارىشىپ تۇرىدۇ .

راخمان تۇر لاپ قىلىپ كۆزلىرىنى ئېچىپ قىمىرلىدى . سۆڭەكلىرى ئېچىشىپ كەتتى . دەرھال جىممىدە يېتىۋالدى .

— ماڭ ، بېرىپ دە ، كالۋا قەھرىمان ، يارنى ئېتىپ بولغان بولسا دامبىنى تېخىمۇ چىڭداپ ئېگىزلەتسۇن . يەنە يار ئېلىپ كەتسە ئەتمەك تەس . ئانىسىنى كۆزىگە كۆرسىتىمەن . ئېتىپ بولدۇق دەپ ئالدىراپ پىت بېقىشمىسۇن ، دامبىنى تېخىمۇ قېلىنلاشتۇرسۇن ، دامبا پىشقاندا مەن بۇيرۇق جاكارلايمەن . شۇ چاغدا ئۆيگە ماڭسىمۇ بولىدۇ . ئۇنىڭغىچە خوتۇنى خەق بىلەن تۇتۇلۇپ قالماس ئەبلەخلەرنىڭ …

بارات ئاخۇن چىقىپ كەتتى .

— ۋاي ئاناڭنى ، بۇ ئىشتاننى قاچان قۇرۇتارمەن ئەمدى ، — دەپ كوتۇلدىدى راخمان تۇر ، ئۇ ئىشتىنىغا تەرەت قىلىۋەتكەنىدى ، ئىشتاننىڭ ھەممە يېرى چىلىق - چىلىق ھۆل بولغاندىن سىرت

ئاستىدىكى يېڭى تاۋار كۆرپىدىن ئۆتۈپ كىگىزمۇ ھۆل بولۇپ كەتكەندى. ئۇ قىمىر قىلماي ئولتۇرىدىغا ياتاتتى. «ئىشتانغا چىقىرىۋەتكىنىمنىڭ كۈشۈكى ئىككى يوق. ھەممەددىن ما جارەمنىڭ ئەسقىتىپ قالغىنى قالتىس بولدى. يار ئېتىلدى، ھەممىدىن شۇ ئەۋزەل. ھۆكۈمەت ھەممە ئۇنسۇرلارنىڭ قالپىقىنى ئېلىپ تاشلاش توغرىسىدا ھۆججەت چۈشۈرسە ھەمرا دېگەن پوكاللا بولغان بولسا شۇنداقلا يەتكۈزۈپ ئىشنى توگەتكەن بولاتتى. مەن ھازىر مانا يارنى ئەتتىگىلار، بۆيرۇقنى جاكار قىلمەن دېسەم ھەممىسىنى مېنى ھەجەپ گېپىدە تۇرىدىغان باشلىقكەن دەپ ماختىشىدۇ. ئىناۋىتىم تازا ئاشىدىغان بولدى. بۇ خەق مەن راخماننىڭ بۇ ياخشىلىقىنى مەڭگۈ ئېسىدىن چىقارمايدۇ. پۈتۈن ناھىيە خەلقىمۇ، ھۆكۈمەتمۇ مېنىڭ ئون مىڭ ئادەم ھەپتە ئىشلەپ ئېتەلمىگەن يارنى ئۈچ مىڭ ئادەم بىلەن ئىككى كېچە ـ كۈندۈزدە ئېتىۋالغىنىمنى مەڭگۈ ئۇنتۇپ قالمايدۇ». ئۇ خىرىلداپ كۈلۈپ كەتتى.

— ھاي بارات قەھرىمان، بارمۇ سىلە.

— بار ... بار ... — بارات ئاخۇن يۈگۈرۈپ كىردى.

— سېنىڭ ئىشتىنىڭنىڭ رەختى نېمە؟

— مېنىڭ ... نىلۇڭ.

— ھە ئىچىڭدە كۇسار بارمۇ؟

بارات ئاخۇننىڭ كۆزى چەكچىيىپ كەتتى.

— غاچ گەپ قىلە ئاداش.

— بار ... بار ... قانداق دېيلا.

— قانداق دېيلا دېگەن گېپىڭنى قوي ئاداش. سالە، مېنىڭ ئىشتىنىم قۇرۇغۇچە مەن كىيىمەن. ساڭا رۇخسەت قىلدىم. بۇگۈن كەچكىچە ئۇخلا.

بارات ئاخۇن ھجىيىپ ئىشتىنىنى سېلىپ بەردى.

— نېمە ھجىيىسەن، يوقال، — دېدى راخمان تۆر

## 9

يەتتىنچى ئاي كىرگەندىن بۇيان داۋۇتاخۇن قويلارنى ئېگىز ئورنىدا باقتى، پىشقان يازلىق ئوتتا قويلار ئاسان تويۇناتتى. ئەتىگەندە قوي چىقارسا قوزا چۈشكە قالماي قويلارنىڭ قورسىقى تويۇپ ئۈيان - بۇيانغا قاترىغىلى تۇراتتى. ئىسسىق ئادەمنىڭ بېشىنى قايناتقىلى تۇرغاندا ئۇ قويلارنى ئۆيگە ياندۇرۇپ كىرىپ چۈشتىن كېيىن هاۋا يانغاندا يەنە چىقىرىپ، نامازشام - خۇپتەنگىچە ئېگىزدا يەنە باقاتتى.

ئۇ ئۇزۇن هاسا بىلەن قويلارنى چوڭ يولغا قوغلىدى. قويلارنىڭ ئايىغىدىن كۆتۈرۈلگەن قويۇق توپا يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئېگىز ئۆسكەن سۇۋادان تېرەكلەرنىڭ ئۇچىغىچە سۇس تۇمان بولۇپ كۆتۈرۈلدى. داۋۇتاخۇن چاڭ - توزان ئارىسىدا يول بويىدىكى ئېگىلىپ تۇرغان سۆگەت نوتىلىرىغا ئاچ كۆزلۈك بىلەن ئېسىلغان قويلارغا ۋارقىراپ قويۇپ بويىنىغا ئېسىۋالغان كىچىك رادىئونى توختىماي تولغاپ، بىلمىسمۇ قەيەردىن ناخشا چىقسا شۇ يەرنىڭ ناخشىسى تۈگىگۈچە ئاڭلاپ ماڭاتتى. قويلار مەهەللىگە قايرىلىدىغان دوقمۇشقا كېلىپلا تۇمشۇقىنى يەرگە تەگكۈدەك قىلىپ يۈگۈرۈشتى. داۋۇتاخۇن ئالدىرىماستىن هاسىسىنى سۆرەپ سەل تاش مايماق پۇتلىرىنى يۇمشاق ئىسسىق توپىغا سۇۋاشتۇرۇپ دەسسەپ ماڭدى. يالاڭ پۇتلىرى قاپقارا بولۇپ قېتىپ كەتكەن، كورتىماقلىرىنىڭ ئارىلىرىنى نەچچە قەۋەت قارا قەقەج باغلاپ كەتكەن بولۇپ، ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشتۇرەتتى. تاپانلىرى تۆگىنىڭ تاپىنىدەك قېتىپ چەملىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ دوقمۇشتىن بۇرۇلۇپلا هەممىدىنى كۆرگەندە يۈزىگە كۈلكە يۈگۈردى. قارا كۆزلىرىنىڭ ئەتراپىدا ئىنچىكە

قورۇقلار پەيدا بولۇپ قىسىلغان كۆزلىرىدىن نۇر يېغىپ كەتتى .
توپا قېتىشىپ گەز باغلاپ كەتكەن كالپۇكلىرى كېرىلىپ ، كىر
باسقان سېرىق چىشلىرى كۆرۈندى . ھەممەم دەرۋازا ئالدىدىكى
كىچىك ئېرىقنىڭ قىرىدا چوڭ يولغا قاراپ سىڭايان ئولتۇراتتى .
ئۇمۇ ئاكىسىنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇردى – دە ، يولنىڭ
ئوتتۇرىسىغا چىقىپ قاراپ تۇردى . قويلار گورۇلدىشىپ يۈگۈرۈپ
يېرىم ئېچىقلىق دەرۋازىدىن پېتىشماي كىرىپ كېتىشتى .
قويلارنىڭ قىستىشى بىلەن سىڭايان تۇرغان دەرۋازا غىچىرلاپ
كەڭ ئېچىلىپ كەتتى . داۋۇتاخۇن ئالدىراپ كېلىپ سىڭلىسىنىڭ
تۆپىسىدىكى يىرتىقىدىن تۈگۈچتەك قوڭۇر چېچى چىقىپ قالغان
بېشىنى سىلاپ قويۇپ :
— تىنچلىق كەلدىڭمۇ ھەممە ؟ قاچان كەلدىڭ ؟ دەپ قويۇپلا
ئالدىراپ قويلارنىڭ كەينىدىن كىرىپ كەتتى . ھەممەم يوغان
قارا كۆزلىرىگە ياغلىق تېگىدىن چۇۋۇلۇپ چۈشۈۋالغان سېكىلەك
چېچىنى قايرىپ ياغلىقىنىڭ تېگىگە قىستۇردى . يوغان قارا
كۆزلىرى ، كۆزىگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان كىرپىكلىرى ، ئاق ئەمما
سەل زەپىرەڭ يۇمىلاق يۈزلىرى جۇلالىنىپ يارىشىملىق كۈلدى .
ئۇ كۈلۈپ ئاكىسىنىڭ سالامىغا جاۋاب قايتۇرۇپ بولغۇچە ئاكىسى
دەرۋازىدىن كىرىپ كەتتى . ئاكىسىنىڭ ئاتىنىڭ يايلىمدەك يىرىك ،
پارقىراق چېچىنى ، ئاپتاپتا كۆيۈپ كەتكەن ئۇزۇن بويىنىنى ،
گەدىنىدىن چىققان مايدىن سارغۇچ كىر قېتىپ قالغان
كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىنى ۋە كىرلىشىپ كەتكەن شور ئىزلىرى
قېتىپ قالغان غولىنى كۆرەلىدى . ئاكىسىنى كۆرمىگىلى بىر
يىل بولۇپ قاپتۇ . ئاكىسى ئۇنىڭ كۆزىگە ئورۇقلاپ ئېگىزلەپ
قالغاندەك كۆرۈندى . ئۇ بىردەمدىلا يۈگۈرۈپ چىقتى .
چېكىلىرىدىن قۇيۇلغان تەرنى بېشىدىكى كونا ئاق دوپپىسى بىلەن
ئېرتىپ كۈلگەن پېتى ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى .
— قاچان كەلدىڭ ھەممەم ؟

— ئى بابا كەلگەن ، — ھەمىدەم يەنە كۈلدى .
— تىڭلىق تۇردۇڭمۇ ئۇكام . ئايتىللائاچام تىڭلىق تۇردىمۇ ؟
— تىڭلىق ، — ھەمىدەمنىڭ يۇمران لەۋلىرى ئۆمچەيدى . قارا ، چىرايلىق كۆزلىرىگە غىللىدە ياش كەلدى .
— سىنى بەك سېغىندىم . ئىككى قېتىم چۈشۈمگە چىرىپ قالدىڭ . بوي تارتىپ كېتىپسەن . بىردەمدە چوپچوڭلا قىز بالا بولۇپ قاپسەن ، نېمەنچە ئىتتىك چوڭ بولدۇڭ . ئاچامنىڭ ئۆيدە قورسىقىڭغا توق - توق يېگەن ئوخشايسەن - ھە ؟
ھەمىدەم گەپ قىلالماي لەۋلىرىنى ئۆمچەيتكەن ھالدا غەمكىن قاراپ تۇراتتى . داۋۇتاخۇن قېتىشىپ كەتكەن قاپقارا يىرىك قوللىرى بىلەن سىڭلىسىنىڭ مەڭزىدىكى ياشلىرىنى ئېرىتتى . ھەمىدەمنىڭ دىمىغىغا ئاكىسىنىڭ قولىدىن كېلىۋاتقان چۈچۈمەل كۆك ئوت پۇرىقى ئۇرۇلدى . داۋۇتاخۇن ئۇنىڭ چاچلىرىنى سىلاپ ، ئەركىلىتىپ دەرۋازىدىن ئېلىپ كىردى . ھەمىدەم كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ ھويلىغا قارىدى . سول تەرەپكە قىشلىق ، يازلىق ئېغىللار ، سامانخانا ، ئامبار ، ئوتۇنخانا جايلاشقانىدى . يازلىق ئېغىلدا كۆشەۋاتقان قويلارنىڭ يىننىڭ پۇرىقى گۇپۇلدەپ تۇراتتى . يازلىق ئېغىلنىڭ ئۈستىگە قۇرۇغان ئوت - چۆپ ، پىچان ، ئالدىنقى يىلدىن ئېشىپ قالغان چۈچۈكبۇيىلار بېسىلغانىدى . ئېغىلنىڭ ئالدى ئەخلەت ، چېچىلغان ئوت چۆپلەر ، شاپاقلار ئۈستىدە چىۋىنلەر ئۇچۇشۇپ يۈرۈشەتتى . ئوڭ تەرەپتە يوغان قىزىل سىرلىق ئىشىكلەردىن تۆتى تۇراتتى . ئۈزۈم بارىڭى قويۇق سايە تاشلاپ تۇرغان ھويلا ئىچى شۈنچە سالقىن ، ھاۋاسى تازا ئىدى . باراڭدا ساپاق - ساپاق مۇناقى ئۈزۈملەر چېكىلىشكە باشلىغانىدى . ھويلا ئوتتۇرىسىغا قويۇلغان كونا زاماندىن قالغان تۆت چاسا كات ئۈستىدە كۆپتەك سەمرىپ ئېگەكلىرى خالتىلىشىپ كەتكەن ياش جۇۋان بۇزۇراخان

بۆشۆك تەۋرىتىپ ئولتۇراتتى . ئۇنىڭ يېنىغا قويۇپ قويغان سېرىق لېگەندىكى خوۋۇينى ئۈرۈك بىلەن يېرىم قاچا قېتىق ئۈستىگە چىۋىنلەر ئولىشىۋالغانىدى . كات ئۈستىدىكى ئاق كىگىزدە قاشالاڭ چىۋىنلەر غوژۇلدىشىپ مېڭىپ يۈرۈشەتتى . بۇزوراخاننىڭ قىزىل رۇباشكىسىنىڭ ئىچىگە سىغماي قالغان لەخپۇخدەك لىغىلداپ تۇرغان كۆكسىدىمۇ بىر مۇنچە چىۋىنلەر ئۈمىلىشىپ يۈرەتتى . ئۇ گۆشلۈك ، پارقىراق مەخزىگە قونغان چىۋىننى بوغماق قولىرى بىلەن ئانچە - مۇنچە قورۇپ قويۇپ غودۇريدى :

— ۋايجان ... ۋايجان ، ھەجەپ زېرىكتىم ئۆلمەيدىغان كۆينىڭ چىۋىنلىرىدىن .

ھەممەم قىزىقسىنىپ قارىۋىدى ، ئۇ چوكان بويىنىنى تولغاپ ئاغزىنى موزاينىڭ ئاغزىدەك ئېچىپ بىر ئەسنىدى . تۆشۆكتەك ئورا كۆزلىرىدىن ئىككى تامچە سۇزۇك ياش تامچىلاپ گۆشلۈك مەخزىنى بويلاپ ئېقىپ مۇرىسىدە غايىب بولدى .

— ۋاي داۋۇتاخۇن ، سىگلىگىزما؟ — دېدى ئۇ ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ .

— ھەئە .

بۆشۆكتىكى بوۋاق ئىگەلەپ يىغلىغىلى تۇردى .

— ۋايجان ، ھەجەپ ئۇخلىغىلى ئۇنىمىدى بېشىگنى يەيدىغان شۇم . ئۇچۇرە زۇۋانىگنى ، ئۇخلا ! بالا ئەمەس بېشىمغا بالا سوككەنسەن ، يا كېچىسى تۈزۈك ئۇخلاتمىغان ، يا كۈندۈزى .

چىقىراق ئاۋازىدىن ھەممەمنىڭ يۈرىكى جىغغىدە قىلدى - دە ، بۇزوراخاننىڭ سەت پۇشۇلداپ كەتكەن تەلەتىنى كۆرۈپ قورقۇپ ئاكىسىنىڭ بېقىنىغا چاپلاشتى .

— بۇ سىگلىگىز ھەجەپ چىرايلىقكەن . سەت جىنتەككە بەرگەن چىرايىنى ماڭا بەرسىچۇ خۇدايىم . ئا كۆزىنى ، ئا قاش - كىرپىكلىرىنى ، چوڭ بولسالا قانچىلىك خوتۇن بولۇپ

كېتەرسەن ، ھەي ، چىمگە ئوخشايسەن .
ئۇ ئىچى ئېچىشقان ھەم مەسخىرە قىلغاندەك مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى .
— ئانامغا ئوخشايدۇ . بۇ بىچارە رەھمەتلىك ئانامنىڭ تېرىسىنى كىيىپ چۈشۈپتىكەن ، لېكىنزە ئانا خوشلۇقىنى كۆرەلمىدى بىچارە .
ئاكىسى كۆيۈنگەن ھالدا ئۇنىڭ بېشىنى مېھرى بىلەن سىلاپ قويدى .
— نەچچە ياشقا چىقتى ؟
— نەچچىگە چىققاندۇ ھە ...
— يەتتە ياشقا چىقتىم ، — دېدى ھەمدەم قارا بېگىمنىڭ بارمىقىنى لېۋىگە تەگكۈزۈپ تارتىنغان ھالدا .
— بۇ سەت قارا كۆز كېلىپ ئىشىك تۈۋىدە تۇرغىلى خېلى ئۇزۇن بولدى . يا مەن نېمە ئىش قىلىسىز بۇ يەردە دەپ سورىمايتىمەن ، يا بۇ جىنتەك مەن داۋۇتۇمنىڭ سىڭلىسى بولىمەن دېمەيتۇ . ئىسسىقتا ئەشەدە تۇرۇۋېرىپتۇ . مەن بالىنى ئوخلىتىمەن دەپ بۆشۈك تەۋرىتىپ ئولتۇرۇپ ئۇخلاپ چۈش كۆرۈپ كېتىپتىمەن ھى ... ھى ... ھى ...
بۇزوراخان قىقىقلاپ كۈلدى ، جاۋغىيىدىن ئاققان شالىنى بوغماق قولىنىڭ دۈمبىسى بىلەن سۈرتتى .
— مە كېلىڭا ، قورسىقى ئېچىپ كەتكەندۇ . ھازىر قورسىقىم ئاچقاندەك بولۇپ بىر چىنە قېتىقتا بىر توغرام نان سېلىۋېدىم ، ئىچكىم كەلمىدى . ئىچىڭە ، جىنتەك خېنىم .
ھەمدەم ئاكىسىغا قارىدى . ئاكىسى ئۇنى كارىۋاتنىڭ يېنىغا يېتىلەپ كېلىپ چۈشىنىلەرنى قورۇۋېتىپ قېتىقنى ئېلىپ بەردى .
— قېتىقنى ئىچىپ بولۇپ ما ئۆرۈكتىن يەڭ . تازا يەپ قورسىقىڭىزنى تويغۇزۇڭ .
ھەمدەم تارتىنىپ بۇزوراخانغا يەر تېگىدىن قاراپ

قويدى ـ دە ، ئۆزىگە تىكىلىپ كاتتىلىك لېۋىدە ئولتۇرغان ئاكىسىغا تىكىلدى .

ــ ۋايىيەي ، ھېتىقىماي ئىچىلىك . بۇ دېگەن ئاكىڭىزنىلىك ئۆز ئۆيى . ۋاي جېنەم . ما سول قاپىقى نېمە بولغان . ھەجەپ تارتۇق بولۇپ قاپتىكىنا ، ۋاي ئىسىت .

ــ كىچىكىمدە كۆز چىقىپ قالغان .

ــ خەق تولا سۆزلەپتىكەن ـ ھە ، بۇ سەتكە ، بەك ئۆيقۇم كېلىپ كەتتى . ئى ئىچكەرى ئۆيدە بىردەم ئۇخلىۋالاي ، داۋۇتاخۇن ، بۆشۈكنى سىز تەۋرىتىپ قويۇڭا ، ئۇمۇش ھېچ ئۇخلىمايدۇ سەت شۇم .

بۇزوراخان ياغىچاق تېڭىپ قويغاندەك يوغان كاسىسىنى سۆرەپ كاتتىن چۈشۈۋېتىپ :

ــ ۋايجان ، ئۆينىلىك ئىچى دىمىق ھەقىچان ، تالادا چىۋىننىلىك دەستىدىن تېخى ئۇخلىغىلى بولمىغان ، ئى سەت قېرى بولمىسىمۇ چىرىپ بىردەم يەلپۈپ قوياتتىڭىز ، ــ دېدى پەس ئاۋازدا . داۋۇتاخۇن شۈئان ھۆپپىدە قىزىرىپ كېتىپ ھەممەمگە قارىدى . ھەممەم ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى . ئۇ دەررۇ يەرگە قارىۋالدى . «ھايا قىلمايۋاتقىنىنى» دېدى داۋۇتاخۇن ئىچىدە .

ئۇ ھەممەمگە زەن قويۇپ قارىدى . سىڭلىسى راستتىنلا خېلى بوي تارتىپ چوڭ بولۇپ قالغانىدى . ئۇچىسىغا كىيىۋالغان كونا پىلاتى كەلك ، يېڭى ئۆزۈن بولسىمۇ ئانچە ئۆزۈن كەلمىگەنىدى . قىزىل دەنبىزە كۆڭلەكمۇ ئاچىسىنىڭ كۆڭلىكى بولۇشى مۇمكىن . پۇتىغا چوڭ قىز بالىنىلىك سېرىق تاڭكىسىنى پايپاقسىزلا كىيىۋېلىپ تۆپىسىدىن شوينىدا باغلىۋالغانىدى . «مىلك بىر مۇشەقەتتە چوڭ بوپسەن بىچارە» دېدى داۋۇتاخۇن ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ .

ــ مەن تەۋتەيمۇ ئاكا .

ــ تەۋتەلەمسەن ؟

— ھەئە .

ھەر ئىككىلىسى كۈلۈشتى .

ھەممەم كاتتا يامىشىپ چىقىپ بۆشۈكنى تەۋرەتكىلى تۇردى . داۋۇتاخۇن بىر تال ئۆرۈكنى ئېلىپ مەيدىسىگە ئېرتىۋېتىپ ھەممەمنىڭ ئاغزىغا سېلىپ قويدى .

دەرۋازا غاچىلداپ ئېچىلىپ ساقال - بۇرۇتىنى يېگەمدىن ياساتقان ، پېشانىسىدىن تارتىپ بويۇنلىرىغىچە قېلىن مۇنگەش قورۇقلار قاپلىغان قارىمۇتوق ، ئېگىز بوي بىر ئادەم كىرىپ كەلدى :

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم .

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام .

داۋۇتاخۇن قولىدىكى يېرىمى يېيىلىپ ئۇچكىسى كۆرۈنۈپ قالغان ئۆرۈكنى دەررۇ لېگەنگە تاشلاپ ئۇ ئادەم بىلەن قىزغىن كۆرۈشتى . ئۇ ئادەمنىڭ ھىم يۇمۇلۇپ تۇرغان كالپۇكلىرى ئۈستىدىكى دىردىيىپ تۇرغان ئاق ئارىلىغان بۇرۇتىنى كۆرۈپ داۋۇتاخۇننىڭ كۈلكىسى كەلدى . تەڭدىن تولىسى ئاقىرىپ كەتكەن كەكە ساقىلىنىڭ ئۇچىدا كىچىككىنە سوپۇن پارچىسى چاپلىشىپ قالغانىدى .

— شاگجالڭ بارمىدۇ ئۇكام ؟

— قانداق دەيلا ؟

— ناھايىتى زۆرۈر بىر ئىشىم بار ئىدى . ئاندىن قولىغىلا بەرمىسەم بولمايدىغان ئامانەت بار ئىدى .

— بولۇشى بار ، ئۇخلاۋاتىدۇ . ئۇيقۇسىنى بۇزسا بەك ئاچچىقى كېلىدۇ . ئادەمنى تىللاپ كېتەمدىكى دەيمەن .

— ساتتار مۇراپ كەپتىكەن ، ئالدىراش ئىشى باركەن دېسەڭ تىللىمايدۇ جۇگۇ دەيمەن ، — دېدى ئۇ ئادەم ساقال - بۇرۇتىنى سىلاپ تۇرۇپ .

— كاتتا كېلىپ ئولتۇرغاچ تۇرۇڭا ئەمىسە .

داۋۇتاخۇن چەتتىكى دېرىزىدىن زەرلىك دۇخاۋا پەردىسى جۇلالىنىپ تۇرغان ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى ئاستا ئېچىپ كىرىپ كەتتى .

ساتتار مۇراپ كاتقا كەلمەستىن يازلىق ئېغىلنىڭ ئالدىغا بېرىپ ياغاچ قاشاغا يۆلىنىپ تۇرۇپ كۆشەپ ياتقان قوي - كاللارنى كۆرگىلى تۇردى . ئۇ تۇرۇپ بېشىدىكى ئاق دوپپىسىنى ئېلىپ يېڭى چۈشۈرۈلۈپ تەرلەپ پارقىراپ كەتكەن بېشىنى سىلاپ قوياتتى . ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلاپلا ئارقىسىغا بۇرۇلدى . سالەك شاڭجاڭ سالپىيىپ كەتكەن سارقا شەپكىسىنى تۇرۇلۇپ تۈكى تەتۈر يېنىپ كەتكەن گەدىنىگە چاپلاپ كىيىپ چىقىپ كەلدى . يوغان قورسىقى زەڭگەر نىلۇن كۆڭلىكىگە پاتماي بىر تۈگمىسى ئېتىلمىگەچكە چۈپۈرلۈق مەيدىسى كۆرۈنۈپ قالغانىدى . كالتا پاچاقلىرىنى بوغاز ئىنەكتەك ئىككى تەرەپكە ئالچاڭلىتىپ قاپاقلىرى ئىششىغان ، كۆزلىرى قىزارغان ھالدا ساتتار مۇراپ بىلەن خۇشياقمىغاندەك كۆرۈشتى .

— قانداق سالەك شاڭجاڭ ئەھۋاللىرى ، ئوبدان تۇرۇۋاتامىلا ؟

— يامان ئەمەس ، ساتتارخان قانداق بولۇپ كېلىپ قالدىڭلا ؟ — دېدى سالەك شاڭجاڭ تېخىچە قېلىن كالپۇكىنى ئۆمچەيتىپ كۆزىنى ئۇۋۇلىغان ھالدا سوسقىنا .

— داۋۇتاخۇن ، كاتقا كۆرپە سالە .

— ۋاي بولدى ئوخشاش . شۇنداقلا ئولتۇرساقمۇ بولىۋېرىدۇ ئەمەسما .

داۋۇتاخۇن بۆشۈكنى كاتىنىڭ نېرىقى بۇرجىكىگە سۈرۈپ قويۇپ كونىراپ كەتكەن كۆك شەنىزە كۆرپىدىن بىرنى كاتىنىڭ قىرىغا سالدى .

— كىمنىڭ قىزى بۇ ؟ — دېدى سالەك شاڭجاڭ بۆشۈك تەۋرىتىپ ئولتۇرغان ھەمىدەمنى كۆرۈپ توڭلۇق بىلەن .

— مېنىڭ سىڭلىم .

— ھە ··· ھېلىقى كىچىك قالغىنى شۇما ، خېلى چوڭ بولۇپ قاپتۇ . قاچان كەپتا ؟ — دېدى سەل يۇمشىغاندەك ئاۋازدا .

— مايا كەپتىكەن .

شاڭجاڭ ھەممىدەمنىڭ ھەممە يېرىگە قاراشتۇرۇپ ئاندىن ئالدىغا قاراپ ئولتۇرۇپ قۇلىقىنى كولىغىلى تۇردى . ساتتار مۇراپ تۇكلىرى سالۋاراپ ئۇسۇپ كەتكەن بىر قارا پاقلاننى كۆتۈرۈپ كىردى . پاقلان قوتاندىكى قويلارنى كۆرۈپ تۇمشۇقىنى يالاپ مەرىدى .

— ئۇكام داۋۇتەم ، مابىرىمنى ئېغىلغا سولىۋېتە .

داۋۇتاخۇن ئىتتىك بېرىپ پاقلاننى ئېلىپ ئېغىلغا سولىدى .

— ۋاي ساتتارخان ، نېمە ئىش بۇ ؟

— ئاھاي ، نېمە بولاتتى . مۇشۇنداق يوقىلاڭ ، سا ئاپقېچىپ كەتكۇدەك بىرىمىدىن بىژنى ئالغاچ كەلدىم . ئۇزۇن زاماندىن بېرى يا سىلى بىز تەرەپكە ئۆتەلمىدىلە ، يا مەنمۇ سىلىنى يوقلاپ ئۆتەلمىدىم . يۈزۈم چىملدايدۇ شۇ . ئۆز ھەلەكچىلىكىم بىلەن بولۇپ ، سۇنىڭ كەينىدىن سوكۇلداپ يۈردۈم . ئەمدى شۇ زۆرۈل ئىش بولغاندا مۇشۇنداق ئالدىلىرىغا كەلمەي بولمايدىكەن . بۇگۈن بىر كېلىپ كېتەي دەپ قوتانغا قالسام تۆتىنچى ئايدا تۇغۇلغان بىرىمدى ، قوينىڭ كەينىدە يۈرۈپ خېلى چوڭ بولۇپ قاپتۇ ، ئانىسىنى ئېمىۋاتقان بىرمە . بىزنىڭ جانلىقلار ئارىسىدا سەل بى ئالا ئەتراقى مۇشۇكەن . ئۇنىڭ تاشايىنىدا قىرقىلمىغان . ئى باللا ، سالەك شاڭجاڭنى ئۇزۇننىڭ ياقى مەكەسلە دېيەلمىدۇق ، مانى بى باللا بىلەن تەڭ تالىشىپ بى ئىش قىلا ، ئالغاچ بېرىڭلا دېۋىدى . ۋاي ، مۇشۇ بىرىمنى نېمىدەپ شاڭجاڭنىڭ ئالدىغا كۆتۈرۈپ بارغىلى بولىدۇ . ساراڭ بولما دېسەم ، تىرىكلىكنىڭ نىشانىسى دەپ ئۇنىماي تۇرۇۋالدى . شۇڭا بى كۆپكە تاۋاپ قىلىپ قوبۇل كۆرەمىكىن دەپ ···

— ۋاي ئۇنداق قىلمىغىلىمۇ بولىتى ، — دېدى سالەك شاڭجاڭ رەسمىي ئىچىلىپ قولىقىدىن ئالغان كىرنى ئىشتىنىنىڭ تىزىغا سۈرتۈپ تۇرۇپ .

— يېقىنىنىڭ بۇيىزى ھال - ئوقىتىڭلار قانداقراق ؟ — دېدى كۆيۈنۈش تەلەپپۇزىدا .

— ئەمدى ئاۋۋال خۇدا ئانىڭدىن قالسا ھەر قايسىلىرىدەك يۇرت كاتتىلىرىنىڭ سايىسىدە يامان ئەمەس جاھاندارچىلىق قىلىپ كېلىۋاتىمىز . ئىشۇ كۈنلەردە قالسام ھېلىقى ئابلەھەت دېگەن بالام ھېلىقى سىلە ، بولتۇر كۈزدە پەتتە بەرگەن باللارغا قالسام بىر يىلنىڭ بۇيىزى ھېچ ئومچى پىشمىدى .

— قانداق قىلىپ ئومچى پىشمايدۇ . كېلىنىڭلار خېلى تۈزۈك بالىدەك قىلىتىغۇ ؟

— ۋاي قويىسلا ، ھايۋاننىڭ ئالىسى تېشىدا ، ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە دەپ ، مۇش كۈندە بىر بالىسى بولغان . بالا ئون بىر ئايلىق بولدى دېسىلە ، بىر چىرايلىق ئوغال . ئەمما ز ە كېلىنىم يامان چىقىپ قالدى . بىزنىڭ ئوغال بوش چىقىپ قالدى . خوتۇنى ئۇنىڭغا بوي بەرمەي ئوتتۇرىغا بىز چىقىپ قالدۇق ، شۇنىڭ بىلەن تولا تىللاپ يۇرۇپ ئاخىرى خوتۇننى قويۇۋېتەي دېگەن يەرگە كەلتۈرۈپ سىلىنىڭ يانلىرىغا كېلىشىم . ئۇلار كېلىۋاتىدۇ ، ھېلىلا كېلىدۇ . ئىتى ، مىتى دەپ بولغۇچە گەپ سورىسايلا ئاجراشتۇرۇۋېتىسىلە . مەن بىر خۇش بولۇپ كېتەي .

— بالىنى قانداق قىلىسىلە ؟

— بالا ئوتتۇرىدا قالسۇن . خۇدا ئۆمرىنى بېرىپ تېنىنى سالامەت قىلسا چوڭ بولۇپ قالا ، قانداق قىلىمىز .

— شۇنداق قىلىپ ئاجراشتۇرۇۋېتىمەن .

— ھەئە ، گەپ سورىسايلام ، كېلىشكە خەتنى قولىغا تۇتقۇزۇپ قويىسلا ، بولمىسا مەشەدە بىر مۇنچە ۋالاۋۇيلا تېرىپ

باشلىرىنى ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ . سىلە بىلىلا ، بالا تېخى ئەمدى ئون سەككىزگە كىردى ، جېنىم تېنىمدە بولسىلا جاھاندا نېمە تولا ، خوتۇن تولا ، يەنە ئۆيلەپ قويمايمەنمۇ . كىچىك بىرمە . جاھاندا مۇشۇ بىر خوتۇنلا بار ئوخشايدۇ دەپ ھە دېسىلە خوتۇننىڭ سىزىقىدىن چىقمايدىغان بولۇۋالدى . مانداق قالسام كۆندىن - كۆنگە ياۋاشلاپ كېتىۋاتىدۇ . بۇنداق كېتىۋەرسە بالىدىن ئارىلىپ قالىدىغاندەك تۇرىمەن . قېينانىسى ناھايىتى يامان خوتۇن . ئاشۇ قىزىغا ئىش ئۆگىتىپ بالىنى تۇمشۇقىدىن يېتىلەپ كەتتى . ئىش كۆرمىگەن بالا دېگەن ئەخمەق بولىدىكەن . ئاجراشتۇرۇۋېتىپ بىر مەزگىل تازا ئويناشلى قويۇپ بېرىپ باقاي دەپ قالدىم . جاھان كۆرسە كۆزى ئېچىلىپ قالارمىكىن دەيمەن . ھازىر مانداق ئېچىلگە چىرىپ چىقسام ، خوتۇنىغا ھەرگىز چىدىمايدۇ . بۇ لامزەللە ھە بالام دەپ قويسام خوتۇننى ھەرگىز قويۇپ بەرگۈسى يوق . بۇنى كۆرۈپ ئانىسىمۇ «ۋاي ئىست بالام ، خوتۇن قۇلى بولۇپ جاھاندىن كېتەرسەنمۇ؟» دەپ تولا يىغلاپ تۇگىشىپ كەتتى . ئوغۇل بالا دېگەن بۇنداق بىر خوتۇن بىلەن ئۆتسە بولامدا؟ بۇنداق خوتۇن دېگەن ئايەردە قويسا مايەردە يوق . يىلىغا تۆت - بەش خوتۇن ئېلىپ قويۇۋەتسە بولىۋېرىدۇ . بىزمۇ شۇ ۋەجنى نېمىدەپ تاپىمىز . بالىلىرىمىزغا خوتۇن ئېلىپ بېرىپ ، قىزلىرىمىزنى ياتلىق قىلىمىز دەپ تاپىمىز . بىردە بولمىسا ئوندا توختايدۇ ، توختىغاندا ھەسەپ . بالا دېگەن قېقىلىپ - سوقۇلۇپ چوڭ بولىدىغان گەپ ...

ساتتار مۇراپ تازا قىزىپ سۆزلەۋاتقاندا بىر جۈپ ئەر - خوتۇن كىرىپ قېلىپ گېپىنى توختىتىۋالدى . ئەرنىڭ قاپىقىنىڭ بېزى باردەك كۆرۈنەتتى . ئايال بولسا قۇچىقىدا بىر بالا كۆتۈرۈۋالغان بولۇپ ، كۆزلىرى تولا يىغلىغانلىقتىن قىزىرىپ ئىششىپ كەتكەنىدى . ھەر ئىككىسى شاگجاگدىن ئەيمىنىپ ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ قېلىشتى .

— ھە نېمە بولدى؟ — دېدى شاڭجاڭ قاپىقىدىن مۇز ياغدۇرۇپ.

شۇ زامان ئايالنىڭ كۆزلىرىگە مۆللىدە باش كەلدى. ئەر قەھرى بىلەن كۆزلىرىنى ئالايتىپ ئاستاغىنا ئايالنىڭ بېلىكىنى ئۇۋۇلىۋالدى. ئاغرىق دەستىدىن ئايالنىڭ خۇنۇك چىرايى ئادەمنىڭ ئىچى ئاغرىغۇدەك تورۇلۇپ كەتتى. ئەمما، كۆزلىرىدىن ئەلەم چىقىپ تۇرسىمۇ ئاغزىدىن ۋاي دېگەن سادا چىقمىدى. شاڭجاڭ بۇنى كۆرۈپ تۇرسىمۇ كۆرمەسكە سالدى. ساتتار مۇراپ ئۇنىڭ قۇلىقىغا بىر نېمىلەرنى پىچىرلىغاندىن كېيىن:

— ئەمىسە مەن ماڭاي، شۇنداق قىلىلى.

— مۇشۇنداق قۇرۇقلا كېتەرسىلىمۇ ئەمدى.

— ھە بۇ ئۆي ئۆزىمىز دائىم تۇز يەپ كېلىۋاتقان ئۆي تۇرسا. بولدى ... بولدى سىلەر قوزغالمىسىلا. بولدى خۇداغا ئامانەت.

— ماقۇل ئەمىسە، خۇداغا ئامانەت، داۋۇتەم، ئەمىسە سەن ئۆزىتىپ قويە.

ساتتار مۇراپ دەسلەپ كەينىچە مېڭىپ، كېيىن يېنىچە مېڭىپ ئېگىلىپ قوللىرىنى كىندىكىگە چاپلاشتۇرغان پېتى چىقىپ كەتتى. دەرۋازىدىن چىققۇچە سۆڭگۈچىنى دەرۋازىغا بوشراق ئۇرۇۋالدى. داۋۇتاخۇن ئۇنىڭ كەينىدىن ئۇزاتقىلى چىقىپ كەتتى.

— نېمە دەپ كەلدىڭلا؟ — دېدى سالەك شاڭجاڭ يەنە بىر قېتىم. ئۇ ئالدىغا ئېگىشىپ گۆشلۈك يالاڭ پۇتىنىڭ قاداق بولۇپ كەتكەن بارماقلىرى ئارىسىغا بېگىز بارمىقىنى تىقىپ قارا لاي بولۇپ ئېچىپ كەتكەن تەرلىرىنى بىرمۇ بىر ئېلىپ كاتقا، كىگىزگە سۈركىدى. ئۇ ھەر ئېگىشكەندە پىخىلداپ، ئىنجىقلاپ يۈزلىرى قىزىرىپ ئۆپكىدەپ ئېسىلىپ كېتەتتى.

— شاڭجاڭ، بىزنى بى ئاجراشتۇرۇۋېتىڭا — دېدى ئەر

تورۇڭ - تورۇڭ گەپ قىلىپ . شۇئان ئايال ئۈمچەيدى .
— كېلىشەلمىدىڭلارما ؟
— كېلىشەلمىدۇق ، — دېدى ئەر خۇشامەت قىلغاندەك ھىجىيىپ .
— دەسلەپ ئوبدان كېلىپ ، ئەمدى چوڭ كېلىپ قالدىما ئاداش .
ئەر گەدىنىنى تاتىلىدى .
— ھە خېنىم ، سىزگە تېتىماي قېلىۋاتامدا ، بۇ ئۇزۇن تورانىڭ بوينى كىچىكمىكەن .
ئايال ئىزا تارتىپ يەرگە قارىۋالدى . ئەر شاڭجاڭنى چاقچاق قىلىۋاتامدىكىن دەپ قارىۋىدى ، ئۇنىڭ سۇرلۇك ھەم مەنىستىمىگەندەك قاراپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ ئىچىگە قورقۇنچ چۈشتى .
— نەچچە بالاڭلار بار ؟
ئۈچ بالا بار .
— ئۈچ بالاڭنى بېقىشماي ھەر قايسىڭغا باشقا يەردىن سوۋۇتۇپ قويغان بىرمە چىقىپ قالدىما ؟ ھە زادى نېمە دەپ كېلىشەلمىدىڭ ؟
— بۇ خوتۇننىڭ قولى ئەگرى چىقىپ قالدى . بولاپتۇ دەپ ئۈچ بالا بولغۇچە ئېغىرلىق قىلسام ، ھېچ يالجىمىدىم . بىرسى ئىككى بولماي ئۆتۈپ كېتىۋاتىمەن . ئۆي تۇتقىلى بەش يىل بوپتۇ ، يەنىلا ئۈچ يوتقان ، تۆت كۆرپە ، بەش تېكىر . بىر قوشۇق ئىككى بولمىدى . بۇرۇنقى خوتۇن بىلەن يەتتە يىل ئۆي تۇتۇپ ئون - يىگىرمە قوي ، ئالتە پارچە تەڭلىمات ، سەككىز يوتقان بولغان ، قولى باكار تۇرمايتتى . ئاشۇ تۆت بالىنىڭ ئانىسىنى تېپىۋالايمىكىن دەيمەن ...
— يالغان . ئوبدان شاڭجاڭ ، جېنىم شاڭجاڭ . بۇ سارالڭ ئوغرى مېنى قويۇۋەتسە ئۇ تۆت بالىسىنىڭ ئانىسىنى تاپمايدۇ .

بۇ سارالڭ ئوغرى بۇزۇلدى . ئاق ئېگىزلىق روزەك ساتىراشنىڭ شاپاقچى قىزىغا بۇزۇلدى . شۇنى ئالدۇ . ئۇ بۇزۇلدى .

— ھېلى باكا بىر قويىمەن .

ئايال كاتىنىڭ يېنىغا قېچىپ كېلىۋالدى . ئەر مۇشتىنى تەڭلەپ ئۇنى قوغلاپ كېلىۋېتىپ شاڭجاڭنىڭ ئۆزىگە مىختەك قادىلىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ توختاپ قالدى .

— ۋاي سېنىڭ نوچىلىقىڭ تۇتۇپ كەتتا ئەمدى . ماڭە خۇمسا ، خوتۇنۇڭنى ئەكېلىپ ماڭا ئۇرۇپ بېرەمەن ، چىقە ئۆيدىن .

ئەرنىڭ كۆزى چەكچىيىپ ئىزادا تۇرۇپ قالدى . ئايال دەردى چىققاندەك بولۇپ چىرايىغا يېنىك تەبەسسۇم ئولاشتى . ئۇ بالىنىڭ ئاغزىغا ئەمچىكىنى تىقىپ ئېمىتىپ تۇرىۋەردى . ئەر ئايالىغا بىرنى ئالىيىپ قويۇپ ئاستا چىقىپ كەتتى .

— ھە خېنىم ، دېگىنە گېپىڭنى .

ئايال شۇئان ھۆكۈرەپ يىغلاپ يەرگىلا زوڭزىيىپ ئولتۇردى . ئۇنىڭ ئۇرۇق ، بۇغداي ئۆڭ يۈزلىرى تارتىشىپ كەتتى . بالىسىنىڭ لاتىسىنىڭ بىر ئۇچى ساڭگىلاپ يەرگە چۈشتى . شاڭجاڭ كات ئۈستىدە پۇتلىرىنى ئۆزۈن سۇنۇپ پۇتىنىڭ تىرناقلىرىنى قولىنىڭ تىرنىقى بىلەن يىرتىپ كىرسىلدىتىپ ئالغاچ ئولتۇردى . ئايال بوغۇلۇپ ئاۋازى چىقماي قالدى .

— يىغىنى ئاڭلىسام بېشىم ئاغرىيدۇ . گەپنى دېيەلىسىڭىز دەڭ ، بولمىسا يىغلاپ بولۇپ كېلىڭ ، جۆگۈرۈڭ .

ئايال مىشىلداشتىن توختاپ بۇرنىنى قېقىپ ئېتىكى بىلەن كۆز يېشىنى ، بۇرنىنى ئېرتتى - دە ، ئاندىن ئاۋازى سەل ئېچىلىپ سۆزلىدى :

— بۇ ئوغرى بۇزۇلدى شاڭجاڭ ، مۇشۇ بەشىنچى ئاينىڭ ياقى بۇزۇلدى . ئاق ئېگىزلىق ساتىراش قەلەندەرنىڭ سېرىق ئاسلان قىزىغا بۇزۇلدى .

— بۇزۇلدى ، بۇزۇلدى دەۋېرىدىكەنسىز . خوتۇن كىشى دېگەن ئېرىنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىپ ، ھە دەپ يېنىدىن نېرى قىلماي ئىشقا سالسا ، باشقا خوتۇن خەققە باش كۆتۈرۈپ قالمىيالمايدۇ ، يامان چوكانلاردا كۆڭلىنى سۇغۇرۇپ قويۇپ ئەمدى ئېرىم بۇزۇلدى دېگەن نېمە گەپ ئۇ ؟

— ۋاي ئوبدان شاڭجاڭ . ئىت خۇيلۇق ئادەم دېگەن مىلك قىلسىمۇ يەنە ئۆزىنىڭ قىلغۇلۇقىنى قىلىدىكەن . مانا كۆرۈپ تۇرۇپلا مەنمۇ ئۆز ۋاقتىدا خېلى ئوبدانتىم ، بۇ ئوغرىنىڭ ئەسكىلىكىدىن بالا باقىمەن دەپ جۇلۇقۇم چىقىپ كەتتى . ئۆينىڭ بىر قىلىلىق ئىشى بىلەن كارى يوق . ئۆيگە چىرىدۇ ئاش پىشتىمۇ دەپ . ھە پىشتى دەپ ئالدىغا قويىمىسا ، شۇ زامات قاۋاپ تۇڭگۈزدەك باساغداپ ئۇرۇۋاتقان ، ئاش نېمىدە پىشىدۇ ، قازان نېمىدە قاينايدۇ كارى بولمىسا . قورساق تويسا ئۇخلايدۇ . يا بولمىسا قىمار ئوينىغىلى ماڭىدۇ . ئۆزى قالىغىلى ئۇنىمىسا مەن قانداق قىلىمەن ئەمدى .

— قالىغىلى ئۇنىمىسا دەيدىكەنسىز ، خوتۇن كىشى دېگەن مۇشۇنداقمۇ ئۆزىنى تاشلاپ بەپەلە يۈرەمدۇ . ماندىاق بى ئۆزىڭىزنى تۈزەپ خوتۇن كىشىدەك يۈرمەمسىز . بۇغداي ئېشىك بولمىسا بۇغداي سۆزۈك يوقمۇ دېگەندەك ، ئەر خەقنى ئۆزىڭىزگە قارىتىپ كۆڭلىنى ئۆزىڭىزگە تارتىپ تۇرىسىز . مۇشۇنداق لەگىرىڭىز ئۇچۇپ چەپچەكسىز چۆگۈندەك قاراپ تۇرسىڭىز بولمايدۇ .

— مېنى مۇشۇنداق ھالغا چۈشۈرۈپ قويغان ئاشۇ . ئۇ بۇرۇنمۇ ئۇنداق ئەمەستى . ئاشۇ بەشىنچى ئاينىڭ ئون ئۇچىنچى كۈنى يەكشەنبىدە بازارغا بېرىپ بېشىنى چۈشۈرتكىلى ئاشۇ قەلەندەر ساتىراشنىڭ دۇكىنىغا چىرىپ ، ئاشۇ سەت سېرىق ئاسلان بىلەن پۇتۇشۇپ قاپتۇ . كېيىن ئۇ ئاسلان باخشىسى باركەن ئوقۇتۇپ ئۆزىگە كۆيدۈرۈۋاپتۇ . بېشىنى ئايلاندۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئاشۇنداق بولۇپ قالىدىكەن ، مېنى كۆزىگە بەك سەت

كۆرسىتمۈپتىپتۇ . ئۇنىڭ ئۇرغان تايىقىغا مەندىن باشقا خوتۇن بولسا ئۆلۈپ بولاتتى، مەن چىداپ كەتتىم . ھە دىسىلا باكا تۇرماي ئۇرىدۇ . بىردەم ئاشنى تۇزلۇق ئىچىپ قويۇپسەن دەۋاتقان ، بىردەم تۇزسىز ئېتىپ قويۇپسەن دەۋاتقان . بۇرۇن ھەر ئەتىگىنى جامائەت بىلەن مەسچىتكە چىقىپ ناماز ئوقۇپ نەزىرگە قاتنىشاتتى ، ھازىر ئۇ ئىشلاردىنمۇ قالدى . جامائەت نەچچە قېتىم مەسچىتتە قاغاپ ، مەھەللىدىن كۆچۈپ كەتسۇن ، جاڭگالغا ئۆي سېلىپ ئولتۇرسۇن ، مەھەللىمىزنى بۇلغىۋەتتى دەپتۇ . ئاشۇ ئاسلان ئوقۇتۇۋېلىپلا ئۆزىگە ئىسسىتىۋالدى . بولمىسا ئۇ ئۇنداق ئەمەستى . بەزىدە بىر چىقىپ كەتسە ئۈچ - تۆت كۈن يوقاپ كېتىدۇ ، ئاڭلىسام ئاشۇ پاسكىنا بىلەن سۆرىشىپ يۈرۈپتىمىش .

— سىز بۇنى قانداق بىلدىڭىز ؟

— بىر جىنكەش خوتۇننى تاپقانتىم ھەممىنى بىلىۋالدىم . باخشىسىنى تاپالمىدىم . بولمىسا جىقراق بىرمە بېرىپ بولسىمۇ ئىسسىتقۇسىنى ياندۇرغۇزۇۋالىتتىم . ھەر قېتىم ئاشۇ سېرىق ئاسلاننىڭ يېنىغا بېرىپ كەلسە ، كېلىپلا مېنى خېتىمگىنى ئالماسەن دەپ ئۇرىدۇ . يامانلاپ كەتسەم ، هاراق ئىچىۋېلىپ بېرىپ ئاتا - ئانامنى ئاغزىغا ئالغۇسىز گەپلەرنى قىلىپ تىللاپ ، ئاتا - ئانامنىڭمۇ ئىككى پۇللۇق ئىناۋىتىنى قويمىدى . بەكراق چىڭ ئولتۇرۇۋالاي رايى يانغۇچىلىك دەي دېسەم ، مېنىڭمۇ ئاتا - ئانام ئالدىدا تىلىم تۇتۇق . ئۆز ۋاقتىدا ئۆيدىكىلەر هاي بالام ، ئۇنىڭ تۆت بالىسىنى يېتىم قىلمالىڭ ، يامان بولىدۇ . بۇ خەق تېگىدىن ئوبدان ئادەملەرنىڭ ئەۋلادى ئەمەس ، تەگمەڭ ، دېسە ھەقلىم يوقكەن . كۆزۈمگە ھېچنېمە كۆرۈنمەي تېگىپتىكەنمەن . ئاشۇ تۆت بالىنىڭ قىساسى تۇتتىمىكىن دەيمەن . مەن بۇ ئۈچ بالىنى يېتىم قىلىپ ئاجراشمايتتىم ، مېنى ئۇرۇپ تويغۇزۇپ ئېلىپ كەلدى . مەن خېتىمنى ئالمايمەن . مېنى قويۇۋەتمىسۇن ، ھەرگىز ئاجراشتۇرۇۋەتمىسىلە ئوبدان

شائجالڭ . مەن كۆنلمەيمەن . ئۇ بىرنىمىسىنى ئۆيگە ئەكەلسىمۇ مەيلى ، كۆنلمەيمەن . پەقەت مىنى ئۇرمىسىلا مەيلى . بىزنى ھەرگىز ئاجراشتۇرۇۋەتمىسىلە . ئاتا ـ ئانامنىڭ ھال ـ ئەھۋالىمۇ ئوبدان ئەمەس . مەن بۇ ئۈچ بالىنى ئېلىپ بارسام بولمايدۇ . ئوبدان شائجالڭ .

— ئاجراشمايدىغان ئادەم نىمىشقا كەلدىڭىز ئەمىسە ؟

— ئۇ ئاجراشمايدىغان ، خېتىمگىنى ئالمايدىغان بولسالڭ بوغۇزلىۋېتىمەن دەپ پىچاقنى قولىغا ئېلىۋېلىپ مىنى داد دېگۈزدى . مەيلى ، مەن يامانلاپ ئولتۇرسامۇ مەيلى ، مىنى قويۇۋەتمىسۇن . كىچىكىمدىن تارتىپ نامىزىمدا خۇدادىن بىر ئەرگە تېگىپلا ئۆي تۇتۇپ قالغىلى نېسىپ قىلارسەن خۇدايىم دەپ تىلەيتتىم . نىكاھ دېگەن خۇدا پېشانىگە كىمنى پۈتسە شۇ بولىدىغان گەپكەن ، كۆڭۈل دېگەن ئادەمگە دۈشمەن نېمىكەن . ھەرگىز كۆڭۈلنىڭ كەينىگە چىرىپ پوق يەيدىغان گەپ ئەمەسكەن . كۆڭۈلنىڭ كەينىگە چىگەن ئادەم مانا ماڭا ئوخشاش بولىدىغان گەپكەن . ئوبدان شائجالڭ ، مەن خۇش بولۇپ قالاي ، بىزنى ھەرگىز ئاجراشتۇرۇۋەتمىسىلە ، ئۈچ بالام كىمنى ئاتام دەپ چوڭ بولىدۇ ، خەقنىڭ ئالدىدا بويۇن قىسىپ قالمىسۇن ، ئۇ مەيلى سەت سېرىق مۇشۇكتىن قاچان سوۋۇغۇچە مەن ئۇنى نەگە باردىڭ ، نەدە تۇدۇڭ دېمەيمەن . مەنمۇ نەدىن بولسا ئۇستا جىنكەش تېپىپ ، ئۇنىڭ ئوقۇتۇۋالغان باخشىسىنى ئوفۇتۇپ ئىسىتقۇسىنى قايتۇرۇپ بېشىنى ساقايتىمەن ، ئىشتىنىمنى سېتىپ بولسىمۇ ، ياندۇرغۇزىمەن .

— باخشىغىمۇ ئوقۇتۇپ قايتۇرغۇزۇڭ ، لېكىنزە سىزمۇ ئۆزىڭىزنى سەل ئوڭشالڭ ، بالا باقتىم ، ئېرىم ئۇردى دەپ ئېرىڭىزنىڭ كۆزىگە سەت كۆرۈنسىڭىز ، ئۆزىڭىزنى بۇنداق تاشلىۋەتسىڭىز ئېرىڭىزنىڭ ئەمەس باشقا خەقنىڭ كۆزىگىمۇ سەت كۆرۈنۈپ قالىسىز ، ماقۇل ، ئەمدى سىز چىقىپ تۇرۇپ ،

ئېرىگىمزنى چىگوزۇۋېتىلى ، — دېدى شائجاڭ زېرىكىپ قېلىپ ئىچى پۇشقاندەك بولۇپ . ئۇ جىم ئولتۇرۇپ قالسا ئىچى پۇشۇپ قالىدىغان ئادەم ئىدى . مۇشۇنداق چاغدا قۇلاق كولاش ، تىرناق ئېلىش ، چىش كولاش ، بۇرنىنى كوچىلاش ئۇنىڭ ئادىتى ئىدى . بولمىسا هاراق ئىچەتتى ياكى ئۇخلايتتى .

چوكان دەرۋازىدىن چىقىۋېتىپ كۆزىگە ياش ئالغان هالدا :

— ئوبدان شائجاڭ ، مەن سىزدىن ئۇ دۇنيا - بۇ دۇنيا خۇش بولۇپ قالاي ، ئۇنىڭغا ئۆتكۈدەك نەسىھەت قىلىپ قويسىڭىز ، ئۇنىڭ تايىقىدا ئۆلۈپ كەتمەي .

— هە بولدى ، بولدى مېڭىڭ ، — دېدى شائجاڭ زەردىسى قايىنغان هالدا قولىنى شىلتىپ .

چوكان دەرۋازىدىن چىقىپ كېتىپ ئۇزۇن ئۆتمەي ئەر قاپاقلىرى ساڭگىلىغان هالدا كىرىپ كەلدى . ئۇنىڭ قىياپىتى بەكمۇ بىچارە ئىدى . ئۇ كىرە - كىرمەي شائجاڭ قايناپ ۋارقىراپ سۆزلەپ كەتتى . بالا تەۋرىتىپ ئولتۇرۇپ باياتىن بېرى بولۇۋاتقان ئىشلارغا كۆزىنى مۆلدۈرلىتىپ قاراپ ئولتۇرغان هەمدەم قورقۇپ چىرايى تاتىرىپ دەرهال ئاكىسىغا قارىدى . داۋۇتاخۇن ئانچىكىم ئىش دېگەندەك قىلىپ ئۇكىسىغا قاراپ كۆزىنى قىسىپ قويدى هەم مەينەت ئالىقانلىرى بىلەن هەمدەمنىڭ چىرايلىق ئەمما قارا - قۇرا بىر نەرسىلەر يۇقۇپ قالغان سىلىق ئېڭىكىنى ئەركىلىتىپ قويدى .

— ئادشاۋا ، ماز بىر نېمە كەنسەن . بۇ سېنىڭ كونا جەمئىيىتىڭ ئەمەس ، خوتۇنۇڭنى ئۇرىۋېرەمسەن ؟ بۇ دېگەن كومپارتىيە زامانىسى . بىر پارتىيە ئەزاسىنىڭ ئالدىغا بىر دەم تۆت بالاڭنىڭ ئانىسىنى قويۇۋەتكىلى كېلىمەن ، هەپتە ئۆتمەي تومۇچۇقتەك كىچىككىنە قىز بالىغا — ئەمدى تۆتىنچى سىنىپتا ئوقۇۋاتقان بالىغا چوڭ خوتۇننىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنى كىيدۈرۈپ ، ۋاي ئۇن سەككىز ياشقا چىدى دەپ ئەكېلىمەن .

ئەمدى ماۋۇ كىچىك، چىرايلىق بالىكەن، ئۆي تۇتۇپ قالىدىغان
ئوخشايدۇ دېسەم، يەنە تۆت كۈندە ئۈچ بالىغا ئانا قىلىپ
رەزگىلەشتۇرۇپ قويۇۋېتىمەن دەپ كەپسىنا. مەن پارتىيە ئەزاسى
ئادەم جۇما، مېنى نېمە كۆرۈۋاتىسەن. نەزىرىڭدە مەن يانا
ئېلىپ، يانا قويۇۋېتىدىغان مال بازىرىدىن ئالىدىغان ئۇلاغمۇ بۇيا.
هۇ، لامزەللە گۇي. سەن خوتۇنۇڭنى هە دېسە كومشتىپ ئۇرۇپ
خېتىڭنى ئال، بولمىسا بوغۇزلىۋېتىمەن دەپسىنا. بۇ هۆكۈمەتنى
يوق جاهان دەپ قالدىڭما؟ هۆكۈمەت مېنى باشقۇرالمايدۇ دەپ
قالدىڭما؟ كومپارتىيە تېخى بار جۇما. سەندەك خوتۇن
بېدىكلىرىنىڭ نوخۇلىسىنى ئوبدان ئېلىپ قويالايدۇ تېخى.
پارتىيىمىز سەندەك قاپاق نوچىلارنىڭ قۇيرۇقىنى ئىچىگە
تىقىۋېتىدۇ. هازىر داجەيچە يېزا قۇرۇش دولقۇنى تازا ئەۋجىگە
چىققان مۇشۇنداق چوڭ ياخشى ۋەزىيەتتە سەن مۇشۇنداق قىلىپ
يۈرسەڭ، پارتىيىنىڭ يۈزىگە نېمە دەپ قارايسەن، هە؟! ...

سالەك شاڭجاڭ خۇددى بىرسى بىلەن ئۇرۇشۇپ قالغان
دېهقاندەك يوغان گۆشلۈك ئالىقىنىنى كاتتا پات ـ پات پاقىلدىتىپ
ئۇرۇپ بوغۇلۇپ سۆزلەيتتى، ئۇنىڭ يۈزلىرى ساپال كوزىدەك
قىزىرىپ ئېسىلىپ جاۋغايلىرىدىن كۆپۈك ئاقاتتى. ئۇ تازا
قىزىپ سۆزلەپ كېلىپ كېپىنىڭ ئايغىنى تاپالماي كاتتا قولىنى
بىر ئۇرۇۋىدى نەۋرىسى قىقىراپ يىغلاپ كەتتى. بۆشۈك
تەۋرىتىپ ئولتۇرغان هەمدەممۇ قورقىنىدىن بوش ئىڭراپ
كەتتى. داۋۇتەم هېچ ئىش بولمىغاندەك كاتتىنىڭ بىر تەرىپىدىكى
ياغاچقا ئولتۇرۇۋېلىپ هەمدەمگە تويماي قاراپ ئولتۇراتتى.
ئۇنىڭ ئالدىدا قول باغلاپ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ تۇرغان ئەرمۇ
ئۈنچىۋالا قورقۇپ كەتمىگەندەك قىلاتتى. پەقەت بۇ ئادەم
قايىنىۋالسۇن دېگەندەك قىلىپ جىم تۇرۇپ ئىتائەتمەنلىك بىلەن
ئاڭلاۋاتاتتى. سالەك شاڭجاڭ قەپەسكە سولاپ قويغان ئېيىقتەك
بېشىنى بىردەم ئىككى تەرەپكە ئېغىتىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن يەنە

ۋارقىرىدى ...

— مالڭ جۇگۇ، مېنىڭ ساڭا دەيدىغان گېپىم مۇشۇ. خوتۇنۇڭنى چىرايلىقچە ئېلىپ كېتىپ بالاڭنى باق. ئاخىرى ساڭا جاۋاپ ئەسقاتمايدۇ. ئۆيۈڭ، خوتۇن ـ بالاڭ ئەسقاتىدۇ. بالىنى تاپادا تېپىپ قويۇپ ئىگە بولمايدىغان ئىشەكمۇ سەن، ئىككىنچىمىزە ئاجرىشىمەن، خوتۇننى قويۇۋېتىمەن دەپ ئالدىمغا كەلگۈچى بولما، ما قېتىم يەنە كېلىپ قالىدىغان بولساڭ مەن قوغداش باشلىقىنى قىچقىرىپ ئەكېلىپ قارا نوپۇسلار قاتارىدا سولىتىۋېتىمەن. ئاڭلىدىڭما ماڭە يوقال ...

ئەر بىر دەم گەدىنىنى قاشلاپ تۇرغاندىن كېيىن قورقۇمسىراپ تۇرۇپ ئاستا ھىجايدى. ئاغزى سىڭايان تارتىشىپ شاپ بۇرۇتى دىڭگىيىپ كەتتى.

— ئەمدى ئوبدان شاڭجاڭ، مەن ئالدىلىرىغا يۈزۈم چىمىلداپ ناھايىتى تەستە كەلدىم. سىلىمۇ ياشلىقنى باشتىن ئۆتكۈزگەن. ئادەم دېگەن خام سۈت ئەمگەن نېمىكەن قالمىسلا. ئۆمرىدە بىر خوتۇن بىلەن ئۆي تۇتىمەن دېگىلى بولمايدىكەن. خوتۇن كىشى كۆزگە بىر سەت كۆرۈنسە ئىككىنچىلەپ كۆزگە چىرايلىق كۆرۈنمەيدىغان ئوخشايدۇ. بۇ خوتۇن كۆزۈمگە توڭگۇز كۆرۈنىدۇ. ئەمدى سىلە ھازىر ماڭا بىر چىرايلىق نەسىھەت قىلدىلا. سىلىنىڭ گەپلىرى ئالتۇنغا بەرگۈسىز گەپلەر. ئاتاممۇ ماڭا بۇنىڭدىن بەلەن نەسىھەت قىلمىغان. دېگەنلىرى زادى قاچىدىكى ئاشتەك گەپ، ئەممازە ھازىر مەن بۇ خوتۇننى قويۇۋېتەلمەي كەتسەمزە، يا مەن ئۆيگە چىمىسەم بولىدۇ. چىسەم خوتۇن باللارنى ئېلىپ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كەتسە بولىدۇ. ئەمما لېكىننزە ئىككىمىز بىر ئۆيدە تۇرۇپ قالساقزە، مېنىڭ قېنىم قىزىق، قولام ئىتتىك، جىلە بولغان چېغىمدا كۆزۈمگە بىر نېمە كۆرۈنمەيدۇ. ۋالاق ـ ۋۇلۇق قىلىپ ئاشۇ خوتۇننى بوغۇزلاپ سېلىپ ئۇ چاغدا ئاندىنزە باللار رەسمىي قارا يېتىم بولۇپ

قېلىپ ئانا دەي دېسە ئانا يوق ، ئاتا دەي دېسە ئاتا يوق بولاپ ، قىيامەت كۈنى قىساسى سىلىكىمۇ بولۇپ قالمىسۇن دەيمەن .

— هەي خۇدايا توۋا دە ، ئاغزىڭدىن سائەت چىقىپ كەتمىسۇن . ئىمانىڭدىن ئاجراپ كەتمە يانا ، — سالەك شائجالڭ كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىنى چىشلىدى ، — رەسمىي قان تەللىزى تەلۋىمۇ نېمە سەن .

شائجالڭ ئۇنىڭ كۆزىگە ۋەھىمىلىك قاراپ قويىدى . ئەر چاپان كۆڭلىكىنى ئۆرۈپ ئىشتىنىنىڭ پەۋىزىغا قىستۇرۇۋالغان قاتارى تۆت بوتۇلكا ئاق قوناق هارىقىنى چىقاردى . شائجاڭنىڭ كۆزلىرى قىسىلىپ كەتتى . هەممەدەم هاراق بوتۇلكىسىنىڭ قەغىزىدىكى چىرايلىق رەسىملەرگە هەيران بولۇپ قاراپ قالدى . رەسىملەر ئۇنىڭ كۆزىگە تولىمۇ چىرايلىق كۆرۈندى .

— مەن قورۇغلام كېلىپ قالدىم شائجالڭ ئاتا ، — ئۇ بوتۇلكىلارنى كات ئۈستىگە قاتارىسىغا قويىدى ، — هازىرچە ماڭا بىر ئاتىدارچىلىق قىلىپ قويسىلا . ياشلىق ساراڭلىق دەپ هازىرچە خوتۇننى قويۇۋېتىپ تۇرسام ، ئۇمۇ قېيناتامنىڭ ئۆيىدە باللارنى بېقىپ تۇرسا . هېلىقى مەن ئارىلىشىپ قالغان نېمە بىلەن يازنى ئۆتكۈزۈپ تۇرسام ، كۈزگە چىققاندا رايىم يېنىپ قالسا قىشلىق دارامەتتە ئاستا خېنىم خىزمىتىڭىز يەتتى دەپ كەشنى توغرىلاپ ، يا بۇ ئۈچ باللامنىڭ ئانىسىنى ئېچىرىۋالامەن ، يا تۆت باللامنىڭ ئانىسىنى ئېچىرىۋالامەن ، يانا شۇ چاغدىمۇ خۇدا بار . خۇدايىم ئۆز يولىغا سالا دەيمەن .

— ئۇنىڭغىچە ئالىدىغان بىر نېمەڭنىڭ قورسىقىغا ئۇنە هەقچان ؟

— ئۇنىسىمۇ ئەمدى بولىدىغان زىرائەت كۆكىدىن دەپ ، ماندىق قالسام بۇ خوتۇن ماڭا ئاش بولمايدۇ . ئالدىراپ هېچقاندىق ئەر كىشىگە ئاش بولىدىغان خوتۇن ئەمەس . ئۇنى ئەمدى كۆڭۈل خۇشىغا ئالىدىغان گەپ . ئەمما ، خوتۇن بولۇشقا يارىمايدۇ .

ئەمدى مەيدىسى قىچىشىا گەجگىسىنى قاشلايدىغان لامزەللىدىن بىرسى ئېلىپ خوتۇن قىلسا بولامىكى ، بولمىسا بىزدەك ۋىژدانى بار ئوغۇل باللار تۆت كۆندە ئۆنىڭ ھوشۇقىنى چاقىدىغان گەپ . مەنمۇ تۆت كۈنلۈك ئالىمەن ، ما يازغىچە خوتۇن قىلىپ ئاستا قاشقا تارتىمەن . شۇڭا بى مۇشۇ ئىشىمنى سىلە بى جۆندەپ بەرسىلە .

شاڭجاڭ خىرىلداپ كۈلدى .

— نەدىن تاپتىڭ ئالاقاپ گۆي بۇلارنى ، ھەجەپ نوچىسىنى تېپىپسىنا . بىز تاپالمايمىز . خەقنىڭ بىر شېشىسىنى يىگىرمە كويدىن ئېلىپ ئىچىۋاتقان ھاراقلىرىمۇ يوندىغا ئوخشاش ھاراقلار . ساپلا ئىسپىرتقا سۇ قوشقان .

— ئەرمۇ ھىجايدى :

— ئى ھەربىي لۆڭچاڭدا بىر خىتاي ئاغىنەم بارتى ، زەيلىكتىن بىر چىپا بېلىق تۇتۇپ ئاپىرىپ بەرسەم بەردى .

— يامان گۆيكەنسەن ، زادى يامان ئوغرى سەن . بوپتا ، قانداق قىلساڭ قىل . ئاجراشتۇرۇۋېتەي .

— يا ئاللا ، ياشاپ كېتىڭ شاڭجاڭ ئاتا ... — ئەر خۇشال ۋارقىراپ تالاغا چىقىپ كېتىپ ئايالىنى سۆرەشتۇرۇپ كىرىپ كەلدى . چوكان دەرۋازىدىن ھۇ تارتىپ يىغلاپ كىردى . قۇچىقىدىكى بالىسىمۇ تەڭ يىغلىغىلى تۇردى .

— بوشراق يىغلاڭ ، مېڭەمنى ئىلىشتۇرۇپ . تەگكەندىمۇ بۇنچىلا يىغلىمىغان بولغىدىڭىز ، — دېدى شاڭجاڭ . داۋۇتاخۇن ئاچىقىقان پەتتە قەغىزىگە بىر نېمىلەرنى يېزىپ :

— كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ ، ئېرىڭىز ماڭا ۋەدە بەردى . قىشلىق دارامەتتە يېڭىشىدىغان بولدۇڭلار ، — دېدى ئايالغا قىزىل تامغىلىق ئاق قەغەزنى بېرىپ . ئايال گەپ قىلماستىن ئاق قەغەزنى ئېلىپ يۈگۈرگەنچە چىقىپ كەتتى .

# 10

سەھەر ۋاقتى بىلەن شەرق ئۇپۇقى قان رەڭگىدە قىزىرىپ ئېگىز ئۆسكەن سۆۋادان تېرەكلەرنىڭ قارا يېشىل ياپراقلىرىغا قىزغۇچ شولىلارنى چاچتى. جومباق - جومباق ساڭگىلاپ كەتكەن سېرىقتال جىگدىلەرمۇ چىلان رەڭگىدە تاۋلىنىپ كۈمۈش ياپراقلار ئارىسىدىن پارقىرايتتى. ئورۇۋېلىنغان بۇغداي ئېگىزلىرىمۇ قىزغۇچ تۈسكە كىرگەنىدى. چۆل تەرەپلەردىن ئۇچۇپ كەلگەن تورغايلار بۇغداي ئېگىزىدا ئاجايىپ تېز سۈرئەت بىلەن يورغىلىشاتتى. ئۇچۇرما بولغان بالىلىرىنى ئەگەشتۈرۈۋالغان ئاق قۇشقاچلار ئېگىزلىق ئۈستىدە ئېگىز - پەس ئۇچۇشۇپ دان تالاشماقتا ئىدى. ئوماق قۇشقاچ بالىلىرى قىردا پوكىنىنى قىزغۇچ قۇياش نۇرىغا قاقلاپ تۇرۇپ تولۇق سۈزۈلمىگەن قارا كۆزلىرى بىلەن ئانىسىنىڭ دان ئەكېلىشىگە تەلمۈرۈپ تۇرۇشاتتى. ئىككى جۈپ قۇشقاچ بالىلىرى قىردا تۇرۇپ سېرىق جاۋغايلىق ئاغزىنى يوغان ئېچىپ يۇمران پەيلىرى، تەڭشەلمىگەن قاناتلىرىنى دولىسىدىن ئۈستۈن قىلىپ ئېغىتىپ ۋىچىرلىشىپ كەتتى. بىر جۈپ ئاتا - ئانا قۇشقاچ ئۇلارنىڭ يېنىغا ئۇچۇپ كېلىپ سەكرەپ تۇرۇپ ئەتراپقا سەزگۈرلۈك بىلەن قاراشتۇرۇپ ئۆزلىرىگە يامىشىۋالغان بالىلىرىنىڭ ئاغزىغا نۆۋەت بىلەن دان تىققىلى تۇردى. توپ - توپ كەپتەرلەر مەھەللىدىن ئۇچۇپ چىقىپ ئېگىزلىققا چۈشۈپ دانلاشقا باشلىدى. ئۇلار قىسماقچى بالىلارنىڭ قىسمىقىدىن قورقۇپ كەتكەچكە ناھايىتى چېچەنلىك، ئېھتىياتچانلىق بىلەن دانلاشماقتا ئىدى. ئېتىزلارنى قورشاپ تۇرغان قويۇق دەرەخزارلار ئارىسىدىن سالقىن ھاۋا ئۇرۇلاتتى. بىر ئەركەك كۆك كەپتەر كەپتەرلەر ئارىسىدا كېرىلىپ تۇرۇپ يىگىتچىلىك قىلىپ بۇقۇلداشقا باشلىدى.

— كېچىدىن نېمانداق چۈشەكەيسەن؟ — دېدى داۋۇتاخۇن

كەپتەردىن كۆزىنى ئۈزۈپ باش كۆتۈرمەي ئوتلاۋاتقان قويلارغا قاراپ قويۇپ .

ـــ نەدە چۈشەكىدىم ، ـــ دېدى ھەمىدەم خىجىل بولغاندەك كىچىككىنە ئاغزىنى ئېچىپ ئۇدۇل چىشلىرىنى كۆرسىتىپ كۈلۈپ . ئۇنىڭ كۈلكىسىدىن بىر غەمكىنچىلىك چىقىپ تۇراتتى .

ـــ ساپلا مەن يىقىتىۋەتمىدىم ، ئۆزى ... ئۆزى دەپ چۈشەكەپ يىغلاپ كەتتىڭ ، تۆت - بەش قېتىم ئويغىتىپ قويدۇم . مۇنداق قورسىقىڭغا چىرىپ چىقسام ، سەنزە ئاچامنىڭ بالىسىنى يىقىتىۋېتىپ قورقۇپ قېچىپ كەپسەن - ھە ؟

ـــ ياق ... ياق ... نەدە ... ـــ ھەمىدەمنىڭ كۆزلىرى يوغان ئېچىلىپ سۈزۈك ئاق ئالمىسى تارتۇق قاپىقى ئىچىگە سىڭىپ كەتكەندى ، كۆزلىرى ئەلەملىك پارقىراپتتى . داۋۇتاخۇن ھەمىدەمنىڭ قورقۇپ كەتكىنىنى كۆرۈپ كۈلدى .

ـــ قورقما ئۇكام ، مەن سېنى ئۇرمايمەن . ئەگەر ئايتىللائاچام بولغان بولسا شۇنى ئۇراتتىم ، ـــ داۋۇتاخۇننىڭ قارا يۈزلىرى ئاچچىقتىن تېخىمۇ سەت پۈرۈشۈپ قاشلىرى ئالدىغا كۆپۈپ چىقتى .

ـــ ئەلۋەتتە سەن بىر قورساقتىن چىققان سىڭلىسى بولغاندىكىن ، بېشىڭنى بىرەر قېتىممۇ يۇيۇپ - تاراپ قويماپتۇ . ئېگىنىڭنىمۇ يۇيۇپ - ياماپ بەرمىگىنىنى ، ھەقلى يوق ساراڭ . بالىسىنى بېقىپ ئوبدان ئەسقاتقانسەن . مەرەمنىساچامنى يامان دەيمىز ، ئەمما ، ئۇنىڭ ئايتىللاغا قالمىغاندا خېلى كۆيۈمى بار . زادى كىچىكىدىن تارتىپ بىر ئىشقا ئانچە ئېرەنشىپ كەتمەيتتى ، ئانام رەمەتلىك كوپىراتسىيىنىڭ ئىشىنى تۈگىتىپ بولالماي ھېرىپ - ئېچىپ چىسە يا ئوچاققا ئوت قالاپ قويمايتتى ، يا يوتقان - كۆرپىلەرنى يىغىپ قويمايتتى . شۇنىڭ بىلەن ئانام رەمەتلىك قاقشاپ «مۇشۇنداق قىلساڭ كېيىن ئەرگە تەگسەڭ قانداقمۇ بىر ئۆينى تۇتۇپ ئېرىڭنى رازى قىلالارسەن» دەپ

سۆزلەپ كېتەتتى . ئانام شۇنداق ئاۋارە بولۇپ كەتسىمۇ ئۇنىڭ خىيالىغا كەلمەيتتى . بىز بىلەنمۇ ئانچە ئەمەستى . ئانام تەلەي يەڭلار دەپ سۇپىرىغا يۈگەپ قويۇپ كەتكەن كۆمەچنىڭمۇ چوڭىنى ئۆزى يەۋېلىپ يانا تېخى مەرەمنىساچام بىلەن ئىككىمىزنىڭكىدىنمۇ يەۋالتى . بىز تىللىساقمۇ، يىغلىساقمۇ غەم تارتماي ھىجىيىپ تۇرۇۋالتى …

— ئاكا … ئاكا … قالىغىنا ، ئاتام كېلىۋاتامدۇ نېمە ؟

داۋۇتاخۇن گېپىدىن توختاپ ئارقىسىغا قايرىلىپ قارىدى . چوڭ يول تەرەپتىكى ئورمان بەلۋېغىنىڭ ئارىسىدىن بىر بوۋاي دۈمچىيىپ ئېتىزغا ئۆتۈۋاتاتتى . ئۇ ئادەم ئېگىزلىقتا چۈشۈپلا دۈمچەيگەن ھالدا بۇلار تەرەپكە قاراپ كېلىشكە باشلىدى . داۋۇتاخۇن بىردەم قارىغاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇردى :

— ھە راست ، ئىلغا قىلسام راست ئاتامكەن . ئەتىگەندە ئىت پوق يېمەستە نېمىدەپ كەلگەندۇ ئەمدى . ھەقىچان سېنى كۆرگۈسى كېلىپ ، تۈنۈگۈن ئاچامنىڭ ئۆيىگە بارسا سەن يوق ، شۇڭا مايەرگە كەلگەن گەپ . جۈگۈرە ئالدىغا بار .

داۋۇتاخۇن ھەمىدەمنىڭ مۈرىسىدىن ئالدىغا ئىتتەردى . ھەمىدەم ئالدىغا تۆت قەدەم مېڭىپ يەنە توختاپ تۈگۈلۈپ تۇرۇۋالدى .

— جۈگۈرە ، ئاتامنىڭ ئالدىغا بارمامسەن ! — داۋۇتاخۇن قاپىقىنى تۈردى . ھەمىدەم دەرھال لېۋىنى چىشلەپ يەرگە قارىۋېلىپ تىرنىقىنى تاتىلاپ تۇرۇۋالدى .

— بارمامسەن ؟

ھەمىدەم بېشىنى كۆتۈرمەي خىتىلداپ يىغلىغىلى تۇردى . داۋۇتاخۇن ئۇنىڭ ئېگىكىدىن تۇتۇپ يۈزىنى كۆتۈرۈۋىدى ، كۆز ياشلىرىنىڭ يۈزىنى قاپلاپ كەتكەنلىكىنى كۆردى . ئۇنىڭ كالپۇكلىرى ئۆمچىيىپ ، چىرايى تاتىرىپ كەتكەنلىكتىن لېۋى تېخىمۇ قىزىل كۆرۈنۈپ كەتتى .

— ۋوي، نېمە بولدۇڭ، مەن يا ساڭا يامان گەپ قىلمىسام، نېمىشقا يىغلايسەن؟ پەقەت ئاتامنىڭ ئالدىغا بار دېدىم شۇ، — قاداقلىشىپ كەتكەن يىرىك ئالىقىنى بىلەن ھەمدەمنىڭ كۆزىنى، مەڭزىنى ئېرتتى. ئۆزىنىڭمۇ كۆڭلى بۇزۇلۇپ گېلىغا بىر نەرسە تۇرۇپ قالغاندەك بولدى. ئاتىسى يېقىنلاپ كەلدى. ئۇ دۇمچەيگەن ھالدا پۇتىنى سۆرەپ ماڭاتتى. چاۋار قۇۋان تولىمۇ رەزگىللىشىپ كەتكەنىدى. ئاقارغان چاچلىرى ئۆسۈپ سىرتىدىكى بىر قېتى تىتىلىپ كەتكەن دوپپىسى ئاستىدىن قېرى ئەچكىنىڭ قۇيرۇقىدەك دىردىيىپ چىقىپ قالغانىدى. ئاقىرىپ ئۆسۈپ مەينەتلىشىپ كەتكەن ساقاللىرى شامال دارىپ كەتكەن ئۇچۇق مەيدىسىگە سۇركىلىپ تۇراتتى. ئۇ يىراقتىنلا:

— بالام ھەمدەم، بارمۇ سەن؟ — دەپ يالاڭ پۇتلىرىنى تېز - تېز ئالماپ دەسسەپ كېلىشكە باشلىدى. قاپقارا قېتىپ كەتكەن پۇتلىرى دىڭگىيىپ تۇرغان ئېگىزلارنى پاراسلىتىپ يانجىپ كەلمەكتە ئىدى. ھاسىدەك كۆرۈنىدىغان چار پوستەك باسقان ئۇچۇق پاچاقلىرىنى خۇخا - يانتاق جىجىۋەتكەن بولسا كېرەك، ئىنچىكە قان سىزىقلىرى قېتىپ قالغانىدى. پۇرلىشىپ تېقىمىغا يىغىلىۋالغان ياماق ئىشتىنى تولىمۇ قىسقا ئىدى. كونا خەسە ئاق يەكتىكىنىڭمۇ بىر مۇنچە يېرىگە ياماق چۈشكەنىدى، يەكتىكىنىڭ تۆپىسىدىن باغلىۋالغان كۆك بەلۋېغىغا ئېسىۋالغان ساغرا غىلاپلىق پىچاق، كىندىكىنىڭ تۆۋىنىگە ساڭگىلاپ ھەر قەدەم باسقاندا پولاڭلاپ تۇراتتى. ئۇ كېلىپلا ھەمدەمنى باغرىغا بېسىپ يۈزلىرىگە سۆيۈپ كەتتى. ئۆسكىلەڭ قاشلىرى ئاستىدىن كۆرۈنمەي قالغان خۇنۇك كۆزلىرىدىن چىققان ياش قويۇق ساقاللىرى ئارىسىدىن تاتىراڭغۇ مەڭزىنى بويلاپ ئاقاتتى.

— بارمۇ سەن بالام، ئاكاڭنىڭ يېنىغا پانا تارتتىڭمۇ، قانداق كېلەلىگەنسەن جېنىم بالام، چەمەكتەك پۇتلىرىڭدا.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئاتا ...

چاۋىراخۇن قولىنى ئۇغلىغا تەڭلەپ ئاستا قىردا ئولتۇرۇۋالدى .

— سەنمۇ تىنچلىق تۇردۇڭمۇ بالام .

— تىنچلىق ئاتا ، سەنمۇ تىنچلىق تۇردۇڭ .

— خۇداغا شۈكرى بالام . ما ئۇكاڭنى كۆرمەمسەن ، بۇ يەرگە قانداق مېڭىپ كەلگەنسەن بالام ، ئاخشام ئېغىر ياتقۇ مەھەللىدە بىركىم ئىشىكنى ئۇرۇپ تۇۋلاپ كەتتى ، چىقسام ئابدۇكېرىماخۇننىڭ ئىككىنچى ئىنىسى ئابباس ئاخۇنكەن ، نېمە بالا بولغاندۇ دەپ مېڭەمدىن تۇتۇن چىقىپ كەتتى . نېمە بولدىكىن دېسەم ، بۇگۈن چاشكا ھەممىدەم بالىنىڭ بېلىنى سۇندۇرۇۋېتىپ يوقاپ كەتتى . قورقۇپ بىرمە بولمىسۇن دەپ ئەنسىرەپ ئايتىللائاچام ئاتامنىڭ مەھەللىسىگە بېرىپ بېقىڭ ، بارغان بولسا مەيلى ، بولمىسا ئاتام ئاڭلاپ قالسۇن دېگەن دېمەمدۇ ، يۈرىكىم قوزغىلىپ كەتتى . ۋاي كىچىككىنام بالا قانداق قىلىپ بالىنىڭ بېلىنى سۇندۇرۇۋېتىدۇ ، دېسەم ، ئۇقمىدىم دەيدۇ . بالىنىڭ بېلىنى سۇندۇرۇپسەن دەپ ھەممىدەمنى ئۇرۇپمىكەن دېسەم ، ياق ، ئۇ چاغدا ئايتىللائاچام ئۆيدە يوقكەن دەيدۇ . ئۆيدە قونۇپ قېلىڭ دېسەم ئۇنىماي ئاشۇ قارا كېچىدە كەتتى . دەماللىققا ئەنسىرەپتىمەنۇ ئۆيگە چىرىپ يېتىپتىمەن . لېكىنزە بىر تال ئۇيقۇم كەلمىدى . ئەمدى كىچىككىنام بالا قورقۇپ كېتىپ نەگە قاڭقىپ چىقىپ كەتكەندۇ . بىر يەردە كېتىۋېتىپ تېنەپ ئۆستەڭگە چۈشۈپ كەتكەنمىدۇ ، يولدا بىرنېمە بېسىۋالغانمىدۇ ، بارىدىغان يېرىنى تاپالماي نەلەردە يىغلاپ يۈرگەندۇ دەپ كۆڭلۈمگە يەتمىگەن ئىشلار قالمىدى . ئاخىر داۋۇتاخۇننى پانا تارتىپ كەلگەنمىدۇيا دېگەن خىيال كەچتى ، شۇنداق بولسىمۇ ئىچىمگە بىر ۋەسۋەسە چىرىشۈپلىپ زادى ئارام بەرمىدى ، ئاخىر بولالماي تۇن تەڭ بىلەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ مېڭىپتىكەنمەن ،

توغاي چۆچۆدا كۆك تىكەن مەھەللىسىگە كەپتىمەن . ئۆيقۇم كېلىپ بولالماي يول تۆپىدە قىرغا يۆلىنىپلا جىندەك كۆزۈمنى يۇمۇۋېلىپ ماڭدىم ، بالام مېنى بەك قورقۇتۇۋەتتىڭ ، نېمىشقا مېنىڭ يېنىمغا بارماي بۇ يەرگە كەلدىڭ ؟ — چاۋىراخۇن يەكتىكىنىڭ پېشى بىلەن كۆزىنى سۈرتتى . ھەمدەم ئۆپكىدەپ يىغلىغىلى تۇردى .

— باراي دېسەم سېنى ئۇرامدىكىن دەپ قورقتىم .

— سېنى نېمىشقا ئۇرىمەن جېنىم بالام ، سېنى ئۇرغان قولۇم قۇرۇپ كەتسۇن بالام . ھەقىچان ئاچاڭنىڭ بالىسىنى قارا ساناپ يىقىتىۋەتمەيسەن ، بالا دېگەن شۇنداق تاتلىق بالام .

ھەمدەم ئاتىسىنىڭ ئۆزىگە مېھرى بىلەن قىلغان سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئۆزى بىلەن تەڭ يىغلاۋاتقىنىنى كۆرۈپ قورقۇنچىسى كۆتۈرۈلۈپ كەتتى . ئۇ كۆزلىرىنى قولىنىڭ دۈمبىسى بىلەن سۈرتۈپ تۇرۇپ :

— شۇ ... شۇ مەن يىقىتىۋەتمىدىم ، ئاچام بۆشۈككە بۆلەپ بەرگەن . تەۋرىتىۋېتىپ ئۇخلاپ قالسام قىقىراپ يىغلاپ كەتتى . ئويغانسام ، پۇتى تەرەپ بۆشۈككە تېڭىقلىق يەرگە ساڭگىلاپ قاپتۇ . بۆشۈكتىن يەشسەم پەس بولمىدى . بېلى ... بېلى ھەجەپبى تۇرىدۇ ، بىردەم ... بىردەمدە ئىششىپ يوغان بوپ كەتتى . بەك يىغلاپ تېلىقىپ كەتتى . ئاچام ئۇرامدىكىن دەپ قورقۇپ قېچىپ چىقتىم .

— دائىم سېنى ئۇرامدۇ ؟ — سورىدى داۋۇتاخۇن قاپاقلىرىنى تۈرۈپ .

— شۇ ... شۇ دائىم سەھەر قوپۇپ ئېشەككە ئوت ئەكەلمىسەم ، ھەر كۈندە ئېگىزلىقتا بېرىپ ئون بوغماق باشاق تەرمىسەم ئۇرىدۇ .

— ھۇ سەت ، داپ يۈز پاسكىنا . ماڭا ما يەردە بالاڭنى باقتىم دەپ يوغان ئاتاقنى ئېلىپ بالىسىنى باقتۇرغىنى ئاز

كېلىپ كىچىككىنە بالىنى ئېشىكىگە ئوت ئالغىلى، باشاق تەرگىلى سالغىنىنى، — دېدى چاۋىراخۇن قايناپ.

— مۇشتەك تۇرۇپ قانداق ئوت ئېلىپ باشاق تېرەلەيدىكەنسەن، — دېدى داۋۇتاخۇنمۇ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ.

— خۇددى بىر قورساقتا ياتمىغاندەك قىلغان ئىشنى ئانىڭ، خەقمۇ ئۇنداق قىلمايدۇ. كىچىك بالا دېگەن ئىشۇ بىر بالىغا قارانچۇقنىڭ ئورنىدا قالاپ بەرسە بولمىدىمۇ. خەپ ئايتىللا، خۇدايىمنىڭ كۆزى بار ئاشۇنداق. سەن ئۇكاڭغا قىلساڭ، بالاڭدىن تارتىسەن، بولدى بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ئۆيىدە تۇرما.

— بارمايمەن، — ھەمدەم يەنە يىغلاپ كەتتى.

— ۋاي ئاتا، كېچىنىڭ ياقى تولا چۆشەكەپ «مەن يىقىتمىدىم» دەپ جۆلۈپ چىقتى دەيمەن، تولا ئۇرۇپ قورقىتىپ، يۈرەك ئالدى قىلىۋېتىپتۇ دەيمەن بۇ بىچارىنى. بولدى مېنىڭ يېنىمدا تۇرسۇن، مەن بېقىپ كېتەلەيمەن.

چاۋىراخۇن ئوغلىغا گۇمانسىرىغاندەك قارىدى. قاپقارا قاداق بارماقلىرى بىلەن ئېڭىكىنىڭ ئاستىنى تاتىلاپ قويۇپ ئۇلۇغ - كىچىك تىندى.

— سەنمۇ باقساڭ بېقىپ كېتىسەن. ئەمما ھازىر خەقتە ئىنساپ كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. شاڭجاڭغۇ جاھاندا تېپىلغۇسىز ئوبدان ئادەم، باياتىنمۇ ئاتايىن مەن بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ قول بېرىپ كۆرۈشتى. ئۇ ئادەم دېگەن ئادەتتە خېلى - خېلى ئادەملەرگە ئىزىدىن قىممىرلىماي ئولتۇرىۋېرىدۇ. بىرمۇنچە ھال - ئەھۋال سوراپ كەتتى. كەلگ قورساق ئادەم. ئاشۇ ھەۋزىخانزە گېپى تولا ۋاتىلداق خوتۇن، بايا مېنى كۆرۈپ خۇددى مەن بىر قاچا ئېشىغا زىيان سالىدىغاندەك پېشانىسىدىن مۇز ياغدۇرۇپ، سالام قىلاي دېسەم سالام قىلىدىغان ئىستى -

يىستىمۇ يوق شائجاڭ كاتتا تەكلىپ قىلسا ئېرىگە يوغان بىرنى
ھومىيىپ مەن ئۇدۇل بىرىپ تاۋار كۆرىپىمەن
ئولتۇرۇۋالىدىغاندەك كۆرىپىسىنى يىغىشلىۋاتىدۇ . مانداغ
باقسامزە مەنمۇ كالىدەك ئىشلەپ بىرىپىمۇ سىقىلىدىغان
ئوخشايمەن بالام .

داۋۇتاخۇن يەرگە قاراپ يۇتىنىڭ بارمىقىنىڭ ئۇچىدا يەرنى
جىجىدى . چاۋىراخۇن گەپتىن توختاپ يىراقتا پارقىراپ تۇرغان
سېرىقتال جىگدىلەرگە قارىدى . كۆن ھازىر خېلى تىكلەشكەن
بولۇپ ، سالقىن ھاۋا قىزىشقا باشلىدى . ئېتىزنىڭ يىراق بېشىدا
شەخسىنىڭ كىچىك خامانچىقىدا ئاق قالپاق كىيىۋالغان بىر
بوۋاي يايداق ئېشەككە مىنىۋېلىپ مومىغا چىتىۋالغان كاللارنى
قولىدىكى تاياق بىلەن ئۇرۇپ لاي - لاي توۋلاپ خامان ھەيدىمەكتە
ئىدى . ھەممىدەم بوينىنى قىسقان ھالدا قىرنىڭ باغرىدا ئولتۇرۇپ
قىرنىڭ يان باغرىدىكى قاتارلىشىپ كېتىۋاتقان چۇمۇلىلەر
سېپىگە كۆزىنى چىمىلداتماستىن تىكىلىپ قالغانىدى .

— ئاتا ، ئۇ خوتۇننىڭ خۇيى شۇ ئەمدى ، قانداق قىلىمىز ،
خۇدايىمنىڭ پېشانىمىزگە پۈتكىنى شۇكەن ، تارتماسلىققا نېمە
ئامالىمىز بار . ناھايىتى مەرەز خوتۇن . ئاشۇنداق قاپىقىدىن مۇز
ياغدۇرۇپ چالۋاقايدۇ . گەپلىرى زەھەردىن ئاچچىق . دەسلىپىدە
مەنمۇ تولا قورسىقىم سىقىلىپ ، زەردەم قايناپ ئۆزۈمنى
ئۇپراتقان ، كېيىنچە كۆنۈپ قالدىم . ھازىر نېمە دېسىمۇ
قۇلىقىمنى يوپۇرۇپ يۇرىۋېرىمەن . ئۇ ئۆيدىكىلەرنىڭ شائجادىن
تارتىپ ھەممىسى شۇنداق . ئۇ خوتۇننىڭ ئەلپازىنى ، گېپىنى ھار
ئېلىپ كەلسە ئادەم بىر كېچىدىلا ئۆلۈۋالغۇدەك گەپ قىلىدۇ .
ماقۇل دېسەڭ ، ھەممىدەمنى ئۆزۈم مۇشۇ يەردە ئېلىپ قېلىپ
باقىمەن . ئۇ قانچىلىك بىر نېمە يەيتى . بۇنىڭغا بەك
چىدىيالمىسا ، ھازىر ماڭا خېرىدارلىق قىلىپ بىزنىڭكىدە
يانداقچىلىق قىلساڭ دەيدىغان مالچىلار جىق . شۇ يەرگە

كېتىمەن .

— بۇنداق گەپنى ئىككىنچى ئاغزىڭغا ئالما بالام ، ئۇنداق ئىشنى قىلامدىغان ، ئۇنداق قىلساڭ بۇ يۇرتنىڭ نېنى ساڭا هارام بولىدۇ . بۇ ئادەمنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادى جىق ، قولىنى نەگە ئۇزاتسا يېتىدۇ . ئۇچ ئېلىپ يانچىشىغا ئېلىپ ئۇرۇۋېتىدۇ .

— ياق ، ئەمدى مەسىلەنگە دەيمەن . ماڭىمۇ چىدىمايدۇ . هېچقانداق ئىشلەمچى مەندەك ئىشلەپ بەرمەيدۇ ، ئۇ جالدالڭ خوتۇن ئىككى - ئۈچ كۈن كوتۇلدىسا كوتۇلداپ زۇۋانى يېسقىدۇ . بۇزوراخان بالىسىنى باقالماي ئاران تۇرۇۋاتىدۇ . بۇزوراخانغا مانىڭ يولى ماۋۇ دېسەم خۇش بولۇپ ئۇ خوتۇننىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلايدۇ ، — داۋۇتاخۇن شۇنداق دەۋاتقاندا يەرگە قاراپ ئولتۇرغان ھەمدەمنىڭ بېشىنى كۆتۈرۈپ لاپپىدە ئۇزىگە قارىغىنىنى كۆرۈپ يۇزلىرى قىزىرىپ كۆزىنى باشقا ياققا ئەپقېچىپ گېپىنى توختىتىۋالدى .

ھەمدەمنىڭ ياش يۇقى كۆزلىرى مەنىلىك كۆلۈمسىرىگەندەك بولدى - دە ، يەنە چۈمۈلە سېپىگە قارىۋالدى . داۋۇتاخۇن كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ سىڭلىسىنىڭ ئاستىنقى لېۋىنى ئاستا چىشلەۋاتقىنىنى كۆرۈپ «مۇشتەك تۇرۇپ ئىش ئۇقۇپ قالغان ئوخشايسەن» دەپ ئىچىدە كۇلدى . ئاتىسى خۇنۇك كۆزلىرىنى قىسقان ھالدا سىڭايان ئولتۇرۇپ ھېچنېمىنى سەزمەي غەمگە چۆكۈپ ئولتۇراتتى . ئۇلار بىردەم جىم ئولتۇرۇشۇپ قالدى .

قورسىقى تويغان قويلار ئوت خىلالاپ ياشىرىپ گۆللەپ كەتكەن كېۋەزلىك تەرەپكە ماڭغانىدى . داۋۇتاخۇن ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ ھاسىنى ئېلىپ :

— ھەي … ھەي ! — دېگىنىچە قويلارنىڭ ئالدىغا يۈگۈردى . چاۋىراخۇن ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويۇپ ، ھەمدەمنىڭ پاخپىيىپ كەتكەن يۇمشاق قوڭۇر چاچلىرىنى

سىلىدى .

— بۇ يەرنى قانداق تېپىپ كېلەلىدىڭ بالام ؟

ھەمدەم مىيىقىدا كۈلدى . ئۇنىڭ كۈلكىسىدە غەم ـ قايغۇ ئەكس ئېتەتتى .

— چوڭ يولغا چىقىپ ئۆي بۇغدايىنىڭ دوقمۇشىغا كەلگەندە يىغلاپ تۇرسام ، بىر قېرى ئادەم ئېشەكلىك كېلىپ بالام نەگە بارىسەن دەپتى ، قارا سايغا دېسەم ئېشىكىنىڭ ئالدىغا ئېلىۋالدى .

چاۋىراخۇن خىرىلداپ كۈلۈپ يىرىك قوللىرى بىلەن ھەمدەمنىڭ ئېڭىكىدىن ئەركىلىتىپ قويدى . ھەمدەم ئېڭىكىنى خۇخا تاتىلىغاندەك بولۇپ كىچىك قارا قوللىرىنىڭ دۈمبىسى بىلەن سىلاپ قويدى .

— ئاتا ، ھاۋا قىزىپ كەتتى . كېتەلى ، — دېدى داۋۇتاخۇن چىرايى تۇرۇلگەن ھالدا قايتىپ كېلىپ .

— كۆك تىكەندە بىردەم كۆزۈمنى يۇمۇپلا مەرەمنىسائاچاڭ-نى چۈشەپ قاپتىمەن . ھەمدەمنى ئېلىۋېلىپ ئاچاڭنى يوقلاپ كېلەي ، قانداقراق ئولتۇردىكىن .

— ھازىرلا بارىلى ئوبدان ئاتا ! — خۇشلۇقىدىن ھەمدەمنىڭ كۆزلىرى چاقناپ كەتتى .

— زادى ھازىر ماڭماسلىق بولمايدۇ . ھازىرمۇ خۇپتەنگە ئاران بارالايمىز .

— ئەمىسە تائام يەۋراق ماڭامسىلە ؟

— ياق بالام . بېلىمدە بىر زاغرا بار ، ھەمدەم بىلەن قورسىقىمىز ئاچسا بىرەر ئېرىق بويىدا سايىداپ ئولتۇرۇپ يەۋېلىپ ماڭىمىز . خۇداغا ئامانەت بالام .

— مەيلىڭ ئەمىسە ، خۇداغا ئامانەت .

— خۇداغا ئامانەت ئاكا .

— خۇداغا ئامانەت .

داۋۇتاخۇننىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ كۆزىگە غىلىلدە ياش ئالدى .

ئاتىسى ئالدىغا دۈمچىيىپ ھەممەمنى يېتىلەپ ئېلىپ ماڭدى . ئۇنىڭ قاپقارا قېلىن تاپانلىرى ئاستىدا ئېگىـــزلار پاراسلاپ مىجىلىپ تۇراتتى .

— ئاتا … ئاتا توختاپ تۇرە .

چاۋىراخۇن ئاستا توختاپ كەينىگە ئۆرۈلدى . قارا قاداق قوللىرىنى پېشانىسىگە تۇتۇپ ، قىسىلغان كۆزلىرىنى يۇگۇرۇپ كەلگەن ئوغلىغا تىكتى ، داۋۇتاخۇن تامبىلىنىـــڭ پەۋىزىدىن كونىراپ كەتكەن بىر سوم پۇلنى چىقىرىپ ئاتىسىغا بەردى .

— بۇنىڭغا خەج - خىراجەت قىلارسەن . بوۋاينىڭ كۆزلىرى خۇشاللىقنى يوشۇرالمىدى . قـولىنى تـەڭـلـەي دەپ تـوختـاپ قالدى - دە :

— ئۆزۈڭ خەجلە ، — دېدى .

— مەن پات بازارغا بارالمايمەن ، سەن خەجلە .

چاۋىراخۇن ئوغلىغا گۇمانسىراپ قارىدى .

— بالام ھەرگىز … ھەرگىززە … ئەسكى يوقتىن بىرنى يەپ سالما جۇما ، — دېدى .

— توۋا دېگىنا ئاتا … ئۆتكەن كۈندە … بۇ … ياق ، سالەك ئاتامنىڭ خۇشلۇقى تۇتۇپ قاپتىكەن بەرگەن .

— ھە ئۇنداق بولسىغۇ مەيلى ، — دېدى . چاۋىراخۇن خۇشلۇقتا كۆزىگە ياش ئېلىپ ، — ماڭا بەرسەڭ ، خۇدايىم ساڭا بېرەر . ئۆمرۈڭنى ئۇزۇن ، دۆلىتىڭنى زىيادە قىلا …

بوۋاي يىرىك قوللىرى بىلەن يۈزىنى سىيپاپ پۇلنى قوينىغا سالدى - دە ، ھەممەمنى يېتىلەپ مېڭىپ كەتتى . ھەممەم پات - پات كەينىگە قاراپ تۇرغان ئاكىسىغا يىغلىغاندەك كۆلۈپ قارايتتى .

چاۋىراخۇن دۈمچەيگەن پېتى ئالدىغا قاراپ مېڭىۋەردى . داۋۇتاخۇننىڭ كۆزى ئاتىسىنىڭ ھاسىدەك گۆشسىز پاچاقلىرىغا چۈشكەندە ، كۆڭلى بۇزۇلدى . ئۇ كىچىك چاغلىرىدا ئاتىسىنىڭ

يوغان قارا بىلىقتەك گۈشلۈك پاچاقلىرىغا دائىم ھەۋەسلىنىپ قارايتتى . ئاتىسى ھەر قېتىم ئېتىزغا سۇ قويغاندا ئۇنى ئېچىق بېشىنى ساقلاپ بېرىسەن دەپ ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىۋالاتتى . ئاتىسى تامبىلىنىڭ پۇشقىقىنى تورگەندە يوغان بولجۇڭ گۈشلىرى ، تاشتەك قاتقان ، كۆپكۈك تومۇرلىرى ئېسىلىپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى . ئۇ شۇ چاغلاردا دائىم ئاتىسىدىن يوشۇرۇنچە ئۆزىنىڭ كىچىك بارماقلىرىغا ئاتىسىنىڭ پاچىقىنىڭ تومۇرلىرىنى سىلىشتۇرۇپ كۆلۈپ قويىدىغان ھەم دائىم : «مەنمۇ ئاتامدەك بولغاندا مېنىڭ پاچىقىم ئاشۇنداق يوغان بولىدۇ . ئۇ چاغدا پۇتۇمغا ئۇششاق بالىلاردىن نەچچىسى ئېسىلىۋالسىمۇ ، بىزنىڭ ئېشەكتەك سۆرەپ كېتىمۋېرىمەن» دەپ چوت سوققانىدى . مانا ھازىر ئۇنىڭ پاچىقى شۇ چاغدىكى ئاتىسىنىڭ پاچىقىغا ئوخشاش چوڭ بولىدى . ئەمما ، ھازىر ئاتىسىنىڭ پاچىقى ئۇنىڭ بىلىكىچىلىكمۇ قالماپتۇ . ئاتىسى قېرىپ كەتتىمىكىنىيا ؟ ياق ، سالەك شاڭجاڭمۇ ئاتىسىدىن چوڭ چىققا چىقىدۇ ، كىچىك چىقمايدۇ . ئەمما ئۇ ئادەمنىڭ پاچىقى ھەممەمنىڭ بىلىدەك كېلىدۇ . خۇددى ئاق ئۇستىخان خوتۇنلارنىڭكىدەك ئاق ، تۇكسىز . ئاتامنىڭ ھازىرقى پاچىقى يېڭى تۇغۇلغان تەخەينىڭ پاچىقىدەك زىلىۋا ھەم تۈكلۈك ، ھەي ئاتا ، ھەي ئاتا ، بۇ گۇناھ مەندىمىدى ئۆزۈڭدە . سەنمۇ تاپقىنىڭنى كېلىسىڭغا يەپ نېشە چەكمەي كوپىراتسىيىدە ئوبدان ئىشلىگەن بولساڭ سالەك شاڭجاڭغا ئوخشاش بى ئىشنىڭ بېشىنى تۇتۇپ دۆلەت كۆرەردىڭ . مەنمۇ خەقنىڭ غالچىسى بولۇپ قالماستىم . سەنمۇ مۇشۇنداق سۆرىلىپ يۈرمەستىڭ . ئانامۇ ئۆلۈپ كەتمەستى . ئۆيىمىز ۋەيران بولۇپ بۇنچىۋالا سورۇقچىلىق تارتىپ كەتمەستۇق . سېنى ھېچ ئىشقا سالماي نېشە چېكىشكە قويسا ، خۇدايىم قايسى ئاي ، قايسى كۈنلۈكتە بېشىڭغا ساپتىكى بۇ سەۋدانى سېنىڭ . مانا سالەك شاڭجاڭمۇ ساڭا ئوخشاش كوپىراتسىيىدە ئىشلەپتىكەن ،

كالا بېقىپتىكەن، ھارۋىكەش بوپتىكەن. ئاغزى يۇمشاق، ئۆزىنىڭ ئىشىغا پۇختا بولغاچقا شاڭجاڭ بولۇپ كېيىن چۈشۈپ قالسىمۇ يەنە كادىر بولۇپ خەققە پەتتە كېسىپ بېرىپ يۈرۈپ شۇنچىۋالا ۋەج، دۇنياغا، ئىناۋەتكە ئىگە بوپتۇ. سېنىڭ تىمىقىڭغا تەڭ كېلەلمەيدىغان ئادەملەرمۇ ھازىر خېلى ئادەم بولۇپ قېلىپ سەن ئەمەس، مەن دەپ يۈرىدۇ. سالەك شاڭجاڭمۇ بۇرۇن ھېچكىم كۆزىگە ئىلىپ قويمايدىغان بىر بەگچەك تازكەن. مانا ھازىر ئۇ كىمنى كۆزگە ئىلىدۇ، ھېچكىمنى، خەق ئېگىلىپ سالام قىلسا خۇشياقسا سالام قىلىدۇ. بولمىسا قىسىلچىقىغا ئالماي قولىنى كەينىگە تۇتۇپ كېتىۋېرىدۇ.

ئۇ ئاتىسىنىڭ ئىچ مايماق پۇتلىرىنى ئالماپ دەسسەشلىرىگە قاراپ ئاچچىق ھەسرەت يۇتۇپ بوينىنى قىسىپ بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن قويلىرىنى ھەيدىدى. قورسىقى تويۇپ ئويۇن چىقارغىلى تۇرغان قويلار بارغانچە قىزىتىۋاتقان ئاپتاپتىن بىزار بولۇپ تۇمشۇقىنى ئېگىزغا سۇركەپ يول تەرەپكە يۈگۈرۈشتى. داۋۇتاخۇن يەنە ئارقىسىغا قارىدى. ئاتىسىنىڭ قولىنى تۇتۇۋالغان ھەممەدەممۇ ئارقىسىغا قارىغانىدى.. ھەممەدەم دەرھال قولىنى كۆتۈرۈپ كىچىك بارماقلىرىنى لىكىلداتتى. داۋۇتاخۇنمۇ قولىنى پۇلاڭلاتتى. ئىست بىچارە، قىينىلىپ قالىدىغان بولدى، ئىسسىق ئۆتۈپ قالمىسا بولاتتىغۇ، قويۇپ كەت دېسەم ئاتامۇ ئۇنىمىدى. كىچىككىنام تۇرۇپ نېمە تارتقۇلۇق بىچارىگە. خەقنىڭ ئۇنىڭدەك باللىرى غېمىدە يوق ئانىسىنىڭ ئېتىكىدىن چىقماي ئويناپ يۈرىدۇ. ئاش - نېنىنى يېگۈزۈپ، كەشىنى كىيدۈرۈپ قويمىسا ئۇخلاپ كىيەلمەيدۇ تېخى.

داۋۇتاخۇن قويلارنى ھويلىغا ھەيدەپ كىرگەندە سالەك شاڭجاڭ بىر ئىچ مايكا بىلەن تۇرنا قانىتىدا ياسالغان ياغاچ ساپلىق يەلپۈگۈچتە ئۆزىنى يەلپۈپ ئولتۇرۇپ ئالدىدا ئۆرە تۇرغان بىر چوكان بىلەن شاپاق دوپپىسىنى سىڭايان كىيىۋالغان بىر ياشقا

بوش ئاۋازدا گەپ قىلىشۋاتاتتى . چوكاننىڭ قوچىقىدا بالا بولۇپ ، بالىنىڭ كىچىك پۇتلىرى زاكىسىدىن چىقىپ قالغانىدى . چوكانمۇ ، يىگىتمۇ شاڭجاڭنىڭ ئالدىدا يەرگە قاراپ ئۈنسىز تۇراتتى . قويلار قوتاننىڭ ئىشىكىگە يېتىشماي قىسىلىپ قېلىپ ئەگمىن ئىشىك غاراسلاپ كەتتى .

— ئالدىرىماي چىقسىمۇ شۇ ئېغىل گۇيىنىڭ قويلىرى . قوتاندا سوۋۇتۇپ قويغان بىر نېمە باردەك ، — دېدى ئۆيدىن بىر تەڭلە يۇندا كۆتۈرۈپ چىققان ھەۋزىخان ۋارقىراپ . داۋۇتاخۇننىڭ كۆڭلى بىر قىسما بولدى . ئەمما ، ئاڭلىمىغانغا سېلىپ ئېغىلنىڭ ئىشىكىنى ئەتتى . «ھۇ سەت ، زوۋۇانغا بالا تەگكۇر قېرى . خۇدايىم زوۋۇانىڭنى بىر كېچىدىلا دارغا تارتىپ قويغىدى . شۇ چاغدا قولىقىم تىنچاتتى» دېدى ئۇ ئىچىدە . ھەۋزىخان تەڭلىنى داققىدە يەرگە قويۇپ «ئۇھ» دەپ ئۆرە بولدى . قارا شىپوڭ كۆڭلىكىنىڭ كەينى تەرىپى يوغان كاسىسى بىلەن بېلىنىڭ ئارىلىقىغا قىسىلىپ قالدى . ئۇ پېشانىسىگە ساڭگىلاپ چاپلىشىپ قالغان چاچلىرىنى تارتىپ رومىلىنىڭ ئاستى بىلەن قولىقىنىڭ كەينىگە تىقىپ ياغلىقىنى باشقىدىن چىگىتىپ تاڭدى . قولىقىدىكى قەدىمىي نۇسخىدىكى ئالتۇن زىرىسى پولاڭلاپ ئۇزۇلۇپ كېتەي دەپ قالغان قولاق مۇنچىقىنىڭ تۆشۈكى تېخىمۇ سوزۇلۇپ كەتكەندەك كۆرۈنۈپ كەتتى . زىرىسىنىڭ ئەۋرىشىم يىپتىن قىلىنغان بېغى كىردىن قاپقارا موملىغان موزدۇزنىڭ يىپىغا ئوخشاپ قالغانىدى .

— قويلارنىڭ قانى تويغاندۇ داۋۇتاخۇن ؟ — دېدى ئۇ موزاي مۆرىگەندەك ئاۋازىنى سوزۇپ .

— تويدى .

— تويدى ، تويدىلا دەيسىز ھەر كۈنى كېلىپلا قوتانغا چىرە - چىمەي بىر مەرەشكىلى تۇرسا ئادەمنىڭ زەنىنى دوڭغايتىپ يەنە ئوت سالمىسا بولمىغان . ھازىر يا يېقىن يەردە

ئوت بولمىسا، بەك چىدىيالمىسىڭىزمۇ سەل بى تويغۇزۇۋاراق ئەكېلىڭە، گەپ قىلمىسام بۇ قويلار ھەپتىنىڭ ياقى روزا تۇتۇپ تۇكلىرى تەتۇر يانغىلى تۇردىيا، قانداق دېگەن گەپ بۇ. ۋاي داۋۇتاخۇن دەپ شۇنداق چىشىنىڭ ئېقىنى چىقارغان كۈنى ئادەمنىڭ گەدىنىگە مىنىپ ئېشەك ئېتىسىزيا سىز. نەدىن ئۆگەندىڭىز ئۇنداق ئادەم بوزەك ئېتىشنى، سەل ئۆزىڭىزنى سوراڭ جۇماڭ. مانا يەنە مەن بىر تەڭلە يۇندىنى كۆتۇرەلمەي جېنىم چىقاي دەۋاتسا خىيالىڭىزدا يوق ئېغىلغا كېتىۋاتىسىز. خېلى ئايغىڭىز يېنىكتى، بارغانچە لايغەزەللىشىپ كەتكىلى تۇردىڭىز ...

— قوتاننىڭ ئىشىكىنى ئېتىۋەتمىسەم قويلار چىقىپ كېتەر ھەقچان، — دېدى داۋۇتاخۇن ئۆزىگە - ئۆزى دېگەندەك بوش قىلىپ.

— ۋاي يوغان گەپ قىلىسىزيا گەپ قىلمىسام، مۇشۇ كۈندە تىلىڭىز خېلى ئۇزىراپ قاپتىيا. ھە ئەمدى گەپ قىلغىلى بولمامدىمۇ دەيمەن. قوينىڭ قورسىقى تويماپتۇ دېگەن يامان گەپمىكەن، مەن گەپ قىلسام‌لا بويىنىنى شاپتۇل قاقىدۇيا ما سەت يېتىم ئوغلاقنىڭ.

— قوي دېگەننى مۇسا پەيغەمبەرمۇ تويغۇزۇپ بولالماپتىكەن، بولدى، گەپ قىلمىساڭلاريا خوتۇن، — دېدى سالەك شاڭجاڭ.

— ھە مەن گەپ قىلماي، ماقۇل، مەن گەپ قىلماي. دائىم مەن بىر نېمە دەپ بولغۇچە ۋاي گەپ قىلماڭلار دەپ سالاكەشلىك قىلىدىغان ئادەم جىق چىقىپ كېتىپ ئاخىرى مەن يامان ئاتلىق بولۇپ دوڭغىيىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ قالدىم. قالغانلار سالەك ئاتىسى، بوزوراچىسى، ھاۋا كۆلى پەقەت مەنلا بالاغا قالغان، مەن يامان، ۋاي تويمىغان مەن، ۋاي ئۆلمىگەن مەن، ئۆي ماڭا لازىم. دائىم مېنى يامان ئاتلىق قىلىپ چىقىرىشقا ئۇستا ھەر قايسىڭلار.

مېنى بېسىپ بېرىپ بۇ سەت شۇمنى كۆتۈرۈپ بەرگەچكە مېنىڭ گېپىمنى ئىككى پۇلغىمۇ ئالماس بولۇپ كەتتى سەت قوتا. كەلگەندە قانداقتى بۇ كۆك پوتلا شۇم. مەن ئادەم قىلىپ قويسام ئەمدى قالىڭە، مانا ئەمسە دەپ ئۆينى مۇشۇ داۋۇتەك بىلەن ھەرقايسىڭغا تاشلاپ بېرىپ كېتىمەن بىكا، سىلە مۇشۇنداق دىندوسلىتىپ كۆتۈرۈپ ئاخىر بۇ سوقۇندىنىڭ قولىدا بېشىڭلىنى يەيسىلە. مەن نەچچە بىسىنىڭ قارنىنى باقىمەن. تۇنۇگۇن بىر جىن قوشۇقى كەپتىكەن، بۇگۇن قالسام، جۇلدۇر كېپەن ئاتىمى كەپتۇ بۇ نېمىنىڭ. مېنىڭ ئۆيەم دەڭ ئەمەس ...

— بولدى خوتۇن، بولدى دەيمەن، نېمانداق كاسىلداۋېرىدىسىلە ...

داۋۇتاخۇن بېشىنى يەردىن ئۇستۇن كۆتۈرمەي كىرىپ تەڭلىنى يەردە قويماقچى بولۇۋىدى، ھەۋزىخان قولىدىن تارتقۇشلاپ ئېلىپ ئۆيگە ئەكىرىپ كەتتى. ئۇ ئالدىغا ئۆتۈۋالغان چىلىڭ ئۆرۈلگەن چېچىنى زەردىسى بىلەن كەينىگە تاشلاپ كاسىسىنى ياغچاق چۆرۈگەندەك لۆمىلدىتىپ ماڭغاچ غوتۇلدىدى:

— زادى داۋىخۇ بىر نېمە بۇ. چىرايلىق كۇلۇپ تۇرۇپ گەپ قىلسا ئادەمنى ئېشەك ئېتىپ مىنىدىغان، سەل يىغلاپ قويسا كۆك پىت باسقان كۇچۇكتەك ياۋاشلاپ كېتىدىغان. زادى چىراي ئاچماي دائىم بۇرنىغا تەگكۇزۇپ تۇرسا بولىدۇ ياندىقچى دېگەننىڭ. بولمىسا ئادەم بوزەك قىلىدۇ ...

داۋۇتاخۇن ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قوللىرىنى ساڭگىلىتىپ دەرماندىن كەتكەن گۇناھكاردەك سالپىيىپ تۇرۇپ قالدى. سالەك شاڭجاڭ قىلىۋاتقان گېپىنى توختىتىپ كەينىگە قاراپ داۋۇتاخۇننى كۆرۈپ سۇرلۇك چىرايىغا تەبەسسۇم يۇگۇرتتى.

— كېلە ... كېلە داۋۇتەم. مەيەگە كېلە، ھەۋزىخان ئاچاڭنىڭ خۇيىنى سەن ئوبدان بىلىسەن، ھاي دېسەم ئۇنىماي

ۋاي مەن زاسۇ قۇيىدىغان كىشــمەن دەپ ئۆپكــــگە ئۆزى ماڭغۇزالماي جىلە بولۇپ ھەممە ئادەمنى تەلۋ پاراۋاتىدۇ. بولە، كېلە ...

— دائىم باشقا ئىشتىن ئاچچىقى كەلسە دەردىنى مەندىن ئالامدۇ؟ ...

داۋۇتاخۇن بوغۇلۇپ گەپ قىلالماي قالدى. ئۇنىڭ يۈزلىرى تۇمۇر رەڭگىگە كىرىپ كۆزلىرى قىزىرىپ پارقىراپ كەتكەنىدى.

— ئا بوپتۇ دېگىنا، دائىم مۇشۇنداق قىلىسەن. بىر ئۆي دېگەندە دائىم كۆلكە - چاقچاق بىلــەن ئــۆتكىلــــــى بــولمــايدۇ. ئانچە - مۇنچە تاراق - تۇرۇقلار بولۇپ تۇرىدۇ. مايەرگە كېلە، يېنىمدا ئولتۇرۇپ دېمىگىنــى ئالغاچ مىېنــى يەلپۈگىنا، قولاڭنىڭ جېنى بار. يائاللا ھەجەپ ئوت كەتتىيا بۇ جاھانغا.

داۋۇتاخۇن ئاستا كېلىپ كاتقا چىقىپ شاڭجاڭنىڭ كەينىدە ئولتۇرۇپ، تۇرنا پېيى يەلپۈگۈچتە ئۇنىڭ مايلىــق تۇرلەش گەدىنىدىن تەر تامچىلىغان يەرلەرگە قاراپ يەلپۈشكە باشلىدى. ئاق يىپ مايكا سۇغا چىلىغاندەك ھۆل بولۇپ كەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ گۆشلۈك يۇمىلاق دۈمبىسىگە تارتىشىپ ئاران كەلگەنىدى. ئۇ يەر، بۇ يېرىدە قۇرۇغان تەرنىڭ سارغۇچ شور داغلىرى قالغانىدى. بېقىنلىرىدىكى سالپىيــــــپ تۇرۇلۇپ - تۇرۇلۇپ تۇرغان گۆشلەر يوغان قولتۇقلىرى ئارىسىغىچە ســـــڭىــــپ كەتكەنىدى.

— ھە، ھەر قايسىڭنىڭ باشقا گېپى يوق - ھە؟ — دېدى شاڭجاڭ ئىنتايىن قوپاللىق بىلەن. چوكاننىڭ چىرايلىق بۇغداي ئۆڭ يۈزلىرى ياللىدە قىزىرىپ ئېسىلىپ يەنە ئەسلىگە كەلدى. ئۇنىڭ ئاق كەپتەرنىڭ پوكىنىدەك ئالدىغا سەل ئوقچۇغان تۈز پېشانىسىدە يىڭنە ئۇچىدەك ئۇششاق تەر تامچىلىرى پەيدا بولدى. قويۇق قاشلىرى قىمىرلاپ ياش چىقىشنىڭ ئورنىغا قانداقتۇر

كۆچلۈك نەپرەت، تەھدىت بىلەن چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى يېنىدىكى ئېرىنى مەنسىتمەيۋاتقاندەك تىكىلىپ تۇرانتى. «ھەجەپ جەڭگىۋارچىكىسى بار چوكانكەن» دېدى داۋۇتاخۇن شائىجاڭنىڭ مۇرىسىدىن چوكانغا قاراپ ئولتۇرۇپ ئىچىدە.

— ياق باشقا گېپىمىز يوق، — دېدى يىگىت شائىجاڭنىڭ سۆزىدىن قورققاندەك.

— ساتتارخان تۇنۇگۈن كېلىدۇ دېگەنىيا؟

— تۇنۇگۈن ... تۇنۇگۈن ... — دېدى يىگىت كېكەچلەپ.

— ھە تۇنۇگۈن خوتۇنۇم بىلەن كېلىشىپ بولالماي يېرىم يولدىن كەينىمىزگە يېنىپ كەتتۇق، دېمەمسىلە كېكەچلىمەي، — دېدى چوكان.

يىگىت غەزىپىنى باسالمىغان قىياپەتتە مۇشتىنى تۈگۈپ گەپ قىلىشقا ئاغزىنى ئۈچلىدىيۇ، شائىجاڭغا قاراپ قىزىرىپ كېتىپ خوتۇنىغا يەر تېگىدىن ئالىيىپ قويدى.

— تۇنۇگۈن كېلىشىپ كەلدىڭلىما؟

— ھەئە، — دېدى ھەر ئىككىلىسى تەڭلا.

— ئۆيەڭلىدىكى بىر نېمىلەرنى ئۆزۈڭلار كېلىشىپ ئۇلىشەمسىلە، يا مەن ئۇلەشتۇرۇپ بېرىمەنمۇ؟

— ۋاي ئۇلەشكۇدەك ھېچنېمە يوق.

— ھەممە ئېگىنايىغىنى بەردىم.

— ئېگىنىمگە يەنە خوتۇن ئالاي دېگەنمۇ ئەمسە. كونا ئېگىنگە خوتۇن تەگمەيدۇ بىر يەردە. يەنە ئالىمەن دېسەڭ ئال، بېرىمەن.

— تامايىم يوق ھەۋە، خوتۇن كىشىدىن ئېگىنىنى تالىشىدىغان ئادەم ئەمەسمەن.

— ئەمسە تالاشمىساڭ نېمىشقا ئۆزۈڭنى ئوخشىتىسەن.

— بالىنى قانداق قىلىسىلە؟

— بالىنى مەن ئاران تۇغقان. بالىنى مەن باقىمەن.

— بالىنى ماڭا بۇيرۇپ بەرسىلە، ئاتام شۇنداق دېگەن.
— ئاتاڭنىڭ گېپىنى بۇ يەردە قىلمىغىنا، ئاتاڭ شاڭجاڭنىڭ باشلىقىمىدى؟
— بالا ھازىر ئەمچەكتە بولغاندىكىن بالىنى ئانىسى باقىدۇ. بالا ئوتتۇراڭلىدا قالىدۇ. سەن سۈت ھەققىگە يۈز سەكسەن كوي بېرىسەن.
— ھەممە ئېگىننى بەرسەم يەنە سۈت ھەققى تۆلەيمەنما؟
— بالىدىن تامايىڭ بولغاندىكىن بېرەرسەن.
— باشقا گېپىڭلىمۇ بارمۇ.
— يوق، — دېدى يىگىت ئاچچىقى كېلىپ.
— مېنىڭ ئايرىم دەيدىغان بىر گېپىم بار، — دېدى چوكان، شۇ گەپنى دەۋاتقاندا ئۇنىڭ يۈزى يەنە قىزىرىپ چىرايلىق تۇمشۇقىدا تەر تامچىلىرى پەيدا بولدى. شاڭجاڭ زېرىككەن ھالدا ئاغزىنى يوغان ئېچىپ بىرنى ئەسنەپ قويۇپ:
— سىلە چىقىپ تۇرۇڭلار، — دېدى خۇشياقمىغاندەك يىگىتنى شەرەتلەپ. يىگىت خوتۇنىغا لاپپىدە قاراپ قويۇپ لوسۇلداپ چىقىپ كەتتى.
— ھە نېمە گېپىڭىز بارتى سۆزلەڭ! — دېدى شاڭجاڭ قاپىقىنى تۈرۈپ.
چوكان دەرۋازا تەرەپكە بىر - ئىككى قارىۋەتكەندىن كېيىن داۋۇتاخۇنغا لەپپىدە بىر قاراپ قويۇپ بارمىقىنى چىشلىدى. چىرايى بىر قىزىرىپ، بىر تاتىرىپ لەۋلىرى تىترەپ كەتتى. باياتىن بېرى قەيسەرلىك بىلەن چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىگە ۋىللىدە ياش پەيدا بولۇپ، ئادەمنىڭ ئىچىنى ئاغرىتقۇدەك ھالدا يۇمشاپ، لەۋلىرى ئۇزۇلۇكسىز تىترەپ كەتتى.
— بۇ بالىدىن تارتىنماڭ، دەۋېرىڭ، چوكان تۇرۇقلۇق قىز بالىدەك تارتىنىپ تۇرماي غاچ سۆزلەڭ، مېنىڭ ئىشىم بار. چوكان ئىتتىك دەرۋازىغا بېرىپ تالاغا بېشىنى چىقىرىپ بىر

قارىۋەتكەندىن كېيىن قايتىپ كېلىپ كاتتىنىڭ بوزرجىمكىدە ئولتۇردى .

— سىلە ··· سىلە شاڭجاڭ ئاتا ، ئۆز ئاتام قاتارلىق ئادەم ، مېنىڭ دەردىمنى ئۇلۇغ خۇدايىمدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ . دېمەي دېسەم ، قورسىقىمغا پاتقۇزالمايمەن ، دەي دېسەم ، يا ئانىغا دېگىلى بولمايدىغان ، يا خەققە دېگىلى بولمايدىغان مۇسۇلمان بالىسىنىڭ يادىغا كەلمەيدىغان گەپ . بىزنىڭ ئاجرىشىپ كېتىشىمىز ھەرگىز قېيناتام دېگەن قارا يۈزنىڭ دېگىنىدەك ئەمەس ، بالىسىمۇ ماڭا چىدىمايدۇ . بىز بىر ئۆبدان كېلىشىپ قالغان ، ئەمما ئۆزۈم ئاجرىشىمەن دەپ تۇرۇۋالدىم . نېمىشقا دېسىڭىز ، ئىنسانغا تىنماسمەن دەپتىم ، سىزگە دېمىسەم بولمايدىكەن ، ئەممازە قانداق دەرمەن دەپ تولا ئويلاپ سارالڭ بولۇپ قالايلا دەپ قالدىم . يا يېزىپ بېرىپلا ئارقامغا قالماي قېچىپ كېتەي دېسەم خەت بىلمەيدىكەنمەن . مېنى ئوقۇتماپتىكەن ، خەت بىلىدىغان بىرسىگە يازغۇزاي دېسەم شۇ يازىدىغان ئادەمگە قانداق دەيمەن . ئاخىر دېمەي دېگەن يەرگە كەلدىم . ئەمما ، سىلىگە دېمىسەم زادى ئىچىمگە سىغدۇرالمىدىم .

شاڭجاڭنىڭ كۆزى ئۆيقۇغا ئالدىرىغىلى تۇردى . ھە دەپ يۇمۇلۇپ ياستۇققا يېنى يىقىلىپ تۇردى . چوكاننىڭ گەپلىرى ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى . چوكان ئۇخلاپ قالغان بالىسىنى كاتتا قويۇپ قوللىرى بىلەن يۈزىنى تۇتۇۋېلىپ ئۇننى بەك چىقارماي ئىسەدەپ يىغلاپ گېپىنى باشلىدى . شاڭجاڭمۇ رەسمىي پۈشۈلداپ جىممىدە ئۆيقۇغا كەتتى . چوكان بېشىنى كۆتۈرۈپ شاڭجاڭغا قاراشقا پەقەت جۈرئەت قىلالمىدى . بارلىق گەپنى شاڭجاڭنى ئاستا يەلپۈپ ئولتۇرغان داۋۇتاخۇن ئاڭلىدى .

××  ××  ××

— بىز توي قىلىپ ئۈچ ئايدىن كېيىن، — دەپ گەپ باشلىدى چوكان، — يېرىم كېچە بولغاندا دەرۋازا قاتتىق ئۇرۇلدى.

— هوي ئىدرىس ... ئىدرىس قوپە.

ئىت قاتتىق قاۋاپ كەتتى. چوكان چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى. ئىدرىس خورەك تارتىپ قاتتىق ئۇخلاۋاتاتتى.

— هەي، هوي قوپۇڭلا دادام توۋلاۋاتىدۇ، — چوكان ئېرىنى تۈرتۈپ ئويغاتتى. ئىدرىس كوتۇلداپ ئورنىدىن تۇرۇپ تالاغا چىقتى. دەرۋازىدىن ئاغزىدىن هاراق بۇسى گۈپۈلدەپ تۇرغان ساتتار مۇراپ كىردى.

— ئاناڭ چوڭ ئاناڭنىڭ ئۆيىدىن كەلدىمۇ؟

— ياق، — دېدى ئىدرىس ئاتىسىنىڭ هاراق ئىچكىنىگە ئاچچىقى كېلىپ ئۇيقۇسىنى ئاچالمىغان هالدا.

— ئۇ كىملەرنىڭنىڭ هېچقايسىسى كەلمىدىما؟

— ياق، ئەتە يا ئۆگۈن كېلەمىكى.

— ئاناڭمۇزە تازا تاياق قېپى. ئەتە ئەتىگەندە گوڭشېنىڭ باشلىقلىرى بىزنىڭ ئۆيگە كەلمەكچى. مالڭ جۇگۇ، كېچىچە بېرىپ ئاناڭنى ئېلىپ كەل. تاڭ ئاتقۇچە كېلىپ بولمىسالڭ قولىقىڭنى چىشلەيمەن. ئۇينى هارۋىغا قوش.

— ئەتىگەنلىككە ئەكەلسەم بولمامدۇ.

— ۋاي غەرەز ئۇقمايدىغان گالۋاڭ، هازىر مالڭ دېگەندىكىن مالڭ. ئەتىگەنلىككە سەھەر كېلىدىغان مېھمان تۇرسا. مەن هە قانچە بولسىمۇ بۈگۈن كېلىپ بولدى دەپتىمەن، هۇ پىتىنى يەيدىغان سارالڭ، ئانىسىنى ئېمىپ قانمىدىمىكىن. ئەتە كەچكىچە مەشرەپ بار ئۆيدە، ئېسىل مېھمان، بىزنىڭ ئۆيلەرگە ئاياغ باسمىغان مېھمانلار. بولە لايغەزەللىك قىلماي. خوتۇنۇڭدىن

بىردەم ئايرىلغانغا قارا بېسىپ قالمايدۇ .

ئىدرىس بوينىدىن باغلىغاندەك مېڭىپ ئۆيگە كىرىپ كىيىمىنى كىيگىلى تۇردى .

ــ نەگە بارىسىز ؟

ــ ئانامنى ئەكەلگىلى .

ــ مەن قورقمامدىمەن ؟

ــ قانداق قىلىمەن قورقساڭ ، ــ ۋارقىرىدى ئىدرىس . چوكان جىمىدە يېتىپ ئىنتىلداپ يىغلىدى . ئىدرىس كىيىمىنى كىيىپ بولۇپ بىردەم جىم تۇرغاندىن كېيىن :

ــ سېنىمۇ ئېلىۋالاي دېسەم ياناشمىزدا هارۋىغا پېتىشماي ئەپلەشمەيدىكەن ، ــ دەپ قويۇپ چىقىپ كەتتى . ئۇ چىققاندا ئاتىسى ئېغىلدىن سېرىق ئۆينى ئاچىقىپ ياغاچ هارۋىغا قوشۇپ بولۇپ كالىنىڭ گال بېغىنى ئېتىۋاتقانىدى .

ــ خوتۇنۇڭدىن رۇخسەت سورىدىڭ هە لامزەللە . ئىسىت ، كىمنى دوراپ قالدىڭكى تۆگە تاپىنى گۆي . ماڭە داۋزىنى ئاچ .

ساتتار مۇراپ هارۋىنى ئۆزى هەيدەپ تالاغا ئاچىقتى . كېيىن ئۆيدىن كىگىز كۆرپە ئاچىقىپ هارۋىغا سېلىپ بەردى .

ــ كالىنى ئىتتىك هەيدە ، چۇشۇپ كېتىدىغان بالىسى بولمىغاندىكىن . تاڭ بىلەن تەڭ مەهەللىگە ئۇنۇپ بولمىساڭ ئاناڭغىمۇ ، ساڭىمۇ ياخشى كۆن يوق .

هارۋا يېنىك غىچىلداپ ئوقتا تېگىشىدىن چىققان دۇرۇك - دۇرۇك ئاۋازى قوشۇلۇپ مېڭىپ كەتتى . ئىدرىس هارۋىنىڭ ياۋىنىدە توگۇلۇپ ئولتۇرۇپ كالىغا زەردە بىلەن تاياق سالدى :

ــ چۇ ئانىڭنى ... نەس گۆينىڭ كالىسى .

كالا پۇشۇلداپ يۈگۈردى .

ــ قورقتۇڭ كەلسە ئەزەل توۋلا ، ــ دەپ ۋارقىرىدى ساتتار مۇراپ . هارۋا بارغانچە يىراقلاپ كەتتى . كېچىنىڭ سالقىن شامىلى يىراق شەرق تەرەپتىكى باغدىن قوتۇر ئامۇتنىڭ

چىچمكىنىڭ پۈرىفىنى ئېلىپ كېلەتتى . ساتتار مۇراپ هارۋىغا ئۆزاق قاراپ تۇردى . هارۋا مۇشتەك قارا توچكىغا ئايلاندى . ئۇ ئاسمانغا قاراپ كېرىلدى . ساناقسىز يۇلتۇزلار كۈمۈش تەڭگىلەردەك پارقىرايتتى . ئۇ ئاستا هويلىغا كىردى . ئوغلىنىڭ ئۆيىدە جىن چىراغ تېخىچە ئۆچمىگەنىدى . ئۇ دېرىزىگە قاراپ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ئۇزاق تۇردى . ئۆيىنىڭ ئىشىكىگە باردى . شۇ چاغدا هويلىدىكى ئۆجمىنىڭ شېخىغا قونۇۋالغان خوراز قاتتىق قانات قېقىپ سوزۇپ قىچقىردى . ساتتار مۇراپ قارا كۆرۈنىدىغان ئۆجمە شاخلىرىغا قاراپ بىردەم تۇرۇپ قالدى . يەنە غۇۋا يورۇق چۈشۈپ تۇرغان ئوغلىنىڭ ئۆيىنىڭ دېرىزىسىگە قارىدى . ئېغىلنىڭ ئىشىكىدىكى ئوت - چۆپ ئۇۋاقلىرى يېنىك شىرقىرىدى . كېيىن چاشقاننىڭ ۋىچىرلاشقان ئاۋازى ئاڭلاندى . مۇراپ بىر بېسىپ ، ئىككى بېسىپ ئوغلىنىڭ ئىشىكىنىڭ ئالدىغا كەلدى . ئۇنىڭ ئۇزۇن ئىلمەك بۇرنىنىڭ تۈشۈكلىرى كېڭىيىپ پۈشۈلداپ ، تىنىقلىرى بارغانچە ئىتتىكلىگىلى تۇردى . ئىشىكنىڭ شالاڭلاپ قالغان يوچۇقتىن ئۇدۇلدىكى سۇپىدا ياتقان كېلىنىنى كۆردى . كېلىنىنىڭ چۇۋۇلغان چاچلىرىدىن سىيرىلىپ چۈشكەن قىزىل ياغلىقى تېكىرىدىن ساڭگىلاپ تۇراتتى . ساتتار مۇراپنىڭ هاسىرىشى بارغانچە كۈچەيدى . شاپ بۇرۇتلىرى دىردىيىپ كەتتى . ئۇنىڭغا بارغانچە نەپسى يېتىشمەي كىكىرتىكىدىن بىرسى چىڭ سىقىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى . قوڭۇر كۆزلىرى چانىقىغا پاتمايۋاتقاندەك چەكچىيىپ كۆز ئالدى ئالىيىشىل بولۇپ كۆرۈندى . ئىشىك غاراچچىدە قىلىپ ئېچىلىپ كەتتى . كېلىن «ئانا !...» دەپ ياتقان ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى . ئىشىك بىلەن يوتقاننىڭ شامىلىدىن چىراغ ئۇياق - بۇياققا ئىككى قېتىم قاتتىق يەلپۈنۈپ كەتتى ، ساتتار مۇراپ كېلىنىنىڭ چەكچەيگەن قارا كۆزلىرى بىلەن يوتقاندىن سۇغۇرۇلۇپ تۇرغاندىكى ئاپئاق يالىڭاچ كۆكسىنى غىل - پال كۆرۈپ قالدى .

چىراغ شۇ يەلپۈنۈشتە ۋىلىلداپ ئۆچۈپ قالدى . ساتتار مۇراپنىڭ كۆزى ھېچنېمىنى كۆرمىدى .

— دادا سىز ...

— ھە مەن ...

ساتتار مۇراپ سۇپىغا چىقتى . ئۇنىڭ قولىغا كېلىنىنىڭ يۇمشاق بىلىكى ئىلىنىپ قالدى .

— دادا سىز ... سىز مەست بولۇپ قاپسىز .

— ھىم ... مەن مەست ئەمەس . بىلىكىڭىز نېمانداق قىزىق ...

— دادا ... دادا ... نېمانداق قىلىسىز ، سەت تۇرىدۇ ، ئۇنداق قىلماڭ ، يامان بولىدۇ . مەن ... مەن سىزنىڭ كېلىنىڭىز ... ۋاي دادا ، مەن ئانام ئەمەس كېلىنىڭىز ... قويىۋەت ئوغرى ، قىزىل باش كاپىر ، مېنى قويىۋەت پوق ساقال جوھۇت ، مېنى قويىۋەت ... خەپ ئوغلۇڭغا ... خان ئانامغا دەپ چاۋاڭنى چىتقا يايمىسام . ھۇ گۆرىدىن تۇڭگۇز قوپقۇر ئوغرى .

— ئاغزىڭنى يۇم ... پاسكىنا ، ئۇ مېنىڭ ئوغلۇم ئەمەس . خان ئاناڭ ئۇنى ماڭا قورسىقىدا ئېلىپ چىرىپ تەگكەن ... جىم ...

كېلىنىنىڭ چىرقىرىشىدىن ئىت قاۋاپ - قاۋاپ بېسىقىپ قالدى . يىراق باغلاردىن ئۇيقۇسىز كاككۇكنىڭ مۇڭلۇق سايرىغان ئاۋازى كېلەتتى . كېلىن پات - پات دېمى سىقىلغاندەك بوش ئىنجىقلاپ جىمىقتى . ئۆي ئىچىدە ساتتار مۇراپنىڭ ھاسىراپ - پۇشۇلداشلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ھېچقانداق شەپە يوق ئىدى .

داۋۇتاخۇن توۋا دەپ ياقىسىنى چىشلىگەن ھالدا ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدى . «توۋا قىلدىم خۇدايىم ، مۇسۇلمان ئەمەس جوھۇتتىمۇ ئېشىپ كېتىپتۇ ، توۋا دەي ، توۋا» .

چوكان تېخىمۇ ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى .

— يامانلاپ كەتتىم ، يەنە ئەكەلدى . يا بۇ گەپنى بىر كىمگە

دېگىلى بولمىغان . ئاسمانغا چىقىپ كېتەي دېسەم ئاسمان يىراق ، يەرگە كىرىپ كېتەي دېسەم يەر قاتتىق . خۇدايىمغا مىڭ تۇۋا قىلىپ ئاخىرى دەردىمنى ئىچىمدە بىلىپ : «خۇدا ئۆزى مەغپىرەت قىلا ، مەستلىكتە شۇنداق قىلدى» دەپ يەنە ئۆيۈمنى تۇتتۇم ... بۇ جوھۇت پوق ساقال يەنە خىيالىدا يوق شۇنىڭدىن كېيىن يەنە ...

چوكان گېپىنىڭ ئاخىرىنى ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىپ ئېغىزىدىن چىقىرالمىدى .

— بۇ گەپنى ئەسلى تىنمايتتىم ، سىلە ئاڭلاپ قالسىلا ، ئۇ پوق ساقال ئاخىر خۇدانىڭ غەزىپىگە ئۇچرايدۇ ... بالىسى ھەرگىز بۇ پوق ساقال بىلەن بىر ئۆيدە تۇرۇپ خوتۇن ئالمەن دېمىسۇن .

چوكان شۇنداق دەپلا بېشىنىمۇ كۆتۈرمەستىن بالىسىنى ئېلىپ يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى . ئۇخلاۋاتقان بالا سىلكىنىشتىن ئويغىنىپ كېتىپ يىغلاپ كەتتى . شائىجاڭ ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ كېتىپ :

— قېنى ما خوتۇن ، نەگە چىقىپ كەتتى ؟ ماڭە جۇگۇ ، ماڭا باياتىن بېرى نېمە دېدى ، خۇدايىم ، قىچقىرە داۋۇتاخۇن ، پەتتىسىنى ئېلىپ كېتىشسۇن ، — دېدى سەپراسى ئۆرلىگەن ھالدا ياستۇقتىن بېشىنى كۆتۈرۈپ .

داۋۇتاخۇن كاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ تالاغا چىقىپ كەتتى . شائىجاڭ ياستۇق تېگىدىن ئاجرىشىش گۇۋاھنامىسى بىلەن قەلىمىنى ئېلىپ قاتتىق بىر ئەسنەپ قېرى مەزلۇمدەك «ئەستاغپۇرۇللا شەيتان» دەپ غۇدۇراپ قويۇپ گۇۋاھنامىگە بىر نېملەرنى يازغىلى تۇردى . ئۇنىڭ ئىششىق قاپاقلىرى ئارىسىدىكى ئاران كۆرۈنۈپ تۇرغان كۆزلىرىدىن ياش تامچىپ يۈزىدە توختاپ قالدى .

چاۋىراخۇن خۇپتەن بىلەن مەرەمنىساخاننىڭ مەھەللىسىگە ئاران يەتتى . يولدا ھەممەدەم ھېرىپ قالدىم دەپ ماڭغىلى ئۇنىماي يىغلاپ تۇرۇۋېلىپ ئۇنى خېلى خاپا قىلدى . ئۇ ھەممەدەمنى ھاپاش قىلىپ ئۇھ ـ ئۇھلاپ پاكار سوقماتاملىق دەرۋازىسىز ھويلىغا كىرگەندە ، ھويلىنىڭ بۇلۇڭىدىكى ئىت ئۇۋىسىدىن بىر سېرىق ئىت قاۋاپ چىقتى . چاۋىراخۇن قورقۇپ كەتتى .

ــ كەتەگۇي ، تونۇمايدىغان بولۇپ قالدىڭمۇ گۇي ئۇزۇندىن بېرى كۆرمەي ...

ئىت زەنجىرنى تارتىپ ئاپئاق ئۇچلۇق چىشى بىلەن قارامتۇل چىش مىلىكلىرىنى كۆرسىتىپ قۇيرۇقىنى دۈمبىسىگە چىڭ تۇگكەن ھالدا خارقىراپ يەرنى تاتىلاپ ئەخلەت ، چاڭ ـ توزان توزۇتۇپ قاۋىدى . چاۋىراخۇن ھارغىن كۆلۈمسىرەپ ھەممەدەمنى يەرگە قويدى . ئۇ بايا ھويلىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ئۆيدىن چىقىۋاتقان جىق ئادەملەرنىڭ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭلىرىنى ئاڭلىغانىدى . ھازىر ئۆي ئىچى جىم بولۇپ كەتتى . ھەممەدەم ئىتتىن قورقۇپ ئاتىسىنىڭ پاچىقىغا چىڭ چاپلىشىۋالدى . ئۇنىڭ چولڭ قارا كۆزلىرى ئىتنىڭ قان قۇيغاندەك قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىگە ۋەھىمە بىلەن تىكىلگەنىدى .

ــ قورقما بالام . خۇداغا شۈكرى ، ئاچاڭلار ئۆيدە باركەن قالا ، ئاينا ئىشكنىڭ تېشىدا قۇلپا يوق . ئۆيدە مېھمان بار ئوخشايدۇ . قورقما ، بۇ دېگەن ئاچاڭنىڭ ئىتى . ئۇنداق قاۋاپ قويغان بىلەن چىشلىمەيدۇ .

ئىشكنىڭ ساڭگىلاپ تۇرغان قارا زەنجىرى تىرىقلاپ غاچ قىلىپ ئېچىلدى . مەرەمنىساخان قاپىقىنى تۈرۈپ غۇدۇرىغان ھالدا چىقتى . ئۇ يېشىل نىلون ياغلىقىنى چېكىلەپ تېڭىۋالغان بولۇپ ، دوملاق ئاق يۈزىدىن قارام ئەرلەرنىڭكىدەك

قورقۇمسىزلىق چىقىپ تۇراتتى . ئالدىغا كۆپۈپ چىققان تار پېشانىسىدە ئىنچىكە قورۇقلار ، قېتىپ قالغان تومۇز ئاپتىپىدەك قارا داغلىرى بار ئىدى . ئۇ يېشىل چېكمت گۈللۈك ئۇزۇن چىت كۆڭلىكىنىڭ كەڭ ئېتىكىنى بېلىگە تۇرۇۋالغان ، يەڭلىرىنىمۇ جەينىكىگىچە تۇرۇۋالغانىدى . ئۇ ئاتىسى بىلەن سىڭلىسىنى كۆرۈپ شۇئان چىرايى ئېچىلىپ ھەم خۇشال ، ھەم ھەيران بولدى . خىجىل بولغاندەك بولۇپ كۆزلىرىنىڭ ئەتراپىغا سەل قىزىللىق يۈگۈردى .

— ۋاھاي ، قايسى غالچىكىن دەپتىمەن ، ئاتامكەن ئەمەسما ، — دېدى ئۇ ئۆي ئىچىگە قاراپ ۋارقىراپ ، شۇ زامان ئۆي ئىچىدىن ۋاراڭ - چۇرۇڭ ، كولكە - چاقچاق ئاۋازى ئاڭلاندى . ئۇ ئاتىسىنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ دېگۈدەك كەلدى .

— ئاتا بى يىراقتىنلا مەن كەلدىم قىزىم دەپ توۋلىۋېتىپ كەلسەڭ بولمامدا ! تىزلىق كەلدىڭما ؟ ماڭە كەت خوتنۇڭنى گۈينىڭ ئىتى ، — ئۇ ئىگىسىنى كۆرۈپ تېخىمۇ ئەدەپ ، توختىماي قاۋاۋاتقان ئىتنى يەرگە ئېڭىشىپ بىر تال چالما بىلەن ئۇرۇۋېدى ، قاتتىق قاۋاۋاتقان ئىت ئىسقىرتقاندەك غىڭشىپ قۇيرۇقىنى پەس چۈشۈرۈپ شىپاڭشىتىپ ئۈۋىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ بوش قاۋاپ قويدى .

— ۋاي بالام ، گەپ قىلما ، ما ئۇكاڭنى ئېلىۋاپتىكەنمەن ، يولدا ھېرىپ قېلىپ ماڭغىلى ئۇنىماي ، تولا يەردە يۇدۇپ مېڭىپ ئىسسىقتا ئۇھ دېگۈدەك ھالىم قالمىدى دېگىنا .

— ۋاي جىنتەكەي ، خېلى بوي تارتىپ چوڭ بولۇپ قاپسەن ، — مەرەمنىساخان ئېڭىشىپ ھەممىدەمنىڭ يۈزىنىڭ ئۇچىنى يېنىك چىمداپ قويۇپ كۆتۈرۈۋېلىپ مەڭزىگە چوكۇلدىتىپ ئىككىنى سۆيۈپ قويۇپ ئاندىن يەردە قويدى .

— شۇغىنىسى سەل ياداپ چىرايى ساغىرىپ قاپتۇ . ئاغرىپ قالمىغانسەن ؟

— ياق ، — دېدى ھەمدەم ئارتىنغاندەك لېۋىنى چىشلەپ كۆلۈپ تۇرۇپ .

— ئاتا ، سەنمۇ كۆزۈمگە سەل ياداپ قالغاندەك كۆرۈنۈۋاتامسەن ، نېمە ؟ !

— ۋاي بالام ، ماڭا ياداپ نېمە كەپتۇ . سەمرىپ نېمە كەپتۇ . قورسىقىم تويسا خۇداغا شۈكرى دەپ يۈرىۋېرىدىغان ئادەممەن . قېتىپ قاغجىراپ كەتكەندە يا يادىغىنىمنى ، يا سەمرىگىنىمنى بىلگىلى بولمايدۇ . سەن سەمرىپ ئوبدانلا بوپ قاپسەن . مەختاخۇن تىڭلىق تۇرغاندۇ .

— تىڭلىق تۇرماي سا ئەپقاچامتى ئۇ ھەپلەتەك لاۋزىنى . بار ماڭا كۆز ئەينەك بولۇپ پېشانەمگە پۈتكەن چىرايلىق .

چاۋىراخۇننىڭ سارغۇچ يۈزلىرى يېقىمسىز قورۇلۇپ كەتتى . ئۇ قىزىغا ئالايغاندەك بىر قاراپ قويۇپ :

— ئانداق دېمەيدىغان بالام ، يامان بولىدۇ . ئۆزىنىڭ ئېرىنىمۇ شۇنداق دەمدىغان . خەق ساڭا ئوبدان ئېرىنى بېرەمتىيا ؟ مىڭنى قىلغان بىلەن ساڭا ئەر بولۇپ تۇرۇۋاتقاندىكىن ئۇنى كەم سۇندۇرساڭ ئۆزۈڭنى كەم سۇندۇرغان بىلەن باراۋەر . ئۇنداق كەم ئەقىللىق قىلمايدىغان . ئۇرۇشۇپ قالدىڭلىمۇيا ؟

— ياق ئاتا ، سەن بىلمەيسەن ، ئۇرۇشۇپ قالمىدۇق . يېقىنىڭياقى ئوينىما دېسەم ئۇنىمايدۇ . قىمارۋاز دېگەن كەلمىگەن چاغدا سەل ئۆزىنى توختىتىۋېلىپ ئۆپكىسىنى بېسىۋالماي ، كەتكەنسېرى بەك ئويناپ ھازىر ھەممىنى ئۇتتۇرۇۋەتكەننىڭ تاشايىندا گەدەنگە بىر مۇنچە مىندۇرۇۋالدى . ھاي دېسەم تاس قالدۇ ئۇ لامزەللە مېنىمۇ ئۇتتۇرۇۋەتكىلى تېخى .

— ھازىر يەنە ئويناۋاتقان ئوخشىمامدۇ ؟

— ھە بۈگۈن پېشىندە تۇرسام يەنە بىر مۇنچىسى كەپتىكەن . قالسام سىرىق بۆيلىق ئىككىسىدە جىق بىر نېمە

باركەن . شۇنىڭ بىلەن ئۇ لامزەللىنى قايرىپ قويۇپ ئۆزۈم ئويناۋاتىتىم تېخى .

چاۋىراخۇن قىزىنىڭ چاقناپ كەتكەن كۆزلىرىگە بىردەم ماڭۇۋېتىپ قاراپ قالدى ...

— ھە ... ھىم ... مۇنداق دە ، ئەمدى تاۋكاغا مەنمۇ چۈشىدىغان بولدۇڭما ؟

— ئا لامزەللىگە قالىغاندا مەندىن خېلى كېلىدۇ ئاتا . دائىم ئۇ كەتكۈزۈۋەتكەندە ئۆزۈم چۈشۈپ ئازراق ئىزىنى تاپىمەن . ھە ماڭە ، ماڭە خېلى رىزقىلىق باركەن . قالغان گەپنى كېيىن قىلىشىلى ، يارما پۇلۇنى ئېتىپ بىر تاۋىقىنى بەش كويدىن ساتقان ، ياخشى ئۇلگۇرۇپ كەپسىلەر ...

ئۇلار ئەمدى مېڭىشىغا مەخەتخان ئىشىكتىن چىقتى . ئۇنىڭ چاما ياپىلاق قارا يۈزىنى تەر بېسىپ قورۇلۇپ كەتكەندى . ئۇ كۈلۈپ يۈگۈرۈپ كەلدى :

— ۋاي ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم قېيناتا ، تىنچلىق كەلدىڭىزما .

— تىنچلىق بالام مەخەتخان ، ئۆزىڭىزمۇ تىنچلىق تۇردىڭىز .

— تىنچلىق .

ئىككىسى قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى . مەرەمنىساخان ئېرىگە مەنىستىمىگەن ھەم زېرىككەندەك كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويۇپ جىم ماڭدى .

— ۋاي ھەمىدىخان ئۆزىڭىزمۇ تىنچلىقما چىرايلىق .

ھەمىدەم لېۋىنى چىشلەپ يەرگە قاراپ تىرنىقىنى تاتىلىدى . مەخەتخان ئۇنىڭ يۈزىنى سىلاپ قويدى .

— ھە ، بۇ جىنمۇ بىر ئوبدان چوڭ بولۇپ قاپتۇ بىچارە .

— ھە چوڭ بولدى ، — دېدى چاۋىراخۇن كۆيئوغلىدىن رازى بولغان ھالدا خىرىلداپ سافىرىپ كەتكەن چىشلىرىنى كۆرسىتىپ كۈلۈپ .

— ھە ... ھە ئاتا ، ماڭە ئۆيگە چىرە ھېرىپ كەلگەندە .

— راست ئۆيگە چىسلە.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، كېلىڭ چاۋرىكا!

تەرلەپ پىشىپ سۇپىدا ئولتۇرغان بىر مۇنچە ئادەم ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ چاۋار قۇۋانغا قول تەڭلەشتى. ئۆينىڭ ئىچى سۈرۈن بولۇپ، نېشە پۇرىقى بىلەن زەي پۇرىقى بىرلىشىپ ئاجايىپ بىر خىل غەلىتە پۇراق ھاسىل قىلغانىدى. چاۋار قۇۋاننىڭ نەپىسى بوغۇلۇپ، كۆزلىرىنىڭ قارىسى ئارقىسىغا تارتىشىپ ياشاڭغىراپ كەتكەنىدى. ئادەم بېشى پاتقۇدەك تۆڭلۈكتىن سۇس نۇر چۈشۈپ ئۆينىڭ بۇلۇڭىدا ئولتۇرغان قارامتۇل سوزۇق يۈزلۈك كاپكازچە بۇرۇت قويۇۋالغان ئادەمنى تولۇق يورۇتۇپ تۇراتتى. ئادەملەر ئېگىز - پەس ئورنىدىن تۇرغاندا ئادەملەرنىڭ نەپەسلىرى بىلەن ئاچچىق ھەم سېسىق تەر پۇرىقى كەلدى. بىر - بىرىدىن كۈچلۈك ھەم يوغان قوپال قوللار چاۋراخۇننىڭ قوللىرىنى ئارقا - ئارقىدىن چىڭ تۇتۇپ كۆرۈشتى. قوللارنىڭ ھەممىسى ئىسسىق، شىلىمشىق تەر بىلەن مىلىچلاپ كەتكەنىدى. بەزىلىرىنىڭ قولىدىكى لاتىدەك يۇمشاپ نەمدىلىپ كەتكەن پۇللار چاۋراخۇننىڭ قولىغا ئۆرۈلدى. ھەممىسى چاۋراخۇنغا ھۆرمەت بىلەن قاراشتى. ئەمما، چاۋراخۇننىڭ بىر يۇمۇلۇپ، بىر ئېچىلىپ ياش قويۇلۇپ كېتىۋاتقان كۆزلىرى تۆڭلۈكتىن چۈشكەن يورۇقتا زەدىۋالغا يۆلىنىپ، مەيدىسىنى ئېچىۋېتىپ ئولتۇرۇپ پۇرقىرىتىپ تاماكا چېكىۋاتقان كاپكازچە بۇرۇتلۇق ئادەمدە ئىدى. ئۇ سۇپىغا ئىنجىقلاپ چىقىپ ئېڭىشكەنچە بېرىپ ئۇ ئادەمگە ئىككى قولىنى تەڭلىدى. ئۇ ئادەم ئورنىدىن سەل قىمىرلاپ سىڭايان بولۇپ ھېجىيىپ قولىنى بەردى. چاۋراخۇن قولىنى تارتماستىن ئۇ ئادەمنىڭ يېنىغا موككىدە تىزلىنىپ ئولتۇرۇۋالدى.

— ئاتا ، ئاۋۋال …

— ئامىن ، — چاۋىراخۇن قىزىنىڭ ئاۋازى بىلەن تەڭ دەرھال سەل ئېسىنى يىغىۋېلىپ دۇئا قىلدى . ئۆرە تۇرغانلار شۇ پېتىچە ، ئولتۇرغانلار ئولتۇرغانچە قول كۆتۈرۈپ پىچىرلىشىپ ئايەت ئوقۇشتى .

— ئاللاھۇ ئەكبەر ، قانداق ھەممەيلەن تىژلىق . بالا - چاقا - ئۆي ئىچى سالامەت تۇردى .

— تىژلىق ، ئۆزىڭىزمۇ تىژلىق تۇرغانسىز چاۋىرىكا ، — دېيىشتى بەزى تونۇش قىمارۋازلار بىر ئېغىزدىن .

— تىژلىق ئۇكام . تىژلىق . قانداق بالام ، سىلەرمۇ تىژلىق تۇرغانسىلەر مەختاخۇن .

— تىژلىق دېيىشتى ئەر - خوتۇنلار .

چاۋىراخۇن ئۇلار جاۋاب بېرىپ بولغۇچە يېنىدا ئولتۇرغان ئادەمنىڭ قولىدىكى تاماكىغا قول ئۇزاتتى .

— ئاتا ، ئاۋۋال بى ئۆيگە چەلڭ ، دوستان سالام ، تائام يەۋالساڭ بولاتتى ، — دېدى مەرەمنىساخان نارازى بولۇپ .

— ھە بالام ، ئاۋۋال تائام ، ئاندىن كالام دەپتىكەن ، ئاۋۋال ماۋۇ تائامدىن يەي … جۇما .

قىمارۋازلار ئېگىز - پەس كۈلۈشتى .

— كېلىڭلار ، بىزمۇ دۇكىنىمىزنى قۇرۇۋېرەيلى . دو بارما .

— مانا چىقتىم .

— يا دەت جەمشىت پىرىم .

قىمارۋازلار دەرھال سۇپىغا غۇژمەكلىشىپ بېشىنى بىر يەرگە قويۇپ مەيدىلىرىگە ، تىزىغا مۇشتلاشقا باشلىدى .

— سىيا ، سىيا ، مانا سىيا كۈلۈپ كېتىپتۇ . قۇيە ، تەگمە ، ھېلى باكا جۇما . ئۇنى تۇتقۇچە مانى تۇتە …

بىرى قاتتىق ۋارقىرىدى .

— ئاتە ، يەنە چىقتىم .

— يادەت ...

— بالام ، ھەمدەم ، ئۇكاڭنىڭ قورسىقىغا بىر نېمە بېرە . ئۇ بىچارىنىڭ قورسىقى ئېچىپ كەتتى . ئىسسىق ئۆتۈپ قالدىمىكىن دەپ ئەنسىرەۋاتىمەن بىچارىدىن ، — دېدى چاۋار قۇۋان .

— ماڭە جىنتەك ، ئوبدانمۇ كەپسەن ، مېنى سېغىنغانسەن ھەقچان .

مەرەمنىساخان ھەمدەمنى ئېلىپ ئىچكەركى ئۆيگە كىرىپ كەتتى . كاپكازچە بۇرۇت قويغان ئادەم تاماكىنى ئىچىگە قاتتىق بىر شوراپ ئاندىن چاۋىراخۇنغا بەردى . چاۋىراخۇن ئېچىرقاپ كەتكەن قېرى توخۇدەك تىترەپ تۇرۇپ كۆزىنى چىڭ يۇمۇپ شورىدى . سەل نەپەسى بېسىقىپ خۇدىنى بىلگەندىن كېيىن يېنىدىكى ھەمراھىغا قاراپ ھىجايدى .

— سىز ... سىزنى ئۇكام ھېچ كۆرمەپتىكەنمەن .

— ياسىن بېلىق دەپ ئاڭلىغانمۇ ...

— ھە ... ھە ئاڭلىغان ، ئاڭلىغان ، يا كۆللۈك ياسىن بېلىق ...

— ھەئە .

— ۋاي باشقىدىن كۆرۈشەيلى ... جىق داڭقىڭىزنى ئاڭلىغان ، خۇدايىم بۈگۈن كۆرۈشۈشكە نېسىپ قىپتۇ . خۇداغا شۈكرى ھى ... ھى ... ئادەم ئۆلمىسە كۆرمىگەننى كۆرىدىغان گەپكەن .

— راست دەيسىز ئاكا .

— سىز قانداق بولۇپ ...

— ھە بىزنىڭ بۇلتۇر كۈزنىڭ ياقى مەختەم بىلەن

كۆڭلىمىز يېقىن بولۇپ قالدى . بىزنىڭ ئۆيدە ئون - يىگىرمە باللا بىلەن بىر ئاخشام تاۋكا قورۇشۇپ قالدۇق . شۇ سورۇندا تونۇشۇپ قالغان ، بىر - بىرىمىزگە خۇيىمىز خوپ كەپ قالدى .

— ھە ئوبدان ، ئوبدان بوپتۇ . مەخەتخان ماڭا كۆيئوغۇل بولغىلى خۇدا بۇيرۇسا بۇ يىل ئۈچ يىل بولۇپ ئاشتى . ئۆزى ناھايىتى ئوڭلۇق ، قولى ئوچۇق بالا . شۇغىنىسىزە خۇدايىم بۇ باللارغا پەرزەنتنى ئاياۋاتىدۇ . مۇشۇ سەۋەبلىك ئارىسىغا سوغۇقچىلىق چۈشۈپ شەيتان ئارىلاپ قالامدىكىن دەپزە يۈرىكىم سۇ . نامىزىمدا خۇدايىمدىن شۇ بىچارىلەرگە پەرزەنت تىلەپ دۇئا قىلىمەن .

— ھەبى دۇئا قىلىپ تۇرسىڭىز خۇدايىم بىرە ئاكا ، قانداق قىلىمىز ئەمدى .

— بۇ يىل ۋاقتى كېتىپ قالدى ، كېلەر يىلى خۇدا يول بېرىپ قالسا بۇ بالىنى ئېلىپ ئوردىغان پاشايىمغا بېرىپ بىر تېۋىنىپ كېلەيمىكىن دەۋاتىمەن .

— لىللا ئويلاپسىز ، سەۋەب قىل ، تەلەپ قىل دەيدىغان گەپ بار ئەمەسمۇ . شۇ بانايى سەۋەب بىلەن خۇدايىم پەرزەنت ئاتا قىلىپ قالسا ئەجەب ئەمەس .

— شۇ زادى .

مەخەتخان تاۋكادىن لوسىدە تۇرۇپ قېيناتىسى بىلەن ياسىن بېلىقتا خىجىل بولغاندەك قاراپ ئارقا چوقىسىنى قاشلاپ ھىجايدى . كىرلىشىپ سارغىيىپ قالغان ئاق دوپپىسى پېشانىسىگە چۈشۈپ قالغانىدى . دائىم بىچارە ، ئۇتتۇرۇۋەتكەن ئوخشىمامسەن چېغىمدا ، دېدى چاۋىراخۇن يۈرىكى «جىغ» قىلغان ھالدا كۆيئوغلىدىن كۆزىنى ئېلىپ ياسىن بېلىقتا قاراپ . ياسىن بېلىق :

— بۈگۈن مەختەمدىن كېتىدىغان كۈن ئوخشايدۇ . ساپلا

چۈ چۈشۈۋاتىدىغۇ تاڭ. بايا سىز كېلىشتىن ئىلگىرىمۇ چوڭ ئاتىمۇ كېتىۋاتىدۇ. كىچىك ئاتىمۇ. شۇنىڭ بىلەن مەرەمنىساخان ئويناپ خېلى كەلگىلى تۇرغان.

— ئەستاغپۇرۇللا ما ئىشنى كۆ ··· — دەپ قويدى چاۋىراخۇن قىلغىلى گەپ تاپالماي ئىچىدە غۇدۇڭشۇپ. خۇددى بۇ ئىشتا ئۆزى گۇناھلىقتەك، كەلمىسەم بوپتىكەن دېگەن يەرگىمۇ كېلىپ قالدى.

— ئاكا، غاچچىدە بەش قەغەز بېرىپ تۇرمامسەن، — دېدى مەخەتخان ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ. ئۇنىڭ جىگدە ئۇرۇقىدەك كىچىك كۆزلىرىدىن ئەسەبىي بىر ئۇچقۇن چىقىپ تۇراتتى.

— ئۇكام، سەن ماڭا ئىشىنەمسەن؟ — دېدى ياسىن بېلىق سۇپىنىڭ بۇلۇڭ تەرىپىدىكى پالاسنى ئۆرۈپ تۇرۇپ «شالاق» قىلىپ بىرنى تۇكۇرۇپ.

— چىك ئا، ئىشەنمىسەم دەمتىم ساڭا، — دېدى تەرلەپ كەتكەن ئالىقىنىنى تىزىغا سۈۋاپ تۇرۇپ.

— ئانداق بولسا سەن بۈگەن ئويىنما، بۈگەن سەندىن كېتىدىغان كۈن ئىكەن. پۇل دېمەڭ، يېنىمدا بار، ئەمما بەرسەم يەنە كېتىدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە سەن غاچچىدە بىر يەردىن پاقلاندىن بىرنى تېپىپ كېلىپ قازانغا سېلىپلا قۇشقاچتەكنى بەش كويدىن سېتىپ كەتكەننى ئازراق بولسىمۇ تولدۇرە!

— ئەستاغپۇرۇللا ئاكا، يەنە بىر چۈشۈپ باقاي دەيمەن، قولام بەك قىچىشىپ كېتىۋاتىدۇ.

«ئىست بىچارە، پۇلۇم بولسىمۇ بېرەدىم» دېدى چاۋىراخۇن ئۆزىنى چەكسىز خىجىلچىلىقتا ھېس قىلىپ.

— بالام، ياسىناخۇن ئوبدان گەپ قىلدى، شۇنداق قىلمىغە بولمىسا، — دېدى چاۋىراخۇن قورققان ھەم يالۋۇرغاندەك بىر ئاھاڭدا.

— مانا بۇگۇن قېيناتاڭمۇ كەپتۇ ، ھېچبولمىسا بىر تاۋاق سۈيى بىلەن بىر پارچە گـۆشـنـى يـەپ دۇئـا قىلىپ قـويـسـۇ ھېساب ، — دېدى ياسىن بېلىــق گېپىــــنىــــڭ قوللاشقا ئېرىشكىنىدىن جانلىنىپ .
— ئەمىسە ئۆزۈڭ چۈشۈپ ئوينىمامسەن .
— قويە ، قالسام چۈپەي نېمىلەردىن ئۈچ - تۆتى تۇرىدۇ . پەقەت خۇشام يوق ، ھېلى باكا بىر - ئىككىسىنىڭ قوۋۇزغىسىنى يۇلۇۋېتىمەن بۇ خوتنۇڭنى … كۆيلارنىڭ ، ھېلى پاختەك ئۆردىكى ئايرىلغاندا ، خىللانغاندا چوڭراق ئويناپ قويارمەن ، بولمىــسا تاماكامنى چېكىپ ئۇخلاپ قالارمەن ، بەك چۈپەيلىشىپ كەتتى ھەي بۇ سورۇن ، — دېدى ياسىن بېلىق تۇكلۇك مەيدىسىنى يېنىك قاشلاپ قويۇپ .
— يەنە بىردەمدە تاۋكىدىن چىققان ئوخشىمامسىلە ؟ — دېدى ئىچكەركى ئۆيدىن چىققان مەرەمنىساخان ئېرىگە تەھدىت تەلەپپۇزىدا چىرايلىق كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ .
— ئاھاي ، گەپ قىلماڭلار خوتۇن ، — دېدى مەخەتخان گەدىنىنى تاتىلاپ ھىجىيىپ .
— قېنى ؟ — دېدى مەرەمنىساخان ئېرىگە دۈەيلەپ كېلىپ ئالىقىنىنى ئېچىپ .
— ۋاي ، ھەممىسى كەتتى دەيمەن ، بولمىــسا بۇ يەردە تۇرامدىمەن مەن ، — دېدى مەخەتخان قوللىرىنى كەڭ يايغان ھالدا . مەرەمنىساخاننىڭ ئاچچىقتىن يۈزلىرى قىزىرىپ ئېسىلىپ كەتتى .
— چىڭ ئاي ، ما يەردە ئاتام بىلەن ياسىنكام باركەن ، مەن باشقا گەپ قىلماي ، قىمار ئوينايمەن دېگۈچە تەمەچ ئويناڭلا سىلە . قانداق دېگەن لايغەزەللىك بۇ .
— ھەي بالام ، ئەر خەقنى ئۇنداق دېمەيدىغان دەيمەن ، —

دېدى چاۋىراخۇن قورقۇپ كېتىپ .
— سەن شۇك ئولتۇرە ئاتا ، جۇگرە ئاياققا ئاش ئۇسۇپ قويدۇم . تامىغىڭنى يېگىنا جۇگۇ . مېڭىڭلار ، سىلە بۇگەن تاۋكاغا يېقىن كېلىمەن دېمەي ، بىر يەردىن جانلىقتىن بىرنى تېپىپ كېلىپ سويۇڭلار .
— مەنمۇ هازىر شۇنى دەۋاتاتتىم !
چاۋىراخۇن «كۆزۈم كۆرمىسۇن ، قۇلىقىم ئاڭلىمىسۇن» دەپ ئۆمىلىگەنچە سۇپىدىن چۈشۈپ ئىچكەركى ئۆيگە دوڭغاقلاپ كىرىپ كەتتى .
— هە ، نېمە بولدۇڭلا ، مەن خاتا گەپ قىلمىغاندىمەن .
— قېيناتام بار يەردە ئىزا تارتقۇزۇپ ...
— قېيناتىلىرى نېمە بوپتىكەن ، مېڭىڭلا تولا لاتا چاپىناپ چىشىمغا تەگمەي ، سىلە ئىزا تارتىدىغان مەخەتخان ئەمەس . بۇگۇن بەك نېپىزلىشىپ كېتىپسىلىغۇ ، تېشىلىپ كەتمەڭلا يەنە .
— ها ... ها ... ها ... قىزىق چوما خوتۇنۇڭ مەختەم ، — دېدى ياسىن بېلىق خارقىراپ كۈلۈپ .
مەرەمنىساخان كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىنى بېلىگە يۆگەپ قىستۇرۇپ يەڭلىرىنى تۈرۈپ تاۋكا بېشىغا كەلدى .
— ئۆزۈم چۈشىمگۈچە ... باكالىشە هەۋە ، باكالىشە ، مېنىڭ ئۆيەم جوما ماۋۇ ، هېلى بىر تېپىمەن باكا ، مەنمۇ پاتاي ...
— هە ... هە ... قارچۇغا كەلدى .
— ئەر كىشى كارغا كەلمىسە مىدىسىنىڭ تايىنى تۇتىدۇ . نېرى تۇرۇڭلار ... ها ... ها ... ها ...
— ئاداش مەخەتخان ، بولالماي ئېرىڭلارنى چىقاردىڭلار-ما ؟ ... ها ... ها ...

# 12

چاۋىراخۇن سۈس ھور چىقىپ تۇرغان شورپىغا چىلانغان زاغرىنى ياغاچ قوشۇقىنىڭ كاسىسى بىلەن باستى. ئاياقىنىڭ گىرۋىكىدىن ساقىپ چۈشكەن ئىككى تامچە شورپا ئۇنىڭ ئاق يەكتىكىنىڭ يېڭىگە تامچىدى.

— ئىت يەسەن، — دېدى ئۇ تىلىنى چىقىرىپ يېڭىنى يالاپ. يوغان بىر پارچە زاغرىنى ئاغزىغا سېلىپ بولۇپ چاينايمۇ، چاينىمايمۇ دېگەندەك سەل ئارسالدى بولۇپ قېلىپ كەينىگە بۇرۇلدى. ھەممەم كىگىز ئۈستىدە كىيىمىنىمۇ سالماي كونىراپ بىر بۇرجىكىدىن سامان تۆكۈلۈپ قالغان قوراق تېكىرگە بېشىنى قويۇپ مۈشۈك يىپ تۇرگەندەك خىرىلداپ ئۇيقۇغا كەتكەندى.

— ئەستاغپۇرۇللا، دۇم يېتىپ ئۇخلاپ قاپتۇ ئەمەسمۇ بىچارە. ئۇخلاپ قالمىغان بولسىمۇ سۈيىدىن بىر قوشۇق ئىچمۇالسا پايدا قىلىتتى... گۆشىنىڭ شوۋىسىنى ئىچمىگىلى خېلى چاغ بولدى.

ئىچكەركى ئۆيگە قوللىرى مايلىشىپ كەتكەن مەخەتخان كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئاغزىنىڭ چۆرىسىگە قوينى پۇۋلىگەندە يۇقۇپ قالغان قان بىلەن قېتىپ قالغان چۇپۇرلار چاپلىشىپ قالغانىدى. ئۆزى تەرلەپ چىلىق - چىلىق بولۇپ كەتكەندى. كۆك نىلون كۆڭلىكىنىڭ ئۇ يەر - بۇ يەرلىرىدىكى قان چاچراندىلىرى تەر بىلەن نەمدىلىپ بەدىنىگە چاپلىشىپ كەتكەندى.

— ئاپلا، ھەجەپ سەت تۇردىيا قېيناتا، ئاتايىن قوي ئۆلتۈرۈپ گۆش پىشۇرۇپ، بېھىش ئامۇتىدەك كۆرمىكى بار، يېمىكى يوق بولۇپ قالدى ئەمەسما. ھەممىدىخان بىلەن سىلىگە ئەسلىدە قاينىشىغىلا ئوبدان يېرىدىن بىر پارچىدىن ئىككى پارچە

گۆشنى ئايرىم ئېلىپ قويىدىغان ئىشكەن ، بۇ گۆيلار بىر يېپىلىپلا سېيرىپ - سۇپۇرۇپ تۆكەتتىيا ...

— ياق ... ياق ... — چاۋىراخۇننىڭ ئاغزىدىن زاغرىنىڭ ھۆل ئۇۋاقلىرى چاچراپ كەتتى ، — ئۇنداق دېمەڭ بالام . گۆش دېگەننى جىق يەپ بولغان يېرىم شۇ . بوغۇزلىغاندا قانلىقىنى بەردىڭىز ، كاۋاپ قىلىپ يېدىم ، ھەممىدەمگە بۆرىكىنى كاۋاپ قىلىپ بەردىم ، تويىمىز بولۇپ كەتتى . مانا سۇيىمۇ تازا بەلەن چىقىپتۇ . بولدى ، ھېيت بولۇپ كەتتى بىزگە . بۇنىڭدىن ئۇشۇقى ئوشۇق بىزگە . ئاشۇنىڭدىن بى ئىزلىشىپ سەل بى تۆت - بەش تەڭگە ئەجرىڭىز قالسا شۇنىڭغا خۇش بىز ...

— يۇز بەش كويلۇق پاقلانتى ، تۆت پارچىدەكنى نىمى يەپ كەتتى . ئۇنى ھېسابقا ئالمىغاندا ساق ئىككى يۇز يەتتە كوي بوپتىيا ...

— ۋاي ئوبدان بوپتۇ ، خۇدايىم بېرىپتۇ بالام ، خۇدايىم بېرىپتۇ . خۇدايىم بەرسە شۇنداق بېرىدۇ . خۇدايىم دۆلىتىڭلارنى تېخىمۇ زىيادە قىلسۇن ، چىققان دۆۋەڭلەرنى ئېگىز قىلسۇن بالام ...

چاۋىراخۇننىڭ يۇزلىرى مۇڭلۇق پۇرۇشۇپ ، چاڭگىلىشىپ كەتكەن ساقاللىرى ئارىسىدىكى قارا ھەم قۇرغاق قېلىن كالپۇكلىرى تىترەپ كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلدى .

— رەھمەت بالام ، رەھمەت ، ھەر قېتىم كەلسەم ئۆيۈڭلاردا گوشقا ئاغزىم تېگىدۇ . بەزىدە گۆش ... گۆش يېگۇم كېلىپ كەتسە ، مىلىڭ كېلەي دەيمەن ... ئەمما ... ئەمما كېلىشېرىشتىن نومۇس قىلىمەن ...

بوۋاي گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمەي بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى .

— ۋاي بۇ نېمە دېگەنلىرى قېيناتا ، بىز يابى يات ئادەم بولمىساق ، ئۆزلىرىنىڭ باللىرى تۇرساق ، كېلىشەرسىلە ، يا

سىلە كەلسىلە مېنىڭ قاپىقىم تۇرۇلۇپ قالغان يەرلىرىم بارمۇيا. شۇنداق تەرەپلەر بولاپ قالغان بولسا ئالدىلىرىدا مەن ناماقۇل.

— ياق ... ياق بالام، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. ئۇنداق بولامدىغان، ئەمدى دائىم بۇنداق بولىۋەرمەيدۇ. بالام، سىلىمۇ يا بىر يەرنىڭ كادىرى ئەمەس. بىزگە ئوخشاشلا كوپىراتسىيىنىڭ قولىغا قاراشلىق قۇللىرى. مۇشۇنداق بى ئاينىڭ باشلىرى، يىلنىڭ دوقمۇشىدا خۇدايىم بېرىپ قالسا مۇشۇنداق بولۇپ قالىدۇ. قىمارۋازلىق، بەڭگىچىلىكنى مەن ئوبدان بىلمەن بالام، رەھمەت شۇنداق دېگىنىڭىزگە. خۇدايىم كۆڭلىڭىزگە ئىنساپ بەرسۇن. خۇدايىم ئىشىڭلارنى دائىم ئوڭ قىلغاي، توپا ئالساڭلار ئالتۇن، كۆل ئالساڭلار كۈمۈش قىلا خۇدايىم ...

بوۋاينىڭ كۆز ياشلىرى ساقاللىرىدىن ئەگىپ قاچىسىغا تامچىدى. مەخەتخان دوپپىسىدىن پۇرلىشىپ، توپىغا مىلىنىپ رەڭگىنى يوقاتقان پۇللارنى كىگىز ئۈستىگە تۆكۈپ، ياغلىشىپ كەتكەن قوللىرى بىلەن پۇللارنى رەتلىگىلى تۇردى.

— گۆشكە ھېچقايسىمىزنىڭ ئاغزى تەگمىدى، بولاپتا. ئەتىگەنلىككە خوتۇن زاسويىنى قويسا كەلگ - كۆشادە ئولتۇرۇپ يەرمىز ...

— خۇدا بۇيرۇسا. ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىم يېگىلى نېسىپ قىلسۇن بالام، — دېدى بوۋاي رازىمەنلىك ھەم خۇشاللىق بىلەن ساقاللىرىنى تىترىتىپ ناننى چاينىغاچ بېشىنى لىڭشىتىپ.

— قويە سەندەك لامزەللىنى، ئەر كىشى بولۇپ قاپتۇ تېخى. يا ئۆزۈڭ بىر پارچە يەپ ۋاي دېگۈدەك مېغىزىنى چاقالمايسەن، يابى ئاتام ئايدا - يىلدا بىر كەلسە ئەلۋەتتە بىر تاۋاقتا بىر چۆمۈچ سۇيى بىلەن ئېلىپ «قېيناتا مەسلە، ئاتايىن يىراق يەردىن ھېرىپ - ئېچىپ كەپلا، ما گۆشنى يەپ، سۇيىنى ئېچىپ يۇت - قوللىرىنى سوزۇپ يېتىپ ھاردۇقلىرىنى چىقارسىلا» دېمەپسىنا، — دېدى بوسۇغىدا كاساڭدا پاكىز

يۈيۈلغان ئۆچەي ـ قېرىنىنى كۆتۈرۈۋالغان مەرەمنىساخان .
— مە ··· مەن — مەخەتخانىنىڭ چىرايــى تۇمۇردەك كۆكىرىپ ، جىگدە ئۇرۇقىدەك كۆزلىرى خوتۇنغا چېكەتكىدەك تىكىلىپ قالدى . پۇل تۇتقان ياغلىشاڭغۇ قولىرى تىترەپ ، كالپۇكلىرى تارتىشىپ كەتتى .
— مەن ··· بەرمەيمەن دېمىدىم ، خوتۇن تالاق ئوغرىلار مىلىڭ يىل گۆش دىدارى كۆرمىگەندەك بىر بېسىپلا قازانىى قۇرۇغداپ قويدى . كۆدىڭيا ئاينا ، تاس قالدى گۆش تالىشىپ ئۇرۇشۇپ بىرسى ـ بىرسىنىڭ بېشىنى قازانغا تىققىلى .
— بولدى ، بولدى ، بالام . گۆش دېگەن يېمىگەن نېمە ئەمەس . خوتۇن خەق دېگەن ئېرىگە ئۇنداق بوينىنى شاپتۇل قاقسا قىيامەت كۈنى قارا يۈز قوپىدۇ ، يامان بولــــدۇ ، ئۇنداق قىلمايدىغان . ئەر دېگەن خوتۇن خەقنىڭ يېرىم خوداسى . ئانالىڭ رەھمىتىنىڭ خۇدايىم ياتقان يېرىنى جەننەت قىلسۇن . مەن ھەرقانچە بىر ئىشنى بۇزۇۋەتسەممۇ غىڭ قىلمايتتى . ئۇنداق قىلما .
— ئوھۇش ، سەن شۇك ئولتۇرۇپ چېيىڭنى ئىچە ئاتا ···
مەرەمنىساخان پەرۋاسىز كاساڭنى «پاققىدە» يەرگە قويۇپ بېلىنى تۇتۇپ تۇردى .
— ياق ، ماڭا قالاڭلا ، سىلە ئەر كىشى بولغاندىكىن نېمىشقا ئىشنى قاملاشتۇرالمايسىلەر دەيمەن . تاۋۇكاغا چىقىرىپ قويسا تېخى دەسمىنى غالتەككە چىقىرىپ كۆزەڭلىنى پارقىرىتىپ گۆشيىپ تۇرسىلە ، ئەمدى قازان بېشىدا تېخى ئىشىڭلارغا ھېزى بولالمايسىلە ، — دېدى تەلەپپۇزىنى يۇمشىتىپ .
چاۋىراخۇن ئۇنىسىز ھالدا كالپۇكلىرىنى كىچىك بالىنىڭكىدەك ئۆمچەيتىپ جىم ئولتۇردى . مەخەتخانىنىڭ تەلەتى ئاستا ـ ئاستا ئەسلىگە كېلىپ :
— خوتۇن ، تاپا قىلىشۇەرمەڭلار جۇما ، ماقۇلما ؟ — دېدى

بوش ئەمما تەھدىت تەلەپپۇزىدا .

— دائىم مەن مۇشۇنداق دەپ تۇرىسام ئۆزەڭلىنىڭ ئىشىنى ئۆزەڭلا جۆندەپ كېتەلمەيدىغان ئادەم سىلە ...

— ھەئە ، راست دەيسىلە زادى .

— تەنە قىلغىنىڭلار بىلەن مېنىڭ ئاغزىمنى تۇۋاقلاپ قويالمايسىلەر .

— ئامىن ! — بوۋاي ئاياقنى سۇپىنىڭ قىرىدا قويۇپلا دۇئاغا قول كۆتۈردى . مەختەتخانمۇ ئالمان - تالمان پۇلنى سۇپىدا قويۇپ دۇئاغا قول كۆتۈردى .

— ئاللاھۇ ئەكبەر . خۇدايىم تېخىمۇ گۈللەپ كېتەرسىلەر باللىرىم . ئۆيۈڭلارغا بەرىكەت بەرسۇن . تولا غىجىڭلاشسا ئۆيدىن بەرىكەت قاچىدۇ بالام ، ئۇنداق قىلمايدىغان .

چاۋىراخۇن دۇئادىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ بەلۋاغلىرىنى قايتىدىن چىڭتىپ باغلاپ ئورنىدىن تۇردى .

— ھە ، نېمىگە ئالدىراۋاتىسەن ئاتا ؟

مەرەمنىساخان خىجالەت ئارىلاش يۇمشاق تەلەپپۇزدا سورىدى .

— ھېلىمۇ جىق ئېغىرىمىزنى سالدۇق بالام . تۇرىۋەرسەك ، بىر ئادەم ئۇشۇق بولسا ، بىر نان ئارتۇق كېتىدىغان گەپ . خۇدايىم بىرنى بەرسىمۇ سىلىگە بېرە ، مىڭنى بەرسىمۇ سىلىگە بېرەر . ھەممىدەم تۆت - بەش زامان يېنىڭدا تۇرۇپ تۇرسا شۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغىنىڭلارمۇ يېتىۋاشا .

— ھوي ، جېنىمنى چىقارمىغىنا ئاتا . ھەممىدەم دېگەن بىرستەل ئاش يېسە تويىدۇ . بىر مۇشۇكنىڭ كېلىغا لايىق بىرمە يەيدۇ . ئايتىللا دېگەن زىدە پەسكە ئېغىر كەلگەن بولسا مانا مەن بار . ماۋۇ ئادەمنىڭ لامزەللىلىكىدىن بىر ئوبدان پاقلان گۆشىگە تېخى ئېغىز تېگەلمىدىڭ ، ماۋۇ زاسۇي - پاچاقلىرىغا بولسىمۇ ئېغىز تەگ .

مەرەمنىساخان ئاتىسىغا سۆزلەۋېتىپ مەخەتخانغا كۆزىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ بىر ئالىيىۋىدى، مەخەتخان ئالدىراپ - تېنەپ سۆزلەپ كەتتى.

— راست ئاتا، كېچىچە ئۇخلىماي ئۆپكە، ئۇچەينى قوپۇپ، كاللا - پاچاقنى ئۇتلىسەك، باش ئەزانغىچە پىشىدۇ. بىر تويغۇچە يەپ ئاندىن ماڭىلا.

— مېنىڭ ما ئادەمگە گەپ قىلغىنىمنى هار ئېلىپ ماڭمەن دېمەڭ، مېنى هارام ئۆلتۇرىسەن ئاتا.

— بۇ خوتۇن دائىم شۇنداق سۆزمەن. بۇنى كۆڭۈللىرىگە ئالمىسىلا. سىلى بولسىلا - بولمىسىلا بىز دائىم مۇشۇنداق غىڭشىلدىشىپ تۇرىمىز. خوتۇن سۆزلەپ تۇرىدۇ. مەن چىۋىقىمغا ئالماي، بوپتىلا، گەپ قىلساڭ ئاغزىڭنىڭ يېلى دەپ يۈرۈۋېرىمەن.

مەخەتخان خۇشامەت قىلغاندەك، مەرەمنىساخانغا يالۋۇرغاندەك ھىجايدى.

— سىلى تولا لاتا كۆس - كۆس ئەزمەڭلىنى ئەزمىسەڭلارمۇ، مەن ئاتامنىڭ قىزى. ئاتام مېنى ئوبدان بىلىدۇ.

— قىزىم ھامىسىنىڭ خۇيىنى دورىغان. تاغ يۆتكەلسە يۆتكىلەر، خۇي يۆتكەلمەس، ئاچام رەمەتلىك شۇنداقتى. مەن ماڭاي بالام. بىز ماللىقىچە ئايتىللاخاننىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئۇنىڭ بالىسىنىڭ ھالىنى بىلىپ، ھەمدەمنىڭ خەۋىرىنى بەرمىسەم، بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ بالىسىنىڭ دەردىنى تارتالمىغاندا ھەمدەم قورقۇپ كېتىپ نەگە قاچقاندۇ دەپ ئەنسىرەپ كەتمىسۇن، مەن ئەشەگە باراي، كۆڭلۈڭلەر تېگىل بولدى.

— راست كېتەمسەن ئاتا، كەتسەڭ، ئايتىللا دېگەن ئازگالچىغا دەپ قوي، بۇ دېگەن خۇدانىڭ تەقدىرى. بالىسىنىڭ بېلى سۇنۇپ كەتسە ئۇنى ھەمدەمدىن كۆرمىسۇن. ھەمدەم

ئاشۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، بارغانچە غۇرىلايدەك يىگىلەپ، ئىغىلنىڭ تېگىدە قالغان كونا ساماندەك سارغىيىپ كېتىپتۇ. قورسىقى تويغۇدەك نان بەرمەي، بالىسىنى باقتۇرۇپ، يا خەقنىڭ بالىسى بولمىسا ...

— ئايتىللاخاننىڭ بالىسىنىڭ بېلى سۇنۇپ كەتكەندىكىن ئەسلىدە ئادىمگەرچىلىك قائىدىسى بويىچە بىزنىڭ يوقلاپ، كۆرگىلى بارغىنىمىز ئوڭ ئىدى، ماۋۇ ئۆز ھەلەكچىلىكىمىزدىن قول ئۈزەلمەي قالدۇق، بولمىسا مۇشۇ زاسۇينى ئالغاچ بارسىلا. بىزنىڭ كۆڭلىمىز بوپ قالسۇن.

— زۇۋانىڭىزغا تىقمەن جۇما باكا ... ماۋۇ كېچىچە قىمارۋازلارغا قويۇپ ساتساق، يەنە بىر پاقلاننىڭ پۇلى پىشىدۇ ماۋۇ زاسۇيدىن. بەك شەپقەتلىرىڭ يېغىپ كەتكەن بولسا پۇل بەر. ئۇ سېنىڭ ئاچاڭ ئەمەس، مېنىڭ ئاچام. پۇل بولسا ئاتا - ئانىدىن باشقىنى ئالغىلى بولىدۇ.

— ھە ... ئە ... بولسا شۇنداق قىلىڭلا ... قوينىڭ ئىچى يورۇشى بىلەن كاللا - پاچاقنى پىشۇرۇپ سېتىڭلار. كۆڭلۈڭلەردىن چىقىرىپ ئاتىغىنىڭلارنى بېرىڭلا. مەخەتخان بىلەن مەرەمنىساخاننىڭ كۆڭلى دەپ ئالغاچ كېتەي بولمىسا، — دېدى چاۋىراخۇن كالتا يۆتەل بىلەن غاز - غۇژ بەلغەم تۇكۇرۇپ.

— مەيلى ئەمىسە ... ئاز بولسىمۇ بۇنى ... — مەخەتخان پۇرلىشىپ، توپا سىڭىشىپ بىلگىلى بولماس بوپ كەتكەن بىر تۇتام پارچە پۇلنى بۆكىنىڭ ئىچىدىن ئېلىپ چاۋىراخۇننىڭ چاڭگىلىغا سىلىۋىدى، مەرەمنىساخان كاپ قىلىپ ھەممىنى تارتىۋېلىپ، ساناپ كۆرۈپ پۇرلەشكەن پۇلنى رەتلەپ، بەش سوملۇقتىن بىرنى، بىر سوملۇقتىن ئىككىنى بېرىپ، قالغىنىنى يېشىل تامبىلىنىڭ يانچۇقىغا قىستۇردى.

— ھەممىنى بەرسەڭ كېچىچە تاۋكاغا نېمىنى تاشلايمەن. مۇشۇ بەرگەنلىرىمىزمۇ يېتىپ ئاشىدۇ. يوغان گەپ قىلغان

بىلەن ئايتىللانىڭ بىزگە سېرىق سىنتا چاغلىق بىرمە سۇنغىنىنى كۆرمىگىلى نى كەم بولدى ؟ !

مەخەتخان خىجالەت بىلەن قېيناتىسىغا قاراپ گەدىنىنى تاتىلىدى .

— يېتىمدۇ ، يېتىپ ئاشىدۇ . شەنبە بازاردىن بەش نان بىلەن بىر جىلىڭ ناۋات ئالساملا بولىدۇ .

— ناۋات ئالماي ، بىر بو قەن ئالساڭ بولدى .

— ئەمىسە ، مەن ماڭاي . خۇدايىمغا ئامانەت بالام . ھەممىدەمنى سىلەرگە تاپشۇردۇم . كۈل ئالساڭلار كومۇش ، توپا ئالساڭلار ئالتۇن بولار بالام .

— ماقۇل ، خۇداغا ئامانەت ئاتا . گۆش يېگۈڭ كەلسە پات - پات كەپ گۆش يەپ كەت ئاتا .

— قورۇنۇپ قالماي كېلىۋەرسىلە .

— ماقۇل بالام ، ماقۇل ، خۇداغا ئامانەت .

بوۋاي خوشلىشىپ دوڭغاقلاپ چىقىپ كەتتى . ھەممىدەم تۇيماستىن تۇگۇلۇپ يېتىپ ئۇخلاۋەردى . مەخەتخان بىلەن مەرەمنىساخان ئاتىسىنى خوش دەپ ئىشىك ئالدىغىچە ئۇزىتىپ كىرگەندىن كېيىن مەخەتخان :

— قېيناتامنىڭ ئالدىدا بولىسمۇ ئىككى پۇللۇق يۇزۇمنى قىلمىدىڭلار خوتۇن ، يەر قىلدىڭلا .

— يۇزۇڭلىنى قىلغۇچىلىكى بولسا قىلىمامدۇ . ماۋۇ قاپاقتەك كاللا بولغان بىلەن بۇ كوراڭ قاپاق ئىچىدە ھۇشۇقتەك مېڭەڭلار بولمىسا ، مەن ئاتامنى بىلمەمدىمەن . مەيلى زاسۇينى بېرىڭلا ، مەيلى پۇل بېرىڭلا ، ئاۋۋال نېشە ئېلىپ خومارىنى بېسىپ ئاشسا ئاپىرىدۇ . بولمىسا ئامىن ئاللاھۇ ئەكبەر دەپ كۆزىنى پىلدىرلىتىپ بېرىۋېرىدۇ . ئاتامنىڭ خۇيى شۇ .

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ، — مەخەتخان ئاغزىنى ئۇمەللەپ گەپ قىلماي دېگۈچە كامىل ئوغرى ئۆيگە كىرىپ كەلدى . ئۇنىڭ

ئېگىز ھەم يوغان گەۋدىسى ئىشىككە لىققىدە كەلگەندى ، ئۇ ئىشىكنى جالاقلىتىپ ئالدى - كەينىگە نەچچىنى ياندۇرۇۋەتتى .

— ياﺋاللا ، مىڭ قېتىم دېگەندىمەن ماۋۇ ئەسكى ئىشىكنى قومۇرۇپ تاشلىۋېتىپ ئېگىزراق ، مەزمۇت ئىشىك ئورنىتىڭلار دەپ . ئاخىر ئۆزۈم چېقىۋېتىدىغان بولدۇم بۇ سامانلىقنىڭ ئىشىكىنى .

— ھە تېزلىقما كاملاخون ، تېزلىق بولسا شۇنداق قىلاسىلە ، — مەرەمنىساخان كامىلنىڭ چىرايلىق كۆزلىرى ، دىردىيىپ تۇرغان قاپقارا ساقال - بۇرۇتى ، ئوچۇق كەڭ مەيدىسىدىكى قويۇق قارا تۈكلەرگە ھەۋەس بىلەن قاراپ چىرايلىرى نۇرلىنىپ كەتتى .

— ھە قانچە بولسىمۇ بىزنىڭ ئىشىك سىلە تەشكەن تاملارنىڭ تۆشۈكىدىن كىچىك ئەمەستۇ كاملاخون .

— تەشكەن تامنىڭ يولى باشقا - دە ، شۇنداق دەپ قويسام ئېشىۋالماڭلا ، تۆشۈك تەشكەن ئادەم ئۆزىنى چاغلاپ تېشىدىغان گەپ . بولاڭلا چاققان ، ئىشىكنىڭ ئالدىدىكى كالىنى جىمىقتۇرۇڭلار مەختەم ، تاۋكا باردۇ .

— بار . تازا قايناۋاتقاننىڭ تۆپىدىن چۈشتۈڭ - دە ، — مەخەتخان شۇنداق دېگەچ ئالدىراپ چىقىپ كەتتى .

— بارمۇ سىلى ، ھوي . نېمانداق ئەتىيازنىڭ قۇيۇنىدەك يوقاپ كېتىسىلە .

— زاراتتا تۇرمىگە چۈشۈپ قېلىپ ئاران قۇتۇلدۇم دەيمە ، گەپ قىلماڭلا ، — كامىل شۇنداق دېگەچ ئىشىككە بىر قارىۋېتىپ مەرەمنىسانىڭ بېلىدىن قۇچاقلاپ ئالدىغا تارتتى . مەرەمنىساخان كامىلنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ ساقال - بۇرۇت باسقان ئاغزىغا ئىككىنى سۆيۈۋېتىپ يۇلقۇنۇپ چىقىۋېلىپ :

— ۋوي ، يادىمدا يوق ... ھەجەپ سەتلىشىپتىمەن . مايەردە سىڭلىم تۇرسا ...

كامىل ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ سۇپىدا ئۈزلىرىگە جىمىمىدە تىكىلىپ قاراپ ئولتۇرغان ھەممەمنى كۆردى. ھەممەمنىڭ چوڭ ھەم قارا كۆزلىرى ئۇيقۇغا قېنىپ جانلىنىپ قالغان، چىرايلىق لەۋلىرى سەل قورۇپ قالغانىدى.

— ھەجەپ چىرايلىق سىڭلىڭ باركەن. تۇمۇچۇقتەك بوئنداق سىڭلىڭ بارلىقىنى ماڭا دېمىگەنتىڭا.

— ئۇ تېخى كىچىك، كۆزۈڭ چۈشۈۋاتامدۇ، قىزىل باش جوھۇت بولىسەن جۇمۇ.

— قانچىگە چىدى بۇ ئاق قۇشقاچ، — كامىل شۇنداق دەپ يەنە يېنىشلاپ ھەممەمگە قارىدى. كامىلنىڭ گېپى قىزىق تۇيۇلغان ھەممەم كامىلغا ۋىلىققىدە كۈلۈپ قولىرى بىلەن ئاغزىنى تۇتۇۋالدى. بۇ قېتىم كامىلنىڭ كۆزلىرى ئۇنىڭ زىلۋا بويلىرى، ئەمدىلا كۆتۈرۈلۈپ چىققان كۆكسىگە قاراپ ئولگۇردى.

— ئەمدى تېخى ئون تۆتنىڭ قارىسىنى ئالدى.

— ئەمدى ئون تۆتكە چىدى دېگىنىڭ نېمىسى، ئانام مېنى ئون ئۈچ يېشىدا تۇغۇپ بولغان، تەلپەك بىلەن بىرنى قويسا يىقىلمىدى دېگەن گەپ ئەرگە لايىق بولىدۇ. ھازىر تەلپەك بىلەن ئۇننى قويسامۇ مىدىرلىماي تۇرىدۇ كاساپەت.

— ئۇ دېگەن كونا جەمئىيەت.

— كونا جەمئىيەتنىڭ خوتۇنلىرى پۇختا، چىڭ. يېڭى جەمئىيەتنىڭ خوتۇن خەقلىرى ئىنجىمارۇق دېمەكچىمۇ سەن.

— ئوھۇي، ساڭا گەپ تېپىپ بەرگىلى بولمايدۇ. ماڭە سەتلەشمەي.

— يائاللا ھەجەپ يوغان نەسىللىك كالا ئەكەپسىنا كامىلەم، — دەپ ئاغزى يالاق بولۇپ كىرىپ كەلدى مەخەتخان.

— جۇرە تاۋكادىكىلەر بىلەن كۆرۈش، — مەرەمنىساخان ئالدىدا، كەينىدىن كامىل، ئاخىرىدا مەخەتخان دالان

ئۆيگە چىقتى - دە . ئاندىن قىمار بولۇۋاتقان قازناق ئۆينىڭ تاغار پەردىسىنى قايرىپ كىرىپ كەتتى . ھەممەيلەن ئىشىكنىڭ ئۇلگۇچىكىگە يۆلىنىپ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قىزىقسىنىپ قاراپ قالدى . كامىل ئىشىكتىن كىرىۋاتقاندا ئارقىسىغا قايرىلىپ بىر قارىۋىدى ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغان ھەممەيلەننىڭ كۆزلىرى بىلەن كۆزى دوقۇرۇشۇپ قالدى . ھەممەيلەن شۇ زامات ۋىلىققىدە يەنە بىر كۇلۇپ دەرىھال ئۆزىنى دالدىغا ئالدى . كامىلمۇ كۇلۇپ قويدى . مەرەمنىساخان كامىلنىڭ بېقىنىنى چىمدىۋالدى . ئەمما ، كامىلنىڭ پاتاڭدەك قاتتىق تېرىسى قولىغا چىقماي «راست ئەركەكتە كاساپەت ، مەخەتنىڭ تېرىسى يامغۇردا قالغان كونا تېرىگە ئوخشاش» دېدى ئىچىدە .

كامىل سالام بېرىپ ئۆيگە كىرىشىگە تازا قايىنىشىپ ئويناۋاتقان قىمارۋازلار جىم بولۇپ ، ھەممىسى بىر - بىرىگە قارىشىپ قېلىشتى .

— سېنى كېلىدۇ دېمىگەنىيا كاملاخۇن ، — دېدى ياسىن بېلىق غاز - غوژ ئاۋازدا .

— ئۆزۈم كەلدىم ، كەلگىنىم بولماپتىما .

— كەلگىنىڭغۇ بولدى . ھەقچان يانچۇق قۇرۇقمىكىن دەيمىنا ، — دائىم قۇرۇق قول تاۋاكاغا چۈشۈپ ئادەمنىڭ كۆڭلىنى قارا قىپ قويۇپ يانچۇقۇڭنى چىڭدايسەن ئەمەسما ، شۇڭا .

— بۇ قېتىم قۇرۇق قول ئەمەسكەن ، — دېدى مەخەتخان .

— سالەك شاڭجاڭنىڭ كالىسىنى يېتىلەپ كەلدىم .

— باشقا بىرسى چىقمىغاندەك سالەك شاڭجاڭنىڭ كالىسىنى ئوغۇرلىدىڭمۇ ئەمدى ، بىزنىڭ داۋۇتەممۇ ئۇ يەردە تۇرۇپ بوپتۇمۇ دەيمەن . ۋاي پوق يەيدىغان ، ئىنىمنىڭ ئىشىغا توپا ساپسەن ئەمەسما ؟ — دېدى مەرەمنىساخان قاقشاپ .

— بولا ئىش بوپتۇ . ئىس - بۇسنى چىقارمىغانسەن ، —

دېدى تۇرەك تاز .

— پايپاق كەيدۇرۇپ سېرىق بۆينىنىڭ يولىغا سېلىپ ئاپلاندۇرۇپ كەلدىم .

— سەندىن كۆرەمىكىن دەيمەن ، — دېدى روزەك شار .

— مەن زاراتىنىڭ تۇرمىسىدە پىتقا يەم بولۇۋاتسام مەندىن كۆرىدىغانغا ئانىسىنىڭ ھەققى يوق ھەۋ . تۇگمەنگە بۆيرۇپتىكەن . داۋۇتىم ئۆيدە بولمىغاندىكىن ئۇنىڭغا خاپىلىق يوق ، — دېدى كامىل .

— ھە ، بولا ئىش بوپتۇ . قانچە قىپ قويۇمىز ، — دېدى ياسىن بېلىق .

— بۇ كامىل دېگەن دائىم پوقى سۆرىلىپ يۈرىدىغان نەس باستى بىر مەرەز . يەنە كېلىپ ھېچكىم تېپىلمىغاندەك سالەك شاڭجاڭنىڭ كالىسىنى ئوغۇرلاپ كەپتۇ . سالەك شاڭجاڭ دېگەن يەرنىڭ تېگىدە يىلان كۆشىگەننى بىلىدىغان يامان مەخمەلباش تاز . شەيتانغا نوختا سالىدىغان ، ئاغزى ئوت ، بالا - قازا تاز . ئۇ تاز خىل ئۇلاغ باقىدۇ . كالىسى ھەممىدىن پۇزۇر ھەم كالىنى ئانىسىدىن ئوبدان كۆرىدىغان بەتنىيەت . كالىسى يۇتۇپ كەتسە يۈرتىكى ھاڭگا ئېشەكتىن تارتىپ خورازغىچە كالىسىنى تۇغدۇرۇشتىن يانمايدۇ . ماۋۇ قىمارنى ئوينايمىز ، تاۋۇكا بوزۇلمىسۇن دېسەڭلار كامىل كالىسىنى ئېلىپ ما يەردىن تىن تارتماي يوقالسۇن . بولمىسا بىزگە كۈن يوق ، — دېدى ھېلەك چەكەدى تۇۋۋى سېسىپ كەتكەن ئات چىشلىرى ئارىسىدىن ناسىۋالىنى پات - پات تۈكۈرۈپ تۇرۇپ .

قىمارۋازلار بىر - بىرىگە قارىشىپ ئارسالدى بولۇپ قالدى .

— سالەك شاڭجاڭ دېگەن ناھايىتى كەلسە ساپكىسى قاملاشقان بۇقا - غۇنىجىنلارغا پەتتە كېسىدىغان بىر ھارام تاماق دەللالغۇ . ئۇنىڭدىن ھەجەپ قورقىدىكەنسەن ، ئۇ ھەر كۈنى كەم

دېگەندە ئۇن ئادەمنىڭ موزاي ـ توپىقىنى هارام يەيدۇ . ئۇنىڭ بىر كالىسىنى بىز يېسەك نېمە بوپتۇ . هەجەپ ئۇنى بىزگە جەۋرايىل كۆرسىتىپ كەتتىڭ هەۋا . جاننى ئالمايدۇ ئۇ تاز . كېچىچە سويۇپ ، يېگىنىمىزنى يەپ ، يەپ بولالمىغاننى ئۈلىشىپ ئۆيگە ئاپىرىپ بالىلىرىمىزغا پىشۇرۇپ بېرىمىز . ئاغزىمىزغا سېغىز سۈركەپ ، چىش كاۋىكىمىزدىكى گۆشنى ئادەم بار يەردە كولىمىساق قانداق تۇتالايتتى ئۇ تاز . تاز دېسەم خاپا بولماڭلار جۇما تۇراخۇن ، ــ دېدى روزەك شار .

ــ تاز دېگەن يالغۇز مەنمىتىم ئاداش ، سېنىڭ قېيناتاڭمۇ ئىلگىركىن تۇزلۇق قاپاقتەك تاز ئەمەسما ، ــ دېدى تۇرەك تاز هەۋلى مۇنەكتەك قارامتۇل كۆكىرىپ هەم قورۇلۇپ تۇرۇپ .

ــ هە گاچچىدە گەپنىڭ گۇندىسىنى دېمەمسىلە ، كالىنى يا بولسا مەختەم غاچچىدە بېسىپ سويسۇن ، يا بولمىسا كامىل كالىنى ئېلىپ بۇ يەردىن يوقالسۇن ! ــ دېدى ياسىن بېلىق غاز ـ غۇز ئاۋازدا .

ــ ئۇ كالىنى يېگىنىمىز يېگەن ، سويە مەختەم . سالەك شاڭجاڭ دېگەن قىزىل باش جوهۇتنىڭ هېلىغۇ بىر كالىسىنى ئوغۇرلاپ كەپسەن ، بولسا هەر كۈنى بىرىنى ئوغۇرلاپ ئەكەل . بىر پەتتە كەسكەن زىغىردەك هوقۇقىغا تايىنىپ خەقنىڭ يىلىكىدە سۇ ئىچىدىغان ئوغرى ئۇ . نېمىسى بەلەن بولسا ، ئېشىكى چىرايلىق كۆرۈنسە ئېشىكىنى ، ئېتى چىرايلىق كۆرۈنسە ئېتىنى ئېلىۋالىدىغان دەيۇزنىڭ هارام مال ـ دۇنياسىنى مۇشۇنداق جايلىماي بولمايدۇ ، ــ دېدى روزەك شار .

ــ توي قىلىمىز دەپ پەتتە ئالغىلى كەلگەن چىرايلىق قىزلارنى بولسا «ئايرىم گەپ سورايمەن» دەپ ، ئوغۇل بالىنى چىقىرىۋېتىپ ئىشخانىسىغا سولىۋېلىپ ئۇ يەر ـ بۇ يەرلىرىنى تۇتۇپ مۇجۇپ ئوينايدىكەن ئەمەسما . نەچچە قىز بالا قىز چىقماي ئېرى قويۇۋەتتى .

— بولدى، سويە مەختەم، بۈگۈن كالىسنى يەپ ئەتە بېشىمىزغا كەلگەننى كۆردۈق، — دېدى تۇرەك تاز.

— كۆزەم كۆرمىدى. قۇلىقىم ئاڭلىمىدى جۇما ئاغىنىلەر ئەمىسە، بۇ تاۋكادا مەن يوق جۇما. خۇداغا ئامانەت. بۈگەنكى ئوينۇشۇم، مەشەگىچە بولسۇن.

هېلەك چەكەدى لوڭگىدە ئورنىدىن تۇرۇپ بەلۋېغىنى چىڭىتىپ، تەلپىكى ئىچىدىكى پۇرلىشىپ كەتكەن پۇللارنى قوينىغا تىقتى.

— ئولتۇرە ۋە ماز. نېمە جالاپ خوتۇندەك يامانلايسەن. ئالدىڭدىكى تۆت سەر ئەرلىك گۆشۈڭنى هېسابقا ئالمىغاندا چوكانغا ئوخشاش بىر نېمەدە سەن.

باياتىن بېرى گەپ قىلماي كۆزىنى يۇمۇپ جىمىمىدە ئولتۇرغان مۆمۈن مەلەڭ ئۆزۈن قوللىرىدا هېلەك چەكەدىنىڭ بەلۋېغىدىن بىر تارتىپلا ئىزىغا ئولتۇرغۇزۇپ قويدى.

— ئالدىغا كەلگەن بىر قاسقان مانتىنى يېمىگەن تاز دېگەن شۇ - دە، مانا. ماۋۇ كالىنىڭ گۆشىنى سەن يېمەي چىقىپ كەتسەڭ، بۇ گۆش بىزگە سىڭەمدا. تەڭ يەيمىز. نېمە كۆرسەڭ تەڭ كۆرىمىز، ماۋۇ پۇلنى نېمدەپ ئۇتتۇڭ. ئاچاڭغا ئوسما ئەپ بەرگىلى ئۇتمىغانسەن ھەقىچان، ھە، مۇشۇ پۇلغا مۇشۇنداق گۆش يەپ تۇرمىساڭ، ھۇشۇقنى گۇپ - گۇپ ئاتالمايسەن. پۇلنى قوينىڭغا تىقىپ چىقىپ سېرىق قوناقنىڭ ئومچىنى ئىچىپ شامال كېسەل بېسىپ ئۆلسەن جۇماۋە چەكەدى. خەق سېنى باكا چەكەدى دېمەيتىكەن، بۇنداق ئەزان گۆش بۇنىڭدىن باشقا يەردە يوق. ئاناڭنىڭ قازىنىدىمۇ چامغۇر بىلەن ئۇماچ قاينايدۇ ھەۋە تاز. كېچىچە ئۆزەڭ يەپ، خوتۇن - بالىلىرىڭنى، ئاتا - ئاناڭنى گۆشكە تويغۇزۇپ، بالىلىرىڭنى خوش قىلىپ، ئاتا - ئاناڭنىڭ دۇئاسىنى ئالامسىناۋا كالۋا چەكەدى، — دېدى ئابدۇمۆمۈن مەلەڭ ئېيىق تاپىنىدەك يوغان مۇشتىنى هېلەك چەكەدىنىڭ

كومشرىغا تىرەپ تۇرۇپ .
— ئۇنداق دېگىنىڭلار بىلەن كالا گۆشى ماڭا زىيان قىلىدۇ ئابدۇمۇمىناخۇن ، — دېدى ھېلەك چەكەدى بالڭۇرغاندەك بوشاپ .
— زىيان قىلىپ ئىچمىگە بىرمە قىلامدۇ ماز پاينەك ، لاتا .
— ئىچىمنى سۇرۇپ ، يېلمنى تاشۇرۇۋېتىدۇ دەيمەن .
— بوگەن سەن بۇ گۆشنى يېمىسەڭ ، ھەممىمىزگە زىيان قىلىدۇ ، — دېدى مەخەتخانمۇ جانلىنىپ .
— ئىچىمىزدىن مانا مۇشۇنداق ئىش بۇزدى مۇناپىقلار تولا چىققاچقا ئىتنىڭ كۇننى كۆرۈۋاتىمىز ، — دېدى تۇرەك تاز چىلىمغا نېشە باسقاچ كوتۇلداپ .
— يېمەي - يېمەي ، ئۇچەيلىرىڭ كونا كۆلىنىڭ يالپۇزىدەك ياغسىزلىشىپ كۆك ئۇچەي بوپ كەتكەن قەلەندەر ، پاقا يىلان يېگەندەك يالماپ يېسەڭ ئىچىڭنى سۇرۇپ كۆتۈڭنى تەتۇر ئۆرۈپ پۇرۇكۇڭنى يۇمۇلماس قىلىۋەتەمدۇ ؟ … ئاز - ئازدىن سىغىپاتار نان بىلەن يېمەمسەن قەلەندەر .
— ماقۇل ، ماقۇل بولىدىما ، ئۆلسەممۇ بى يەي .
— ھە مانا ئەمدى ئوغۇل بالا بولدۇڭ خۇمسا .
— كالالڭ ئۇچ يۈز بولسۇن كامىلەم ، — دېدى ياسىن بېلىق ھجىيىپ .
— تايىنلىق باكاغىلام يېمەمسەن ياسىنكا . دەريادىن باكاغا بېلىق تۇتۇپ يەپ كۆنگەندىكىن ، نېمە دەيدا ، بازارغا بېرىپ باق ، كام دېگەندە مىڭ بەش يۈزگە بەرسە تېخى .
— ماۋۇ بازار ئەمەس كامىلاخۇن ، كالىمۇ سىلىنىڭ ئەمەس ، بوپتۇ ، بەش يۈز بولسۇن ، مەشەدە قانچە ئادەم بولسا شۇنىڭغا تەڭ چاچىمىز . پۇلنى ئوتتۇرىغا تاشلايمىز ، تاۋكاغا چۈشسىلە ، بولمىسا يوقىلىڭلا ، قىمارنى بۇزۇپ پاراكەندە قىلغىنىڭلارمۇ يېتەر . بايىاتىن بېرى بىر مۇنچە قىمارنى

يېدىڭلار ، ــ دېدى روزەك شار .

ــ بولدى ، هېساب هەۋە شار . سەن تېرەكنىڭ ئۆچىدىن سەكرەپمۇ ئۆلمەي شار دەپ نام ئاپتىكەنسەن . مەن چۈشسەم تېرەكتىن چۈشەمتىم ، ناھايىتى پۈلدىن چۈشىدىكەنمەن . هېساب ، سويە مەختىتەم .

ــ ئەمىسە بىر كىشلىكى مېنىڭ ئەجرىمگە هېساب جۆما .

ــ چىدىماسلىق قىلمىساڭچۇ مەخەتخان .

ــ هە چىدىغاچقا ئۆينى بېرىپ ، قارنىڭىزغا بۆقمىنىڭ پودىقىنى تىقاي دەپ مېڭىۋاتقاندۇ . تاۋكادا يەنە چاتىرىقىمغا نوغۇچنى قىستۇرۇپ دو بارمۇ دەپ مەن چۈشۈمەن جۆما يانا تۇراخۇن ، ــ دېدى مەرەمنىساخان .

ــ هە بولدى ، بولدى هېساب . سىلە پوكانچىلىق قىلمىڭلا ، خوتۇنۇڭلار بىز بىلەن مەيدە قېقىشۇن مەخەتخان . بولاڭلا .

تاۋكا توغاي چۈچىلىغىچە بولۇپ هەممەيلەن موللاق ئاتتى . كامىل ئوغرى هەممىسىنىڭ پۈلىنى سېيرىپ تەلپىكىنى توشقۇزغاندىن باشقا هەر بىرسىنى بىر مۇنچىدىن قەرزگە بوغۇپ قويدى . هېلەك چەكەدى مىڭ قېتىم تاپا قىلاي دەپ ئاغزىنى ئۆمەللەپ بولۇپ يەنە جىممىدە سالپىيىپ ئولتۇرۇپ قالدى . ئۇنىڭ ئۇيقۇسىز ، كونا گۆردەك ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرى يېرىم يۇمۇلغان هالدا كالا گۆشى يەۋاتقانلارغا يەر تېگىدىن تىكىلەتتى . گۆش يۇمشاق هەم تەملىك پىشقان بولسىمۇ هېچكىمگە تېتىماي قالدى . باش ئەزان بىلەن هەممەيلەن ئۆزلىرىگە تەگكەن خام تاراچ گۆشلىرىنى چاپانلىرىغا يۆگەپ تارقاشتى . كامىل كەتمەك بولۇۋىدى ، مەرەمنىساخان ئۇنىمىدى . شۇ تاپتا مەرەمنىساخان مەخەتخاننى تىرىك كۆمۈۋەتكۇسى كېلەتتى . ئۇ بىر تەرەپتىن قاتتىق ئۇتتۇرۇپ ئالىقىنىدىكى غىلتالڭ ئۇشۇقتەك بولۇپ قالغىنىغا چىدىمىسا ، يەنە بىر تەرەپتىن كامىلنىڭ يۆگلۈق مەيدىسىگە چاپلىشىپ قېنىپ بىر

ئۇخلىيالمىغانلىقىغا چىدىماي قالغانىدى .

— مەن كېتەي ، — دېدى كامىل يېلى چىقىپ كەتكەن تۇلۇمدەك سالپىيىپ ، مورىغا يۆلىنىپ خورەك تارتىۋاتقان مەخەتخانغا قاراپ قويۇپ .

— نەگە كېتىسەن .

— شامال تەرەپكە .

— كەتكۈزمەيمەن .

— نېمشقا كەتكۈزمەيسەن ؟

— سەن مېنى يالىڭاچلاپ قويۇپ نەگە كېتەتتىڭ . مەن يەنە ئوينايمەن .

— ھېلىمۇ ھەممە نېمەڭنى ئۇتتۇرۇپ كۆتۈرەلمىگۈدەك قەرزگە بوغۇلدۇڭ ، شۇنچە بولا - كىتە ئويناپ بەرسەممۇ ، ساڭا بۇگۈن پەقەت كەلمىدى . ئەمدى نېمەڭنى تىكىسەن ؟

مەرەمنىساخان مورىغا يۆلىنىپ بويىنىنى قىسىپ ئۇخلاۋاتقان ئېرىگە قاراپ قويۇپ ، كامىلغا پۇتۇن يۇتۇۋەتكۇدەك تىكىلىپ پەس ئاۋازدا پىچىرلىدى :

— ئۆزەمنى تىكىمەن ، — لەۋلىرى تىترەپ ئاغزى قۇرۇپ كانىيىدا نەملىك قالمىدى . كامىل جىممىدە چەكچىيىپ قاراپ بىردەم تۇرغاندىن كېيىن مەخەتخاننىڭ قان يۇقى يۈزلىرىگە نەپرەت ھەم ئۆچمەنلىك بىلەن يېنىشلاپ قاراپ قويدى .

— سەن ئاۋۇ ماز ياڭاق ئېرىڭدىن قورقمىغان بىلەن مەن خۇدادىن قورقىمەن . زاراتتىكى تۇرمە ماڭا خۇدانى تونۇتتى . ھەرقانداق مانا مەن دېگەن خۇدانى تونۇمايدىغان نوچى ئەركەك زاراتنىڭ تۇرمىسىدە بىر كېچە ، پەقەت بىر كېچە - كۈندۈز ياتسىلا خۇدانى تونۇيدىكەن . مەن توۋا قىلدىم ، بۇندىن كېيىن ھەرگىز ئېرى بار خوتۇنغا كۆز سالماس بوپ كەتتىم . بۇ مازەك ئېرىڭ ھار ئالمىغان بىلەن خۇدايىم ھار ئالىدىغان ئىشكەن .

— زاراتتا ئوغۇرلۇق قىلىپ تۇتۇلۇپ قالدىڭمۇ ؟

— مەن ئەقلىمگە كەلگەندىن تارتىپ ئوغرى . ئەمما ، تۇتۇلۇپ باققان ئوغرى ئەمەسمەن . خۇدا ھەر ئادەمگە بۇ دۇنيادا تايىنىپ ياشايدىغان بىر دىن ھاسا بېرىدىكەن . ماڭا مۇشۇ ئوغۇرلۇقنى ھاسا قىلىپ بەرگەنىكەن . ھازىرغىچە ئوغۇرلۇق قىلىپ تۇتۇلۇپ باقمىدىم …

— قانداق بولۇپ تۇتۇلۇپ قالدىڭ ؟

— بىر جالاپ تۇتۇپ بەردى .

— بىر بۇزۇق بىلەن نەپسىڭنى قاندۇرغۇچە زاراتىنىڭ چۆلدە بىرەر قېرى مىدە ئېشەك تېپىلمىدىما ؟ خوپ بوپتۇ … ھەي … ھوي مەخەتخان … ماڭ جۇگۇ گۆشتىن بىر پارچە ئېلىپ ئايتىللانىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ كەل ، ئاتاملار ئېغىز تەگسۇن .

— ھېرىپ ماڭغۇدەك ھالىم قالمىدى …

— تاڭ ئاتقاندا گۆش كۆتۈرۈپ يۈرسە پايلاقچىلار گۇمانلىنىپ بىردەمدە تۇتۇپ بېرىدۇ ، — دېدى كامىل ئاچچىقلىنىپ .

— كامىلەم راست دەيدۇ خوتۇن ، — مەخەتخان شۇنداق دەپلا يەنە ئۇيقۇغا تەگدى .

— ئۆلسەڭمۇ بى قۇتۇلادىم ئىيەكىم سەن لامزەللىمدىن .

— بۇ ساڭا خۇدايىم مەخسۇس بۇيرۇپ سوقتۇرۇپ بەرگەندەك ئەر . بۇنداق ئەرنى يەر يۈزىدىن تاپالمەيسەن .

— سەنچۇ ؟ سەن ئەر بولماي توپاقما ؟

— مەنمۇ سېنى خوتۇن قىلمايمەن . سەنمۇ مۇشۇ مەخەتخاندىن باشقا ئەر بىلەن بىر ئۆيدە بولۇشۇپ بولالمەيسەن . خۇدايىم ئىككىڭلارنىڭ نىكاھ ئىشڭلارغا كەلگەندە ئاجايىپ بەلەن تەڭشىگەنىكەن .

— ئەمىسە مەن بىلەن ئوينايسەن .

— تۇتە ماۋۇ پۇلنى ، ئەمدى ئوينىمايلى !

— چېكەڭگە تاڭ بۇنداق سېسىق سەدىقەڭنى ! سېنىڭ

ئالدىڭدا تىلەمچى بولغىنىمدىن قەرزدار بولغىنىم خوپ .
— ئەمسە نېمەڭنى تىكسەن ؟
— ئۆيۈمنى تىكتىم .
— ياق تالادا قالىسەن .
— سېنىڭ نېمە چاتىقىڭ . ئۆيۈمنى پۇلغا چاقە .
— يا ... يا بولمىسا سىڭلىڭنى ...
گەپنىڭ ئايىغى چۇشمەيلا قاداقچىلاپ بىر مۇشت تېگىپ كامىلنى ئىنجىقلىتىپ قويدى . مۇشت تۈيۈقسىز قورساققا تەگكەچكە كامىل تىنالماي تاتىرىپ چوڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ بىر دەقىقە تۇرۇپ قالدى . ئۇ دېمىنى رۇسلاپ ئۇرماق بولۇپ قولىنى كۆتۈرۈپ بولغۇچە مەرەمنىساخان تامبىلىغا ئېسىۋالغان ساغرا غىلاپتىن جەرەن مۈڭگۈزىدىن ساپلانغان سېرىق بۆيا خەنجىرىنى چىقىرىپ بولدى .
— باياقى كالاڭدەك سويىمەن ھەۋە سەندەك خۇمسىنى . تۇۋا قىپتىمىش تېخى . سىڭلىم بىلەن تەڭ تالىشىپ غاجايدىغان پايخۇن بولامسەن قالماق .
— بايا دېدىميا ، ئەمدى سەن بىلەن ...
— ھە ئەمدى مەن سېنىڭ نەزىرىڭدە ھېچبىر تاۋاق بولدۇمما ، بەتبەخت !
— بولدى ، بولدى ئوينىمساقلا مۇشۇ خاپىلىقمۇ يوق .
— بولدى ھېساب . سېنىڭ دېگىنىڭدەك ھەممىدەمنى تىكتىم . ئەمما ، ھەممە قەرز - پەرزنى ھېسابلاپ تۆپىدىن بەش يۈزنى بېرىسەن .
— ئۇچيۈز بولسۇن ... نىكاھ قىلىمىز جۇما .
— ياق بەش يۈز . كېمى يوق . ئۇ تېخى نارەسىدە بالا .
— بولدى ھېساب .
كامىل تەلپىكىدىكى پۇرلەشكەن پۇللارنى تاۋاكاغا تۆكۈپ بەردى . مەرەمنىسا ساناپ تامبىلىنىڭ يانچۇقىغا تىقىپ :

— ھە ئېتىشتۇقما؟
— بەك ئۇيقۇسىراپ كەتتىم. ئەتە قىلمامدۇق.
— نەپسىم تاقىلداپ كەتتى دېگىنا. بىر پەتنۇ بېشىمدىن ئۆرۈپ - چۆرۈۋەتتىم سەن نامەردنى.
— ساڭا دەپ قوياي، پەقەت بۇگۈن بىر كېچىلىك جۇما. ئەتە تالاق قىلىۋېتىمەن ... ئاۋايلا ... جوھۇت ... قوپە ھوي لامزەللە. نىكاھ ئوقۇ ... ھۇ لاتا ئىلاپ.
مەرەمنىساخان ئۇخلاۋاتقان ئېرىنى مۇشت بىلەن بىر ئۇرۇپ يۇمىلىتىۋېتىپ ئۇن سېلىپ يىغلىغانچە ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. مەخەتخان نېمە ئىش بولغىنىنى ئاڭقىرالماي مەڭدەپ گاڭگىراپ:
— ھە ... ھە ... مېنى ئۇرغان قايسىڭ. مېنى كىم ئۇردى. ھە ... كامىل ... سەن ... سەن ئۇردۇڭما؟
كامىل مەخەتكە ئۈنسىز ئىچ ئاغرىتىپ قاراپ «تووا!» دەپ ياقىسىنى تۇتتى.

## 13

ئاخشام كۆكتە يۇلتۇزلار بەسلەشكەندەك جۇلالىق پارقىراپ كەتكەندى. يېرىم كېچىدىن كېيىن قىلۇدىن شامال چىقىپ قورۇم تاغلىرى تەرەپتىن شالاڭ بۇلۇتلارنى ھەيدەپ كېلىپ تەكلىماكان ئاسمىنىدا ئالا كالىنىڭ دۈمبىسىدەك قارا - ئاق بۇلۇتلارنى لەيلىتىپ قويدى. قۇياش چىقماي تاڭ ئاتتى. بۇلۇتلار ئارىسىدىن زىنداننىڭ كىچىك تۆكلۈكىدىن چۈشكەن قولغا چىقماس نەيزىدەك نۇر يەردىن ئەمدىلا باش كۆتۈرۈپ كۆكەرگەن بۇغداي مايسىلىرىنى كۆلدۈرگەندى.
مۇز تاغدىن كېلىۋاتقان نەمخۇش سالقىن شامال تەكلىماكان قۇملۇقى پۈركىگەن قۇرغاق، جەزىرە ھاۋاسى بىلەن يىملىشىپ ئەتىگەننىڭ جانغا راھەت ساپ ھەم سالقىن سەھەر پەيزىنى ھاسىل

قىلغانىدى . «مۇشۇ سالقىن ، ساپ ھاۋا بولغاچقىلا ئادەملەر ھەر ئەتىگىنى پاقلان گۆشى يېگەندەك بىجىرىم ئۆرە تۇرۇۋاتىدۇ . بولمىسا يىلىكىنى ئۈزۈۋېتىدىغان قۇۋۋەتسىز قۇرۇق تاماقتا ھەممە ئادەمنى قارا شامال كېسەللى بېسىپ قۇرۇپ ئۆلمەمتى . تېخى بۇرۇنقىدەك ساپ ھاۋا بولمىدىغان بولسا بالىلىرىمىز چولڭ توغراقتەك ، پۈت - قوللىرى سوقا - سەندەلدەك يوغان ئادەملەردىن بولۇپ ئۆسەتتى . مانا ئەمدى ئۇ چۆللەرگە ئادەملەر چېكەتكىدەك يوپۇرۇلۇپ كېلىپ ئۇنداق ئۈچ مىڭ يىللىق قاغا چاڭگىسى بار پو توغراقلارنى كۈھىقاپىنىڭ ئاغزىدەك دەم تارتىپ يەپ تۈگەتتى . قىرىۋەتتى . سېيرىپ - سۈپۈرۈپ خۇددى بۇرۇن بۇ يەردە گىياھ ئۈنۈپ باقمىغاندەك ، قۇملۇقتىن باشقا ھېچنېمە يوقتەك قىلىۋەتتى . ئاشۇ يوغان توغراقلار ، قېرى توغراقلار بولغان بولسا ئەتىيازدا بىر دۈرەم ، كۈزدە بىر مەرتەم توغراق يىلتىزىغا بىر پالتا چېپىپ توغراق سۈيى ئىچۈرۈپ قويالىساق ، بالىنى ھەرقانداق كېسەل چىرمىۋالالمايتتى بىر ، بالا جىگىلەپ قالمايتتى ، يوغان توغراق بىلەن بوي تالىشىپ بوي تارتىپ يوغان ئادەم بولاتتى ئىككى . پەقەت ئاغرىق - سىلاق بولمايتتى ئۈچ . توغراقلار بورانغا دالدا بولۇپ ، دەشتى قۇم يۇرتقا بېسىپ كىرمەيتتى تۆت . يۇرت قۇرۇپ ، ئادەملەر ئاغرىقچان كېسەل كۆرپىسى بولمايتتى بەش .

— ھاي … ھاي … ئايتىللاخان نەگە ماڭدىڭىز ؟ !

ئايتىللاخان چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۆزىگە گەپ قىلغان سىيىت ئەۋەلنى كۆردى . سىيىت ئەۋەل كالتا ، ئىنچىكە قىزىل تۇكلۇك پاچاقلىرىنى تىزىغىچە تۇرۇپ قويۇپ ئەمدى كۆكەرگەن بۇغدايغا كۆل چاچقىلى تۇرغانىدى . ئۇنىڭ كوماك ئاغزى بىلەن ئاسمان تېگىدەك زەڭگەر كۆزلىرىنى سېرىق سىمدەك قويۇق ساقال بېسىپ كەتكەنىدى . گەپ قىلمىسا سېرىق مايمۇنغا ئوخشايتتى . «بۇ ئوغرى مۇشۇك ، قېرى باخشى ھەجەپ

ئەندىكتۇردىيا» دېگەن خىيالغا كەلدى ئابتىللاخان .
— كۆك ھاڭگىنى چاتىرىقىڭىزغا قىستۇرۇپ نەگە ماڭغانسىز سۈيى بەلەن پاختىدەك يۇمشاق خېنىم .
— سەتلىكنى ، قېرىغاننى تۈيمايدىغان ئابدال كۆسۈگى ، تۇگمەنگە ماڭدىم . گېپىڭىزنىڭ سەتلىكىدىن چىشىڭىز قالماپتۇ . داشىماق سېرىق مۇلۇن . قېرىغاندا ھالىڭغا تەن بېرىپ ، ئۇمىچىڭنى ئىچە .
— تۇگمەن كەينىڭىزدە قالسا ، ھاڭگىۋاتۇرنىڭ سۆڭگىچى خۇشىيېقىپ ھاڭگىغا ماقۇل دەپ كېتىۋەرمىسۇن دەيمىنا ئەمدى . زەيلىكتە مىدىدىن بىرنى كۆرسە سىزنى تاشلاپ ، نېسىدىن تەلىيىم يوق دەپ مىدىنى نەخلىگىلى كېتىپ قالامىكىن دەيمىنا ئەمدى .
ئايتىللاخان ئەتراپىغا بىر قاراپلا ئېشەكىنىڭ تۇگمەنگە ماڭماي ئېشەك ئۇتلايدىغان قەيلاڭغا يول ئالغىنىنى بىلىپ ئېشەكنىڭ بېشىنى بۇراپ تاياق بىلەن تازا سالدى . ئېشەك تاياقتا چىدىماي تۇگمەن تەرەپكە جۇنەپ ھاڭراپ چىچاڭشىغىلى تۇردى . ئەمما ، ئۆشنىسىدىكى بىر تاغار بۇغداينىڭ ئۇستىدە ئولتۇرغان ئايتىللاخان بىلەن يۇكنىڭ ئېغىرلىقىدىن چىچاڭشىشلىرى كارغا كەلمىدى . شۇڭا سوكۇلداپ ، يۇگۇرۇشكە مەجبۇر بولدى .
— رەھمەت ساڭا جۇما سېرىق مەدەك سىيىدەك باي ... ھا ... ھاي ... جاھاننىڭ غەملىرى بېسىپ تۇگمەندىن ئۆتۈپ كېتىپتىمەن .
— جاھاننىڭ ئىشلىرىنى سىزدەك كۆرپىسى يۇمشاق ، يوتقىنى يوق ئاق جۇۋانلار قىپ بولالمايدۇ ... بولمىسا ماۋۇ گەپكە كىرمەيدىغان ئېشەككە مىنمەي مەندەك ھاڭگىۋاتۇرغا مىنىڭە . يۇكىڭىز بىلەن قوشۇپ تۇگمەننىڭ كويلىسىغا ئۇدۇل ئاپىرىپ ئۇگۇتلىرىڭىزنى خېمىر قىلىپ چىقىرىپ بېرەي بولمىسا .
— تايىنلىق ، پو ئاتما . سېنىڭ تۇگمەنگە ئاپىرىشىڭ ئاشۇ

كوماك ئاغزىڭدەك يېلى قاچىدىغان ئەسكى كورەككە ئوخشايدۇ . ئۆيەڭنىڭ كونا تۈگمىنىنى چۆرىيەلمەي بولغان يەرىڭ شۇ . بىزنىڭ ئۈگۈتنى سىنىڭ پۇچۇق تاشلىق ساپال تۈگمىنىڭ ھەرگىز ئېزەلمەيدۇ سىيىتەك .

— گەپ تېپىش بەرگىلى بولمايدۇ - دە ، سەن ۋات - ۋاتقا ، تۈگمەنگە ۋاق قاپسەن ، ئايۇپ باز - بازنىڭ تېشى چوكانلارنىڭ ئۆچرىتىدە قالدىمىكىن ھەقاچان .

— تېخى ۋاقچى ئەمەس . مەنمۇ قورۇق قالماسەن .

ئايتىللاخان ئاغزىدا شۇنداق دېگىنى بىلەن ۋاقچى قالغىنىنى ئېشىكىدىن كۆرۈپ تازا سالدى . ئېشەك شورلۇق قۇرغاق توپىنى توزۇتۇپ تېخىمۇ بەكرەك سوكۇلداپ ، بۇرنىغا كىرگەن ئاچچىق شور توزاندىن پۇشقۇرۇپ خىتىلداپ يۈگۈردى . سىيىت ئەۋەل ئايتىللاخاننىڭ ئېشەك دولىسىدا تولغىشىپ كېتىۋاتقان چىرايلىق بەللىرى ، بېلەكتەك ئىككى ئۆرۈمە چېچى ، تولغان ساغرىسىغا ھەۋەس بىلەن قاراپ قالدى .

ئايتىللاخان تۈگمەنگە كەلگەندە تۈگمەن ئالدىدا ئاللىقاچان ئوندىن ئارتۇق ئادەم ئۆچرەتتە تۇرۇپ بولغانىدى . ئايتىللاخان چاپاق كۆزلۈك جانىخان دېگەن ئاغزى يۇمشاق قېرى بوۋۇمنىڭ كەينىدىن ئۆچرەت تۇتتى . جانىخاننىڭ قارا ھاڭگىسى بىلەن ئايتىللاخاننىڭ سۇر ھاڭگىسى بىر - بىرىگە ھاڭگىچىلىق قىلىپ توختىماي ھاڭرىشىپ ئۇلارنى تۈزۈك سالاملاشقىلىمۇ قويمىدى . ئىككىسى ھەم تېرىكىپ ، ھەم كۈلۈشۈپ ئېشەكلىرىنى تولا ئۇرۇپ ، تارتىشىپ يۇرۇپ ئاران جىم قىلدى . ئەمدى ئەھۋال سورىشىپ تۇرۇشىغا ئۇستۈپىشى ، ھەتتا قاش - كىرپىكىگىچە ئاق ئۇن بېسىپ ئۇندا يۇمىلىغاندەك بولۇپ كەتكەن پوستەكچى ئايۇپ باز - باز ئاغزى پالاقتەك كۈلۈپ يۈگۈرۈپ كەلدى .

— ھە ئايتىللاخان تېزلىقما ، تېزلىق تۇردىڭىزما . ئۆي ئىچى باللا تېزلىقما . ھەجەپ يوقاپ كەتتىڭىزا ، ئۇزاق بولدى ئۇن

تېگىشلىكى كەلمەس بولۇپ كەتتىڭىزيا . بىزدىن رەنجىپ ئاچچاشتىكى ھاقىل باينىڭ سۆ تۆگمىنىگە كەسكىزمۇ ياكى خىتاينىڭ ئۇنى ئاقكەن ، لەغمەن بەلەن چۆشىدىكەن دەپ سوپۇن سالغان ئۇنغا كۆنۈپ قېلىپ زاراتقا كەتتىڭىزمۇيا . بارمايمەن دېگەن تۆگمەنگە ئاخىر كېلىدىغان گەپ جۇما . ئاخىر يەنە بىزنىڭ تۆگمەن ئەسقاتىدۇ . كۆڭلىڭىزنى ئالساق ئالدۇق ، ھەرگىز خاپا قىلمىغاندىمىز ، مانا يەنە كەپسىز . مۇشۇنداق جاھان بۇ . ئات ئايلىنىپ ئوقۇرىنى تاپىدۇ . بىزنىڭ تۆگمەننىڭ ئۇنى دېگەن شۇنداق بەلەن بولۇپ كەتتى تازا . ئۆتكەندە سەل قارا چىقىپ قالغان ، ما قېتىم ئاپىرىپ يەپ بېقىڭە ، ھەجەپ بىلمەپتىمەن دەپ كېتىسىز جۇما . ئاشۇ ئانىڭىزنىڭ سۈتىدىن ئاق ھەم ھالال .

— ۋاي ، ھەر قېتىم شۇنداق دەيسىز ، سىزنىڭ پوقمىڭىزنى يېگەن ئىتمۇ ھەپتە يالغان قاۋايدۇ ئايۇۋاخۇن ، قاغا بالىسىنى ئاق دېگەندەك ھەر قېتىم ئاق دەيسىز . لەغمەن سالسا كوپا ئىشتان باغدەك توم ھەم قارا .

— قانداق جانىخان ئاچا تىژلىقما . ئېشەكنىمۇ بەك ئوبدان بېقىپسىز . سەمرىپ بەلەن بولۇپ قاپتۇ ، ھېلىقى سېرىق ئىنەك بۇ يىل تۇغدىما ، بۇلتۇر قېتىق - قايماقنى ھەجەپ يەپ - ئىچىپتىكەنمىز . ئەمدى بۇ يىل بۇلتۇرقىنى كۆشەيدىغان ئوخشىمامدۇق . ئۇ سېرىق ئىنەكنىڭ سۈتى بەك تاتلىقتى ، مېزىلىكتى .

— ۋاي بۇ يىلمۇ خۇدايىم بۇيرۇسا ، قېتىق - قايماق سىزدىن ئايلانسۇن بالام ئايۇۋاخۇن ، كالا تېخى تۇغمىدى . تىژلىق بولسا مۇشۇ ئاق ئۆرۈك پىشاغا يېقىن تۇغامىكى .

— بۇ يىل كېيىن قاپتۇ ھە . بوقىغا بالدۇر قويمىغانما ؟ ئۆرۈكى پۇچەك ياش بۇقىغا قويۇپ قالمىغانسىلە ، ئۆرۈكى قاتمىغان ياش بۇقىدىمۇ تۇتال بولمايدۇچا .

— دەسلەپ بۇقىغا چۇشكەندە ئۆرايماخۇن ئىنەكنىڭ

كۆيلىسىگە توپا تۇرمايلا ئەكەپتىكەن . تۇتال بولماي كېيىن ئۇمىدا
يەنە بۇقىغا چۈشۈپ تۇتال بولدى . شۇڭا بۇ يىل كالا تۇغۇشتىن
ئىككى ئاي كېچىكىدىغان بولدى . خۇدا بۇيرۇسا كالا تۇغسا تۇنجى
ئوغۇز سۈتىنى ئېلىپ سىز ئايۇۋاخۇنغا ئايرىم پىشۇرۇپ بېرىمەن
بالام . بەرمەمدىغان ، سىز بىزگە يىل بويى بىر ئوبدان ھالال ئۇن
تارتىپ بېرىۋاتىسىز . بۇ ياخشىلىقىڭىزنى ئۇنتامدىغان جېنىم
بالام ، سۈت - قېتىق سىزدىن ئايلانسۇن .

ئايۇپ باز - باز جانىخاننىڭ كېپىنىڭ ئايىغىنى تاشلاپ
ئايتماللاخاننىڭ پېشىدىن يانغا تارتىپ پىچىرلىدى . «سەت دېۋانى
ئەبگار ، تۇرغان - پۈتكىنى تاما بىلەن ھارامدىن پۈتكەن قەلەندەر ،
كىمدىن نېمە چىقار ، نېمىنى ئۇندۇرۇۋالارمەن دەپ خەقتىن
كېلىدىغان نەپسىلا ئويلاپ تاما بىلەن يۈرىدۇ ، يەيدۇ ، ئالىدۇ .
چاپىنى بەلدىن ، ئىشتىنى تىزىدىن ئاشمايدۇ . بۇ قەلەندەرنىڭ»
دېدى جانىخان ئايۇپنىڭ كەينىدىن ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاپ . «
«مەن قىلارمەن ئوتتۇز ، خۇدايىم قىلار توققۇز ، دېگەننىڭ دەل
ئۆزى شۇ - دە . يەنە ماۋۇ چوكاننى ھارام نەپسىگە سۆرىگىلى
تۇردىمۇ دەيمەن بۇ قارا يۈز ، ئۇ دۇنياغا بارغاندا ئاشۇ قىنىدا
تۇرمايدىغان بىر نېمەڭدىن دوزاقتا ئېسىپ قويىدىغۇ سەن
دەيۈزنى» دېگىنىچە تۇۋا دەپ ياقىسىنى تۇتۇپ ئىستىغپار ئوقۇدى
جانىخان ھەمدە ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن گەپلىرىگە قۇلاق سالدى :
«بۇگۈن بولمايدۇ . شۇنداق قاملاشمىغان ئىشنى قىلىپلا بېرىپ
بالىغا ئەمچەك سالسام ، بالا ھەپتە - ئون كۈن ئاغرىيدۇ . پاسىق
پېتى ئاق ئۇننىڭ تۆپىدە ئولتۇرسا يەر چىقىرايدۇ .»

— ھەي ... ساراڭ بولما ، يولدا ھېزىزى بەگ ھاجىنىڭ
ئۆستىڭىدە بويۇڭنى سۇغا سېلىپ پاكىز بېرىپ ئەمچەك سالساڭ
بالا ئاغرىمايدۇ ، ساراڭ . بوپتۇ ، يەنە ئۇن جىڭ قوشۇپ بېرەي
ماقۇلما . بەك سېغىنىپ ، سېنى كۆرسەم خام يېگۈدەك بولدۇم .
بىلەمسەن ؟

— ياق ، بالىنى ئەمچەكتىن ئايرىغۇچە غىت قىممىسام ، بالىدىن زىيان تارتىمەن . سەنمۇ ئاقىنىڭ ئۇستىدە پاسىق يۈرمە . مۇشۇنداق قىلىپ ئاخىر تۆگمەن تېشىغا باستۇرۇلۇپ بېشىڭنى يەيسەن .

— ئاغزىڭغا بىر قويىمەن باكا . پوق يېمە . بۇگەن ھەنېمە قىلىپ سېنى ھۆلدىمەي يولغا سالمايمەن . نۆۋىتىڭنى ھەممىنىڭ كەينىگە سۈرۈپ كۆز باغلانغاندا يولغا سالىمەن سەن بۇلاق مانتىنى .

— ھە قانداق قىلساڭمۇ بولمايدۇ . ئۆزى ئاللىقاچان ھۆل بولۇغلۇق ، ئاي ئاخىرى قانغا بويالغان جىلغا دېگەن كىمنونى كۆرگۈڭ بارمۇ يا سەن داپ يۈزنىڭ .

— يالغان گەپ قىلما . مېنى گوللاپ بولالمايسەن .

— ئەمىسە ھېلى تۇتۇپ باقارسەن . تۇخا بوغۇزلىغاندەك بولىسەن .

— كۆزۈمگە ھەجەپ سەت كۆرۈندىڭا بۇگەن . مەن يېمىگەن مانتىدەك ئاياپ كەتكىنىنى كۆ تېخى .

— ئەمىسە كېتەي . سەندىن ئۇن تېگىشمىگەنگە ئۇنىسىز قالسام ئۇنى كۆرەمەن . ھالال - ھارام دېمەيدىغان نەپسى بالا .

— نەگە ، نەگە يامانلايسەن . توزان ھەققىنىــى پاتۇرۇپ تۇتىدىغان يەرگىما

— تۆگمەن دېگەن تولا . تۇتسا ئۇننى تۇتا . مېنىڭ بىر يېرىمنى تۇتىمىسىلا مەن رازى .

— بولدى كەتمە . بەك سېغىندىم . يەنە چىدىمايمەن سەن ئازگالچىغا . ھازىر ئۇنىمىساڭمۇ ئۇنىڭغا قوشۇپ تارتىــپ بېرىمەن ، گېپىم گەپ .

— يالغان گەپ قىلما ! تۇرسۇن پاخپاقنىڭ ئالدىدا بىر تال داننى مىدىرلىتالمايسەن .

— ساڭا ئاتاپ ئايرىم تىقىپ قويغىنىم بار . جىــگدىن

چىققاندا كۆز قىسىپ قويىمەن . غاچ كۆتۈرسەن . خۇدايىم سېنى نېمشقا چىرايلىق يارىتىپ قويۇپتىكى . ھەر كىم كۆرسە دۇرۇت ئوقۇپ تۇرسىمۇ ئازىدۇ . ئايۇپ شۇنداق دەپ ، يىراقلاپ كېتىۋېتىپ تۇيۇقسىزلا :
— ئاپلا ! — دەپ ئېخىكىنى تۇتۇپ يېنىپ كەلدى . ئايىتىللاخاننىڭ يۈرىكى جىغغىدە قىلدى . «ئەمدى يەنە نېمە دەيدىغاندۇ بۇ رۇدىپاي ئىچىمنى سىقىپ .»
— ھە راست ، دەيمەن دەپ كۆڭلۈمگە پۈكۈپ يۈرگەن نان تېگىدىغان گەپنى دېمەي كەتكىلى تاس قاپتىمەن ئەمەسما ، — ھېلىقى ... ھېلىقى بالاڭنى بېقىپ بېرىۋاتقان سىڭلىڭنىڭ ئېتى نېمىتى ؟ ئۇ چوڭ بولسا سەندىنمۇ ئېسىل چوكان بولىدۇ جۇما .
— ھەمىدەم ، ئۇنى سوراپ نېمە قىلاتتىڭ قىزىل باش .
— ھە ، ھەمىدەم . خوش بوپ كېتەي شۇنى ماڭا بەرگىنە . بالا باققۇچۇم خوتۇنۇمنىڭ مارجىنىنى ئېلىپ قېچىپ كېتىپ بالا باقىدىغان ئادەم يوق . ئانامنى ئەكېلىۋالغان . ئانام كېتىمەن دەپ خاپا قىلىۋاتىدۇ .
— بالامنىڭ بېلىنى سۇندۇرۇۋېتىپ قورقۇپ قېچىپ كەتتى . ھازىر ئاچامنىڭ ئۆيىدە تۇرۇۋاتىدۇ . ئۇنى كۆرە كۆزۈم يوق .
— ئەكېلىپ بېرە . ئايدا بىر چارەك ئاق سۇزۇك قوناق ئۇنى بېرەي . بالامنى بېقىپ بەرسۇن .
— بالىڭىزنىڭ بېلىنى سۇندۇرۇۋەتسە سىزگە بالا تۆلەپ بەرگۈچىلىكىمۇ يوق . شۇڭا مەنمۇ باشقا ئادەمگە باقتۇرۇۋاتىمەن .
— بالاڭنىڭ بېلىنى قەستلەپ سۇندۇرمىغاندۇ . باشقا بالا باققۇچى تېپىۋالغىچىمۇ بولسا بېقىپ بەرسۇن . ماقۇل دە ، ئادەمنىڭ ئادەمگە ھاجىتى چۈشىدۇ . مۇشۇ باش قېتىقچىلىقىمنى ساقايتىپ بەرگىنە . نېمە دېسەڭ شۇنى قىلىپ بېرەي . مۇشۇ خاپىلىقتىن بېشىمنى بىر ساقايتىپ قويە .

— بولمامسىناۋا كاس - كاس ، — توگمەنىنىڭ باشلىقى تۇرسۇن پاخپاق چىقىپ بىر ۋارقىرىۋىدى ، ئايۇپ غىڭ قىلماي توگمەنگە يۈگۈرۈپ كىرىپ كەتتى .

— ھەمىدەمنى ماڭا بەر ، بالامنى بېقىپ بەرسۇن ، دەمدۇ نېمە ئاۋۇ باز - باز ، — دېدى جانىخان .

— ھەئە ، ئۇ ھازىر يېنىمدا ئەمەس ، مەرەمنىسانىڭ ئۆيىگە قېچىپ كەتتى . بىر مەھەللە بولغاندىكىن كۆرگەنسىز ھەقىچان .

— ۋاي ئۇ گەپنى بىر دېمەڭ ، شۇ گەپنى سىزگە دېمەكچىدىم . ماۋۇ باز - باز بىز كۆرۈشە - كۆرۈشمەي زىغ - زىق بولۇپ قىستۇرۇلۇپ گەپكە ئارام بەرمىدى . ئاۋۇ ھېلىقى كامىل ئوغرى دېگەننى بىلىسىزيا . ئاچچىمىز ئۆي - بىساتى ، تۇرغان - پۈتكىنىنىڭ ھەممىسىنى بىر كېچىدىلا شۇ كامىل ئوغرىغا ئۇتتۇرۇۋېتىپ ، تالادا قېلىپ ، ئاخىر شۇ كىچىك نارەسىدە ھەمىدەمنى ئۇنىڭغا نىكاھلاپ بېرىپ ، ئۆي - زېمىننى ساقلاپ قاپتىكەن . كامىل ئوغرىنىڭ خوتۇن بالا - چاقىسى كېلىپ مەرەمنىساخان بىلەن جېدەل قىلىپ ئۆلۈم پىششىقى چىققىلى تاس قاپتۇ . كامىل ئوغرى خوتۇن - بالىلىرىنى ئۇرۇپ «ھەمىدەمگە چىقىلىدىغان بولساڭ ئۆلتۈرىمەن ، بوغۇزلايمەن» دەپ خوتۇن - بالىلىرىنى سۈر - توقاي قىلىپ ئەكەتتى . شۇندىن كېيىن كامىل پات - پات مەرەمنىساخانىڭكىگە كېلىپ - كېتىپ يۈرىدۇ . مۇشتەك تۇرۇپ ئوغرىغا كىچىك خوتۇن بوپ قالدى ئۇ بىچارە .

— بۇ ئىشقا قانچە ۋاخ بولدى ؟

— بىر ئايدىن ئاشتىغۇ دەيمەن ئەمدى .

— ئۇ تېخى مۇشتەك بالا تۇرسا ئاۋۇ قارا يۈزلەرنىڭ قالىغا قىلغان ئىشىنى .

ئايتىللاخاننىڭ كۆزلىرىگە قاراڭغۇچىلىق تىقىلغاندەك بولۇپ ، پۇت - قولىدا جان قالماي تاغارغا يۆلىنىپ ئىزىغا پەم

بىلەن ئۆلتۈردى .

## 14

ياغاچ سۈپىنىڭ توختىماي غىچىرلاپ كونا هارۋىدەك داراقلىشى ھەمدەمنىڭ ئۇيقۇسىنى بۇزۇپ ئۇيقۇسىنى كەلتۈرمىدى .

گۆردەك قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئۆينىڭ ئېگىز تورۇسىدىكى ساغىرىپ ساڭگىلاپ كەتكەن چۈۋۇق بورىنىڭ يۇپقا ساقاللىرى ياغاچ ئارىنىڭ بارماقلىرىدەك يوغان كۆرۈندى . ھاسىراش بىلەن بەز يەرگە كەتمەن چاپقاندەك گۈپ ـ گۈپ قىلىپ چىققان ئىنجىق ئارىلاش ئاۋاز ئاندىن توپا سامان يەپ قورسىقى ئاغرىپ قالغان غۇنىجىندەك يېقىملىق ئىنجىق ، ئېچىرقىغان تىۋىشلار قوشۇلۇپ ئاجايىپ سېھىرلىك بىر تۇيغۇ بىلەن ھەمدەمنىڭ بارلىق سەزگۈسىنى غىدىقلىدى ، ئۇنىڭ يات قول تەگسە قىچىقى كېلىدىغان بارلىق گۈل ھەرەم باغلىرىنى غايىب ئاۋازدىن سوزۇلۇپ چىققان قول توختىماي قىچىقلايتتى ، پۇتلىرىنى پۇتلىرىغا ، قوللىرىنى قوللىرىغا سۈركەيتتى ، قوللىرى توختىماي كىندىكىنىڭ ئاستىغا سوزۇلۇپ كېتىپ ئارام بەرمەي تولغىنىپ كېتەتتى . ھەمدەم تا خۇشيېقىپ ئۇتقا چۈشكەن قىلدەك تولغىنىپ ھۇزۇرلىنىۋاتقان يەردىن قولىنى تارتىۋالدى . غايىب قول ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا يەتمەي ، ھېساب بولماي يەنە سوزۇلدى ، ئەمما يەنە توختاپ قالدى .

ھەمدەم ھۇزۇرلىنىپ ئۇخلاپ شېرىن چۈش كۆرۈۋاتقاندا مۇزدەك بىر قول قۇلىقىنى ئامبۇردەك قىسىپ سوزۇۋەتتى . كۆزىنى ئېچىپ قارىۋىدى ، غەزەپتىن غال ـ غال تىترەپ ، قىزىرىپ ئېسىلىپ كەتكەن مەرەمنىساخان ئۇنىڭغا يەۋەتكۈدەك چەكچىيىپ تۇراتتى .

— مۇشتەك تۇرۇپ ساق ئەمەسكەنسەنيا رەسۋا ، بۆشۇكۇڭدە بۇزۇلغانمىدىڭ ؟

چالڭ - چۇڭ تەگكەن تەستەك جان - جېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى .

— گەپ قىلە ، رەسۋا ئازگالچى ، كىم بۇزدى سېنى ئۇرۇپ پاچىقىڭنى چاقىمەن . قېنى تاياق .

مەرەمنىساخان ئىشىك تاقايدىغان دەمنى قولىغا ئېلىشىغا كامىل ئۇنى تۇتۇۋالدى .

— ئۆپكەڭنى بېسىۋال ، بولدى . ھەددىڭدىن ئاشما ، مەيلى ، تېخى كىچىك ، ھېچ ئىشنى بىلمەيدىكەن .

— ياق ، مەن دېگۈزىمەن . مۇشۇ غورىلايدەك بالىنى كىم بوزەك قىلدى . تاپماي قويمايمەن .

— ھە بولدى قىل دېگەندىكىن بولدى قىل ، مەن رازى . مەن رازى بولغاندىكىن بولمىدىمۇ ، قورقماڭ ، مەن بار ، ئاچچىڭىز سىزنى ھېچنېمە قىلالمايدۇ . مېنىڭ ئاق ئاسلىنىم . مەن ئۈچۈن تىغ تەگمىگەن قىز . ساق قىز . پېچەتى بۇزۇلمىغان ، ئەينىكى چېقىلمىغان قىز . كامىل شۇنداق دەپ ئۇنى باغرىغا باستى .

— ھۇ قېلىن رەسۋالار ... قىلمىشە رەسۋالار ، جاھان رەسۋالارغىلا ئوڭكەن ، — مەرەمنىساخان دەمنى چۆرۈۋېتىپ يىغلىغانچە چىقىپ كەتتى . ھەممەمنىڭ كۆزىگە كامىل شۇنداق چىرايلىق ھەم ئىسسىق كۆرۈندىكى ئۇ ھازىرغىچە بۇنداق ئىللىق ھەم مېھرىبان قۇچاقنى كۆرمىگەندەك ئۆزىنى خاتىرجەم ھېس قىلدى .

— خاپا بولماڭ ئاسلىنىم . بېشەم ئاچچىڭىزغا دېمەيدىغان گەپنى دەپ ساپتىمەن . ھەممە گۇناھ مەندە . مەن پوق يەپ بۇ گەپنى دەپ ساپتىمەن ... بۇنىڭدىن كېيىن ھېچكىم سىزگە ئازار بېرەلمەيدۇ . سىزگە كىم ئازار بەرسە ئەدىپىنى ئۆزەم بېرىمەن .

«… نەدىكىنى ، كامىل چىرايلىق ، قامالاشقان مېھرىبان ئوغرىكەن . خوتۇنى ئالۋاستىدەك خوتۇنكەن . كامىل كەپقالمىغان بولسا نېمە كۈننى كۆرەتتىمكىن … كېيىن ئايتىللائاچام بېرىپ مېنى كاملغا تۇتۇپ بېرىپسەن دەپ مەرەمنىساچام بىلەن چاچلىشىپ ، جۇدالىشىپ قىيامەتلىك دۈشمەنلەردىن بولۇپ كېتىشتى . ھەممىسى مېنىڭ خاپىلىقىم . ئايتىللائاچام ھەجەپ يامانكەن ، خوتۇن تۆپىسىگە يېشىغا توشمىغان نارەسىدىنى خوتۇن قىلمىۋاپسەن ، باسقۇنچىلىق قىلدىڭ دەپ ئەرز قىلىپ سەن كاملنىمۇ ، مەرەمنىسانىمۇ سولىتىۋېتىمەن دەپ ھەر ئىككىسىنى قورقۇتۇپ ، مېنى ھەيدەپ ئەكېلىپ ، ئەمدى بۇ ئايۇپ پوستەكچىنىڭ بالا باقىقۇچىلىقىغا تۇتۇپ بەردى . بۇ پوستەكچىنىڭ بالىسى ھەجەپمۇ باقماق تەس يىغلاڭغۇ بالىكەن دېسەم ، بۇ فەلەندەرلەرنىڭ ئاران بىر ئېتىمىز ئۆيى باركەن . ماڭا تىياتىر كۆرسەتكەندەك مېنى كىچىك بالا چاغلاپ ھاياسىزلىق قىلىشتى . بۇ دوزاختا قاچانغىچە تۇرارمەن ئەمدى . سەل ھاۋا يىلىسا تالا ياكى ئۆگزىدە ياتىمسام ھايۋانغا ئوخشاش بۇ بىر ئېتىمىز ئۆيدە يېتىپ بولغىلى بولمىغۇدەك … »

ھەمدەم غەزەپ بىلەن بىر ئۆرۈلۈۋېدى . ياغاچ سۇپىنىڭ شالىلىرى تاراقلاپ ، گۇلدۇر ـ غاراس ، ھاسىراش جىممىدە بولۇپ كۇسۇرلاش باشلاندى ، ھەمدەم قولاق سالدى .

ــ ھەي ، ھوي ، جىم … شۇك بولۇڭلار شۇك . ئاۋۇ بىر نېمە ئويغىنىپ كەتتىمۇ دەيمە ئەمدى .

ــ ئۇھوي ، ئويغانسا ئويغانامدۇ . ئادەمنى توسما تولا ، نەچچە ۋاقىتتىن ئۆيدە ئانام بار دەپ ئاران چىداپ ياتتىم ، ئانامنى ئاران يولغا سالغاندا ئەمدى بۇ قىز بالىدىن ھايا قىلىپ جىم ياتامدۇق ، ئۆلەي دېدىم مەن ئۆلەي ، ئۇ دېگەن ھېچ ئىشنى ئۇقمايدىغان مۇشتەك بالا . ئوغاق بولسىمۇ ھېچ ئىشنى بىلمەيدۇ . ئانىسىغا ئەگىشىۋالغان ئۇسامىغان تەخەي دېگەن شۇ . تازا

قىيامىغا يېتەي دېگەندە ...

— ئى تازىمۇ كۆزەڭلا يوق قاپاق باشكەنسىلە . ئۆزى مۇشتەك تۇرغان بىلەن ئۇلتۇرۇش - قوپۇشلىرى ، مېڭىش - تۇرۇشلىرىغا سەپسالمىدىڭلارمۇ ، گەپ سۆزلىرىمۇ قېرى خوتۇنلارغا ئوخشايدۇ . كىچىك تۇرۇپ خېلى ئىش كۆرگەن ، ساپىقىدا پىشىپ قالغان بىر نېمىدەك تۇرىدۇ . تىغ تەگمىگەن قىزمىش . كۆزلىرىگە قالىسىلا ، ئەينىكى چېقىلغانلىقى مانا مەن دەپ چېقىپ تۇرامدۇ . قاپاقلىرى بىر خىل ئولتۇرۇشۇپ كۆزلىرىنىڭ خۇنى كېتىپتۇ . قىز بالىنىڭ دېگەن ھەرگىز ئۇنىڭ قاپىقىنىڭ ئەتراپىدىكىدەك قورۇق بولمايدۇ . كۈلگەنگە ، يادىغانغا چۈشىدىغان قورۇق دېگەن ئۇنداق بولمايدۇ . بۇ قورۇق دېگەن تۈنجى قېتىم ئەركەك چىۋىن قونۇپ نەشتەرلەنگەندە چۈشىدىغان قورۇق . بۇ قورۇق مانا مەن دەپ بىلىنىپ تۇرىدۇ . ھەرقانداق مانا مەن دېگەن قىزنى بىر قاراپلا ...

— ۋاي بولدى ، بولدى . نەشتەرلىسە ، نەشنەرلىمەمدۇ ، بالىمىزنى ئوبدان بېقىپ بەرسە بولمىدىمۇ .

— ئۇنداق دېگىنىڭلار بىلەن تېتىپ قالغان قىز دېگەن توخا يەپ قالغان ئىتقا ئوخشاش . قورسىقى توق بولسىمۇ توخا يېگۈسى كېلىپ تۇرىدۇ . مەن مەكتەپكە كەتسەم ، سىلە توگمەنگە كەتسەڭلا ، نەدە بىر كىملەرنى ئۆيگە ئەكېلىپ بۆرنى قولىقىمىزغىچە ئىچۆرۈپ ئۆينى شوۋخانا قىلىدۇ . پاسكىنا ، پاكىر بولۇپ بالىنى ئاغرىتىپ مەشەدە ...

— سىلە دېگەندەك ساق قىز بالىنى نەدىن تاپىمىز . ئۇنىڭغا ئۇنداق ، بۇنىڭغا بۇنداق تۆلە چىقىرىپ ، تۆمۈرچىگە بۇيرۇتۇپ سوقتۇرغىلى بولمىسا ئەمىسە .

— باشقا بىرسىنى تاپايلى . مەن بۇ بىر نېمىگە قالسام كۆڭلۈم بىر خىل بولۇپ بالىدىن ئەنسىرەيدىغان بولدۇم . سىلىنىڭمۇ شەيتىنىڭلار يامان ، پەيلىڭلاردىن قورقىمەن . سىلى

ھەقتىكى خەقتىن ئاڭلىغان سۆز - چۆچەكلەرنىڭ يالىانلىقى، بىر - بىرىدىن سەتلىكىگە مەندىن باشقا خوتۇن بولسا بۇ كەمگىچە ئادا - جۇدا بولۇپ، مانا ئەمسە دەپ تاشلاپ كېتەتتى. يا بولمىسا ۋاقىدە يېرىلىپ ئۆلەتتى. بالا يېتىم بولمىسۇن دەپ ھەممىگە چىداپ، قۇلىقىمنى يوپۇرۇپ يۇرۇۋاتىمەن. مۇشۇ بالىنى دېمىسەم ئاللىقاچان خېتىمنى ئېلىپ ئالە ئۆيەڭنى، ئوڭچە قېلىپ نېمە قىلىمەن دەپ تاشلاپ كېتەتتىم. مەندەك چىداشلىق، مەندەك سەۋر - تاقەتلىك خوتۇن يوق جاھاندا. مۇشۇ پەيلىڭلىدە قېرى - ياش دېمەيدىغان، ئىت - ئېشەكتىنمۇ يانمايدىغان قىزىل باشتە سىلە. خۇدايىم كۆڭلىگە ئىنساپ بەرمىگەن، شەيتانغا ئەل بولغان داپ يۈزدە.

ھارام بارىشىدىغان بەتنىيەت ... ۋاي ... ۋاي ... ۋاي ئۆلەي ... ۋاي جېنىم ئانام ... ئانا ... گەپىنىڭ ئاخىرى يىغىغا ئايلىنىپ كەتتى. ئايۇپ پوستەكچى زوۋانى تۇتتۇلغاندەك جىمىپ كەتتى. ئاغچىخانىنىڭ گېپىنىڭ ئاخىرى مىشىلداپ يىغلاشقا ئۆزگىرىپ بارلىق ھاسىراش، گۇلدۇر - تاراقلار بىراقلا جىمىقتى.

ھەممەمىنىڭ كىچىك تەرىتى قىستاپ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ يالاڭ چاپىنىنى يېپىنچاقلاپ قورقۇمسىراپ تالاغا چىقتى. ئەتىيازنىڭ قۇرغاق يېقىملىق شامىلى يۈزلىرىگە ئۇرۇلۇپ ئۇنى ئەندىكتۈرۈۋەتتى. روھىدىكى ئېغىر تۇماننى شامال ھەمساتتا سۈرۈپ ئەكەتتى. كاللىسى يۇلتۇزلار بەس - بەستە كۈلۈشۈپ تۇرغان ئاسماندەك سۈزۈلۈپ كەتتى. ئۇ ئىشىكتىن چىقىپ ئانچە يىراققا بارمايلا ئاغچىخانىنىڭ كوتۇلدىغان ئاۋازى قۇلىقىغا كىردى:

— ئىشتەيلىرى ئېچىلىپ، ئۇخلالماي، چىدىيالماي تالاغا ماڭدى ئاينا. ئۇنى نەدىمۇ مۇشتەك، ئىش كۆرمىگەن قىز بالا دېگىلى بولىدۇ. بۇ كەمىنىڭ قىزلىرى دېگەن بۆشۈكتىلا كېتىپ بولىدۇ.

ھەمىدەم ئاغىچىخانىنىڭ كوتۇلداشلىرىنى قۇلىقىم ئاڭلىمىسۇن دەپ، قاراڭغۇدىن قورقۇپ تۇرسىمۇ بىر ئاز يىراقراق مېڭىپ تامنىڭ دوقمۇشىدىن قايرىلىشىغا قاپقارا بىر گەۋدە قوپۇندەك كېلىپلا يوغان ئالىقانلىرى بىلەن ئۇنىڭ ئاغزىنى ئېتىۋالدى. قورقىنىدىن پۇت - قوللىرىدا جان قالمىدى. چەكچەيگەن كۆزلىرى قاپقارا قويۇق ساقاللار ئارىسىدا چاقناپ تۇرغان تونۇش كۆزنى كۆردى. گەپ قىلماق بولۇۋىدى، يۇلتۇزدەك يېنىپ تۇرغان كۆزنى كۆرۈپ زۇۋانىنى چىقارمىدى، تىنالماي ئېسىق تاپىنىدەك يوغان قولنى بۇرنىدىن نېرى قىلدى.

— قورقماڭ ... مەن ... مەن كامىل، ۋارقىرىماڭ.

ھەمىدەم كامىلنى قۇچاقلاپ چىڭ چاپلىشىپ تۇگۈلۈپ تۇرۇپ «پاڭ» قىلىپ يىغلىۋەتتى. ئۇنى چىقماي بوغۇلۇپ ئۆكسۈدى. كامىل ئۇنى دەس كۆتۈرۈپ قۇچىقىغا ئېلىپ ياشتىن ھۆل بولۇپ توڭلاپ كەتكەن كىچىك يۈزلىرىنى ئىسسىق يىرىك ساقاللىرى بىلەن سۈرتۈشكە ھەم يالاشقا باشلىدى. ھەمىدەم ئۇنىڭ ياش بۇقىنىڭ بوينىدەك تۇرۇلۇپ كەتكەن، ئايۋان ئۆينىڭ تۈۋرۈكىدەك قاتقان كۈچلۈك بوينىغا چىڭ گىرە سېلىپ چاپلاشتى. چىڭ قۇچاقلىغانسېرى بارلىق كۈچىنى يىغىپ تېخىمۇ چىڭ قۇچاقلىغۇسى كېلەتتى. ئۇ قارلىغاچ ۋىچىرلىغاندەك بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى.

— مەن سېغىنىپ ئۆلدىممىكىن دېسەم، سىزمۇ مېنى سېغىنىپسىز ... مەن بۇنداق ئويلىمىغان. كامىلمۇ بوغۇزىغا سامان تۇرۇپ قالغان بۇقىدەك غاراڭ - غۇرۇڭ مۆرىدى.

— مەن ... مېنى ... ئۆلتۈرسام ... قوپسام ... يادىمدىن چىقمايسىز. دۇنيا ... جاھاندا ... مېنىڭ سىزدىن بۆلەك ... يېقىن ئادىمىم يوقكەن ... ماڭا سىزدەك كۆيۈنىدىغان ... ماڭا كۆيۈمى بار ئادەم سىزكەنسىز ... سىز مېنى

تاشلىۋەتمەك . سىزدىن ئايرىلىپ قالسام ئۆلسەم بولىدىغان ئوخشايدۇ ... چۈشىمىزگە چىمىدىمۇ ... ئولتۇرسام - قوپسام كۆرەمەنمۇ ... كۆرسەم قاچان كۆرەمەن ... نەدىن تاپامەن . ئاڭلىسام ... بىلسەم بەك جىق ... بەك جىق خوتۇنلارنى تاپاندىغانمىش ... ھەتتا ئۇ ... ئۇ سۆڭگەچلىگەن قىز - چوكانلارنىڭ تولىلىقىدىن ئۆزىمۇ ئۇنتۇپ قېلىپ بىلمەسمىش ... چۆچەكلەردىكى پادىشاھلاردەك ... خوتۇنلىرى جىقمىش ... ئوغۇرلىغان ، ئۇتقان پۇللىرىنى خوتۇنلارغا خەجلەپلا كەلگەنمىش ... ھەتتا خوتۇنلارغا كەلگەندە مۇسۇلمان ، كاپىر دەپ ئايرىپ ئولتۇرماسمىش ... ئۇ ئوغرىنى خۇدايىم قاش - كۆزى جايىدا ، بوي - بەستى سەگۇ تېرەكتەك چىرايلىق ياراتقاندىن باشقا ، قېلىپتا قۇيغاندەك قاملاشقان ئەر قىلىپ يارىتىپ قويۇپتىكەن . بىر قېتىم يىلىكنى شۇمىگەن ھەرقانداق خوتۇن ئۇنتالماي ئازسىنى يەپ ئېرى بىلەن ئۆي تۇتالماي ئۆيى بۇزۇلۇپ كېتەرمىش . خۇدايىم قانداق ئەرنى مۇشۇنداق يارىتىپ قويىدىغاندۇ . نېشە چېكىدىغان بەڭگە بىلەن بىر قېتىم غىتىلدىشىپ قالغان خوتۇنغا باشقا ئەر ھېساب بولماسمىش ... كامىل ئوغرى ھەر نۆرە خوتۇنلارغا چاپچىشتىن بۇرۇن بىر قاپاق چېكىپ ئاندىن ...

— بۇ گەپلەرنى ... مەرەمنىسا دېگەن قانجۇق ئاچاڭ پىتنە قىلىپ ئۆرۈپ بەردىمۇ ... ئۇ سېنىڭ ئاچاڭ بولغان بىلەن ناھايىتى بەتنىيەت خوتۇن . ئۇنىڭ گەپلىرىگە ئۇسۇرۇپ قوي . يالغان - ياۋداق گەپلەرگە چىن پۈتمە ...

— شۇ ... شۇ ... مەنمۇ چىن پۈتمەي دېسەم ... شۇ كۆرگۈم كېلىپ كېچە - كۈندۈز سىزنى ئويلاپ يىغلىدىم . خۇدايىم ، ئاشۇ ئادەمنى ماڭا بىر كۆرسەتسىڭىز دەپ كېچە - كۈندۈز خۇدانىڭ نامى بىلەن يادلىدىم . چۈشىمگە كىرگەيمەن ... قاپىقىنى تارتقۇزغايمەن ، قولىقىنى قىزىتقايمەن ... روھىم بېرىپ ئىچىگە

چىرىۋېلىپ كۆڭلىنى ۋەسۋەسىگە سېلىپ مېنى ئۇنتۇلدۇرمىغاي ، ھەرگىز كۆڭلىدىن چىقمىغايمەن ، ئولتارسىمۇ ، قوپسىمۇ ، ماڭسىمۇ ، ئۇخلىسىمۇ مەن كۆزىدىن كەتمىگەيمەن دەپ توختىماي يادلاپ ، دۇرۇت ئوقۇپ دۇئا قىلدىم تازا شۇ ، — ھەممىدەم شۇنداق دەپ ئۇنىڭ قوچاقلىرىدىن سېيىرىلىپ چۇشۇۋاتقاندا كىندىك ھەرەملىرىگە توپاقنىڭ مۇڭگۇزىدەك قاتتىق بىر نەرسە قادالغاندەك بولدى ...

— توۋا قىلدىم خۇدايىم ... راست ... سېنىڭ ئاشۇ يادا تاشلىرىڭ مېنى ۋەسۋەسىگە ساپتىكەن ھە ... نۇرغۇن ... يالغان گەپلىرىڭ ئارىسىدا بىر راست گېپىڭ تاۋاقتىكى ئاشتەك نەخ گەپ بولدى . راست ، مەن نۇرغۇن خوتۇنلارنى ، قىزلارنى ، ھەر - ھەر نەۋ جۇۋانلارنى بىر نۆرە يالاڭ قىلىۋەتسەم ئىللا - بىللا ئىككىنچى قېتىم يېنىغا بارمايتتىم ، ئويلىسامىمۇ كۆڭلۈم ئېلىشىپ قۇسقۇم كېلەتتى ... لېكىننزە سەن ... سەن كۇس - كۇس چۇجىنى ئۇنتالمىدىم . يادىمدىن چىقمىدىڭ ، ئويلىسامىلا ئوتتەك كۆرگۇم كېلىپ ، تاپىنىم قىزىپ سەن تەرەپكە يۈگەرگىم كەپلا تۇرىدۇ . توۋا خۇدايىم ، بۇ نېمە كارامەتتۇ . خۇدا سالغان ئىسسىقچىلىق ئوت دېگەن كارامەت نەرسىكەن . نى ، نى ئاق بېلىقتەك گۈزەل چوكانلار ئاھ ئۇرۇپ قوغلاپ يۈرسە ھۆ دېگۇم كېلىپ قېچىپ ، ئىشتان بېغىنى ئۇڭلاپ چىگەلمەيدىغان پىس - پىس ئەتلىمە باچكىنى يادىمدىن چىقىرالمىغىنىمغا تۇۋا دەپ كۇلگۇم كېلىدۇ ... سېنىڭ بار يېرىڭنى تاپالماي ... مەرەمنىسا دېگەن نەپسى بالا قانجۇقتا تورەك كۆكنىڭ ئۆچ قويىنى ئوغۇرلاپ ئەكەپ بېرىپ ئاندىن تاپتىم ... سەن بىردەم چىقمىغان بولساڭ ، ئۆيگە چىرىپ يوتقىنىڭغا يۈگەپلا ئاچىقاي دەپ تەمشەلگەن .

— ۋاي تېخى ... يۈرىكىمنىڭ قاپتەكلىكىنى . ئايۇپكام بىلەن خوتۇنى ئۆيدە چىراغپايدەك تۇرسا .

— ۋاي تېخى دەيسىنا ، ئايۇپ باز - باز دېگەن لامزەللە

لالما ئىتتەك قورقۇنچاق بىر نېمە . ھېلىغۇ سەنكەنسەن ، خۇدادىن قورقمىسام خوتۇننى ئۆشنىسىگە ئارتىپ قويۇپ ۋاللىيىنى چىقىرىپ كېتىۋېرىمەن ··· ئۇ ماز پايىنەكنىڭ .

— ئۆلمەيدىغان ··· بېشىڭنى يەيدىغان ··· چىشلەپ بولىمىغۇ ئۇزۇۋېتىمەن بۇنداق غىلىپىدا تۇرمايدىغان قىڭىراقىنى ··· ئەمىسە ··· مېنى ئەكىتىڭ .

— دېمىسەڭمۇ شۇ ھۇناقتىمەن .

— قاچان ئەكېتىسىز ··· ھازىرمۇ ··· ھازىرلا ئەكېتىڭە بۇ دوزاقتىن .

— نەگە ئەكېتىمەن ؟

— نەگە بولسا مەيلى .

— سەل تەخىر قىل . مەن جايىمدا بىر كېچىدىن ئارتۇق تۇرالمايدىغان ئادەم . ھازىر زاراتتىكى قورالىلىق دېھقانلار ، ساقچىلار ، بىزنىڭ ناھىيىنىڭ غالچا - قول چۇماقچىلىرىمۇ زاراتلىقلارغا يالاقچىلىق قىلىپ مېنى تۇتۇپ بېرىمىز دەپ ئىز - دېرىكىمنى ئالالماي ئىتتەك پۇراپ يۈرۈۋاتىدۇ . بىر كېچىدە شاخ سانغۇچقا ئوخشاش نەچچە يەرگە يۆتكىلىپ ئۇخلاۋاتىمەن . سېنى بىللە ئەپ ماڭسام ھايالشماي تۇتۇلۇپ ، سەنمۇ يوق ، مەنمۇ يوق بوپ قالىمىز . جىندەك مەشەدە تۇرۇپ تۇرمىساڭ مەن بىلەن تەڭ مېڭىپ بولالمايسەن . بىر زامان خىنايانىڭ جاڭگىلىغا چىرىپ كېتىپ كونا توغراقنىڭ كاۋىكىدا پاناداپ تۇرۇپ ، چاپ - چاپ بازار ، تەتۈر بوران ئۆتۈپ سەل ئۇنتۇلسا سەن تۇرىدىغان مۇقىم جايدىن بىرنى پەيلەپ قويۇپ ئەكېتىمەن .

— چاپ - چاپ بازار ، ئۇلڭ - تەتۈر شامال قاچان بىسىقا ئەمدى . ئۇلار تۇتمىز دېگەن ئادىمنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ . تۇتمىز دېسە ھامان تۇتماي ئارام تاپمايدۇ .

— مەنمۇ ئاچچىق قۇدۇقتا يېتىۋەرمەيمەن . ئەمەلدارلارنىڭ

ھەممىسى گال چوپلىسى . نەپسى ئاۋارىسى قەلەندەرلەر . بىر ـ بىرسىنىڭكىنى ئوغۇرلاپ ئاپىرىپ زوۋانىغا تىقىۋەنسەم ئاغزىدا بەك ۋارقىراپ قويۇپ ئىشىكنى قىلىۋەر دەيدۇ . مەن بۇلارنى بەك بىلىپ كەتتىم . پۇلى توگەپ كەتسىلا مىنى تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىدۇ . ھەر تەرەپكە شالىنى چاچرىتىپ قاۋشىپ كېتىشىدۇ . ھەر بىرىگە بىر ـ بىرىنىڭ پايخۇنلىرىنى تاشلىساملا بىر زامان جىمىقىدۇ . مىنىڭ ھازىرغىچە ئۆمرۇم شۇنداق ئۆتتى . خۇدا پەلەكنىڭ گەردىشىنى باشقىچە تەگشىسە ، تەقدىرىم ئۆزگەرمىسە بۇندىن كېيىنمۇ مۇشۇنداق سەرسان ، قاچقۇنچىلىق ئىچىدە ياشايمەن .

— قىنىڭىزدا يۇرۇپ خەققە ئوخشاش تىنچ ، ئارام خۇدا تىرىكچىلىك قىلىپ ياشىسىڭىز بولمامدۇ . ئەمەلدارلارنىڭ ، ھۆكۈمەتنىڭ چىشىغا تېگىپ ئۆزىڭىزنى مۇشۇنداق بىسەرەمجان قىلىپ يۈرگۈچە . ۋەسۋەسە بولۇپ ، ئارامخۇدا پۇت ـ قولىنى سوزۇپ ئۆتمىگەن كۈنمۇ كۈن بولدىمۇ ئادەم بالىسىغا .

— ئىشۇ تېگى پەس ، تەبىئىتى يوق قەلەندەر غالچىلارنىڭ ئۇيان تۇر ، بۇيان تۇر دېگىنىگە خوش غوجىكام دەپ قول باغلاپ تۇرامدىمەن . ئۇ نىمىلەرنىڭ ھەممىسىنى بىر تال تۇكۇمگە تەڭ قىلمايمەن . ئاشۇنداق زىدە پەسلەرگە قۇل بولۇپ باش ئېگىپ ، نەگە بارىمەن ، دەپ يۈرگەندىن ئىشتان بېغىغا ئېسىلىپ ئۆلۈۋالسام بولىدۇ . بولمىسا مانا مۇشۇنداق ئوغرى ـ قاراقچى بولۇپ ئۆتكىنىم ئوبدان . مۇشۇ كەمنىڭ ھەرقانداق بەگ ـ غوجامىلىرىدىن مەن كامىلىنىڭ چېچىپ قويغان پوقى ئەۋزەل ... تولا ئاغزىمنى غېرىچلىماي غىت قىسىپ تۇرە . باكا ... زەنىمنى دوڭغايتماي .

— ۋاي ... ۋايجان ... ھەجەپمۇ سەت بى ...

ھەمدەم ھېقىق تۇتقاندەك بىر ئىنجىقلاپ تولغىشىپ ، خېمىردەك بوشاپ ئۆزىنى تاشلىۋەتتى . بۇركۇتنىڭ چاڭگىلىغا

چۈشكەن ئاق كەپەرنىڭ ئاجىز، يۇمران نازۇك بارماقلىرى بۆركۆتنىڭ بىر ھەمىلە قىلىشى بىلەن كۆچىزلىنىپ پالاقشىغاندەك بوش ھەم ئاجىز ئىڭراپ ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. كامىل ئەنسىرەپ ئۇنىڭ ئارقىغا ساڭگىلىغان باشلىرىنى قۇچىقىغا ئالدى.

ھەممەم قۇرۇپ كەتكەن ئاغزىنى ئاران قىمىرلىتىپ بىر نېمىلەرنى دەپ پىچىرلىدى. كامىلمۇ ئاجايىپ بىر شېرىن لەززەتنىڭ قىستاپ كېلىۋاتقانلىقىنى سېزىشكە باشلىدى. ھەممەمنىڭ قوللىرى، پۇتلىرى دىر - دىر تىترەيتتى.

## 15

مەھەللىنىڭ توپىلىق يولىدا بىر ئالا كۈچۈك بىلەن قارا كۈچۈك توپا توزۇتۇپ بىر - بىرىنى قوغلاشماقتا. سەھەردىكى قۇياش ئېگىز ئۆسكەن تېرەكلەرنىڭ ئۇچىدىنلا كۆتۈرۈلگەندەك كۈچلۈك نۇرىنى ياش تېرەك يوپۇرماقلىرىغا ئوتتەك مېھرى بىلەن چاچماقتا ئىدى.

تەكلىماكاننىڭ قۇملۇق جەزىرىسىدىن ئۇقچۇپ كېلىۋاتقان چەكسىز قۇرغاق ساپ ھاۋا مەھەللىنىڭ ياشىرىپ تۇرغان بوستانلىرى، ئۆرۈكلۈك باغلىرىدىن چىققان نەمخۇش ھاۋا بىلەن قوشۇلۇپ مەھەللىدە سالقىنمۇ ئەمەس، ئىسسىقمۇ ئەمەس قۇرغاق بىر خىل ھاۋانى ھاسىل قىلغانىدى. ئۆرۈكلۈك باغلار ئارىسىدا ئاندا - ساندا چېچەكلىگەن ئامۇت، ئالما چېچەكلىرى باغلار ئارىسىدىن بوستان سېكىلەك قىزلار قىسقان ئاق گۈلدەك باغنى قىزىنىڭ ھۆسنىگە كەلتۈرگەنىدى. مەھەللە ئېرىقىدا ئاققىنىنى پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان سۈزۈك سۇ جىمجىت ئاقاتتى. ئېرىق قىرلىرىدا ياشىرىپ ئۆسكەن، غاچچا، چۈژگۈن، يالپۇز، لويلا، سېمىز ئوت، كاككۈك ئوتى بىر - بىرىگە چىرمىشىپ

كەتكەنىدى. چۆپلەر ئارىسىدا بوغاز بولغان يوغان قورساق چار پاقىلار تەستە ئۆمىلەپ قۇياش نۇرىدا مەڭزى - زىناقلىرى پارقىراپ كەتكەن ياۋا ئوتلارنى چالغىتىپ ئۆتمەكتە ئىدى. يىل بېشىدا ئۇخلاپ قېلىپ كېيىن ئويغانغان ياش پاقىلار ئەمدى ئالدىراپ قېلىشقان بولۇپ، چىشىلىرى ئەركەكلىرىنى دۈمبىسىگە چاپلاشتۇرۇپ چۆپلەر ئارىسىدا ئۆمىلەپ يۈرۈپ ئۇزۇق ئىزدەيتتى. ئەركەك پاقا چىشى پاقىغا چاپلاشقانچە كۆزىنى يۇمۇپ جاھاننىڭ راھىتىنى سۈرۈپ ماڭاتتى. چىشى پاقا ياۋا ئوتلارنىڭ پىت - قۇرتلىرىنى تاپقاندا بوش، قىسقا، ئۇزۇپ - ئۇزۇپ كوركىرىسا، ئەركەك پاقا چىشى پاقىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ يۇمىلاق چار كۆزىنى لىپ قىلىپ ئېچىپ ئىككى غېرىچ كېلىدىغان ئىنچىكە قىزىل تىلىنى چىقىرىپ مەھبۇبىسى خەۋەر بەرگەن نازۇنېمەتنى بىر يالماپلا يۇتۇۋېتەتتى - دە، كۆزىنى يۇمۇپ قوش لەززەتنىڭ تەمىنى شۈمۈپ ئاغزىنى، بوغمىزىنى لىپىلدىتىپ ئاستىدا توختىماي ئۆمىلەپ ھۆزۈرلىنىپ كېتىۋاتقان مەھبۇبىسىنى چىڭ قۇچاقلاپ ياتاتتى. جاھاندا ئەڭ ئۇزۇن مۇھەببەتلىشىدىغان، ئەر - خوتۇنچىلىق قىلىش ۋاقتى ھەددىدىن زىيادە ئۇزاق داۋام قىلىدىغىنى پاقا بولۇپ، ئۇلار بىر قۇچاقلىشىپ كىرىشىۋالسا بىر كېچە - كۈندۈز ئاجرىماي، قورسىقى ئاچسا چىشىسى ئەركىكىنى بېقىپ، ئەركىكىنى ئۈستىدىن چۈشۈرمەي ئىشىنى داۋام قىلىدىغان بىردىنبىر لەززەتى ئۇزۇن مەخلۇقلار ئىكەن. قوغلىشىۋاتقان قارا كۈچۈك بىلەن ئالا كۈچۈك چۆپلەر ئارىسىدىكى جۈپلىشىۋاتقان بىر جۈپ ياش پاقىنى پۇراپ، سەكرەپ قاچسا قوغلاپ، توختىسا توختاپ، قىزىقسىنىپ پۇراپ ئارام بەرمىدى. چىشى پاقا ھەر بىر سەكرەپ چۆپلەر ئارىسىغا چۈشكەندە، كۈچۈكلەر تەڭ ئەگىشىپ كېلىۋالاتتى. ئەركەك پاقا كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ بىرقانچە قېتىم چىشىسىنىڭ ئۈستىدىن چۈشۈپ كەتمەكچى بولۇۋىدى،

چىشى پاقا ئاچچىق خىرىس بىلەن كوركىراپ چۈشكىلى قويمىدى . ئەمما ، قورقۇپ كۆچىنىپ سەكرەشتىن ھاسىراپ دەرمانسىزلىنىپ كەتتى . ئەمما ، قىزىق ئويۇن كۆرۈۋاتقان كۆچۈكلەر پات - پات ئالدى پۇتلىرىدا ئەركەك پاقىنى چۈشۈرۈۋەتمەكچى بولغاندەك پۇتىنى سوزۇپ تۇرۇۋالدى . چىشى پاقا بۇلاردىن قۇتۇلۇشقا كۆزى يەتمەي ، غەزەپ بىلەن بىر كوركىراپلا ئېرىقتا ئېقىۋاتقان سۇغا سەكرىدى . كۆچۈكلەر بوينىنى قىسىپ قارا كۆزلىرىنى تىكىپ سۈزۈك سۇدا ئۈزۈپ كېتىۋاتقان پاقىغا ھەيران بولغاندەك قاراپ قالدى . چىشى پاقا سۇنىڭ ئېقىشىغا كۆچەپ ئۈزدى . ئەركەك پاقا بولسا ئوخشاشلا ئۇنىڭغا چىڭ چاپلىشىپ يېتىۋەردى . پاقىلار ئۈزۈپ ھەم لەيلەپ جۈپلەشكەن پېتى ئېرىق سۈيى بىلەن بۇغدايلىق ئارىسىغا كىرىپ كەتتى . كۆچۈكلەر شۇنىڭغىچە قاراپ تۇرۇپ ئاندىن يەنە بىر - بىرىنى قوغلىشىپ كېتىشتى .

ھەسەن سوغۇقنىڭ بېغىدىن بىر ئېتەك غورا پۇتاپ ، ئوڭ قولىدا بىر تۇتام كۆك چامغۇرنى سىقىمداپ چىققان بانىخار مەھەللە يولىدىكى قوماڭغۇ بوجۇق توپىنى توزۇتۇپ يۈگۈرۈپ كېلەتتى . ئۇنىڭ يالاڭ پۇتلىرى يۇمشاق توپىنى ئۈچ ئېشەكلىك رەۋەندە ماڭغاندىكىدەك ئارقىسىدا ئادەم بويىدىن سەل ئېگىز توپا - توزان پەيدا قىلاتتى . ئۇنىڭ سېمىز گەۋدىسى ياغاچ سوغىدەك ساڭگىلايتتى ، يېشىل دۇخاۋا كۆڭلىكىگە پاتماي قالغان كۆكسى ئۇنىڭ يۈگۈرۈشىگە تەڭكەش بولۇپ موزىيىنى قوغلاپ يۈگۈرگەن ئىنەكنىڭ يېلىنىدەك لوپۇلداپ تۇراتتى . چىرايلىق ئاق يۈزى قىزىرىپ ئاق كۆكچىنىڭ تۇمشۇقىدەك ئېگىز ھەم ئۈزۈن بۇرنىدا تەر تامچىلىرى پەيدا بولغانىدى . چوڭ ھەم جۇلالىق كۆزلىرىدىن توختىماي ئېقىپ چىققان ياش ئۈزۈن قايرىلما كىرپىكلىرىدىن ساقىپ يۈزلىرىدە يامغۇردا قالغان چىلگىدەك يول - يول ئىزلارنى قالدۇرغانىدى ، كونىراپ سىڭايان

بولۇپ قالغان ياغاچ دەرۋازىدىن غاراچ - غۇرۇچ ، تاراق - تۇرۇق ئاۋاز چىقىرىپ ئېتىلىپ كىرگەن بانىخان دەرۋازىنى يېپىشقىمۇ ئۈلگۈرمەي ، ھۆڭگىرەك ئېيتىپ يىغلاپ پېشايۋان ئاستىدىكى سۇپىغا سېلىنغان كونا كىگىزگە ئۆزىنى تاشلىدى . ئېتەكلىرىدىكى غورا دەرۋازىدىن باشلاپ چېچىلىپ سۇپىغا كەلگۈچە قالمىغانىدى ، قولىدىكى كۆك چامغۇرنى جان ئاچچىقىدا بىر چۆرۈۋىدى ، ئۇچاق بېشىنىڭ ھەممە يېرىنى كۆك چامغۇر قاپلىدى . ئۇنىڭ ھەسرەتلىك يىغا ئاۋازىنى ئاڭلىغان ئۈچ ئوغول ، ئىككى قىزى ئۆيىدىن يۈگۈرۈپ چىقىشتى .

— ئانا نېمە بولدۇڭ ؟

— بىرسى بىرمە دېدىمۇ ؟

— ھەسەن سوغاق بېغىمدىن غورا پۇتاپسەن دەپ تىللىدىمۇ ؟

— ئۇردىمۇيا ؟ !

— ئانامنى ئۇرۇش تۇگۇل كۆتىمدە بىر ئېغىز گەپ قىلىپ باقسۇن قېنى ئۆچكە ساقىلىدىن تۇتۇپ تىرىك تۇرغۇزۇپ سويامەن ، — چوڭ ئوغلى سەيدۇللا يۈگۈرۈپ ئۆيگە كىرىپ يوغان تاۋۇز پىچىقىنى ئېلىپ ماڭدى .

— ئاكا ، توختا ، ئىشنىڭ تېگى - تەكتىنى بىلىۋالاق ماڭ ، — دەپ ۋارقىرىدى سىڭلىسى ھەشخان .

— راس ئاكا ، توختا ، ئىشنىڭ ئوڭ چەپسى زادى نېمە ، ئاۋۋال ئانام ئېغىزلانسۇن ، ئاندىن ...

— ماڭ جۈگۈ ، سەيدۇللا ، سەن قاۋۇل ئاتاڭنى تۇۋلا ... مەن بۈگۈن ھەممىڭگە ئۆلەپ بەرمەيدىغان بولسام ... ماڭا ئىگە بولىدىغان ئادەم بارمۇ ... ۋاي مەن ئۆلەي . مېنىڭ بۇ سېسىق جېنىمنى ئالساڭ بولمامدۇ خۇدايىم ... بۇنداق قەدىر - قىممىتى يوق جاندىن تويدۇم ! ... خارلىقتا قالدىمغۇ خۇدايىم ... ۋاي مېنىڭ ئىگەم يوقكەن ، خۇدايىم ، ماڭا ئىگە بولساڭ نىم بولار ؟ ...

— زادى نېمە بولدى ئانا، مانا بىز ئىگە بولىمىز. بىز باللىرىڭ بار، سېنى كىم خارلىدى. چىم بوزەك قىلدى. دېمەمسەن؟!

— ھەسەن سوغاق دېگەن دەيۈزنىڭ بويىنىنى سۇندۇرۇۋەتمەيدىغان بولسام ئىيەكىم سادىق دېگەن ئېتىمنى يۆتكىۋېتىمەن.

ئىككىنچى ئوغلى سادىق گۈسۈلدەپ يۇگۈرۈپ ماڭدى.

— بىر ئېتەك غورىسىنى يۆتمىغانغا نېمە بوپتۇ سەن قېرى قوتازنىڭ، ئانامنى چوقۇم شۇ بىرمە دېگەن گەپ.

— توختا، ھەقلى يوق شۇملار، مېنى ھەسەن سوغاق بوزەك قىلمىدى.

— ئەمىسە كىم، دېمەمسەن؟! ئادەمنى قورسىقىمدىكىنى تاپ دەپ هارام قىينىماي، كىم بوزەك قىلدى؟

— ئالتۇندەك بەش بالاڭ بار. بىز ئىگە بولىمىز. زادى سېنى كىم بوزەك قىلدى؟

— ھەرقايسىڭ دېگەن پوق، بەش تەڭلە پوق. ماڭا ئىگە بولۇشۇپ بولالمايسەن، سىلەرنى تۇغقۇچە ئالتە كۈچۈك باققار بولسام ھېچبولمىسا قاۋاپ بېرەتتى.

— ھە يەنە نېمە بالا بولدى. نېمانداق غەلۋەڭ تۈگمەيدۇ سېنىڭ.

بانىخاننىڭ چوڭ ئاكىسى قاۋۇلاخۇن تۆگە گېزىت قەغىزىگە يۆگىگەن كۆك تاماكىسىنى شوراپ، رەڭگى ئۆڭۈپ كەتكەن مايكىسىنىڭ تۆپىسىگە پاختەك تۇكى ئۆرلىگەن كونا ياللاڭ چاپىنىنى يېپىنچاقلىغان هالدا كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ چېقىر كۆزلىرى ئاغزىدىن چىققان ئىستا قورۇلۇپ كەتكەن، مەيدىسىدىكى توك سىمىدەك قىزىل تۈكلەر كانىيىغىچە سوزۇلۇپ كانىيىدىن ئېڭەك، تۇمشۇقلىرىغىچە جەدە ئاتنىڭ ماڭلاي تۈكىدەك قىلچاڭ يىرىكلىشىپ كەتكەندى.

— كېلىنكە قاۋۇل ئاتا ، سۈپىغا كېلىنكە ، — كىچىك قىزى مەينىساخان ئۆيدىن تاۋار كۆرپە ئاچىقىپ ئىككى قاتلاپ سۇپىغا ، ئانىسى يىغلاپ دۇم ياتقان يەرگە يېيىپ سالدى .

— مەن يا مېھمان بولمىسام ، نېمە ئۇشۇق داغۋازلىق قىلىسەن . ئاناڭنى يەنە نېمىدەپ خاپا قىلىشتىڭ ؟

— شۇنداق بولسىمۇ ئەمدى ، كۆرپىگە كېلىنكە قاۋۇل ئاتا .

— ئانامنى خاپا قىلمىدۇق . ئەتىگەندە غورا سېلىپ يوبدان ئېتىپ بېرىمەن ، ھەسەن سوغاقنىڭ بېغىدىن غورا پۇناپ ، كۆك چامغۇر ئەكېلەي دەپ بىر ئۇبدان چىقىپ كەتكەن . ھايال ئۆتمەي ھۇقۇيتۇپ كىرگەنچە سۇپىغا ئۆزىنى تاشلاپ يىغلاپ چىدى . نېمە بولدۇڭ دېسەك ، دېمەي يىغلاپ ، بىزنىمۇ تىللاپ قاۋۇل ئاتاڭنى قىچقىر ، سەنلەر ئىگە بولۇشمايسەن ، ماڭا قاۋۇل ئاناڭ ئىگە بولسۇن دەيدۇ شۇ .

— ماڭە يوقىلىشە كۆزەمدىن ، ژۇتە ھەممىڭ .

بانىخان ئورنىدىن سەكرەپ قوپۇپ باللىرىغا چالۋاقاپ كەتتى . باللار قورقۇپ نېرى بېرىپ ھەر قايسىسى ھەر تەرەپكە قاراپ سالپىيىشىپ تۇرۇشتى . ئىككى قىزى يۈزىنى تۇتۇپ ئۈن سېلىپ يىغلاشقىنىچە ئىچكەرى ئۆيگە كىرىپ كېتىشتى .

— سارالڭ بوپسەن بانىخان ، نېماندىق قاق پودا ھەممە ئادەمنى تەڭ پاراپ ، تالاپ خاپا قىلىسەن . نېمە بولدۇڭ ، نېمە كۆردۇڭ ، قانداق دەردىڭ بار دېمەمسەن ؟

— سەن مېنىڭ تاغدەك ئاكام بولغاندىكىن ئاتاممۇ سەن ، ئانامۇ سەن ، سەن ماڭا ئىگە بولامسەن ، بولمامسەن ؟

— ھە ، دېمەمسەن ، كىم ساڭا ئىگە بولمايمەن دەپتۇ . مانا سىڭلىمغا ئىگە بولاي دەپ يېنىڭغا چىدىم . دېمەمسەن ؟ مانا ھەر غۇناندەك ئۈچ ئوغلۇڭ ، غۇنچىدەك ئىككى قىزىڭ ، بىر ئاكالڭ ، ئىككى ئىنىڭ ، ئىككى ئاچالڭ بار . قانداق دەردىڭ بولسا دە ، سەن يالغۇز ياكى بىر ياقتىن مۇساپىر بولۇپ قالغان كەلگۈندى

ئەمەس .

— بۇ باللىرىمنىڭ بىرسىمۇ ئادەم بولمىدى . توۋا ، ھەممىسى كاساڭ باكالايدىغان لالما ئىتلار . ۋىجدانسىز ، ئانىسىنىڭ ھالىغا يىتەي دېمەيدىغان نانقىپىلار . بۇلارنى تۇغقان ، باققان ئىسىت ماڭا ...

— ئۇنداق سەت تىللىما ، ھېلى باكا ئاغزىڭغا مەندىن بەيسەن ، باللىدا نېمە گۇناھ بار . خاپا قىلغان بولسا چىرايلىق دېمەمسەن . چىرايلىقچە ، سەپرالاشماي دە .

— ئۇكەن ، كامىل دېگەن قىزىل باش جوھۇت بىر ۋارقىرىسا ھېلىقى مەخەت شوۋىنىڭ خوتۇنى مەرەمنىسا تاكىنىڭ كىچىك ھالىپىنى بىرنى تاك ئېتىپ چەكمەي يېنىپ كەلدىيا ، — مەن بۇ لامزەللەرنى نېمدەپ تۇغقان ؟ !

— سەنچە باللىرىڭ قانداق قىلىپ بەرسە بولاتتى ! ؟ خەقنى ئۆلتۈرۈپ بەرسە بولامتى ؟

— مەن ئاتايىن باشلاپ بارغاندىكىن ئۇ رەسۋا ئازگالچىلارنى تازا سىلىپ ، پىتىغلاپ ، ئاۋۇ قىزىل باش جوھۇت بىرمە دېسە ئۇنىمۇ تازا ئۇرۇپ ماڭالماس قىلىپ زەمبىلگە سېلىپ ئەكەلمەي ئاشۇ رەسۋا ئاتىسىغا قاراپ سالپىيىشىپ يېنىپ كەلدىيا .

— ھەي ھەقلى يوق دوزۇن ، سەن باللىنى مۇشۇنداق تەربىيەلەمسەن . ساڭا قالغاندا باللىرىڭ خېلى خوپ ئادەم بولۇپ چوڭ بوپتۇ . ھەرقانچە بولسىمۇ تاغ ئۆرۈلۈپ ، ئاسمان بېسىۋالسىمۇ بالا ئاتىسىغا يانىدىغان ئىش يوق . ئۇرۇش دېگەن ئۇ ياندا تۇرسۇن ، ئاتىغا چەكچىيىپ قالغان باللىنىڭ كۆزىنى ئويۇۋېتىمەن . يەنە شۇ گەپمۇ ؟ !

— ئانداق ئاتىلىق سالاپىتىنى بىرقاتقان ، ئۆزىنىڭ قىزىدىنمۇ كىچىك قىز بالا بىلەن تۇتۇلۇپ قالغان قىزىل باش جوھۇتنى ئۇرۇپ پولا خەمەك قىلىۋەتمەي تۇرغاندىكىن ، بۇنداق نېمىلەر مېنى ئانا دېمىسۇن .

ـــ شىلى باكا مەندىن تاياق بەيسەن مۇما بالەك . مەن سىنىڭ ئاكاڭ يەنە ساڭا تايىقىم ئۆتمىدۇ . بارغانچە ھەقلىڭ گەجگەڭدە قايناپ قالدىيا سىنىڭ .

ـــ ئۇرە ، ھە ئۇرە ... ھەممىڭ ئۇرۇشە ، ھەممىڭ ماڭا دۈشمەن ، بىر قىرنىدا يىتىپ ، بىر ئەمچەكنى ئەمگەن ئاكامدىن ـــ تاغدەك ئىشىنىدىغان ئاكامدىن تارتىپ ، قوڭامدىن چىققان ئاق سوتۇمنى ئەمگەن باللىرىمدىن تارتىپ ماڭا ئەستاتمايدىغان دۈشمەنلەر . ئۇرۇشە ، ئۇرۇپ مىنى ئۆلتۈرۈپ يىيىشە .

بانىخان ھۆكرەپ يىغلاپ ، تۆۋلاپ - ۋارقىراپ ئولتۇرغان ئاكىسىغا ئۇسۇۋىدى . قاۋۇلاخۇن ئولتۇرغان ئورنىدا ئوڭدىسىغا چۈشتى .

ـــ ئانا ، نىماندىاق قىلىسەن ساراڭ بولۇپ قالدىڭما ، ـــ چوڭ ئوغلى سەيدۇللا ئانىسىنى تارتىپ قوپاردى . قاۋۇلاخۇن تۆگە ئورنىدىن قوپۇپ بولغۇچە بانىخان ئوغلى سەيدۇللانىڭ يۈزىگە مۇشت بىلەن بىرنى ئۇرۇپ بۇرنىنى قانىتىۋەتتى . سەيدۇللا «ۋاي» دەپ بۇرنىنى تۇتۇپ قالدى . قاۋۇلاخۇن تاماكىسىنى چۇرۇۋىتىپ تۆگە تاپىنىدەك يوغان شاپىلىقى بىلەن بانىخاننى بىر سىلىۋىدى ، بانىخان قايناۋاتقان قازانغا سوغۇق سۇ قۇيغاندەك چىپپىدە توختاپ قىتىپ تۇرۇپ قالدى .

ـــ قانداق دىگەن تەتۈرلۈك ، زورلۇق بۇ . بۇ باللاردا نىمە گۇناھ ، ئاتىسىنى ئۇرۇپ بەرسە بولامتى ساڭا . سىنى كاملىغا بۇ باللار زورلاپ ئەپبەرگەنمۇ ؟ ئۆز ۋاقتىدا ، ھاي ئۇكام ، ئۇ دىگەن بىر داردىن قاچقان تىگى يوق ئوغرى ، سىز دىگەن يۇرتتا تۆتىنىڭ بىرى ، تۇتسا سىپى ، قىچقىرسا ئىتى بار سوپى مەزىننىڭ قىزى ، ئوغرىغا تەگمەڭ دىسە ، ۋاي ئۆلدۇم ، ۋاي كۆيدۇم ، تەگمىسەم ئۆلۈۋالىمەن دەپ ، رەھمەتلىك ئاتام - ئانامنى قاڭغىر قاقشىتىپ ، قىچىپ يۇرۇپ تەگدىڭ . سىنىڭ دەردى بالايىڭدىن

ئاتام ـ ئانام ئون يىل بالدۇر ئۆلۈپ كەتتى. ئازىلاپ تەگكەن ئېرىڭ شۇ. بىلمەي تەگكەنما. ھەپتىدە بىر خوتۇننى يەڭگۈشلەپ يۈرىدىغان ئوغرىغا ئۆزۈڭ تېگىپ ئەمدى قوپۇپ نېمە باللىرىڭغا، ھەممە ئادەمگە شالىڭنى چاچىسەن. زۇۋانىڭنى ئۆچۈرۈپ ئومىچىڭنى قاينات. بولمىسا زۇۋانىڭنى ئۆزۈم ئۆچۈرىمەن. ئۆتكەندە بولغان ئىشنى يەنە بۈگەن قوزغاپ نېمە قىلىسەن؟ ئۆتتى كەتتى. كونا خامانىنى سورىساڭ سېمىقى باسىدۇ. كونا پايخۇننى غاجىساڭ چىشىڭ سۇنىدۇ.

— ئەمىسە يەنە شۇ چۈغۈندەكتەك رەسۋانى يەنە تېپىۋاپتۇيا. مەن ئاڭلاپ تۇرۇپ چىدامدىمەن.

— يەنە دېسەم يەنە شۇ. ئېرىڭنى بىلىپ تەگمىگەنما، ھېلى باكا جۇما. مەن ئاكا، سەن سىڭىل ئارىلىقىمىزدا ئازراق ھايا قالسۇن جۇما، قالغان گەپنى مەن قىلماي، زۇۋانىڭنى ئۆچۈرۈپ قازىنىڭنى ئاس. باكا ھېلى مەندىن داۋاڭنى يەيسەن. ئۆيلەنگۈدەك باللىرىڭ، بويىغا يەتكەن قىزلىرىڭغا ھاياسىز ئازارنى بىرىۋەرمە. باكا شەرمەندە بولىسەن.

قاۋۇلاخۇن شۇنداق دەپ قويۇپ لوڭۇلداپ دەسسەپ يەرگە چۈشۈپ توپا بولۇپ كەتكەن چاپىنىنى قاقماستىن مۈرىسىگە سېلىپ چىقىپ كەتتى.

— بۈگۈن مەن ئايۇپ باز ـ باز دېگەن شوۋا داڭقانىڭ ئۆيىگە بېرىپ يا ئاشۇ ئېلىنماس چۈغۈندەك جالاپنى ئۆلتۈرىمەن، يا ئۆزۈمنى ئۆلتۈرىمەن، يا ئاۋۇ قىزىل باش جوھۇتنى ئۆلتۈرىمەن. زادى ياشىغۇچىلىكىم قالمىدى. ئەمدى چىدىغۇدەك ھالىم قالمىدى. بۈگۈن زادى نېمە كۆرسەم كۆردۈم.

بانىخان ئېغىلنىڭ تېمىغا يۆلەكلىك تۆمۈر ئارىنى ئېلىپ دەرۋازا تەرەپكە لوپۇلداپ ماڭدى. بېشىدىكى ياغلىقى چۈشۈپ، چۇۋۇلغان چاچلىرى پاخپىيىپ قالغانىدى.

— ئانا، نومۇس قىل، ئۇنداق سارائلىق قىلما، — دېدى

سادىق . ماۋۇ ئەللە ـ مەللە ، خەلقئالەم ئالدىدا جاۋاڭنى چىتقا يايما .

— ماڭا گەپ قىلىشما ، ھېلى باكا ئارىنى قارنىڭغا تىقىمەن .

— باللاردا گۇنا يوق . ئارىنى ئەكەل تىقىدىغان يەرنى مەن كۆرسىتىپ قوياي .

سامانلىقنىڭ ئىشىكى غىچىرلاپ ئېچىلىپ، ئۇستىۋېشى سامان بولۇپ ، سامانلار يۈز ـ كۆزىگە چاپلىشىپ قالغان ، ساقاللىرى ئۆسۈپ بومبۇر ساقال بولۇپ قالغان كامىل كۆرۈندى . ئۇنىڭ ئولتۇرۇشۇپ ، قان تولغان قىزىل كۆزلىرى ئېچىرقىغان چىل بۆرىنىڭ كۆزىگە ئوخشاپ قالغانىدى .

— ئاتا ، ئاتا ! سامانلىقتا ئۇخلىدىڭىزما ؟

— بوش گەپ قىلىڭلا ، مەن تۈرمىدە يانمىغۇچە ھېچقايسىڭلار ئارام تاپمايدىغان ئوخشايسىلەر .

باللار چۆچۈپ ئەتراپقا قارىدى . سادىق ھودۇققانچە يۈگۈرۈپ بېرىپ ئوچۇق قالغان دەرۋازىنى غاچ ـ غۇچ قىلىپ ياپتى . باياتىن بېرى غالجىرلىقى تۇتۇپ تازا قۇتۇرغان بانىخان كامىلنى كۆرۈش بىلەنلا يېلى قاچقان تۇلۇمدەك بىراقلا بوشاپ ، قولىدىن تۆمۈر ئارا يەرگە چۈشۈپ كەتتى . باللار قورقۇمسىراپ كېلىپ ئاتىسى بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى . باللار بىر كىم كۆرۈپ قېلىۋاتقاندەك چۆچۈشۈپ ، ئەندىكىپ ھەر تەرەپكە قارىغاچ ، ئاتىسىنىڭ ئۇستىۋېشىدىكى سامانلارنى قېقىشتۇردى . كامىل ھويلىنىڭ ئوتتۇرىدا سالپىيىپ جىممىدە تۇرغان بانىخانغا چەكچىيىپ قاراپ قويۇپ ئىچكەركى ئۆيگە كىرىپ كەتتى . باللار بىر ـ بىرىگە ئىشارەت قىلىشىپ ئۆگزىگە چىقىپ ھەر تەرەپكە ھودۇقۇپ قاراشقىلى تۇردى . بانىخان يۈزىنى تۇتۇپ ھۆقۇيتىپ يىغلىغانچە ئېرىنىڭ كەينىدىن ئۆيگە كىرىپ كەتتى . كىرىپلا ئۈنى ئۆچتى .

يېزىلىق ھۆكۈمەت ئالدىدىكى قېرى قەدىمىي تېرەكلەر قوچاق يەتكۈسىز يوغىناپ، تېنىدىكى قارا چوقۇر ئىزلار، كىچىك چاغدا ئېشەك غاجىلىۋەتكەن تارتۇقلار بىلەن قوشۇلۇپ، ئاق چىرايلىق پوستى كونا ئەنجان تامىنىڭ زەي تارتىپ كەتكەن ئۆلىگا ئوخشاپ قالغانىدى. ھەربىر تارتۇق، يېرىقلاردىن تېرەك يېلىمى قايناپ چىققانىدى. ئېگىز بولجا شاخلىرى، ئاچىماقلىرىدا قوشقاچلار ۋىچىرلىشىپ ئۇۋۋا تالىشىپ غەلۋە قىلىشاتتى. ئەتىيازلىق تېرىقچىلىق بېسىقىپ بوغدايىنىڭ بىرىنچى سۇيىنى باشلاشتىن باشقا ئىش قالمىغانلىقتىن كىشىلەر يېزىلىق ھۆكۈمەت ئالدىدىكى كالتا بازارغا، قېرى سۆگەتلەر باراقسان بولۇپ شاخ يايغان ئۆستەڭ بويىغا كېلىشىپ، قارتا، بىلىيارت ئويىنىشىپ كېچىنى ئۆتكۈزۈشنى ئادەت قىلىۋالغانىدى. ئۆستەڭ بويىدا بىرقانچە ئاشخانا، ناۋايخانا، سامسىخانا، شورپىخانا، كاۋاپخانىلار، ھاراق بوتكىلىرى بار بولۇپ، ئاشخانىلارغا قارىغاندا ھاراق بوتكىسى ئالدىدىكى كىچىك ئۆستەڭلەردە ئولتۇرۇپ كاۋاپ، گۆش يەپ، چاي ئىچىدىغانلار، مەست بولۇپ ئېگىز - پەس ناخشا توۋلايدىغانلار خېلى بار ئىدى.

مەستلەر دۇتارغا تەڭكەش قىلىپ تازا قىزىشىپ ناخشا توۋلاۋاتقان، قارتچىلار ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا تازا ۋارقىرىشىپ قارت ئويناۋاتقاندا راخمان سېكرېتارىنىڭ قارا، يۇلتۇز ئېتى قوشۇلغان مەخسۇس خادىك ھارۋىسى يىراقتىن قوڭغۇراقلىرىنى جىرىڭلىتىپ توپا توزۇتۇپ بازار ئوتتۇرىسىدىن ئۆتتى. باشلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ماڭىدىغان، بوينى ئۇزۇن، بېشى كىچىك، قۇلاقلىرى يېڭى چىققان ئاي شەكىللىك چىرايلىق ئاتقا ھەممىلا ئادەمنىڭ ئىچى كۆيۈپ ھەۋەس بىلەن قاراپ قالاتتى. ئات ناھايىتىمۇ ئوبدان بېقىش تاپقانلىقتىن قاپقارا تۈكلىرى

هازىرلا مىرلاپ پارقىرىتىپ قويغاندەك ۋاللىداپ پارقىراپ ، سۆڭگەچلىرىدە تۇخۇم قويسا تۇرغۇدەك ئەت ئېلىپ ساغرىسى چىرايلىق بولۇپ كەتكەنىدى ، ھەربىر قەدىمىنى ئالغاندا جابدۇقلىرىغا ئاسقان ياڭاقتەك سېرىق پارقىراق قوڭغۇراقلار ، قىزىل پۆپۈكلەر ئارىسىدىن بىر - بىرىگە ئۇرۇلۇپ چىرايلىق ھەم يېقىملىق جىرىڭلايتتى . ئاتنىڭ كەڭ ھەم چىرايلىق كۆكسىگە ئېسىلغان كىچىك يىپەك گىلەم تولىمۇ ياراشقانىدى . خادىك جاراڭلاپ قوڭغۇراق چېلىپ بازارغا كىرىپ كەلگەندە ، كىشىلەر خۇددى قوشقاچ توپىغا سار ئېتىلغاندەك مەستلەرمۇ ، قارتچىلارمۇ خەبەردار چاقىرىپ ئېغىزى كۆپۈش بولۇپ كەتكەن ئاشپەز ، ناۋايلارنىڭ نىمكالىرىمۇ گوررىدە ئورنىدىن تۇرۇشۇپ خادىكتىكى چىرايلىق ئاتقا ئاندىن ئوتقاشتەك خوتەن گىلىمى ئۈستىدە يوغان قورسىقىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرغان راخمان شوجىغا سېرىق سۆگەت بادرىسىدەك ئېگىلىپ جىمىدە ھۆرمەت بىلدۈرۈشۈپ تۇرۇشتى . ھارۋىكەش سەمەت روزى ھارۋىنىڭ ياۋىنىدە ئولتۇرۇپ بازار ئەھلىگە كۆز قىرىنىمۇ سېلىپ قويماستىن گويا ئادەمسىز چۆلدە كېتىۋاتقاندەك قىزىل پۆپۈك قامچىسىدىن پات - پات قاس چىقىرىپ قويۇپ ، ھاڭغۇتنىڭ بوينىدەك ئۇزۇن بويىنىنى تېخىمۇ سوزۇپ ، سېرىق بۇرۇتىنى دىڭگايتىپ مىڭغۇردى . راخمان سېكرېتار بولسا قېرى پاقىنىڭ گېلىدەك ساڭگىلاپ كەتكەن ئېڭەك سالپا گۆشى لىپىلدىغان ، كۆزلىرىنى يۇمغان ھالدا بازار ئەھلىنىڭ ھۆرمەت سالىمىغىمۇ قارىماستىن ، گۆشلۈك قوللىرىدا خادىكنىڭ سايىۋەن بادرىسىنى تۇتقان پېتى ئۆتۈپ كەتتى . ھارۋا ئۆزاپ كەتكەندىن كېيىن ئاغزىدا چىشى قالمىغان بومبا ساقال ، دوغىلاق ئاشپەز موللاقباي ئاغزىدىكى قاپقارا ناسۋال بىلەن قوشۇپ قاغا چىچقاندەك ھارۋىنىڭ كەينىدىن تۈكۈردى .

— ئاۋۇ خاقان غوجامغۇ كونا مازارنىڭ گۈمبىزىدەك

نوغۇچتەك قېتىپ ئولتارسۇن ، ئاۋۇ سەمەت روزى دېگەن ئېشەك سۇدىكى ھاڭغۇت بويۇن قەلەندەرگە نېمە ئاتىكاچىلىق ئەمدى . شۇنچە ئەل ـ جامائەت ھۆرمىتىنى قىلىپ سالام قىلسا پېسەنتىگە ئالماي كېتىۋاتقىنىنى ...

ــ خاپا بولما موللاق باي ، ئەتە تۇرۇپ ئۆگۈنلۈككە راخمان شوجى تەتۈر چوش كۆرۈپ قوپسا بۇ قەلەندەرنىڭمۇ قوڭىغا تېپىپ ھەيدەپ كوشوگى ئىككى پۇل بولۇپ سالپىيىپ كېلىدۇ . ئۇ چاغدا ئۇنىڭدىن بىچارە ئادەم بولمايدۇ .

ــ خەپ توختاپ تۇر ، غالچا . چوڭ پىتتىن ئۇششاق پىت بەك چاقىدۇ . ئۇن ئامبالدىن بىر غالچا يامان دېگەن شۇ ـ دە . ئەتە ـ ئۆگۈن ئاشخانامغا تاماق يەيمەن دەپ كەلسەڭ ساڭا بېرىدىغان يۇندىمۇ يوق كىسپۇرۇچ .

ــ خام خىيال قىلما موللاقباي ، بۇ سەمەت روزى دېگەننى راخمان شوجى ئالدىراپ قوغلىۋەتمەيدۇ . ئاتنى ئوبدان بېقىپ ، مارۋىنى بەلەن ھەيدىگەندىن باشقا ئۇنىڭ راخمان شوجىگە ھەممىدىن يارايدىغان بىر ئوبدان يېرى بار . ئۇ بولسىمۇ مەھەللىسىمۇ مەھەللە ، باغمۇباغ ، دۆڭمۇدۆڭ يۈرۈپ ، نەدە چىرايلىق چوكان ئۇچرىسا بىرسىلەرنى قىلىپ ئۇنى كۆندۈرۈپ شوجىگە سولامچىلىق قىلىدۇ ... شوجىنىڭ سايىسىنى مىدىرلىمىسا ئېتىغا يېگۈزىدىغان نېشىنى ئەركەك قۇشقاچنىڭ مېڭىسى بىلەن ئېلىشتۇرۇپ دورا ياساپ بېرىدۇ ...

بازاردىكى ساقلارمۇ ، مەستلەرمۇ ئاغزى بالا چالا مەستىنىڭ گەپلىرىدىن ھوزۇرلىنىپ قىقاس سېلىپ كۈلۈشەتتى . موللاقباي توپا ـ توزاندا كۆرۈنمەي قالغان مارۋىنىڭ كەينىدىن بەلغەم چىقىرىپ تۇرۇپ يەنە بىرنى تۈكۈردى .

ــ ئارىمىزدىن مانا مۇشۇنداق سۇرىتى ئەركەك ناجىنس سولامچىلار جىق چىققانلىقتىن كۆرۈۋاتقان كۈنىمىز مانا مۇشۇ ـ دە .

— بولدى قايناۋەرمە موللاقباي . چۈگۈن قايناپ بېشىغا تاشتى بولۇپ ، يەنە تۇرمىدە ياتقۇلۇق كېلىۋاتامدۇ . سېنى يەنە تۇتۇپ سولاپ كېسىۋەتمىسۇن جۇما ، — دېدى بىر قېرى بوۋاي .

— چۈگۈن قاينىسا ئاۋۋال ئۆزىنىڭ بېشىغا تاشىدۇ . تاشقان سۇ بېشىدا تۇرماي كۆتىگە ساقىپ چۈشۈپ چۈگۈننى قاينىتىۋاتقان ئوتنىمۇ ئۆچۈرىدۇ . جاھاندا باكالىق ئىش يوق . كەسسە يەنە شۇنداق كېسىشەر . تولا سەپرايىمنى دوغايتىشمىغىنا ...

بازار ئەھلى پاراقلاپ كۈلۈشۈپ كېتىشتى . موللاقباي قويىندىن ناسىۋال قاپىقىنى ئېلىپ غەزەپ بىلەن ئاغزىغا ناسىۋال كاپ ئەتتى .

راخمان شۇجىنىڭ هارۋىسى يېزىلىق هۆكۈمەت دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ توختىدى . سەمەت روزى هارۋىدىن چۈشۈپ خوجىسىغا ئېگىلىپ بىردەم قاراپ تۇردى . راخمان شۇجى كۆزىنى يۇمۇپ قېرى مۈشۈكتەك خورۇلداپ ئۇخلىماقتا ئىدى . سەمەت روزى قانچە قېتىم ئويغىتاي دەپ ئاغزىنى ئۆمەللىسىمۇ پېتىنالمىدى . ئۇ كالپۇكىنى يالاپ ، گەز باغلىغان جاۋغىيىنى يىرىك ئالىقانلىرى بىلەن سۇرتۇپ ، سېرىق بۇرۇتىنى سىيپىغان هالدا ئېگىلىپ تۇردى .

ئۇششاق كۆمۈتا ، كۆكۈيۈنلەر غۇژۇلداپ ئاتنىڭ گازالى ، چاتىراقلىرىنى چېقىپ ئارام بەرمەيتتى . ئات قۇيرۇقىنى قورۇپ ئۇلگۇرۇپ بولالماي ، هېلى ئالدى پۇتى ، هېلى كەينى پۇتىنى توختىماي يەرگە ئۇرۇپ پۇشقۇرتاتتى .

— نېمە هارۋاڭنى هەيدىمەي زاسۇيچىنىڭ ئالدىدا تەلمۇرۇپ يىن پۇراپ تۇرغان قوتار ئىتتەك تۇرسەن ، — دېدى راخمان شۇجى كۆزىنى ئاچماستىن غاژ - غۇژ ئاۋازدا يۆتىلىپ تۇرۇپ . گەپ قىلغاندا ئاغزىدىن بۇخسۇپ چىققان هاراق پۇرىقى سەمەت روزىنىڭ زۇۋانىغا ئۇرۇلدى . «تەرىتىم سۇنمىغاي ، ئىبادىتىم قوبۇل بولغاي ئىلاهىم ، ئەستاغپۇرۇللا ، ئاسىي ، گۇناهكار

بولدۇم ، بەندەڭنى ئەپۇ قىلغايسەن ئاللاھ » دەپ ئىچىدە ھەمدۇسانا ئوقۇدى سەمەت روزى ئاندىن :

— كەلدۇقيا شۇجى ، كەلدۇق ، — دېدى ئېگىلىپ تۇرۇپ .

— نەگە كەلدۇق ، ئاچاڭنىڭ قېشىغا كەلدۇقما؟ مەن ھارۇننى توختىتات دېمىسەم نېمە توختىتىسەن؟

— يېزىغا ... ئىشخانىلىرى ئالدىغا كەلدۇق ... شۇ ... شۇڭا توختاتقان ...

— مەن سېنى يېزىغا ، ئىشخانامغا ئەكەل دېدىمما؟ !
ھە ... مەن ... مەن بۇ يەرگە ئەكەل دېمىسەم نېمىشقا ئەكەلدىڭ .

— ئەمدى ... ئەمدى شۇ ... مەن ... مەن ... كەچ بولغاندىكىن ھەقىچان يېنىپ كېلىمىز دەپ ...

— كەچ بولغاندا ئىشخانىدا ماڭا بىرمە سوزۇۋتۇپ قويۇپتىكەنما؟ مېنى ياغاچ ئۇستەل بىلەن تاۋا بايراقتىن باشقا ھېچنېمە يوق باكا ئىشخانىغا سولاپ قويۇپ ، ھەرقايسىڭ خوتۇنۇڭ بىلەن غىتىلدىشىپ ياتساڭ ، مەن تىزىمنى قۇچاقلاپ ياتامدىمەن خوتۇن تالاق ئوغرى .

— بايا ... بايا ... سورۇندىن چىققاندا ... خېلى ... خېلى تەڭشىلىپ قاپ ... قاپتىكەنلا ... را ... را ... شۇجى كەچ ... كەچ ... بولدى ، ئۆيگە ...

— ئىچمەستە تەڭشىكىم يوقمىتى كالۋا ... ئىچسەم تەڭشىكىم بولۇپ ، ئىچمىسەم تەڭشىكىم بۇزۇلامدىكەن مېنىڭ ... ھۇ ...

— ياق ... ياق ... ياق ... را شۇجى ... بايا ئۇنداق ئەمەس ... ئىچكەندە ... ئاز ... ئازراق كە ... كەيىپ ...

— مېنى ئۆيەمگە ئاپارماي نېمىدەپ ئىشخانىغا ئەكەلدىڭ ...

— ئۆز ... ئۆزلىرى ... ئىش ... ئىشخانامغا ... ھۆ ... ھۆكۈمەتكە ھەيدە ... دېگەنتىلە ... شۇ ... شۇڭا ...

— مەن ··· مەن ··· شۇنداق دېدىمما ··· ھۇ ··· خوت ··· خوت ··· — راخمان شۇجى ئىنجىقلاپ خادىكتىن يەرگە چۈشۈپ سەل دەلدەڭشىپ كېتىۋىدى سەمەت روزى يۆلىۋالدى .

— نېرى تۇر ··· كۆك تۆش ··· مېنى نېمە چاغلاۋاتىسەن . مېنى مەست بولۇپ قالدى دەمسەن . ئاناڭنىڭ ھېلىم چۆچمكىدەك بىرمىدە بەشنى ئىچكەنگە مەن مەست بولامدىم ··· ئونچىلىك ھاراققا مەست بولسام ، مەن راخمان ھەر قايسىڭغا باشلىق بولالامدىم . ھە ··· خومپەر مەن مەستما ··· دېگىنا مەن مەستمۇ ، ساقمۇ ؟

— ساق ··· ساق ··· ئۆزلىرى ساق را شۇجى .

— ئەمسالامۇئەلەيكۇم را شۇجى ، ئىوبدان تۇردىلمۇ ؟ بەلەنما ··· تىڭلىق تۇرۇپلا .

ئاسماندىن چۈشكەندەك ئايۇپ پوستەكچى بىلەن خوتۇنى ئاغچىخان پەيدا بولدى . راخمان شۇجى كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ خوشياقماي قولىنى تەڭلىدى .

— ماڭا سالام قىلغان قايسىڭ ، ھەرقايسىڭدىن سالام قەرزىم بولمىسا .

— مەن ··· مەن ··· را شۇجى ··· مەن ئايۇۋاخۇن .

— قايسى ئايۇۋاخۇن ··· خامان كۆيدىلىك ئايۇپ كۆكچىما ؟

— ياق ··· ياق ··· ماۋۇ تۈگمەندىكى ئايۇۋاخۇن .

— ھە بىلدىم . كەچ بولغاندا تۈگمىنىڭنى ھەيدىمەي مەندە ئىلىشىڭ بارمىتى ياكى سوۋۇتۇپ قويغان بىرمە بارمىكى دەپ كەلدىڭما . كەينىڭدە تۇرغان چىرايلىق چوكان كىمنىڭ خوتۇنى ؟

— مەن ··· مېنىڭ خوتۇنۇم را شۇجى .

— تۈگمەننىڭ پوستەكچىسى مۇشۇنداق قاملاشقان جۇۋاننى خوتۇن قىلىۋالسا نېمانداق قاملاشمىغان ··· قائىدە ئوقمايدىغان خوتۇن بۇ ··· ھەجەپ سالام قىلماي بوينىنى شاپتۇل قېقىپ تۇرىدىيا ؟ خۇددى دوتەيىنىڭ خوتۇنىدەك .

— سالام قىلسام كۆزلىرىنى يۇمۇۋالدىلا را شۇجى ··· ئۇنداق ئادەمنى ئىزا تارتقۇزمىسىلا ، — دېدى ئەركىلەپ تورۇپ ئاغىچىخان .

— ھە ، ئۇستۇڭىزدىكى شىشىغا قارىسا ھېچ تۇگمەن ھەيدىگەن تەلەتىڭ يوق . بىر يەرنىڭ كادىرىدەك ياسىنىۋاپسەن . خوتۇنۇڭنىمۇ كۆزمۇنچاقتەك ياساپ كەچ بولغاندا بازارغا سالاي دەپ چىقتىڭما ؟

— يا ··· ياق ··· را شۇجى ··· ماۋۇ ··· بىزنىڭ تورۇدەك ئانامنىڭ ئوغلىنىڭ تويى بولغان ، شۇ تويدىن يېنىپ ئۆيگە كېتىۋاتساق ئۆزلىرى تورۇپتىكەنلا ، سالام ··· سالام بېرىپ ئۆتەيلى دەپ ···

— ھە ، سالام بېرىپ بولدۇڭ ··· نېمە قالاپ تۇرسەن باشقا ئىشىڭ يوقما ؟

— خا ··· خاپا بولمىسىلا را شۇجى ··· بىز ··· بىز ئېزىپتىمىز ··· ئا ··· ئاۋارە قىپتىمىز ··· بىز يانىلى ، بىز يانىلى ···

ئايۇپ شۇنداق دەپ ئىككى قولىنى كىندىكىنىڭ تۈۋەن يېنىغا قويۇپ ئارقىچە يېنىپ ماڭدى .

— قانداق قاملاشمىغان سارالڭ بىرىمە سەن ! ئۆزۈڭ سالام قىلسەن ··· ئەمدى گەپ قىلماي كالىدەك كېتەمسەن . نەدە چوڭ بولغان ، قائىدە بىلمەيدىغان بىرىمە سەن . سەندە منداغ ئادىمگەرچىلىك دەيدىغان نەرسە يوقمۇ . ئۆيەڭ يوق قەلەندەر ئوخشىمامسەن ، منداق كۆرۈشكەندىكىن ئۆيگە چىرلى دەيدىغان ئىش يوقما . سەن دېگەنگە مەن يۈگۈرۈپلا چىرىۋالمىدىغاندەك .

— ۋاي ئېزىپتىمەن را شۇجى ··· شۇ ··· شۇ ··· دەي دېسەم يەنە ··· يەنە تىل - دەشنام ئىشتىمەي دەپ ئېغىز ئاچماپتىمەن . بولمىسا مىڭ مۇراتە دېگۈم بار ئىدى . ئۇنىڭ ئۇستىگە بىزنى ياراتماي چىمەمدىكىن دەپ ···

— هوي كالۋا ، سەن قاچان مېنى ئۆيگە چىرلى دەپ باقتىڭ ، دەپ باقە ··· قاچان دېسەڭ مەن ياراتمايمەن ، ئۆيەڭگە چىمەيمەن دېدىم . سەن تۆگمەندە ئىشلەپ ئاسان نان يەپ ھەقلىڭ قالماپتۇ . سەن قەلەندەرنى يىلانغان ئاپىرىپ كېچە - كۈندۈز يىل بويى ئەشەدە ھاشارغا سالساق ، ئاندىن مەن راخمانىنى كۆزگە ئىلىپ ھۆرمەت قىلىدىغان ، تۆگمەنىڭ قەدرىگە يېتىدىغان ئوخشايسەن .

— ياق ··· ياق ··· ياق ··· ئوبدان را شۆجى ، مەن خۇش بولۇپ قالاي ··· خۇش بولاي ··· مەن سىلىنى كۆزگە ئىلماي ھەددىممۇ . سىلىنى ھۆرمەت قىلمىغان بولسام تۆزكور بولاي .

— ھېلىمۇ تۆزكور بولۇپ بولغان نېمە سەن ، مەن تۆگمەندە ئىشلەتسەم ھازىرغىچە ئۆيەڭنىڭ ئىشىكى قايان ، موراڭ نەدە ، بىر قاچا سوغۇق سۇيۇقىنى كۆرسەتمىدىڭ ··· سېنىڭ ئورنۇڭدا ھەر كۈنى كېلىپ تاماكا تۇتۇپ تۆگمەننى ماڭا بېرىڭ دەپ يالۋۇرىدىغان گەنسۇلۇق ماڭلور ختايغا بەرگەن بولسام كۈندە تاماكا - هاراق توشۇپ كەشى چۇشۇپ قالتى .

— مەن بىلمەپتىمەن ، را شۆجى بىلمەپتىمەن . مەن تۆزىتەي ··· بىزنى ياراتماي ئۆيگە ···

— يانا تىلىڭنى چاينىغىلى تۇردۇڭ . ئۆيگە چىرلى دەپ بىر ئېغىزلىنىپ باقمامسەن . سېنىڭ ئاغزىڭدىنمۇ ئەشۇنداق بىر گەپ چىقامدۇ ، مەن بىر ئاڭلاپ باقاي .

— مىڭ مەرتىۋە دەي شۆجى ، ئۆيگە چىرلى .

— ھە ··· ئۆيەڭدە ھارىقىڭ بارمۇ ؟

— هاراق سىلىدىن ئايلانسۇن را شۆجى .

— پاقلانچۇ ، ئوغلاق ، چۆجە - خوراز ، كۆك كەپتەر ···

— بولمامدىغان ، نېمە دېسلە شۇنى بار قىلىمىز ، جېنىم را شۆجى .

— باشلىمامسەن ئەمىسە بەتبەخ ! كەچكىچە رۇكۇلداپ

تۇرماي . ھە ، سىزنىڭ مېنى مېھمان قىلغۇڭىز يوقما ئۇسسىكەش جۇۋان . ئا قالاڭ قۇيۇۋالغان ئۇسسىسى دەمدەك . سىز ھارۋىغا چىقىڭ ، ماۋۇ ھەقلى يوق ، مەن راخماننى بىلىپ قالسۇن .

— ئۇي ... ئۇيىمىز يېقىن . ئىشۇ ھۆكۈمەت ھويلىسىنىڭ ئارقىسىدا . ئۇساسا ئاڭلىنىدۇ دېسىلە .

— ھەرقانچە تېقىمىدا بولسىمۇ ھارۋىغا چىقسۇن . سەن ماڭ . يەنە گەپ قىلساڭ زۇۋانىڭنى دارغا تارتىمەن .

— خوش ... خوش ئۇبدان .

ئاغىچىخان قورقۇمسىراپ ھارۋىغا چىقىپ ئولتۇردى . ئايۇپ ھارۋىنىڭ ئالدىدا لوپولداپ يۈگۈرۈپ ماڭدى . راخمان شۇجى خۇمارلاشقان كۆزلىرىنى ئاغىچىخانغا قىسىپ كۈلدى . ئاغىچىخان لېۋىنى چىشلەپ يەرگە قاراپ تىرنىقىنى تاتىلىدى .

— ۋاي تېخى ... قىز بالىدەك يۈزى تۈۋەنلىك قىسىپ كەتكىنىنى كۆر ماۋۇ بايتالنىڭ . بۇ پوستەكچى گۆي قانداق قىلىپ ئېلىۋالدى سىزنى ؟ مۇشۇ بېلىقتەك ئەپتىڭىز بىلەن بۇ پوستەكچى غوجالدۇرۋاقتا قانداق خوتۇن بولغانسىز ؟

ئاغىچىخان ۋىلىلدە قىزىرىپ :

— ھەجەپ قىزىق گەپ قىلىدىكەنلا را شۇجى ، — دەپ باشقا تەرەپكە قاراپ ۋىلىقلاپ كۈلدى .

راخمان شۇجى ئۆيگە كىرىپلا ۋارقىرىدى .

— پۇۋە ... پۇۋە ... نېمەنداق سېسىق بۇ ئۆيەڭ . ئەر - خوتۇن ئىككىڭگە قالسا سۆلىتىڭنى ماۋۇ خادىك ھارۋام تارتالمايدۇ .

— ئۆيدە ... ئۆيدە شۇ كىچىك بالا بولغاندىكىن ... ئاغىچىخان شۇنداق دېگەچ تويۇقسىز كەلگەن مېھماندىن قورقۇپ ھاڭۋېقىپ قالغان ھەمىدەمنىڭ قولىقىدىن تۇتۇپ بۆشۈكتىكى بالىنى ئالغۇزۇپ تالاغا چىقىرىۋەتتى .

— ماۋۇ بالا باققۇچى بىرمە ئۆينى مۇشۇنداق قالايمىقان

قىلمۇۋېتىپتۇ . بالىنىڭ لاتىسىنى پات - پات يۆيۈپ قويمايدۇ . بىرنى بىر دەپ تۇرمىسا ھاڭۋېقىپ تۇرىدۇ ئىيەكىم .
— سىز نېمە ئىش قىلىسىز ؟
— تۇگەدۈك مەكتەپتە خانىملىق قىلىمەن .
— ھە ... ھە ... شۇڭا جەگمىڭىز باركەن ھە ... مەكتەپ يىراقكەن . دۇتارنى كىم چالىدۇ ؟ سىز چالاسىز ھەقىچان ؟ !
راخمان ئۆينىڭ بۇلۇڭىدىكى تامغا يۆلەكلىك دۇتارنى كۆرۈپ سورىدى .
— ئۇ ... ئۇنى ... ئۇنى ... شۇ ، ئانچە - مۇنچە ...
— بىزنىڭ خوتۇن چالىدۇ را شۇجى .
— بىزنىڭ خوتۇن دەيسىنا ، بۇ چىرايلىق خوتۇنۇڭنى يەنە كىملەر بىلەن شېرىك ئالغان . مېنىڭ خوتۇنۇم دېمەمسەن ھەقلى يوق ئېشەك . خوتۇننى ، ئىشتاننى شېرىك ئالغىلى بولمايدۇ .
— ۋاي ... ۋاي ئېزىپتىمەن ، ئېزىپتىمەن . تۇزىتەي را شۇجى ، تۇزىتەي ، يادىمدا يوق .
راخمان قاقاقلاپ كۇلدى . ئاغىچىخانمۇ ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ ئاغزىنى تۇتۇپ يەنە راخمان شۇجىغا قاراپ قىزىرىپ كۇلدى .
— ھە ... ھەجەپ ... قىزىق گەپ قىلىدىكەنلا را شۇجى ... مەن ... مەن سىلىنى بۇنداق ... بۇنداق قىزىق گەپ قىلىدۇ دەپ ئويلىماپتىكەنمەن ... قىزىقچىكەنلا جۇما ... ۋىيەي ...
— ھەجەپ ... ھەجەپ بى يەر قىلدىلا را شۇجى مېنى ... بەك ... بەك ئوسال بولدۇم جۇما مەن ، — دەپ گەدىنىنى تاتىلاپ تۇردى ئايۇپ نېمە قىلارىنى بىلمەي تەمتىلەپ .
— ھە ، نېمىگە قالاپ تۇرسەن . پاقلىنىڭنى سويۇپ ، قازانغا سال . ھاراق ئەكەل ! خانىم سىز ، باشقا ئىش قىلماي دۇتار چېلىڭا ... مېنى قانچىلىك مېھمان ئېتەلەيسىلە مەن بىر كۆرەي .

راخمان شۇنداق دەپ ئىنجىقلاپ ياغاچ سۇپىغا چىقىپ سوزۇلۇپ ياتتى. ئاغىچىخان پايپېتەك بولۇپ گۈل چېكىلگەن مېھمانلىق ئاق ياستۇقنى قوشلاپ ئەكېلىپ راخماننىڭ بېشىغا قويدى. ئايۇپ ھودۇقۇپ پالاقلاپ تالاغا ماڭدى.

— سەنمۇ بەزدەك تۇرماي ئايۇپقا ھەپە قىلىش سەممەتەك، — دېدى راخمان. سەمەت ئايۇپنىڭ ئارقىسىدىن چىقىپ كەتتى. ئايۇپ بىلەن سەمەت كۇسۇرلىشىپ ئالدىراپ پالاقلاپ يىراقلاپ كەتتى.

— ھە چېلىڭە، مەن بى ئاڭلاپ باقاي جەگىسى بار خانىم، مانداغ بەلەن شوخ پەدىگە.

تەمتىرەپ دېرىزىلەرنى ئېچىپ ئۆينىڭ ئۇ يەر، بۇ يەرلىرىنى رەتلەۋاتقان ئاغىچىخانغا تۇۋلىدى راخمان.

— ۋايجان تۇزۇك چالالمايتتىم ... ئادەمنى ئىزا تارتقۇزۇپ ... ئۇۋاتقۇم كېلىپ ئۆلەي دېدىم ... ئىزا تارتىدىكەنمەن را شۇجى ئۆزلىرىگە يارىغۇدەك چالالماسمەنمىكى. يارىغۇدەك چالالماي قالسامزە ... ئادەمنى زاڭلىق قىلمىسىلا جۇما ئەمسە.

— چېلىڭە، ئۇبدان چەپ بەرسىڭىز، تۇگە دۆڭ مەكتەپتىن بازار ئىچىگە يۆتكەپ قويىمەن. بولمىسا تېخىمۇ يىراقتا ھەيدەيمەن. ھە چېلىڭە، بەلەن چېلىڭ، بولمىسا ھېساب ئەمەس.

— ۋايجان، كۆڭۈللىرىگە ئىنساپ بېرەر را شۇجى. بازارغا يۆتكەپ قويىدىغانلا بولسىلا، تاڭ ئاتقۇچە چال دېسىلىمۇ چالاي. ئەمما سىلىگە يارىغۇدەك چالالارمەنمۇ ... دەپ قورقۇۋاتىمەن.

— چېلىڭە ئاۋۋال، سىز چالسىز، ئاندىن مەن چالىمەن، ئەپلىشىپ قالساق تەڭ چېلىشىمىزيا.

— ۋاي سىزمۇ ... ياق ... سىلىمۇ چالامىلا را شۇجى. شۇجى چالىمەن دېسە ھەجەپبى تۇرىدىكەنيا.

— مېنى چالالمايدۇ، دەپ ئاڭلىغانمۇ؟ دۇتتىرىڭىزنىلا ئەمەس ... سىزنىمۇ چېلىپ سايرىتىۋېتىمەن. يېنىمغا يېقىن

كېلىپ چېلىڭ ، بولمىسا ھېساب ئەمەس ، ئىشكنى يېپىڭ !

— ۋايىيەي ئۇنداق قىلساق قانداق بولا ؟

— ياپقاندەك بولىدۇ .

ئاغىچىخان ئىشكنى يېپىپ ، قورقۇپ تۇرۇپ پەم بىلەن ئولتۇرۇپ دۇتارنى قولىغا ئېلىپ لەۋلىرى ، گالللىرى قۇرۇپ دۇتارنى چېلىشقا باشلىدى .

ئېگىز ئاسماندا تۇۋرۇك يوق ،
ئېقىن دەريادا كۆۋرۈك يوق .
جىمى ئالەم گۇۋا بولسۇن ،
سېنىڭدىن باشقا يارىم يوق .

راخمان سوزۇلۇپ ئاغىچىخاننىڭ ئاق بوغماق بىلەكلىرىدىن تۇتۇپ تارتتى . ئاغىچىخان لاغىلداپ تىترەپ بوشاپ كەتتى ، دۇتار تۇتقان قوللىرى ئاجراپ ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ ناخشا توختاپ قالدى . دۇتار سۇپىغا يېنىك چۈشتى . ئەمما ، راخمان ئاغىچىخاننىڭ ئۈستىگە تام يىقىلغاندەك چۈشتى . ئىنجىقلاپ پۇتلىرى تېزەكلىگەن تولكىنىڭ قۇيرۇقىدەك يۇقىرىغا كۆتۈرۈلدى . راخماننىڭ زوۋاندىن بۇخسۇپ چىقىۋاتقان هاراقنىڭ سېسىق پۇرىقى ئېچىپ كەتكەن سېسىق چۇخەينىڭ پۇرىقىدىنمۇ بەتتەر سېسىق ئىدى . راخمان تاپ يېگەن ئىتتەك هاسىراپ ئىنجىقلاپ ئالدىرىغانچە ئاغىچىخان ئۆزىنى ئەپقېچىپ تولغاشتى .

— ۋايجان ... را ... را ... شۇجى ... بۇنداق ... بۇنداق قىلمىسلا يامان بولىدۇ ... ۋايىيەي شۇجى تۇرۇپمۇ شۇنداق قىلامدۇ ؟ ...

— شۇجى ... بۇنداق قىلمايدۇ دېگەن گەپ قايسى قىزىل باشلىق هۆججەتتە باركەن . تىم تۇرە باكا ، هېلى جۇما ...

— يامان بولىدۇ .
— يامان بولىدىغان ئىشنىڭ قايسى بىرىنى دەي ، يامان بولىدۇ ، يامان بولىدۇ دەپ ئاشۇنداق يامان بولىدىغان ئىشنى قىلغانچە ئوبدان بولۇۋاتامدۇ . تولا غەمسە قىلما ! ...
— ھېلى ئاۋۇ ئادەم كەپ قالسا ...
— ئۇ پاقلاننىڭ پۇتىنى بوغۇپ يەرگە بېسىپ بولغۇچە ، مەن سېنىڭ پۇتۇڭنى يەرگە دەسسىتىپ بولىمەن . ئىزى قالامتى ھېچىر تاۋىقىڭدا ، بولە ، تولا تولغىماي .
— ئەمسە ... ئەمسە ... مېنى تۇگەدۇك مەكتەپتىن يۈتكەپ قويامىلا ... يۈتكەپ قويسىلا ئەمسە ...
— بايا دەپ بولغانىيا ... پەللىكى توختىمايدىغان مىدە ، بول دەيمەن ... پەللىكىڭ توختىمىسا يۈتكەپ قويارمىكىن دەپ خام خىيال قىلما .
— دۆلەت شتاتلىق بولمىسا يۈتكىسە باكا بولىدۇ دەيدۇ . ماڭا دۆلەت شتاتى ھەل قىلىپ بەرسىلە ماقۇل دەيمەن ... ئىم بولمىسا ئۇنىمايمەن تازا ...
— ھېلىغۇ بىر شتاتكەن ، يىل ئاخىرىدا شتاتقا سان كەلسە قانچىنى دېسەڭ بېرەي ، پاسكىنا ، بولە ، ئادەمنى تالجىقتۇرماي ، ھەجەپ ئۇسامىغان تەخەيدەك غەمسەڭ يامان كاساپەتكەنسەن .
— ئانام ... ۋاي ... ۋايجان ... ۋاي كەتتىمەن سېپىسى غوجام ... ئاشتاختامنىڭ نوغۇچىكەنلا ... ماقۇل دېدىلە ۋە دىللىرىدە تۇرسىلا جۇما پېتىر مانتامنىڭ قىيمىسى غوجام ، نازۇك خالتامنىڭ پوزىسى غوجام ...
— ھەجەپ خۇش زۇبان . بېيىت توقۇشقا ئۇستا خانىمكەنسەن ... توقە . قوشاقچىنىڭ پىرى خانىم ، بەلەن توقۇدىڭ .
— دەمدىرىڭىز بولاي ... تورغىيىڭىز بولاي . ئوچاقتىكى ئوتنى كوچىلاپ قازىنىمنى قايناتقان غوجام . ئوتلىرىمدا

پۇچىلىنىپ غوجام، كۆسەيلىرىمىز كۆيدىغۇ غوجام. كۆسەيلىرىمىز كۆيگۈچە غوجام، قوقاسلىرىم كۆل بولسۇن غوجام.

— ئۇشۇق كېتىپسەن كاساپەت. كۆزەڭ ئۇچۇق كېتىپتۇ ئىسىت. پوستەكچىگە ئۇشۇق كېتىپسەن، سەندەك قاسقىنى بەلەن، بولاق مانتا خوتۇن پوستەكچىگە خوتۇن بولۇپ كەتسە قانداق دېگەن تەگشەلمىگەن جاھان بۇ. زايا كېتىپسەن ئەمەسما ...

ئىشىك جالاقىدە ئېچىلىپ قولىدا بىر بەشىك هاراق كۆتۈرگەن ئايۇپ كىرىپ كەلدى. قولىدىكى يەشىك «پاق» قىلىپ يەرگە چۈشۈپ هاراق يەرگە ئېقىپ چىقىش بىلەن هاراقنىڭ سېسىق بۇسى ئۆينى قاپلىدى. ئايۇپنىڭ چىرايى بىر قارىداپ، بىر تاتىرىپ كەتتى. راخمان ئالدىرىماستىن ئىنجىقلاپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشتىنىنىڭ تاسمىسىنى ئەتتى. ئاغىچىخان بىر يۇمىلاپلا تۇرۇلۇپ مەيدىسىگە چىقىپ قالغان كۆڭلىكىنى پەسكە سېيرىپ دۇم يېتىپ هۇ تارتىپ يىغلاشقا چۈشتى.

— بۇ ... بۇ ... نېمە ئىش را شۇجى ...

— بۇ ... نېمە ئىش بولاتتى، بۇ مۇشۇنداق ئىش ... خۇددى سەن كۆرمىگەندەك، نېمە ئىش دەپ سورايسەنيا. بۇنداق ئىشنى قىلىپ باقمىغانمۇيا.

— بۇ ... بۇ ... بولماپتۇ ... پەقەت بولماپتۇ ...

— قاملاشمىغان چاغدا كېلىپ ... تۇرۇپ يەنە نېمىدەپ تىلىڭنى چاينايسەن.

— گوڭسەندالڭ ئەزاسىمۇ ... مۇشۇنداق ئەسكى ئىش قىلسا بولامدۇ؟

— هەممە ئادەم قىلىۋاتقان ئىش بۇ. مەن قىلسام نېمە بوپتۇ.

— مەن ... مەن ... ئەرز قىلىمەن ... ئەرز ...

— قايەرگە؟ ... كىمگە؟ ... نېمىدەپ ئەرز قىلىمەن؟

— يۇقىرىغا ... خو ... خوتۇنۇمنى ...

— يۇقىرى دېگىنىڭ قايەر؟ ناھىيىمۇ ... ۋىلايەتمۇ؟ يا ئاپتونوم رايونمۇ؟ نەگە ئەرز قىلىمەن؟ را شۇجى خوتۇنۇمنى ھاۋا تاپان قىلدى دەپمۇ؟ ... مۇشۇ دەگالىقتا كىم تۆپەمدىن ئەرز قىلمىدى؟ يەۋالدى، قىلىۋالدى، ئېتىۋالدى دەپ مىڭلاپ ئەرز قىلغانلارنى كۆرمىدىڭمۇ كالۋا. نېمىگە ئېرىشتى؟ يۇقىرى مېنى نېمە قىلىپ بەردى. تاك ئېتىپ چېكىپ بەردىمۇ؟ سولاپ بەردىمۇ ياكى ئالدىڭلاردا بىر ئەر قېتىم قىزارتىپ، سارغايتىپ بەردىمۇ؟ ئەرز قىلغانلار نېمە بولدى؟ مەن راخمان يەنە شۇجى ... ئەرز قىلغان خومپەرلەر يەنە مېنىڭ تاپىنىم تېگىدە بۇرۇنقىدىنمۇ بەتتەر ۋەيران بولمىدىمۇ! بۇنى كۆرمىدىڭمۇ، ئاڭلىمىدىڭمۇ سەن بۇ زېمىندا بارمۇ - يوقمۇ؟ گوڭسەنداڭ مەندەك بىر سادىق چاكىرىنى سەن قەلەندەرلەرگە پوزا قىلىپ بېرەرما؟

— ئەمىسە ... ئەمىسە ... مەن بۇ خوتۇننى خوتۇن قىلمايمەن. سۆزىنى بېرىۋېتىمەن. بولدى ئەمدى ... مەن ... مەن ... خەقنىڭ تېگىدىن ئاشقان خوتۇننى خوتۇن قىلمايمەن. ھېلىمۇ تۇتۇۋالدىم. ئاڭلىسامۇ، كۆڭلۈم كۆتەرمەيدۇ.

— ھەببەللى، ياغدەك گەپ قىلدىڭ. بۇ خوتۇن زادى سەن قەلەندەرگە ئارتۇق كېتىپتىكەن، مەنمۇ باياتىن بېرى شۇنداق دەپ تۇرغان. سەندەك بىر پوستەكچى كۆك تۆش ئاغىچىخاندەك ئالتۇن بېلىق خوتۇنغا ئەر بولساڭ زىيادە ئىسراپچىلىق. گاچچىدە سۆزىنى بەر. بۇ خوتۇنغا ئەمدى ئەركەك چىۋىن قوندۇرماي ئۆزەم خوتۇن قىلىمەن. بۇنداق خوتۇن بۇ ئىقلىمدا يەنە تۇغۇلىدۇ يا تۇغۇلمايدۇ. تۇغۇلسىمۇ ماڭا نېسىپ بولامدۇ، بولمامدۇ تەس.

— سىلى ... سىلى ... ئۆزلىرىنىڭ خوتۇنلىرىنى قويۇۋېتەملا ... ئىككى ئائىلىنى ۋەيران قىلىپ بالىلارنى يېتىم قىلسىلا خۇدا راۋا كۆرەرمۇ، بۇنداق باغرى قاتتىقلىق ...

— باللىرىنىڭ ئانىسىنى قويۇۋېتىدىغان، قەدىناستىن تاندىغان، تاشلىۋېتىدىغان ئانداق ھەقلى يوق قوڭالتاق راخمان تېخى تۇغۇلمىدى. ئانداق قىلسام مەن قانداق راخمان بولىمەن. ئۇ كەمدە ساڭا ئوخشاش ئەللەزى ماز پايىنەك بولۇپ ھالىمەنيا. تاغامنىڭ ئۆمرىدە سەكسەن ئۆچ ئاشنىسى بولغانىكەن، مېنىڭ تېخى ئەمدى ئەللىككە ئۇلاشتى. ھەممىسىدىن ئەللىك بىرىنچى ئاشنام بەلەن چىقىپ قالىدىغان ئوخشايدۇ. كارامەت سۆيى بار، خۇلقى تاتلىقكەن ئەمەسما. سەن ھازىرلا خوتۇنۇڭنى قويۇۋېتىپ ئۆيدىنمۇ يوقال، تۇگمەنگىمۇ ئىككىنچى ئاياغ باسقۇچى بولما. تۇگمەندە يەنە كۆزۈمگە چېلىقىپ قالىدىغان بولساڭ، تۇگمەننىڭ كويلىسىغا بېسىپ قىزىل قوناقنىڭ ئۇننى چىقىرىپ چوشقا باقىدىغان خىتايغا بېرىمەن، چوشقىنىڭ قىغىغا ئايلاندۇرۇۋېتىمەن.

— ئوبدان ··· ئوبدان ··· را شۇجى ··· خوش بولۇپ قالاي را شۇجى ··· ئۇنداق قىلمىسىلا. مەن خوش بولۇپ قالاي ··· مېنى ۋەيران قىلمىسىلا. مەنمۇ كۈننىڭ سېرىقىنى كۆرۈپ قالاي. بالامنى يېتىم قىلمىسىلا. ماڭا رەھىم قىلسىلا، — مەن ئېزىپېتىمەن ··· مېنى كەچۈرسىلە. ماڭا ئىچىلىرى ئاغرىسۇن ··· مەن ئېزىپېتىمەن.

— كۆتەر قاسقىنىڭنى ··· بۇنداق گەپلىرىڭ ماڭا قېرى ئېشەك ئۇسارغانچىلىك بىلىنمەيدۇ. خۇدا رەھىم قىلسۇن. خۇدا رەھىم قىلمىغانغا بەندە قانداق رەھىم قىلىدۇ. رەھىم - شەپقەت قىلىش خۇدانىڭ ئىشى.

— ئوبدان را شۇجى ··· مەن خوش بولاي ··· مەنمۇ كۈننىڭ سېرىقىنى كۆرەي، ئايىپ ھەم يىغلاپ، ھەم ئۆزىنى كاچاتلاپ ئاغزى كۆپۈش بوپ كەتتى.

— خوش بوپ قالاي را شۇجى، بىزگە بىر ياخشىلىق قىلىپ قويسىلا، بەللىرى ئوشتۇلۇپ كەتمەس. خېلى باغرى يۇمشاق

ئادەم دەپ ئائىلىغانىيا سىلىنى . يىغلاۋاتقان ئاغچىخان كۆزلىرى قىزارغان ، يۈزلىرى تاتارغان هالدا ئۆكسۈپ تۇرۇپ تىلىقىپ يالۋۇردى .

— تۆپەمدىن ئەرز قىلامسەن ؟

— ۋاي ياق . ئىللا بىللا ئەرز قىلامدىغان ، يوق يەپتىمەن . ئاغزىمدىن چىقىرامدىغان .

— خوتۇنۇڭنى قويۇۋېتەمسەن ؟

— سىلى نېمە دېسىلە شۇ ، بىزنى ۋەيران قىلمىسىلا .

— خوتۇنۇڭنى قويۇۋەتمە ، دۆلەت شتاتىغا ئۆتكۈزۈپ ، بازار مەكتەپكە يۆتكەپ قويىمەن . بالاڭنى بېقىپ قال . تەخەيلىك ئېشەك سېنىڭ . لازىم بولغاندا تەلگ مىنىمىز خۇمپەر .

— خوش ... ئوبدان ، ئوبدان ... ئالەمچە ئىش بولىدىغان بولدى را شۇجى ... ئەمما ... ئەمما ... لېكىن ئىنىس - جىنىنى تىنمىسىلا ... ئەل - جامائەت بىلىپ قالمىسىلا مەن رازى .

— سېنى تۇگمەنگە باشلىق قىلىپ قويۇاي . تۇگمەننى ئوبدان چۆرە ، هايت دېسەم هۇيت دەپ تۇر .

— بۇ ياخشىلىقلىرىنى قىيامەتكىچە ئۇنتۇمايمىز .

— ماڭا پۇتلاشما . مېنى پات - پات مېهمان قىلىشنى ئۇنتۇما . بولمىسا پوقۇڭنى يەيسەن .

— هەرگىز ... هەرگىز ئۇنتۇمامدىغان ، سىزغان سىزىقلىرى بويىچە ماڭىمەن دېسىلە . ئالدىلىرىدا مەن بىر سېرىق چۇمۇلە .

— هازىر هېچ ئىش بولمىدى . سەن ئىشىڭنى قىلىۋەر . مېنى بىسەرەمجان قىلما ، مالڭ ، بېرىپ هاراق ئەكەل ، گۆش پىشۇر ، ئۆيگە قالايمىقان چىمە .

— خوپ ... خوش ... خوش را شۇجى ... مەن چىقاي ... شۇنداق قىلاي ... شۇنداق قىلاي . ئايۇپ ئارقىچە مېڭىپ چىقىپ كەتتى .

— ئورۇن ساله ، تايىنلىق تاز بولسالڭ قۇلاقىچە دەپ ،

ھەجەپ بىر تايىنىمنى قاچۇردى بۇ مازەك . دەپ قوي ، بۇندىن كېيىن مەن ئۆيگە چىگەندە ئۆيگە ئاياغ باسقۇچى بولمىسۇن .
راخمان يوتقاندىن چىقىپ مەستلىكى يېشىلگەندە ، ئۆزىگە چېكەتكىدەك قاراپ بالا تۇتۇپ تۇرغان ھەممىدەمنى كۆرۈپ ھودۇقۇپ يالىڭاچ بەدىنىنى يوتقانغا يۆگىۋالدى .

## 17

كېچە قاراڭغۇلۇقىدا قويۇق يۇلتۇزلار جۇلالىنىپ تۇراتتى . ھەممىدەم قۇچىقىدا توختىماي قىمىراپ يىغلاۋاتقان بوۋاقتا ھەم ئىچ ئاغرىتىش ، ھەم نەپرەت بىلەن قارىدى . بالىدىن كېلىۋاتقان قاڭسىق سېسىق پۇراق ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشتۇرۇپ قۇسقۇسىنى كەلتۈرۈۋەتتى . كۆزلىرىگە ھەممە نەرسە قاراڭغۇلۇق باسقان ، پۈتكۈل يەر يۈزى پاسكىنىچىلىق ، مەينەتچىلىك بېسىپ كەتكەندەك كۆرۈندى . جاھاندا پاكىزلىق ، پاكلىق دېگەن نەرسە قالماپتۇ . ھەتتا مانا مۇشۇ نارەسىدە بالىنىمۇ پاسكىنىچىلىق بېسىپ كېتىپتۇ . سىرتى مەينەت ، پاسكىنا ئادەملەرنىڭ كۆڭلى ، تەبىئىتى پاكىز ، روھى پاكىز كېلىدۇ دەيدىغان . ھازىر ئۇلارنىڭ ئىچىمۇ ، تېشىمۇ ئوخشاشلا پاسكىنىچىلىق ئاستىدا قاپتۇ . مانا مۇشۇ ئاغىچىخان ئۆزىنى شۇنداق پاكىز ، چىرايلىق تۇتىدۇ . ئەمما بۇ بالىنى يۇيۇپ باقمىغىلى قانچە ۋاقىت بولغاندۇ؟ بالىسىنىڭ سۈيدۈك لاتىلىرىنى ، كىيىملىرىنى يۇمىغىلى قانچە ۋاقىت بولغاندۇ؟ ئۇ ئۆزىنىلا پاكىز تۇتۇپ ، تۇتقان ئۆيلىرىنى ، تۆشۈكلىرىنى ، بالىسىنى مەينەتچىلىك بېسىپ كەتسە قانداق بولىدۇ ، خۇدا بەندەم دېگەن ئىنسانغا بۇنداق خوتۇننى كۆرسەتمىسۇن . «تېشى پال - پال ، ئىچى غال - غال» دېگەن شۇكەن - دە . راخمان شۇجىنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇشتا چىرايلىق بولغان بىلەن روھى مەينەت ، كۆڭلى پاسىق ئايالكەن . پاسىق

خوتۇننىڭ قولىدىن چىققان نەرسىنىڭ ھەممىسى پاسكىنا ... ئەمما بۇ خوتۇننى سولاپ بېرىشكە كۆڭلى كۆتۈرگەن ئايۇپقا پاسكىنىچىلىق، ھارام - مەينەت يارىشىۋېرىدىكەن. بۇنداق ھارام، پاسىق نەرسە سىڭىدىغان، ئۇنىڭغا يۈزى چىدايدىغان ئادەمنىڭ ئۆزى ھارام، پاسىقچىلىق ئىچىدە تۆرەلگەن ئوخشايدۇ. شۇڭا ئۇلارغا ھارام سىڭىدىكەن، يارىشىدىكەن. ئەگەر ھالالدىن ئاپىرىدە بولغانلار بولسا مەينەتچىلىك بىلەن ھەرگىز سىغىشالمايدۇ. ئۇلارغا ھارام ئارىلاشقان ھامان يا كېسەل باسىدۇ، ياكى بالا - قازاغا ئۇچرايدۇ. ئىشلىرى ئىلگىرى باسمايدۇ. پاكىز روھ، پاكىز تەن ھارامدىن قاچىدۇ. ئادەتتە ئادەملەر بىر - بىرىنى ياخشىلىقتا، ھالاللىقتا دەۋەت قىلىپ بىر - بىرىگە پەندى - نەسىھەت قىلىشىدۇ، لېكىن ئامەت كەلگەن، روناق تاپقان، جاھان سوراپ ئوبدان ياشاۋاتقان، راھەت - پاراغەتتە ئۆتۈۋاتقانلارنىڭ كۆپى ھارام يارىشىدىغان روھى پاسىق ئادەملەر. ياخشىلار يوقسىزلىق، ئازاب - ئوقۇبەت، ھەسرەت - نادامەت ئىچىدە ياشاۋاتىدۇ. ھەقىقەت بار بولغان بىلەن ئۇ كۈچلۈكلەرنىڭ، ھوقۇقدارلارنىڭ، پۇلدارلارنىڭ، مۇناپىقلارنىڭ قولىدىكى ئويۇنچۇقكەن. يەر يۈزىدە پاكىزلىقتىن ئەسەر قالمىغان ئوخشايدۇ، ئەگەر پاكىزلىق دېيىلسە ئاشۇ ئاسمانلا، ئاسماندىكى يورۇق يۇلتۇزلارلا پاكىز ئوخشايدۇ. ئاغىچىخاندىن، ئايۇپ ئالىجۇقىدىن نەپرەتلىنىمەن. ئۆزۈمچۇ، ئۆزۈم قانچىلىك بۇلغاندىم. مۇشۇ كۈنگە كەلگۈچە قانداق پاسكىنىچىلىقلارنى ئۆتكۈزدىم. مەن ئۇلاردىنمۇ پاسىق ... مەن بىلمەي بۇلغاندىم. ئۇلار بىلىپ بۇلغاندى. ئەقلىمگە كەلسەم، جاھان شۇنداق بۇلغىنىپ بوپتىكەن. ئاسمان بىلەن يۇلتۇز، ئاي، كۈندىن باشقا ھەممە نەرسە بۇلغىنىپ پاسكىنىچىلىق ئىچىدە قاپتۇ. جاھاننى پاسىقلار، زالىملار، مۇناپىقلار سورايدىكەن ...

— ھەي ... ھەي ... ھەممىدەم ... نېمانداق

ھاڭۋاقتى نېمىسەن ... بالا قىقىراپ ئۆيىي بېشىغا كىيىۋاتسا ھاڭۋېقىپ تۇراسەن . سەن بالا بېقىشنى قاچانغىچە ئۆگەنمەيسەن - ھە . بالىنى مانداق بى گوللاپ گول قىلىشنى بىلمەي بۇتتەك تۇراسەن ! — ئايۇپنىڭ ئۆيدىن چىقىپ قاتتىق ۋارقىرىشى بىلەن ھەممەدەم چۆچۈپ خىيالدىن ئويغاندى . بالىنى پەپىلەپ يەڭگىل سىلكىشلەپ يىغىدىن توختىتىشقا تۇتۇندى . گەرچە ئۇ بالىنى بەزلەۋاتقان بولسىمۇ كۆزلىرى ئايۇپقا نەپرەت بىلەن تىكىلگەندى .

— قولاڭدىكى بالىمۇ ياكى باشقا بىرنېمىمۇ ؟ ھاڭۋېقىپ تۇرىسىنا ، گەپ قىلسا جۇۋاز كالىسىدەك كۆزەڭنىڭ پاختىسىنى چىقىرىسەن ، ئادەمنى ئانداق خاپا قىلما دەيمەن . بالىنى باقسالڭ باكاغا باقمايۋاتىسەن ، ئاچاڭغا ھەر ئايدا بىر چارەك پاختىدەك شەڭمەن ئۇن ، بىر چارەك ئات چىشلىق قوناقنىڭ ئۇنىنى بېرىۋاتىمەن . ئۇچاڭغا كەيدۇرگەن كىيىم ، گېلىڭغا يەۋاتقان ئاش - نانمۇ باكاغا كەلمەيدۇ . ھازىر ئۆيدە قورسىقى تويغۇدەك نېنى ، ئۇچىسى يىلىغۇدەك كىيىمى يوق ، «ۋاي ئايۇۋنكا ، قىزىمىز سىزنىڭ ئۆيىڭىزدە بالىڭىزنى بېقىپ بەرسە» دەپ يالۋۇرۇۋاتقان ئادەم تولا . ئاشۇنداق تورۇقلۇق ، بوپتۇ ، مۇشۇ بىر ئىگە - چاقىسىز يېتىمكەن ، ئۆيەمدە نان يەپ قالسۇن دېسەم ، نېمانداق قىلغاننى بىلمەيدىغان ، بىغەرەز نېمىسەن ! بالىنى تۈزۈك باقسالڭ ماۋۇ ئۆيدە ئېشىڭنى يەيسەن ، بولمىسا بېشىڭنى يەيسەن جۇما مەن دەپ قويااي . گەپ قىلمىسا بارغانچە پاتاڭغا مىنگىلى تۇردۇڭيا سەن .

ھەممەدەم ئۇندىمەستىن بالىنى بەزلەپ يەرگە قاراپ تۇردى . ئايۇپ كوتۇلدىغىنىچە بەش - ئالتە قەدەم مېڭىپ بولۇپ توختاپ ئارقىسىغا ياندى . سەل يۇمشاپ بوش گەپ قىلدى .

— ماڭا قالا ، ئاچچىقىم كەلگەندە ۋار - ۋۇر قىلىپ ۋارقىراپ قويغىنىم بىلەن ئاق كۆڭۈل ، ۋىجدانلىق قەھرىمىمۇ ،

زەھىرىمىز بار ئادەمەن . پات يېقىندا خۇدايىم بۇيرۇسا مۇشۇ نەچچە كۈن ئىچىدە تۈگىمەنگە باشلىق بولۇپ قالىمەن . را شۇجى هازىر تۇسۇن پاخپاقنىڭ ھېسابىنى ئېنىقلاشقا بۇيرۇق قىلدى . ئۇ پاخپاقنىڭ ھېسابىدىن چاتاق چىــقارمايدىغان بولساڭ ھەر قايسىڭ جېنىڭغا ھېزى بول دەپ ، ھېساب تەكشۈرەيدىغانلارنىڭ تاناۋىنى تارتىپ رۇسلاپ قويدى . هازىر ھېسابچىلار تۈگمەننىڭ ھېسابىنى قاتتىق تەكشۈرۈۋاتىدۇ . ھەپتە ئاخىرىغىچە تۇرسۇن پاخپاقنىڭ خېيىنى ئاسمانغا قىلىپ قوغلاپ ، مېنى باشلىق دەپ ئېلان قىلسا ، يەنە بىر چارەك شاڭمەن قوشۇپ بېرىمەن . ئەته يا ئۆگۈن ئاغىچىخان ئاچاڭنىمۇ مۇشۇ مەھەللە مەكتىپىگە يۆتكىسە ئىشىمىز كاتتا بولۇپ كېتىدۇ . ئاچاڭ ساڭا بىر كۆڭلىكنى بەرمەكچى ، مەنمۇ بۇلتۇرقى ئۆتتۈكۈمنى ئاتاڭغا بېرىمەن . بىر بولسا تېخى ئاتاڭ ئوغرىنــــى تۈگمەنگە پوستەكچىلــــــككە ئەكېلىۋالامدىم تېخى ، بۇلارنىڭ ھەممىــى سىنىــــڭ يۈز ـ خاتىرەڭ . شۇڭا ، بالىنى بەلەن باق ، بەلەن . بالام سېنىڭ قولاڭدا بېقىش تېپىپ ئەت ئالسا تېخى سەن ئۇيلاپ باقمىغان ئوبدان ئىشلار بار . بۇنىڭدىــنمۇ مــۇھــىم ئــەڭ چــوڭ غېمىم نېمــە بىلەمسەن ، ــــ ئايۇپ بىر كىم گېپىمنى ئاڭلاپ قالمىــسۇن دېگەندەك قاراڭغۇلۇققا يېنىــشلاپ قاراپ قويۇپ يەرگە قاراپ تۇرغان ھەمىدەمنىڭ ئېڭىكىنى كۆتۈرۈپ ئۆزىگە قاراتتــــى . ھەمىدەم قورقۇپ تىترەپ كەتتى . ئايۇپنىڭ تاۋۇز ئۇرۇقىدەك كۆزلىرى قورقۇنۇشلۇق پارقىرىدى .

ــــ ئەڭ چوڭ غېمىم ، ھېلىقى ··· ھېلىقــى كــۈنــدىــكــى ئىشنى ··· ھېلىقى را شۇجى مەست بولۇپ قېلىپ بىزنىڭ ئۆيدە يېتىۋالغان ئىشنى ھەرگىز ئېزىپ ـ تېزىپ بىر يەردە ، ئىنس ـ جىنغا ئېغىزىڭدىن چىقىرىپ سالما . ئىنس ـ جىن ، مەخلۇق بىلمىسۇن . مۇشۇ ئىش ئېغىزىڭدىن چىقىپ كېتىدىغان بولسا مەن دەپ قوياي بويىنۇڭنى ئاشۇ تودىمەنگە چىرىۋالغان ئاق

قۇشقاچنىڭ بوينىنى ئۇزگەندەك ئۇزۇۋېتەمەن ، بىلدىڭما .
تۇگمەن دېگەن يامان يەر . ھەممە كۆز تىكىپ ، ھەممە ئېغىز
يېسەم بولىتى دەيدىغان يەر . شۇڭا ، ئايۇپ ئاكاڭنىڭ دۇشمىنى
تولا . ئۇلسەم تېشىدا ھازا تۇتۇپ ئىچىدە نەغمە قىلىپ بايرام
قىلىدىغان نا ئەھلىلەر قەدەمدە بىردىن پۇتلىشىپ يۈرىدۇ . مۇشۇ
گەپ دوست ـ دۇشمەننىڭ ئاغزىغا چىقىپ قالىدىغان بولسا
كىمنىڭ ئاغزىدىن چىقسۇ ئەنتىمنى ئالماي ئارام تاپمايمەن . را
شۇجىنىڭ مەستچىلىكتە قىلغان ئىشىنى ئاچاڭ ، سەن ، مەن ،
را شۇجى بىلىدۇ . ئاۋۇ سەمەت روزى دېگەن دافقالچى شاۋچى
يېرىم يانا ئىسرىغداپ قالدى . كۆز بىلەن كۆرمىدى . ئۇ ھېساب
ئەمەس . ئاچاڭ دېمەيدۇ . مەن دېمەيمەن . سەن تىنمايسەن . را
شۇجى ... را ... را شۇجىمۇ دېمەيدۇ . مەيلى كىمدە كىم
ولمسۇن ، ئاغزىغا ھېزى بولمىسا مەندىن كۆرگۈلۈكىنى
كۆرىدۇ . شۇڭا ، ئاغزىڭغا بەك ھېزى بول . يېرىم كېچىگىچە
تۇگمەندە بولىمەن ، ھەقچان بالىنىڭ قورسىقى ئاچتىمىكى بىرمە
يېگۈزۈپ ، كوللاپ بالدۇر ئۇخلات . ئوغۇل بالا دېگەن ماناق
يىغلاۋەرسە سېرىق ئېتى بوسۇلۇپ كېتىپ پودىقى چىقىپ كېتىپ
ناكا بولىدۇ ، ئاڭلىدىڭما ... گەپلىرىمنى قۇلىقىڭدا مەھكەم تۇت ،
ئوڭ قۇلىقىڭدىن كىرىپ سول قۇلىقىڭدىن چىقىپ كېتىدىغان
ئىش بولسا ، قۇلىقىڭنى كانتىلاپ قويماي يانا ...

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئايۇۋاخۇن ، بارمىتىڭلا . سەمەت
روزى ئاسماندىن چۇشكەندەك مەيسىنى ھەيدەپ جىممىدە پەيدا
بولۇپ قالدى . ئايۇپ ھودۇقۇپ كەتتى . كېرىلىپ تۇرغان
گەۋدىسى قورۇلۇپ باياقىدىن كىچىكلەپ ئېگىلىپ كەتتى .

— ۋە ... ۋە ... ۋەلەيكۇم سالام ... سەمىتەم ... ھە ...
ھەجەپ جۇما سىلە ... ھارۋاڭلىنىڭ قوڭغۇرىقى ھېمىشەم
يىراقتىن نەغمە ـ ناۋا بىلەن كېلەتتى ، بۇگەنزە ھەجەپ
غىممىدىلا يەردىن ئۇنۇپ چىققاندەك پەيدا بولۇپ قالدىڭلىيا .

ئاتنىڭمۇ ، هارۋىنىڭمۇ قوڭغۇراقلىرى يوقىيا .

ئايۇپ سەمەت روزىغا يالۋۇرغاندەك كۆچۈكلىنىپ قىزغىن كۆرۈشۈپ كەتتى . سەمەت روزى مەسخىرە كۈلكىسى بىلەن كەمسىتىش ، كۆزىگە ئىلماسلىق نەزىرىدە خۇشياقمىغاندەك كۆرۈشتى . ئۇنىڭ غادايغان تۇرقى بايا ئۇ كەلمەستە ئايۇپنىڭ قېتىپ تۇرۇشلىرىغا ئوخشايتتى .

— قىزىق گەپ قىلىدىغان لاتا قونجا ئاداشكەنسىلە سىلىمۇ . بۇ قوڭغۇراقنىڭمۇ چالىدىغان ۋاقتى بار ، چالمايدىغان ۋاقتىمۇ بار . چالىدىغان چاغدا تازا جاراڭشىتىپ يۇرتمۇيۇرت ، مەھەللىمۇمەھەللە ... خەقنىڭ يۈرىكىنى جىغىلدىتىپ «ۋاي ، را شوجى كەپتۇ !» دەپ تىنغىلىمۇ پېتىنالماي مۇلۇن مۇشۇكتەك ئۇۋا - كامارلىرىغا تىقىلىپ كەتكۇدەك ماڭىمىز . بۇ را شوجىنىڭ «يۇرتنى مەن سوراۋاتىمەن جۇما گويلار ، هوشۇڭنى بىلىپ يۇرۇش» دېگەن چېغى . هە مانداغ قوڭغۇراقنى يىغىشتۇرۇپ غىپپىدە يۇرىدىغان را شوجىنىڭ نەدە يۇرۇپ ، نەدە تۇرغىنىنى ئىنس - جىن بىلمەيدىغان چاغلىرى بار . بۇنداق چاغدا ئەتىيازنىڭ خادا قۇيۇنىدەك شاپپىدە پەيدا بولۇپ ، جايىمىزنى تاپىدىغان گەپ . مېنى تولا كاسىلداتماي ، خانىمنى تۇۋلاڭلا ، را شوجى ساقلاپ قالدى . شوجىغا خوتۇنۇڭلىنىڭ دۇتىرى ياراپ قاپتىيا !

— يەنە ... يانا ... ما ... هەجەپىملاڭ ... بولدىيا ئەمدى .

— هە يانا دەيسىلىيا ... ئاۋۇ بۆرە ئېغىزى مەھەللىسىدە مېھماندارچىلىق بولۇپ قېلىپ را شوجى تەكلىپ قىلىپلا ئاغىچىخانىنىڭ دۇتىرىنى ئاڭلايمەن دەپ سورۇننى پېتىغلاپ بېشىغا كەيدى . هەمساتتا ئاپارمىسام سىلىمۇ ، مەنمۇ ئەدەپ - جازاغا تارتىلىمىز . بولاڭلا ، ئوسمىنى قويۇپ ، دۇتارنى ئېلىپ يىلدام چىقسۇن . هايالشىپ قالساق ئىشىدەك بالاغا قالىمىز ... خانىمنى تۇۋلاڭلا .

— ئانداق ... ئانداق ... قىلساق ... ئەمدى ...

ئەمدى بولدى ... دەيمەن ... خەق بىلىپ كەتسە ... ماۋۇ يۈزۈمنى قانداق كۆتۈرۈپ يۈرىمەن دەيمە .

— تىلىڭنى چاينىماي گاچ گەپ قىلە ئاداش . يا ئاغىچىخان باردۇ دە ، دۇتىرنى ئېلىپ مەيگە چىقسۇن ، يا بارمايدۇ دە ، مەن بېرىپ ئايۇۋاخۇن ئاغىچىخاننىڭ ئىشى بار دەيدۇ دەپ ، خەۋىرنى ئېلىپ باراي . قانداق قىلىسە . گەپنى ئارتۇەت ، ھېلى بار بالاغا مەن قالماي يانا ... ئاغداما قولۇڭ خوتۇنۇڭنىڭ دۇتىرنى دېمىسە نې ، نې جەينەكتەك قىزلار ساماندەك تۇرسا .

— شۇ ... شۇ ... دۇتىرنىلا ئاڭلامۇيا ... يانا مەستلىك قىلىپ ... سالا ... سالامۇ .

— مەن نېمە بىلىمەناۋا ، دۇتىرنىلا ئاڭلامدۇ ياكى دۇتار قىلىپ چالامدۇ . بېرىپ ئۆزىدىن سورىغىنا جۇگۇ ئادەمنى نولا گەپكە سالماي . بۇنداق لاتا گېپىڭنى قوي ، گاچ گەپ قىل دەيمە . قانداق قىلىسەن . كېتىۋېرەيمۇيا ... خوتۇنۇڭنى بېرەمسەن ... تۇگمەنىمۇ ئوبدان ئويلاپ گەپ قىل .

— يا ... ياق ... ياق ... توختا ... سەن سەندىن ... سەندىن بىر ... بىر گەپ ئېلىۋالاي ئوبدان ... ئوبدان ... ئاداش ... ساڭا ... ساڭا ... بىر تاغار ... بىر تاغار ... ياق ... ياق ... ئىككى تاغار شەغمەن ... ئاپئاق شەغمەن ئۇن جايلاپ بېرەي ... مۇشۇ ... مۇشۇ بىر ئىشنى ... مۇشۇ ئىشنى بىر يەردە تىنىپ سالمىساڭ ، مەن ... مەن سەندىن ئۇ دۇنيا ... بۇ دۇنيا خۇش بولۇپ قالسام . رازى بولۇپ قالسام ، قانداق دەيسەن ؟ !

— ماڭە ، ماڭەۋە قەلەندەر شاۋچى ، مەن سېنىڭ ئىككى تاغار شەغمىنىڭگە ئاشۇ شوۋا داڭقىڭدىن ئاشقان شەغمىنىڭگە قالاشلىق ئەمەس جۇما ... نېمە دەيدۇ ماۋۇ ئانىسىنى سولايدىغان ... شاۋچى .

— ئۇشۇقلۇق قىلما ... مەندەك شاۋچىدىن ئۇننى بىر قىلسا

سىن غالچىدىن بىرى يا پۈتىدۇ ، يا پۈتمەيدۇ ... تولا يوغان گەپ قىلما جۆما . ماۋۇ ھارۋىنى يەنە ھەيدىگۈلۈك بارمۇ ، يوقمۇ ... سەمىتەك مەنمۇ بى سوراپ باقاي .

سەمەت روزى بىردىنلا شۈكلەپ بوشاپ كەتتى ھەم ھىجايدى .

— ئەمىسە بەش تاغار بەر ماقۇل ، ياتمۇللاك گەپ قىلمىسەن ، سەندىنمۇ قورقمىسام بولمامدۇ نىمە ... مەندەك غالچىدىن ...

— تىنمايسەن ھە ... مانا مۇشۇنچىلىك جۆما .

— بولدى ھىساب . ھازىر را شۈجى مەندىن كىچىدۇ ، سەندىن كەچمەيدۇ ، مەندەك ھارۋىكەش تولا .

ھەر ئىككىسى قولىغا تۈكۈرۈپ يەرگە سۈۋاپ قول ئېلىشتى . تۈكۈرۈك لايلىرى ئالىقانلىرىغا ئۈتۈشمە بولۇپ سۈۋالدى .

قاردەك ئاق كۆڭلەك كىيگەن ئاغىچىخان دۇتارنى ئېلىپ مەيگە چىقتى . جىمجىت قاراڭغۇ كېچىدە ئۇنىڭ ئاق كۆڭلىكىدىن باشقا يېرىنى ئېنىق كۆرگىلى بولمايتتى ، ھەمىدەمنىڭ قۇچىقىدا ئۇخلاپ قالغان ئوغلىنىڭ مەڭزىگە سۆيۈپ ئايۇپنىڭ ئالدىدىن يەرگە قاراپ ئۆتۈپ كەتتى . ئۇ مەيگە چىقا ـ چىقماي مەپە شامالدەك ئۇچۇپ كۆزدىن غايىب بولدى . مەپە غايىب بولۇشىغا ئايۇپ ئوقتەك يۈگۈرۈپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى . ھەمىدەمنىڭ قوللىرى تېلىپ نەگە مېڭىپ ، نەدە تۇرۇشىنى بىلمەي بالىنى كۆتۈرگەن پېتى زوڭ ئولتۇردى . بوۋاق ئاسلاندەك پىسىلداپ ئۇخلاپ تېخىمۇ ئېغىرلاپ كەتكەندى . بىردەم ئولتۇرۇۋىدى ، پۇتلىرى قولىشىپ ، بېلەكلىرى تېلىپ ، غول ـ تاغاقلىرىغىچە قاماپ ئاغرىشقا باشلىدى . ھەمىدەمنىڭ ئىچىگە بىر خىل ۋەھىمە ، قورقۇنچ ، تىل بىلەن ئىزھار قىلىپ بولمايدىغان بىر خىل ئەنسىزلىك كىرىۋالدى . ئۆيگە كىرىپ سېسىپ كەتكەن بوۋاقنى بالدۇرراق بۆشۈككە بۆلىۋەتكۈسى

كەلگەن بولسىمۇ ، لېكىن ئۆزى بىلمەيدىغان بىر ۋەھىمە كۆڭلىگە كىرىۋېلىپ يۈرىكى سېلىپ زوڭ ئولتۇرۇپ قالدى . ئۇنى بىر خىل قورقۇش ۋەسۋەسە چۇلغىۋالدى . ئۇ ئاللادىن نىجادلىق تىلەپ كۆككە تىكىلدى . مەرۋايىتتەك يورۇق يۇلتۇزلار ئەمدى باياقىدەك يېقىملىق ئەمەس ، پەرۋاسىز چاقنىماقتا ئىدى . يۇلتۇزلار ئۇمىدلىك كۆزلەرگە نەزەر سالمىدى ، ئۇ بىر خىل سۇس چاقناپ تۇراتتى . «ئوبدان كۈنلەرمۇ كېلەرمۇ ؟ ماڭىمۇ خۇدانىڭ ياخشى كۈنى بارمىدۇ ، خەقنىڭ قولىغا قاراپ ، بەرسە يەپ ، بەرمىسە ئاچ يەل كېكىرىپ ، بۈگۈن بولمىسا ئەتە بولار دېگەن كۈنلەر قاچانمۇ تۈگەر ... مېنىڭ بېشىمنى كىم سىلار ؟ ئاتاممۇ ، ياق ئاتامنىڭ ئۆزىنىڭ بېشىنى سىلىغۇدەك ھالى يوق . مېنىڭ بېشىمنى سىلىيالىغان بولسا مۇشۇنداق قېقىندا ـ سوقۇندا بولۇپ ، خەقنىڭ دېدىكى بولۇپ قالامتىم ، ئاچام ... ياق ... ياق ، ئاچىلىرىم تېخى مەن ئۇلارنىڭ بېشىنى سىلاپىمەن . بىرسى قىماردا قەرزگە بوغۇلۇپ قېلىپ مېنى قەرزگە تۇتۇپ بەردى . يەنە بىرى ئەكېلىپ ئىككى چارەك ئاشقا دېدەك قىلىپ تۇتۇپ بېرىپ ، ئۆزىنىڭ قارنى ئۈچۈن مېنى خەققە ساتتى . مېنى كىم بۇ كۈنلەردىن قۇتقۇزار . خۇدايىم قۇتقۇزارمۇ ؟ كامىل مېنى قۇتقۇزارمۇ ... تاڭ ، بىلىپ بولمايدۇ . ئۇ مېنى قەرزگە ھېسابلاپ ئېلىۋالغان . قەرز مېلى ھېسابىدا كۆرۈپ يۈرەمدىكى ... ياق ... ياق ... ئۇ ... ئۇ ئۇنداق ئەمەستەك ... شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ ئۇ ماڭا ئاتامدىنمۇ ، ئاكامدىنمۇ ، ئاچامدىنمۇ ئوبدان مېھرىبان ، كۆيۈمچان كۆرۈنىدۇ . ئانامدىن ئايرىلىپ ئاتاممۇ ، ئاچىلىرىممۇ مېنى قۇچىقىغا ئېلىپ ئۇنىڭدەك باغرىغا بېسىپ باقمىغان ، ئۇنىڭدەك ئىچى كۆيەرلىك بىلەن سۆيۈپ ، پۇراپ باقمىغان ، بەدەنلىرىمنى سىلاپ ، قول ـ پۇتلىرىمنى تۇتۇپ باقمىغان . بۇ دۇنيادا مېنىڭ ئەڭ يېقىن ئادىمىم — ماڭا كۆيۈنىدىغان دىلكەشىم يات بولسىمۇ ئاشۇ كامىل ... كامىل ، سەن مېنى

قاچانمۇ بۇ يەردىن ئەكېتەرسەن . قاچانمۇ سەن دائىم يېنىمدا بولۇپ ، مېنى قولتۇقۇڭغا قىسىپ ، دائىم بېشىمغا سايە بولارسەن . مەن ئۇچۇن بۇ جاھاندا سەندىن باشقا پاناھىم يوق . ھەممىدىن قورقىمەن . ئاتامدىن قورقىمەن ، چۈنكى ئۇ مېنى تاماكىغا تېگىمىدۇ . ئاچىلىرىمدىن قورقىمەن ، ئۇلار مېنى نېمىگە ئېھتىياجلىق بولسا شۇنىڭغا تېگىشىدۇ . سېتىۋېرىدۇ . ئاكامدىنمۇ قورقىمەن . ئۇ بىر ئۆزىگىمۇ ئىگە بولالمايدىغان ، بىر نانغا سېتىلغان قۇل . ھەممىمىز بىر - بىرىمىزنىڭ ھالىغا يەتكۈدەك ، دەردىنى تارتقۇدەك ، بىر - بىرىمىزگە ئىگە بولغۇدەك قۇدرەتكە ئىگە ئەمەسكەنمىز . بىر - بىرىمىزنى يات خەققە ساتىمىساق كۈنىمىز ئۆتمەيدىغان قېرىنداشلاركەنمىز . ھەممىمىز ئوخشاشلا بىرىمىز نانغا ، بىرىمىز تاماكىغا ، بىرىمىز قىمارغا قۇل ئىكەنمىز . ئۆزىگە ئىگە بولالمىغانلار ھايۋانغا ئوخشايدىكەن . چۈنكى ، ھايۋانلار ئۆزىگە ئىگە بولالمىغاچقا ئۇلارغا ئادەملەر ئىگىدارچىلىق قىلىپ باغلاپ باقىدىكەن ھەم پايدىلىنىدىكەن . ئېشەك قىلىپ مىنىدىكەن ، كالا قىلىپ جۇۋازغا ، جۇۋازدىن چىقسا سۆرەمگە ، سۆرەمدىن چىقسا هارۋىغا قاتىدىكەن . سۈتىنى سېغىپ ئىچىدىكەن . سۈتى تۈگىسە گۆش قىلىپ يەيدىكەن … كىشىنىڭ قولىغا ، ياتنىڭ قولىغا قاراشلىق ئادەمنىڭ تېگى - تەكتى ھايۋاندىنمۇ بەتتەركەن .

— ھەمىدەم … ھوي … ھەمىدەم نەدىسەن .

ھەمىدەم قاتتىق ئەندىكىپ چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى . قورقۇنچتا پۇت - قولىدا جان قالماي بالا قولىدىن چۈشۈپ كەتكىلى تاس قالدى . يىراق قۇملۇقتىن كېلىۋاتقان سوغۇق شامال بەدەنلىرىنى ئۈششۈك ھەرىسىدەك چېقىپ قاتتىق توڭلىتىۋەتكەندى ، ئەمدى ئۈيگە كىرمىسە تالانىڭ سوغۇقىغا چىدىغىلى بولمايدىغان ھالغا كەلگەندى . ئۇ قاراڭغۇدىن بەك قورقاتتى . ئەمدىلىكتە تالادىن كۆرە ئۆيدىن قورقۇۋاتاتتى . قارا

قازاننى كۆمتۈرۈپ قويغاندەك قاراڭغۇلۇقتىن ، ئەتراپنى ئاران يورۇتۇپ تۇرغان لامپۇچكا يورۇقىدىكى تۆت بۇلۇڭى قاراڭغۇ ئۆيدىن قورقماقتا ئىدى . ئۇ قورقۇپ ھەم ئالدىراپ ئۆيگە كىرىپلا ھاراقنىڭ سېسىق بۇسىدىن قېچىلىپ ، يۆتىلىپ تىنالماي كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتتى . ئايۇپ ياغاچ سۇپىغا يۆلىنىپ يەردىلا ئولتۇراتتى ، يېنىدا بىر قورۇق بوتۇلكا ياتاتتى . قولىدا يېرىم بوتۇلكا ھاراقنى تۇتقان ھالدا پۇتلىرىنى سوزۇپ ئولتۇرۇپ ئۇخلىماقتا ئىدى . ئاغزىدىن ئاققان شالدامىلىرى شالاڭ ئۇسكەن قارا ساقاللىرىدىن مەيدىسىگە ساقىپ چۈشكەنىدى . ئىشتانلىرى توپا ھەم لاي بولۇپ ، پۇشقىقى تۇرۇلۇپ تىزىغا كېلىپ قالغانىدى . يۇڭلۇق پاچاقلىرى ، سۇيۇر تاپانلىرى توپا ھەم لاي ئىدى .

— ھەمىدەم ··· ھەمىدەم ··· ئۆيگە چىدىڭما .

— ھە ··· ھە ··· ئە ··· چىدىم ···

ھەمىدەمنىڭ يۈرىكى ئېغىپ قورقۇپ تىترىگەن ھالدا ئۇنىڭغا قارىدى . ئايۇپ كۆزىنى ئاچماستىن مەيدىسىگە ساڭگىلىغان بېشىنى سەل كۆتۈرۈپ سۆزلىدى .

— مەن ··· مەن ··· مەس ··· مەس بولۇپ قالمىدىم ، ماڭا ئۇران ··· ئۇران سەپىە ··· ئۇخلايمەن .

— ما ··· ماقۇل ··· ماقۇل ··· با ··· بالىنى ··· بۆشۈككە بۆلىۋېتىپ ··· سېلىپ بېرەي ···

ھەمىدەم تىترىگەن قوللىرى بىلەن قولاشمىغان ھالدا بالىنى تەستە بۆشۈككە بۆلەپ ، ئاندىن تامغا يۆلەپ يىغىپ قويغان يوتقان - كۆرپىلەرنى چۈژۈپ ، ئايۇپ بىلەن ئاغىچىخانىنىڭ يوتقان - كۆرپىسىنى دائىم سالىدىغان دېرىزە تۈۋىگە سالدى . ئۇزىنىڭ تاغارغا سېلىپ ياغاچ سۇپىنىڭ ئاستىغا تىقىپ قويغان يوتقان - كۆرپىسىنى بۆشۈكنى ئوتتۇرىغا قويۇپ بۆشۈكنىڭ بۇ يېقىغا سالدى . ئورۇن سېلىنىۋاتقاندا بېشى قېيىپ

كۆڭلى ئېلىشتى . ئۇنىڭ قورسىقى ئېچىپ پۇت - قوللىرىدا جان قالمىغانىدى .

— ئۇران ... ئۇران ... سەن بولدۇڭما ...

— ھە ... ئە ... سەن ... قويدۇم ...

ئايۇپ ئىنجىقلاپ ئۇمىلەپ تەستە ياغاچ سۇپىغا چىقىپ توپا - لاي كىيىملىرى بىلەن پۇتنى ياستۇققا قويۇپ دۇم يېتىپ تۇۋلىدى .

— چىراغنى ئۆچەر ... ئۇخلايمىز ...

— ماقۇل ...

ھەمىدەم چىراغنىڭ پىپىنى تارتتى . ئۆي ئىچىنى قاراڭغۇلۇق باستى . ھەمىدەم ھېچنېمىنى كۆرمەي سىلاشتۇرۇپ يۈرۈپ تۆشۈكتىن داستىخاندىكى قېتىپ قالغان ناننى تېپىپ ئىزىدىلا تۇرۇپ كۇرۇسلىتىپ يەپ ، سىلاشتۇرۇپ يۈرۈپ كۆپنى تاپتى . كۆپتىن بىر نوگاي سۇنى ئېلىپ ئىچىپ يەم بىلەن سىلاشتۇرۇپ ياتىدىغان ئورنىنى تاپتى . يانغاندا قۇرۇق چېلەككە پۇتلىشىپ كېتىپ چېلەك تاراڭ - تۇرۇڭ قىلىپ ھەمىدەم دۇم چۈشكىلى تاس قالدى . قاتتىق خورەك تارتىپ ئۇيقۇغا كەتكەن ئايۈپنىڭ خورىكى بىردەم توختاپ ، يەنە كوركىراشقا باشلىدى . يۈرىكى قاتتىق سېلىپ ، ئۆپكىسى ئاغزىغا كېلىپ قالغان ھەمىدەم سىلاشتۇرۇپ بۆشۈكنىڭ يېنىدىكى ئورنىغا كېلىپ كىيىمنى يەشمەيلا يوتقانغا كىرىپ تۈگۈلۈپ ياتتى . يۈرىكىنىڭ گۈپۈلدەپ سوقۇشلىرى ، تىنىقىدىن ئۇنلۇكرەك ئاڭلانغاندەك بولدى . ھەممە ئەزايىنى سوغۇق تەر بېسىپ ئۇ يەر - بۇ يەرلىرىنى بۈرگە چاققىلى تۇردى . پاچاق ، بېقىنلىرىدىن بىرقانچە بۈرگىنى تۇتۇپ ، تەرلەپ شىلىمشىق بولۇپ كەتكەن بارماقلىرىدا ئۇۋۇلاپ ئۆلتۈرۈپ ، ئاستا - ئاستا ئۇيقۇ بېسىپ بۈرگە چاققىنىنىمۇ تۇيماي قېتىپ ئۇخلاپ كەتتى .

ئۇ يېرىك ساقاللىق يۈز ۋە سېسىق تىنىقتىن قېقىلىپ

يۆتىلىپ ئويغىنىپ كەتتى . ئۇ چۆچۈپ نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئاڭقىرىغاندا كۆڭلىكى مەيدىسىگە تۇرۇلۇپ ، تامبىلى تىزىغا كېلىپ قالغانىدى . ئايۇپ ئۇنى چىڭ قۇچاقلاپ ، يوغان ، قاتتىق ئالىقانلىرىدا چىلگىدەك كاسىسىنى تۇتۇپ ئۆزىگە تارتىپ چىڭ چاپلىشىۋالغانىدى ...

— ئا ئايۇۋىكا ... جېنىم ئايۇۋىكا ... ئۇنداق ...

— ئاھاي ... جىم يات ... تولغىنىپ قاچىدىغان قىزمىتىڭ يا سەن ... ئاچاڭ ماڭا ھەممىنى دەپ بەرگەن . سېنىڭ تۇزۇڭنى كامىل ئوغرىلا تېتىمىسۇن . مەنمۇ تېتىپ باقاي ... تېخ تەگمىگەن قىز بولساڭ كاشكى ...

— بولمايدۇ ... مېنى ئۇنداق بوزەك قىلماڭ . خۇدا راۋا كۆرمەيدۇ ... يامان بولىدۇ ...

— بۇ دېگەن تەتۇر گەپكەن . بوزەك قىلالىغان ئادەمنى قانچە بەك بوزەك قىلالىسا خۇدا شۇنى راۋا كۆرىدىكەن . مەنمۇ بوزەك ، سەنمۇ بوزەك ، مېنى مەندىن كۈچلۈكلەر بوزەك قىلىشۋاتىدۇ . مەن سېنى بوزەك قىلىمەن . خۇدا بۇ دۇنيانى مانا مۇشۇنداق تەڭشەپ ياراتقانىكەن . مېنى را ... راخمان ... دېگەن دەيۈز بوزەك قىلمىسا ، مەنمۇ سېنى بوزەك قىلمايتتىم . بۇ دۇنيانىڭ ئۆزى بىر دوزاخ ، بوزەكلەرنى خۇدامۇ ، خەقمۇ تۆپە - تۆپىلەپ جازالايدىكەن ، مۇشۇنداق قىلمىسا قانداق دوزاخ دېگىلى بولىدۇ . گۆرگە چىگەن كۈنىمىز جەننەتكە چىگەن چېغىمىز شۇ . چۈنكى ، ئادەم شۇ يەردىلا ئارام تاپىدۇ . ھەجەپ كامىل سېپىلغان تۆشۈككە مەن سېپىلسام بولمامدىكەن ، قاچما .

— كامىل مېنى نىكالىغان ...

— ئوخشاش . قۇرۇق گەپنى ئاز قىل . قۇشقاچتەك جېنىڭغا نېمانداق تىترەكشىسەن . ئەمدى بۇندىن كېيىن كامىل دېگەن مەن . بېشىڭنى كىم سىلىسا ماشايىغىڭ شۇ . داننى مېنىڭ قولۇمدىن يەپ كاملىغا بۇك - بۇك بولۇپ كاكىلاپ بەرسەڭ ،

ئوبدان مېكىيان بولمايسەن.

ھەممىدەم بارلىق كۈچى بىلەن يۈلقۇنۇپ باقسىمۇ چۈمۈلە قانچە كۈچەپمۇ چاشقاننىڭ ئۆلۈكىنى مىدىرلىتالمىغاندەك ئايۈپنىڭ قۇچىقىدىن ئاجرىيالماي، بىلەكلىرىنى چىشلىمەك بولدى. ئەمما، قورقۇپ جۈرئەت قىلالمىدى. تىركىشىپ، يۈلقۇنۇپ قۇتۇلۇپ كېتەلمەي پۇت ـ قوللىرى بوشاپ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ جىممىدە يېتىپ قالدى. شۇندىلا ئۆزىنى چىڭ گىرەلىشىۋالغان يوغان بويۇنتۇرۇق قوللار ئاجراپ ئەركىن نەپەس ئالالىدى.

## 18

ئاخىرقى باھار كۈنلىرىنىڭ سالقىن چاغلىرى ئاخىرلىشىپ مېۋىلەرنىڭ تۇنجى ئەلچىسى ئۈجمە پىشىش بىلەن ياز باشلاندى. ئۈجمىگە ئامراق سۇپىياڭ بىلەن كاككۇك ئېگىز ئۈجمە شاخلىرىدا بەس ـ بەس بىلەن سايرىشىپ قۇياش نۇرىنى تويۇپ ئېمىپ ئېسىلىپ پىشقان ئۈجمىلەرنى تالىشىپ يەپ بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ ئۇچۇشاتتى. يېزىلىق ھۆكۈمەت قورۇسىنىڭ ئارقىسى، ئايۈپنىڭ ئىشىكى ئالدى كەڭ كەتكەن بوغدايلىق بولۇپ، بوغدايلىقنىڭ چېتىدىكى ئاچقاش ئۆستەڭ بويى قاتار كەتكەن ئۈجمىلىك ئىدى. ئۈجمىلەرنىڭ ئالدى قۇچاق يەتمەس قەدىمىي يۈز يىللىق كونا دەرەخلەر بولۇپ، شاخلىرىمۇ ئادەتتىكى دەرەخلەردەك يوغىناپ بىر ـ بىرىگە چىرمىشىپ كەتكەنىدى، مېۋىلىرى تۆكمە بولۇپ ئاستىدىكى جىمجىت ئېقىۋاتقان لاي سۇغا توختىماي چۈشۈپ تۇراتتى. لاي سۇ ئىچىدىكى دەريا بېلىجانلىرى بىلەن سۇغا ئامراق ياش پاقىلار شوخلۇق بىلەن ئۈجمىلەرنى سۇدا قوغلاپ يۈرۈپ ئوينايتتى. ئۈجمە تۈۋىگە تۆكۈلگەن ئاق، قارا، قىزغۇچ، چېقىر ئۈجمىلەرنى چۈمۈلىلەر ھەر تەرەپكە

سۆرۈشەتتى . بوغدايلىقتا تۆكمە بولغان ئۈجمە مېۋىلىرىنى ھامىلدارلىقتىن قورساقلىرى ئېشىلىپ كەتكەن يوغان چارپاقلار ئاستا ئۆمىلەپ كېلىپ نىزنىقاپ يېمەكتە ئىدى .

ھەمدەم بىر قولىدا بالىنى ، يەنە بىر قولىدا يۇلغۇن چىۋىقىدىن توقۇلغان كىچىك قوشۇغلۇق سېۋەتنى كۆتۈرۈپ بوغدايلىقنىڭ قىرى بىلەن ئۆستەڭ بويىغا ئۈجمىلىككە قاراپ ماڭدى . بوغداي قىرىنىڭ ئۇ يەر ، بۇ يېرىگە ئۈنۈپ قالغان ياۋا قىچىنىڭ سېرىق چېچەكلىرىگە ھەسەل ھەرىلىرى قونۇپ گۈل چېكىنى يالىماقتا ئىدى . ئاچقاش ئۆستەڭ بويىدىكى باش ئۈچىغا كۆز يەتمەس ئۈجمىلىكنىڭ ئۇ يەر ، بۇ يەر ئاراشلىرىدا ئۆسۈۋالغان جىگدىلەر تازا چېچەكلەپ كۈمۈش يوپۇرماقلار ئېچىلىپ قىرىق كوكۇلىلىق قىزلارنىڭ چېچىدەك ئۆرۈمە - ئۆرۈمە ، تۇرمەل - تۇرمەل بولۇپ ساپاقلاپ ساڭگىلىپ كېتىشكەندى . جىگدە چېچەكلىرىدىن تارىلىۋاتقان خۇش پۇراق سەھەرنىڭ ساپ ھاۋاسى بىلەن قوشۇلۇپ دىماغقا ئۇرۇلۇپ ، ئادەمنىڭ روھىنى كۆتۈرۈپ بەدەننى قوشتەك يەڭگىللەشتۈرەتتى .

« جىگدە پۇراقتا كىرگەندە بويىغا يەتكەن قىز بىلەن ئەردىن چىققان چوكانلار بەڭگى بولىدۇ . ئەر كىشى يىلىكى سويۇلۇپ ئۇيقۇدىن باش كۆتۈرەلمەيدۇ . بۇ كۈنلەردە ياش جۇۋانلار ئەرلىرىنى تاپالىسا ئوغلاق گۆشى ، كەندىر قومىچى بىلەن باقىدۇ ياكى ھەر كۈنى بىر چاڭگال بۇلتۇرقى جىگدە مېۋىسىنى يېگۈزىدۇ ، بولمىسا ، ئاسانلا ئېزىپ كېتىپ يات ئەركەكنىڭ چىلىمىنى شوراپ سېلىپ ئۆيى بۇزۇلىدۇ - دە ، ئەردىن قۇرۇق قالىدۇ . بالىلىرى يېتىم قالىدۇ . شۇڭا ، قىزلىرى بارلار قىز بالىنى ياتلىق بويىغا يەتكەن قىزى بولۇپ ياتلىق قىلالمىغان بولسا قىزى ئەتىگىنى - ئاخشامدا ئوبدان ھېزى بولۇپ ، چىڭ تۇتمىسا جىگدە پۇرىقىنىڭ يامانلىقىدا قىز بالىنىڭ خۇمارى ئەدەپ كېتىپ مەستچىلىكتە خۇدىنى بىلمەي جۇپىسىراپ كېتىپ جۇپتىنى

تاپالمىغان كاككۇك خۇمارىنىڭ يامانلىقىدىن ئۆزى چىرايلىق، ئاسماندا پەرۋاز قىلىدىغان خۇش زۇبان تورۇپ كۆڭلى پەسلىك قىلىپ يەردە پاتقاقتا ئۆمىلەپ يۈرگەن چار پاقىغا يېتىپ بېرىپ چىقىرىپ بەرگەندەك زىدە پەس ئىش بولىدۇ. شۇڭا، ئەتىيازدا ئۆزۈڭنى تۇت ئەدەپ بىلەن هايا بىلەن، ئېرىڭنى باق قوماچ بىلەن جىگدە بىلەن، كوز كەلگەندە سۇ سەمرىيدۇ. ئەر كۆچىيدۇ. خوتۇن پايلىمايدۇ، دېگەن گەپ بار. خۇدا جىگدىنىڭ تېنىنى تۆمۈرگە، يوپۇرمىقىنى كۈمۈشكە، چېچەك هەم مېۋىسىنى ئالتۇنغا، پۇرىقىنى ئىپارغا ئوخشاش خۇشبۇي ياراتقان. پۇرىقى ئويغىتىدۇ. مېۋىسى كۈچەيتىدۇ. يوپۇرمىقى تەڭشەيدۇ. مېۋىسىنى يەپ غالجىرلىقى چېكىدىن ئېشىپ يات چوكانلارنى قوغلاشقان ئەرنىڭ كەشىنىڭ پېتىكى ئاستىغا جىگدە غازىڭىنى قىستۇرمىغان خوتۇن ئېرىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. ئەرنى ئۆزىگە ئامراق قىلىدىغان دورا يەنە جىگدە. قىز بالا جىگدە يېلىمىدا چاچ تاراپ بەرسە، جىگدە يېلىمىنىڭ شىرىنىسىنىڭ يامانلىقىدىن ئەرنىڭ رىشتىسىنى ئۆزىگە شۇنداق چىڭ باغلايدۇكى، ئەرگە ئۆز خوتۇنىدىن باشقا خوتۇن تېتىمايدۇ. بۇنداق خىسلەتنى ئاللاھ پەقەت جىگدىگىلا بەرگەن. ئەر بىلەن خوتۇن جىگدە يېلىمى ئارقىلىقلا بىر ـ بىرى بىلەن يەملىشىپ تۇرىدۇ. جىگدە يېلىمىدىن ئايرىلغان خوتۇن ئەرنىڭ رىشتىدىن ئايرىلغان خوتۇن بولۇپ، ئەرنىڭ كۆزىگە خوتۇن ئەمەس ئالۋاستى كۆرۈنۈپ خوتۇنى شۇنداق چىرايلىق تۇرسىمۇ ئۇ كۆزىگە كۆرۈنمەي، تالادىكى سەت خوتۇنلار كۆزىگە چىرايلىق كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالىدۇ. مانا بۇمۇ قىز بالا بىلىۋالىدىغان ئىش. ئانام: «قىزىم، جىگدە يېلىمىدىن ئايرىلىپ قالماڭ. ئۇنىڭدىن ئايرىلغان كۈنىڭىز ئېرىڭىزنىڭ مېھرىدىن ئايرىلىپ قالىسىز. جىگدە — قورغاق يەرنى هۆل، زەي يەرنى قورغاق، گىياھ ئۈنمەس جەزىرىنى بوستان قىلىپ ياشىيالايدىغان، ئاللاھ يەر يۈزىگە هەممىدىن

كۆچلۈك روھ بىلەن ياراتقان ، ھەرقانداق زېمىندا ياشىيالايدىغان قۇدرەتلىك ، چىدامىلىق دەرەخ . سىلەر ئاشۇ جىگدىدەك چىدامىلىق بولۇڭلار ، دەيتتى . ئانام رەھمەتلىك ئولتۇرسا ـ قوپسا مۇشۇنداق گەپلەرنى قىلاتتى . ھەر قېتىم كۆزۈمگە جىگدە چېلىقسا ئانام رەھمەتلىكنىڭ مۇشۇ گەپلىرى يادىمغا كېلىدۇ . ئۇ ئاچلىرىمغا بەك تاپىلايتتى . ئۇلارنىڭمۇ يادىدا بارمىدۇ ياكى ئۇنتۇپ قالغانمىدۇ . ياق ... ياق ، ئانام دېگەن بېشىدىن جىمىق ئىسسىق ـ سوغۇق ئۆتكەن ، ھەرگىز قۇرۇق گەپ قىلمايدۇ . ئاشۇ ئۇجىمزارلىق ئارىسىدا ئۇ يەر ، بۇ يەردە ئۆسكەن جىگدە چېچەكلىرىدىن تارقالغان پۇراقتىن تاتلىق خىيالغا چۆمۈپ كۆڭلۈمدىكى خاپىلىق ، غەم ـ قايغۇلىرىم يوقىلىپ كېتىۋاتامدۇ . كامىلغۇ ئەسلى ، ماۋۇ ئايۇپ دېگەن سېسىپ قالغان كونا گۆش پۇرايدىغان ئېچىمال ئوغرىمۇ ئانچە سەت كۆرۈنمەيۋاتامدا . ئادەم يۈزى ئېشەكنىڭ تېرىسىدەك قېلىن ، ۋىجدانسىز ، شەرمەندە بولۇۋالسا ياشىماق نېمىدېگەن ئاسان . ئاغىچىخان دېگەن تېشى چىرايلىق ، كۆڭلى پەس خوتۇننى ھېلىقى بوغاز كالىدەك را شۇجى دېگەننىگە تۇتۇپ بېرىپ ھەپتە ـ ئون كۈندە ئۆزى پوستەكچىلىكتىن توگمەنگە باشلىق بولۇۋالدى ، خوتۇننى بازار مەكتەپكە ئەكېلىۋالدى ، مانا ئەمدى تېرىسىگە پاتماي يۈرۈشىدۇ ، ھازىر بۇلاردىن كاتتا ئادەم يوق . ھايا ، نومۇس ، ۋىجدان دېگەن ئادەمنى قىيناپ خىيالغا كىرىۋالىدىغان ھەجەپ بىر نېمىكەن . ئاشۇلارنى ئىچىدىن چىقىرىۋېتەلىگەن ئادەمگە ھەرقانداق ئىش ، تاماق يەپ ئاغزىنى ئېرتىۋەتكەندەك ، ھاجەت قىلىپ قوپقاندەكلا تۇيۇلىدىكەن . توۋا ، خۇدايىم گايى ئادەملەرنى ئاشۇنداق بىر خىيال بىلەن قىينىلىپ ياشايدىغان ، ئايۇپتەك ، ئاغىچىخاندەكلەرنى پىچاق چاقمايدىغان قوم چاقتەك ئالدىغىمۇ ، ئارقىغىمۇ پىرلىداپ چۆرگىلىيەلەيدىغان قىلىپ ياراتقانمىدۇ . بۇنداق ھېسسىياتنى يالغۇز ئادەمگىلا ئەمەس

ھايۋانات ، جان ـ جانىۋارلارغىمۇ بەرگەنىكەن . ئىتلار يالىغىنى قورۇيدىكەن ، قۇچقاچلار ئۇۋا ھەم دانلىرىنى قىزغىنىپ تالىشىدىكەن . مەن كۆرمىگەن ، بىلمىگەن ھايۋانات ، ئۇچار قۇشلار ئارىسىدا بەلكىم ئايۇپتەك ، ئاغىچخاندەكلەرمۇ يارىتىلغاندۇ .

مانا ئەمدى را شۇجىگىمۇ بولۇپ بەردى ، تاڭ ئاتماستا بۈگەن را شۇجى چۈشتە ئۇجمە يېگىلى ئۆيگە كېلىدۇ . سەن ئۆستەڭ بويىغا بېرىپ بالىنى باققاچ شاختىن بىر تالدىن ، بىر تالدىن بەلەن ئۇجمىلەرنى ئۈزۈپ بىر قوشۇقلۇق ئۇجمە ئېلىپ كەل دەپ ئويغىتىپ ، ناشتىمۇ قىلغىلى قويماي بىر زاغرىنى تۇتقۇزۇپ ئاچ قورساق ئۆستەڭ بويىغا ئۇجمە تەرگىلى يولغا سالدى . ئىسىت بالا ، ئىسىت بالا ، خۇدايىم مۇشۇنداق كۆڭلىنى قارا كىر ـ ماڭگىر بېسىپ كەتكەن ئادەملەرگىمۇ بالا بېرىدىكەن ، ئېرىگە تۆت پىتقا بولسىمۇ باشلىق بولسا ، خوتۇنىغا ئۇپا ـ ئەڭلىك بولسا بولدى . ۋىسال ئىزدەپ ئاغزىمدىن قان قۇيۇلغۇچە يارىنىڭ ئىشقىدا كۆيدۇم دەپ ناخشا ئېيتقان بىلەن خۇمارى تۇتقان ھامان غورىلايغىمۇ ، چارپاقىغىمۇ ، يۈكلىنىپ يېتىپ بېرىپ ھارامدىن بولغان بالىسىنى پاختەكنىڭ ئۇۋىسىغا تاشلاپ باقتۇرغىنىدەك بالىسىنى تاشلاپ قويۇپ ھەرقايسىسى ئۆز كويلىرىدا يۈرۈشىدۇ . بالا تۇرۇپ بالام بولدى . بالا تۇغماي تۇرۇپ بالا باقتىم دېگەن شۇ بولدى ـ دە .»

ئۇجمىلىك ئۆستەڭ بويىنىڭ ئۇيەر ، بۇ يېرىدە ئۇجمە تەرگىلى چىققان بالىلار ، بوۋايلار ، قىزلار ، مومايلار پەيدا بولدى ، بالىلار ئۇجمىلەرگە يامىشىپ چىقىپ ئېرغىتسا ، بوۋاي ـ مومايلار قولتۇقلاپ كەلگەن داستىخانلىرى-نى كەڭ يېيىپ ئۇجمىلەرنى ئۆستەڭ قېشىدىكى بوجۇق توپىغا ، ئۆستەڭدە ئېقىۋاتقان لاي سۇغا ، قويۇق ئۆسكەن بۇغدايلىقتا چۈشۈپ كەتمىسۇن دەپ ، ئۇجمە تۆپىسىدىكى بالىلارغا

ۋارقىرايتتى. داستىخان بىلەن ئۇچمە شىخى ئۇدۇل كەلمەي ئىرغاڭلاتقان ئۇچمىنىڭ تەگدىن تولىسى بوجۇق توپىغا، ئۇستەڭدىكى لاي سۇغا، بۇغدايلىققا چۈشەتتى، «بوپتا، ھەر نەرسىنىڭ ئۆزىنىڭ رىزقى - نېسىۋىسى بار. سۇغا چۈشسە بېلىق يەيدۇ، توپىغا چۈشسە چۈمۈلە - قۇرتلار يەبدۇ، بۇغدايلىققا چۈشسە پاقىلار يەيدۇ، ھەممىسىنىڭ رىزقى ... ئۇلارنىمۇ خۇدا ياراتقان. خۇدايىم ھەممىنى ئۆز رىزقى - نېسىۋىسى بىلەن ياراتقان. بىرىنىڭ رىزقىنى يەنە بىرى ھەرگىز يەۋالمايدۇ. ئەگەرچەندە يەۋالسەن دەپ ئاچ كۆزلۈك قىلسا، ھەممىنى مەنلا يېسەم مەندىن باشقىسى يېمىسە دەپ جان - جانىۋارلارنىڭ، ئۇچار - قاناتلارنىڭكىنىمۇ، ھاشاراتلارنىڭكىنىمۇ مەنلا يېسەم، دەپ قىزغانچۇقلۇق بىلەن ھاپ قىلىپ يۇتۇۋالسا، خۇدا ھەممىنى تەڭ ياشاڭلار. ھەممىڭلار ئۆز تېگىشلىكىڭلارنى ئېلىپ، يەپ ياشاڭلار دېسە ئۆزىنىڭكىنىمۇ، باشقىلارنىڭكىنىمۇ مەنلا ئالسام، مەنلا ياشىسام دېسە ئۇنداقتا ئۇ خۇدانىڭ ئىرادىسىگە قارشى چىققان بولامدا، خۇدانىڭ ئىرادىسىگە قارشى چىققان ئادەمنى ھامان بىر كۈنى خۇدا جاجىسىنى بېرىدۇ. چۈمۈلىلەرنىڭمۇ، ھاشاراتلارنىڭمۇ، چىۋىن، پاقىلارنىڭمۇ ئادەملەردەك مۇشۇ ئۇچمىدە، مۇشۇ سۇدا، مۇشۇ بۇغدايلىقتا ھەققى، ياشاشقا ھوقۇقى بار. بۇ دېگەن ئاللانىڭ بۈيۈك قانۇنى. مەنلام ياشايمەن قالغىنىڭ ئۆل دەيدىغان ئۇنداق گەپ دېگەن مۇتىھەم قارنى يامان تۇز كورنىڭ ئىشى بوپتۇ. بىزنىڭ داستىخانغا چۈشكىنى بىزگە ھېساب ...» دەپ بوۋاي - مومايلار ئاۋۋال چىدىماي، كېيىن بىر - بىرىگە تەسەللى بېرىشىپ، قايغۇلىرىنى، ئەدەپ كەتكەن نەپسىلىرىنى بېسىۋېلىشاتتى.

ھەممەدەم ۋاراڭ - چۇرۇڭدىن يىراق، ئادەم كەلمىگەن يەرگە كېلىپ ئاۋۋال ئىككى توپ ئۇچمىگە ئۆيدىن ئېلىۋالغان تانا،

بالىنىڭ يۈگىكى بىلەن سەگۈنچەك ياساپ، بالىنى سەگۈنچەككە بۆلىدى، ئاندىن بويى يەتكەن شاخلارنى ئېگىپ تۇرۇپ بىر چاڭگال قارا - ئاق ئۈجمىدىن ئېتىكىگە تېرىپ، سەگۈنچەك يېنىدا بوجۇق تويا ئۈستىدە تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ قېتىپ قالغان ئاق قوناق زاغرىسىنى بىر چىشلەپ، ئۈجمىدىن بىر قانچىنى يۇۋەپ ئاغزىغا سالدى - دە، چايناپ ئۇماچتەك ئېزىپ ئوڭ قولىنىڭ بېگىز بارمىقىغا چىقىرىپ سەگۈنچەكتە تەلمۈرۈپ ياتقان بوۋاقنىڭ ئاغزىغا پەملەپ تىقتى. بالا قېقىلىپ، بىر - ئىككى يۆتىلىپ يىغلىغاندىن كېيىن ئاغزىغا تېتىغان بولسا كېرەك، يەنە بارمۇ دېگەندەك تەلمۈرۈپ يىغلىدى.

— ھە ... ھە ... تېتىدىما ... ھە ئاشۇنداق تېتىيدىغان ئىش جۇما ... ھە ئاشۇنداق تېتىيدۇ. بۈگۈن ئەتىگەندە ئۈجمە بىلەن زاغرىدا ئوبدان تويۇۋالمىغان بىلەن ئانىڭىز رەسۋا چۈشكىچە خانىملىق قىلدىم دەپ سىزنى ئېمىتكىلى چولىسى تەگمەيدۇ. چۈشتە ھەقىچان ئاغزىڭىزغا ئەمچەك سالا - سالماي ھېلىقى تۈكى چۈشۈپ كەتكەن يوغان قورساق بۈقا كېلىپ ئانىڭىزغا چېپىلسا يەنە ئەمچەككە تويالمايسىز. ئانىڭىز بۈقىدىن چىقىپ بويىنى سۈغا سېلىپ پاكىزلىنىپ ئاغزىڭىزغا ئەمچەك سالغۇچە تولا يىغلاپ ئۈنىڭىز پۈتۈپ كۆكىرىپ كېتەرسىز ھەقىچان. يىغىڭىزغا چىدىماي ئالدىراشچىلىقتا ئەۋرەزگە ئىككى ستەل سۈنى سېپىپ يىلىنىنى سىيپاپلا بىستەرەت ئاغزىڭىزغا ئەمچەك سالسا ئېغىزمانلىرىڭىزغا يارا چىقىپ، قىزىتىپ ئاغرىپ قالارسىز بىچارە. شۇڭا، بۈگەن ئانىڭىزنىڭ ئەمچىكىدىن تولا ئۈمىد كۈتمەي ئاچىڭىزنىڭ ئۈجمىسى بىلەن زاغرىسىنى ئانىڭىزنىڭ سۈتىدىن ئەلا بىلىپ يەڭ. ئانىڭىز چوڭ تەرەت ئالمىغۇچە ئاغزىڭىزغا ھەرگىز ئەمچەك سالماڭ، بولامدا ...

بوۋاق ھەمدەمنىڭ گېپىنى چۈشەنگەندەك چىشسىز ئاغزىنى يوغان ئېچىپ قىقىلداپ كۈلدى. بوۋاق قورسىقى تويسىلا، ئايىغى

ھۆل بولۇپ قالمىسىلا كۈلۈپ ياتاتتى ياكى ئۇخلايتتى ، شۇڭا ،
ھەممىدىن بوۋاقتا ھەم ئىچ ئاغرىتاتتى ، ھەم ئامراقلىقى كېلەتتى .
«تۇۋا ... تۇۋا قىلدىم خۇدايىم ، داداڭ بىلەن ئاناڭنىڭ بىر –
بىرىدىن پەس ، مەرەز بولۇشىغا باقماي ، سەن نېمانداق ئوبدان ،
ئوماق بالا بولغانسەن ، خۇدايىم ئاشۇنداق كۆڭلى پەسلەرگىمۇ
سەندەك بەلەن بالىنى بېرىدىكەن . ئىككىمىز نېمىدېگەن بىچارە .
سېنىمۇ داداڭ بىلەن ئاناڭ مانا مۇشۇنداق تاشلىۋېتىپ بېرىشكە
تېگىشلىك نېسىۋەڭنى بەرمەي بوزەك تاپىدۇ . مېنىمۇ ئاتام ،
ئاچىلىرىم بوزەك قىلىدۇ . ياتلارغۇ بوزەك قىلسا مەيلى ، يات
دېگەن يات . ئۇ ھامان ياتلىقىنى قىلىدۇ . بىر قېرىندا ياتقان ،
بىر ئەمچەكنى تەڭ ئەمگەن قېرىندىشىڭ ، ئۆزۈڭنى تاپقان
ئاناڭدىن تارتىپ ياتلار بىلەن ئاپاق – چاپاق بولۇشۇپ ،
ئېغىز – بۇرۇن يالىشىپ ساڭا قارا سانىسا ، خىيانەت قىلسا ،
بوزەك تاپسا ئادەم قانداقمۇ چىدايدۇ ... ئانام رەھمەتلىك :
‹ياتنىڭ ياندىن ئۆتىدۇ ، قوۋم – قېرىنداشنىڭ جاندىن ئۆتىدۇ
بالام بۇنى چوڭ بولغاندا بىلىپ قالارسىلەر › دەپ دائىم كۆز يېشى
قىلسا ‹بۇ ئانام نېمانداق تولا گەپ قىلىدىغاندۇ › دەپ بۇ گەپلىرى
خوشياقماپتىكەن . ئۇ چاغدا بۇ گەپلەرنىڭ مەنىسىنى
چۈشەنمەپتىكەنمەن . ئادەتتە مىڭ ئاڭلىغان بىلەن ئادەمنىڭ ئۆز
بېشىغا كەلمىگۈچە شۇ ئىشنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى بىلمەيدىغان
گەپكەن . مانا ئىككىمىزنىڭلا بېشىغا شۇ كۈن كەلدى . لېكىن
سەن كىچىك بولغاچقا چۈشەنمەي كۈلۈۋاتىسەن ، چوڭ بولغاندا
ئاتا – ئاناڭنىڭ ئۆز نەپسىنىڭ كەينىگە كىرىپ ياتلار بىلەن
بىرلىشىپ سېنىڭ رىزقىڭنى تالان – تاراج قىلىپ يېگەنلىكىنى
چۈشىنىپ ، مۇشۇنداق بىر ئاتا – ئانىدىن تۆرىلىپ قالغانلىقىڭغا
ھەسرەت – نادامەت چېكىسەن ... سەن باشقا بالىلاردەك ئۆز
ئاتا – ئاناڭدىن پەخىرلىنەلمەيسەن . چۈنكى ، سېنىڭ ئاتا – ئاناڭدا
نە ۋىجدان ، نە ئار – نومۇس يوق . ئىنساندا بولۇشقا تېگىشلىك

روھىي بايلىق يوق . ئۇنىڭدا بارى پەقەت بىرلا ، ئۇ بولىمۇ ئۆزىنىڭ قورسىقىنى بېقىش ، قارنىنى ئۇبدان تويغۇزۇپ باشقىلارنى بوزەك قىلالىسا راھەت ھېس قىلىش . ئۇلارنىڭ ئەس ـ يادى مانا مۇشۇنداق قىلىپ ئاسان ياشاشقا ، جاپا چەكمەي ئاسان ياشاشقا يۈگۈرەش . مانا مۇشۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ھەرقانداق ئار ـ نومۇسنى كۆزنى چىملداتماي يۈزنى سىيرىپلا تاشلاۋېرىدۇ . ئاسان تۇرمۇش ، راھەت نان پاسكىنا بولسىمۇ كۆڭلۈڭ ئېلىشماي يەۋەرسەڭ قورسىقىڭ ئاچ قالماي ئۆتىدىكەنسەن . ئەگەر سەن چوڭ بولۇپ ئاتا ـ ئانائىنى دوراپ نومۇسسىز ئادەم بولۇپ قالمساڭلا ، ئاتا ـ ئاناڭدىن چوقۇم نەپرەتلىنىسەن .

ھەمدەم بوۋاقتا ئۆزىمۇ تېگىگە يېتەلمەيدىغان ، ئەمما ھەمىشە خىيالىدىن كەتمەيدىغان نۇرغۇن گەپلەرنى قىلدى ، ئۇ بوۋاقتا گەپ قىلغاچ ئۈجمە بىلەن زاغرا چايناپ بېرىشۈېتىپ بىر مۇنچە ناننى يېگۈزۈۋەتكەنلىكىنى ، بوۋاق ئاغزىدىكى ئوماچتەك ناننى يۇتماستىن ئۇخلاپ قالغانلىقىنى كۆرگەندىلا قورقۇپ كەتتى .

— ۋاي خۇدايىمەي ... ھەجەپ جىق نان يېگۈزۈۋېتىپتىمەن ، ئېغىر كېلەرمۇ ئەمدى .

بالا ئاغزىدىكى ناننى چىقىرىۋېتىپ پىسىلداپ ئۇخلاپ كەتتى . قۇياش نۇرىدا ئىككى مەڭزى قىزىرىپ پېشانىسىدە ئۇششاق تەر دانچىلىرى پەيدا بولدى . ھەمدەم باش رومىلىنى ئېلىپ بىر ئۇچىدا بالىنىڭ ئېڭەك ، ئېغىزلىرىنى سۈرتۈپ رومالنى بالىنىڭ يۈزىگە ياپتى . ئۇ ئەمدى بالىدىن خاتىرجەم بولۇپ ئۈجمە تەرگىلى قوشۇقلۇقنى قولىغا ئېلىپ قايسى ئۈجمىگە يامىشىپ چىقسام بولار دەپ ئۈجمە شاخلىرىغا بويۇنداپ قاراۋاتقاندا ئۈجمىلەرنى ئارىلاپ كېلىۋاتقان بىر ئايال بىلەن بويىغا يەتكەن ئىككى قىز كېلىپ قالدى . ئايال ھەمدەمگە نەپرەت ھەم

ئۆچمەنلىك بىلەن قاراپ تۇكۈردى .

— تۇفى ··· رەسۋالارنىڭ پاسىق ئاياغلىرى تەگمىگەن مۇشۇ ئۆجمىلىك قاپتىمۇ دەيمە ئەمدى . بۇ ئۆجمىلىكمۇ بۇلغىنىپ بوپتۇ . بۇ ئۆجمىلەرنىمۇ يەپ بوپتۇق ئەمدى . رەسۋالار ئائىلىسىنىڭ قەدىمى تەگكەن يەر خۇددى ئالۋاستى دەسسىگەن يەر قۇرۇپ قاقاسلىقتا ئايلانغاندەك قۇرۇپ نۇگەيدىغان بولدى .

— مەن سىزنى تونۇمىسام ، نېمىشقا ئەتىگەندە ماڭا يامان دۇرۇشلۇق بېرىسىز ؟ بىكاردىن بىكار ماڭا ئازار ىەرسىڭىز خۇدا راۋا كۆرەرما ؟ !

ھەمدەم يىغلامسىراپ بوينى قىيسىيىپ ، لەۋلىرى ئۆمچىيىپ كەتتى .

— راست ، بۇ قىز بالىغا نېمىشقا بۇنداق يامان گەپ قىلىسىز پاتەمخان ئاچا ، — دەپ ھەمدەمگە ئىچ ئاغرىتىپ پاتەمخانغا قاپىقىنى سۈزدى بىرگە كەلگەن قارىقۇمچاق قىز .

— بۇ دېگەن ھېلىقى بالىلىرىمىزنىڭ ئاتىسىنىڭ بېشىغا چىققان ئايۇپ باز - بازنىڭ كىچىك خوتۇنى . ئايۇپ باز - باز دېگەن قىزىل باش جوھۇت خوتۇنى ئاغىچىخاننى راخمان تازغا سولاپ بېرىپ ، بىزنىڭ تۇرسۇن ئاخۇننى تۇگمەندىن قوغلاپ ئۆزى باشلىق بولۇۋالدى . ئايۇپ شوۋىنىڭ خوتۇنىنى راخمان تاز جايلايدۇ . ئاۋۇ شوۋىغا تويىغان ئايۇپ شوۋا ماۋۇ رەسۋانى كوندۇزى بالا باقتۇرۇپ ، كېچىسى خوتۇن قىلىپ ئوينايدۇ . مۇشۇنداق قىلىپ ئاتام زامانىسىدىن منداق رەسۋا ئائىلە چىقىپ باقمىغان بىزنىڭ يۇرتتا مانا بۇ شوۋىلار يۇرتنى بۇلغاپ يۇرتنىڭ شەنىگە شەرمەندىچىلىكنى تارقاتتى . ئەمدى يۇرتقا بالا ياغىدىغان بولدى . بىر ئېتىز قوغۇنلۇقتا بىر تۇپ شۇمبۇيا ئۇنسە ھەممە قوغۇن يېگۈسىز بولغاندەك ئەمدى بىزنىڭ يۇرتتىن شەرمى - ھايا كۆتۈرۈلۈپ كېتىدىغان بولدى ، ئىسىت .

— ۋايجان ، ھەجەپ ئاغزىڭىز يامانكەن ئادەمنى ئد - ىزا

تارتقۇزۇپ، — قىزلار پاتەمخاننىڭ گەپلىرىدىن ئۇۋاتقۇسى كېلىپ پىخىلداپ قېچىپ كەتتى.

— يۇرتقا شەرمىسارلىق تامغىسىنى باسقان پاسىق پۇتلىرىڭ سۇنۇپ، يۇرتنى بۇلغاپ هارام قىلغان ئىپلاس تېنىڭنى يەر قويىنغا ئالماس خۇدايىم. سەن ئاشۇ پاسىق ئايىغىڭنى هەربىر باسالىڭ، يەر بىر نۇرە چىقىرايدۇ هەي رەسۋا. خۇدايىم جاجاڭنى بېرەر، سەن تۇتقان هەر بىر تال ئۇجمە شېخى قۇرۇپ كېتىدۇ هۇ يۇزى داپ بولاپ كەتكەن ئازگالچى. ئۇستەڭگە قول تىققۇچى بولما، ئۇستەڭ قۇرۇپ كېتىدۇ.

هەمىدەم يۇزىنى تۇتۇپ ئىزىدا ئولتۇرۇپ هۇ تارتىپ يىغلاپ كەتتى. پاتەمخان تىللا - تىللا يىراقلاپ ئۇنى ئاڭلانماي قالدى. بىر ئىغىر قول هەمىدەمنىڭ مۇرىسىنى تۇتتى. هەمىدەم ئەندىكىپ بېشىنى كۆتۈردى. كۆز ئالدىدا قاپاق توغراقتەك يوغان، ئىچىق بېشىدا ئۇسكەن چوژگوندەك ساقال بېسىپ كەتكەن، يوغان قارا كۆزلىرى ئولتۇرۇشقان كامىل كۆزىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ قاراپ تۇراتتى. هەمىدەم تېخىمۇ ئۇن سېلىپ ئىڭەدەپ يىغلاپ يۇزىنى تۇتۇپ قاچتى. ئۇ قاچقاندا پۇت - قولىدا جان قالمىغاندى، ئىككى پۇتىغا بىردىن تاش ئېسىپ قويغاندەك قەدەملىرى ئېغىرلىشىپ كالامپاي دەسسەپ، ئۇستەڭ قېشىدىكى بوجۇق توپا ئۇستىگە قۇرۇتقان بىر باغ بېدىدەك پاق قىلىپ يىقىلدى. نەملىكتىن ئەسەر يوق، قومساڭغۇ توپا بىر گەز چاڭ - توزان پەيدا قىلدى. هەمىدەم يەنە ئۆملەپ قاچماقچى بولۇۋىدى، پۇت - قولى دىرىلدەپ تىترەپ، ئاغزى قۇرۇپ يەنە مىدىرلاشقا مادارى يەتمەي دۈم ياتقان پېتى هۇ تارتىپ بۇقۇلداپ يىغلىدى. ئۇ يىغلاۋېتىپ بۇنداق جانسىز تىرىك ياتقاندىن ۋاققىدە يېرىلىپ ئۆلسەم بولمامدۇ دەپ، ئىچ - ئىچىدىن پۇچۇلىنىپ كەتتى. ئۇ هەر قېتىم كامىلنى كۆرۈش تۇيغۇل ئويلىسىمۇ پۇت - قولىدا جان قالماي، يۈرىكى سېلىپ ئاغزى

قورۇپ ئۆزىنى قويارغا يەر تاپالماي قالاتتى . ئۇ چاغلاردا ئۇ ئۆنىڭغا تەشنالىق بىلەن ئىنتىلىپ پاتراق قوللىرىنى ئۇزىتىپ ، بېشىمنى سىلاپ قۇچىقىغا ئالسىكەن ، مېھرىبانلىق بىلەن باغرىغا باسسىكەن ، دەپ ئويلايتتى . شوخلۇق قىلىپ سۇدا سەكرىشىپ ئوينىغان كەپسىز بېلىجان زىيادە سەكرەپ سېلىپ ، قورۇق قاشقا چىقىپ قېلىپ تەشنالىقتا قورۇپ نىمجان ھالدا قالغاندا جان تالىشىپ بىر سەكرەپ ئامەت ئۇلۇغ كۆزدە بېقىپ قايتىدىن سۇغا سەكرەپ تەشنالىقىغا قېنىپ ھاياتلىقنىڭ لەززىتىنى قايتا تېتىغاندەك بولاتتى . مانا ئەمدى ئۇنىڭ روھىدا كامىلدىن ئۆچىنى كۆرگەن كېيىكتەك قاچىدىغان بىر خىيال چاقماق چاقىغاندەك پەيدا بولدى ، ئۇ قاچتى . ئەمما قېچىپ قاملاشتۇرالمىدى . يوغان ھەم كۈچلۈك بىر قول ئۇنى يەردىن ۋلۇپ ئالدى . ئۇۋ ئىتى يېڭى تۇغۇلغان قاچالمىغان بۆجەننى قوغلىمايلا تۇتۇۋالغاندەك ، قامالالاپ ئالدى . ھەممەدەم ياش ھەم توپا بىلەن لايلاشقان كىچىك بارماقلىرىدا يۈزىنى ئېتىۋېلىپ بوقۇلداپ ئۆكسۈپ يىغلىدى . ئۇنى چىڭ قامالالاپ تۇتقان ياغاچ قىسماقتەك يوغان ھەم قوپال بارماقلار كۆكۈيۈن چاپلاشقان ئايغىر ئاتنىڭ يۇتىسىدەك دىر - دىر تىترىمەكتە ئىدى . كۈچلۈك بېلەكلەر يىغلىپ بۇركۈت كەپتەرنى پوكىنىغا تارتقاندەك تارتىپ باغرىغا باستى . ھەممەدەم كامىلنىڭ يۈرىكىنىڭ گۈپۈلدەپ سوقۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى . قايناپ تېشىش ئالدىدا چۆگۈننىڭ جوغىسىدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان قىزىق ھوردەك كۆيدۈرگۈچ تىنىقىنىڭ بېشىغا ئۇرۇلۇپ قاغىلەك جىگدىنىڭ شوخىسىدەك ساقاللارنىڭ يۈزىگە سانجىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇردى . بۇ چاغدا ھەممەدەمنىڭ يىغىسى تېخىمۇ ئىچ - ئىچىدىن ئېتىلىپ چىققىلى تۇردى .

— يۈزۈڭنى ئاچ ، مەن بىر كۆرەي ، — كامىلنىڭ ئاۋازى بوغۇق ھەم بوش چىقاتتى . ئۇ گەپ بىلەن تەڭ يوغان قوللىرىدا

ھەمدەمنىڭ باچكىنىڭ بارماقلىرىدەك بارماقلىرىنى قايرىپ ئاچتى . ھەمدەمنىڭ چىلان ياغىچىدا ياسىغان قوشۇقتەك قىزارغان يۈزلىرىگە قوللىرىدىكى لاي چاپلىشىپ كەتكەندى . ھەمدەم قانچە كۆرگۈسى بولسىمۇ كاملغا قارىيالماي كۆزىنى يۇمۇۋالدى .

— ھەممىنى ئاڭلىدىم ، سەن بۇنداق تولا يىغلاۋەرمە ، خىلى ئىشلار ئېزەلمىگەن يۈرىكىمنى سېنىڭ يىغاڭ ئېزىۋېتىدىكەن .

— ئەمدى ... ئەمدى ... مېنى تاشلىۋېتىدىڭ ... ئىزدىمەڭ .

— بۇ سېنىڭ گۇنايىڭ ئەمەس . مېنىڭ گۇنايىم . مۇشۇ تۆگمەدەك بويۇم بار بىر ئەر تۇرۇپ ئاسلاندەك بىر جۇۋاننى مۇشۇ كەڭرى جاھاندا پاناھىمغا ئالغۇدەك تۆشۈك تاپالمىغانلىقىمدىن كۆرمەن . سېنى تاشلىۋېتەي دەپ شۇنچە ئۇرۇندۇم . تاشلىيالمايدىغان ئوخشايمەن .

— ئەمدى ... مەن ... مەن ... خېمىر يۇغۇرىدىغان كاساڭدىن يۇندا تۆكىدىغان تەڭلىگە ئايلىنىپ قالدىم . مېنى ئىشلەتمەڭ ، مېنى تاشلىۋېتىڭ . تۆۋى چۈشۈپ كەتكەن كونا سوغىنى تاشلىۋەتكەندەك تاشلاڭ .

— بۇرۇنمۇ شۇنداقكەنسەن . كۆڭلۈم كۆتەرگەن يەنە كۆڭلۈم تارتىدۇ . ئاڭلاپ تۇرۇپمۇ كۆڭلۈم تارتىۋاتىدۇ .

— ھە ... ھە ... كاملاخۇن ئەمدىغۇ قولۇمغا چۈشكەنسىلە . ۋاي ... ۋاي ... ھەجەپ چۈشتىڭلا - ھە .

كامىل چۆچۈپ كەينىگە قارىۋىدى ، قاپقارا ئېگىز ئىنچىكە توغراقتەك يېزىنىڭ ساقچىسى جۇمە گۇجاڭ كونا ، قاسقىنى قالمىغان ۋېلسىپتكە يۆلىنىپ تاپانچىسىنى تەڭلەپ كۈلۈپ قاراپ تۇراتتى .

— بۇ يەردىلىكىمنى قانداق بىلگەنسىلە جۇمە ، ھەجەپ ئاسماندىن چۈشكەندەك پەيدا بولدىڭلىيا .

— ئۆزەڭ سۇپىياڭدەك ئۆزمىلىككە كىلىپ قاپسەن

ئەمەسما . هازىر ئۆزمە تىرىپ يەيدىغان ئادەم تولا تۇرسا . بىلمەي ، ئاڭلىماي قالامەنما . ھەممە يەردە كۆز - قۇلاق بار جۇما .

— هازىر جاھان خېلى كەڭرىچىلىك بولۇپ ، يومبىشچىك ، بەش خىل ئۇنسۇر ، ئاقچى - كۆكچى دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئازاد بولۇپ كەتتى . مەن كامىلنىڭ گۇنايى تۇگىمەمدۇ . بۇ جاھاندا ئەمدى بى كەينىمگە چىرىۋالمىساڭلا ، مېنىمۇ بى ئارام خۇدا ياشىغىلى قويساڭلا بولمامدا جۇمە تەپەيەن ، ساقچى دېگەننىڭ يۈزى ئېشەكنىڭ كۆتىدەك بىرىمكەن . ئاپىرىپ بەرگەن شۇنچە زىلچا - گىلەم ، قوي ، ئۇغلاق ، موزاي - توپاقلارنىڭ چىۋىننىڭ قانىتىچىلىك يۈزى بولماپتا ...

— تولا لاتا چاينىماي ماڭە كامىل . مەن ساڭا ئەكەل دېدىممۇ ، ئۆزۈڭ ئەكېلىپ بولۇپ ئەمدى مىننەت قىلامسەن ؟ خېلى نوچى ئوغۇل بالا دېسەم سەنمۇ نامەرد بىرىمكەنسەن . زىلچا - گىلەملىرىڭ ئۆيدە بار . موزاي - توپاق دېگەن ئېغىلدا ، ئېلىۋال ، ئەمدى سېنى تونىمسام ، مېنى تونىدۇ ، مېنى نان يېگىلى قوي . بەش بالامنى باقىلى قوي ، سېنى ئاران تاپتىم .

— مېنىڭ گۇناھىم شۇنچە ئېغىرما ، مېنى تونۇش ساڭا پەرىز نامازدەك زۆرۈرما ؟

— زاراتتىكى باشلىقنىڭ خوتۇنىغا باستۇنچىلىق قىلىش يېنىك گۇناما ئەمەسە . باشقا ھەرقانداق گۇنا قىلساڭ ، ئادەم ئۆلتەرسەڭمۇ كۆزەمنى يۇمۇۋالتىم ، سېنى خېلى ئۇششا ئادەم دېسەم سەنمۇ تازا ھەقلىق يوق دۆرۈن بىرىمكەنسەن . جاھاندا نېمە تولا خوتۇن تولا ، خۇدايىم بىزگە باشقىنى بەرمىگەن بولسىمۇ خوتۇننىڭ بەلەنلىرىنى بەرگەن . سېنى تونىمسام ھۆكۈمەتنىڭ بىزدەك ساقچىدىن ئۇننى باكالۇېتىدىغان ئەلپازى بار . شۇڭا ، ئەمدى سېنى تونىماي بولمىدى . نەچچى ۋاقتىن تونىمىز دەپ داۋراڭ سېلىپ قويۇپ تونىمىغان ، ئەمدى داۋرىڭىمىزمۇ راست ، تونىدىغىنىمىزمۇ راست . ئەكەل قولاڭنى ، يۇۋاش بول .

تاپانچامدا ئۈچ پاي ئوق بار . باكا ئېتىپ سالىمەن .

— مېنى راست ئوتامەن ، مەن ئۆتۈلمام قانداق ئۆتىسەن ، جۆمە گۆجاك .

— مابا ئۆتۈلماي نەگە قاچىتىك ئەمدى ...

— مەن تېخى ئۆتۈلمسام نېمىنى ئۆتىسناۋا لەيلاك ئوغرى ، گەپ قىلمسا ھەددىدىن ئاشقىنىنى ... سەندەك قوك چالمىسى ماز پەيئەككە ئۆتۈلۈپ بېرىدىغان كاملاخۇن تېخى تۇغۇلمىدى جۆما .

سەكرەپ يۈرگەن چېكەتكىنى يېرىم گەز سوزۇلۇپ چىققان پاقىنىك تىلى «ۋاش » قىلىپ يۈگەپ يۇتۇۋالغاندەك كامىل گەپ قىلىۋېتىپلا «شارت » قىلىپ جۆمە گۆجاڭنىڭ قولىدىكى تاپانچىنى تارتىۋالدى . ھەممەيەم قورقۇپ چىرقىراپ كەتتى .

— قورال بۇلاش جىنايىتى بىلەن ئېتىلىپ كەتمەڭلار جۆما كاملاخۇن ، ماۋۇ ئىشىڭلار ئېشىپ كەتتى .

— كىم قورال بۇلاپتاۋا قەلەندەر ، ھاراق ئىچىپ قورالنى دائىم يۇتتۇرۇۋېتىدىغان دىۋانىگە كىم ئىشىنىدۇ . بۇقىنى ھۆركىرەتكەن تاشقى دەپ مۇشۇ بىرمەڭنى ئۈستەڭگە تاشلىۋەتەمغۇ ماڭا ھۆركۇرىيەلمەسەن ...

— ئوبدان كاملاخۇن ، جېنىم كاملاخۇن مەن خۇش بولۇپ قالاي ، ئۈستەڭگە تاشلىماڭلار ، مېنى سولايدۇ . بەش بالامنى باققىلى قوياڭلار دەيمە ، مەن خۇش بولاي . مېنى ئانداغ ئانى تاپماڭلار دەيمە .

— ئالە ئەممە ، ئومىدا تېپىۋال . كامىل قولىدىكى تاپانچىنى بۇغدايلىققا چۆرۈۋەتتى . ئۈستەڭ بويىدا يېزىنىڭ كالتەك كۆتۈرگەن دېھقان ساقچىلىرى پەيدا بولدى .

— كاملنى تۇتۇڭلار ... كامىل ئوغرىنى تۇتۇڭلار ... تۇتۇۋېلىڭلار .

كامىل ھەممەمگە بىر قاراپ قويۇپ تۆت تاقلاپ ئۈستەڭگە

سەكرەپ ئۇ قاشقا ئۆتۈپ قاشتىن سەكرەپ ئۆستەڭنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى كەڭ كەتكەن تېرەكلىككە كىرىپ كۆزدىن غايىپ بولدى . دېھقان ساقچىلار ئۆستەڭگە سەكرىگىلى خوشياقماي قاشتا تۇرۇپ سورەن سەپ قويۇپ قاراپ تۇرۇشتى .

— سەكرىمەسەن ئۆستەڭگە ، باللاڭنى كىسپۇرۇچلار ، قالاپ تۇرۇشماي .

— ھەي ، جۇمە گۇجالڭ ، كىيىملىرىمىز ھۆل بوپ كەتسە سىلى قۇرۇتۇپ بەرمەيلا ھەقىچان .

— يوقىلىشە نانقىپىلار .

— سەن ··· سەنمۇ ··· كېتە كىچىك جالاپ . تاپانچامنى ··· تارتىۋالغىنىنى ، بۇغايلىقنى تاشلىغانلىقىنى سەن كۆرمىدىڭ ، ھېچكىم كۆرمىدى جۇما . بولمىسا ئاشناڭنىڭ مېڭىسىدىن تۈتۈن چىقىرىدۇ . مېنىمۇ ، سېنىمۇ سولايدۇ . پوق يەيدىغان ھەقلى يوق گۆي ، بۇغدايلىقنى تاشلىغۇچە ئاسانراق تاپىدىغان ئاق يەرگە تاشلىماي ، قانداق تاپارمەن ئەمدى .

جۇمە گۇجالڭ ۋېلىسىپىتنى بىر تېپىپ ئۈرۈۋېتىپ بۇغدايلىقنى پېتىقلاپ ئۆمىلەپ ئۆياق ، بۇياقنى تىمىسقىلاپ ئىزدىگىلى تۇردى .

— ھاي جۇمە گۇجالڭ ، نېماداق بۇغدايلىقنى تىمىسقىلاپ يۈرىلا . بىر نېمىلىرى چۈشۈپ قالدىمۇ نېمە ؟ — دەپ توۋلىدى دېھقان ساقچىلار .

— يوقال ··· دەيمەن ، يوقىلىش ، باكا ھەممىڭنى ھاشارغا تۇتۇپ بەرمەي يانا .

ياللانما ساقچىلار قورقۇپ كېتىشتى . جۇمە گۇجاڭنىڭ راستىنلا ئاچچىقى كەلگەندى . ئۇنىڭ چىرايلىرى قارىداپ ، كۆزلىرى چانىقىدىن چىقىپ كېتەي دەپ قالغانىدى . ساقچىلار زۇۋانى ئۆچۈپ ئۇجىملىك ئىچىدە جىمجىتلا كۆزدىن غايىپ بولۇشتى . جۇمە گۇجالڭ كۆز باغلانغۇچە بۇغدايلىقتا يۆمىلاپ

ئىككى ئېتىمىز بۇغداينى كىگىزدەك ياتقۇزۇۋېتىپ ئاندىن تاپانچىسىنى تېپىپ ئۆھ دېدى .

## 19

راخمان شوجىنىڭ ئىشخانىسى ئالدىدا ھەرقايسى كەنتلەرنىڭ ھەر خىل ئېسىل ئاتلار قوشۇلۇپ پەردازلانغان ، گىلەم سېلىنغان خادىك ھارۋىلىرى قاتار تىزىلىشىپ كەتكەنىدى . بۇ خادىكلار قانچە چىرايلىق بېزەلگەن ، ئاتلىرى قانچە سەرخىل بولمىسۇن ، ھەممە جەھەتتىن راخمان شوجىنىڭكىدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك ئىدى ، بۇ ھەممە كىشى بىلىشكە تېگىشلىك قانۇن ، چەكلەنگەن رايون بولۇپ قالغانىدى . راخمان شوجى بىرسىنىڭ ئېتىنىڭ بەكرەك كىشنەپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ قېلىپ : «ھە سىزنىڭ ئېتىڭىز بەك بىقىش تېپىپ كەتكەن ئوخشىمامدا ، تېرىسىگە پاتماي قاپتا» دەپلا قويسا ، شۇ كەنتنىڭ شوجىسى قورققىنىدىن تاتىرىپ تىلى گەپكە كەلمەي قالاتتى . كەنتلەرنىڭ بۇغداي قوناق ، كېۋەزلىرىنى باھالاشتا ئېتى بەكرەك كىشنەپ سالغار كەنتنىڭ شوجىسىنىڭ بۇغدايلىرى ئوبدان ئوخشىغان كېۋەزلىرى بەلەن باشقۇرۇلغان بولسىمۇ ، راخمان كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ قەستەن قۇسۇر تېپىپ ئادەمنى قارىتىپ قويۇپ ئاغزىغا كەلگەن سەت گەپلەر بىلەن تىللاپ رەسۋاسىنى چىقىراتتى . شۇ كۈنى كەچتە بۇ نەس باسقان كەنت شوجىسى ئۆيىدە نەچچە قوينىڭ بېشىنى كېسىپ بىرىنى قازانغا ، بىرىنى تونۇرغا ، بىرىنى باشلىقنىڭ تاغىرىغا سېلىپ ، مەشرەپ قىلىپ تاكى راخمان يانپىشىدىكى يوغان سېرىق بويا خەنجىرىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ ئۆزىنىڭ ئالدىغا قويۇلغان گۆشنى بىر پارچە كېسىپ «مانى ئاغزىڭغا سالە» دېمىگۈچە «خوش» دەپ قول باغلاپ تۇراتتى . راخماننىڭ ئاشۇ بىر پارچە گۆشنى كېسىپ

ئۈنىڭغا تەڭلىگىنى ئۈنى ئەپۇ قىلغانلىقى ئىدى. بۇ ھەممە ئادەمنىڭ كۆڭلىگە ئايان بولغان، قانۇنلىشىپ كەتكەن ئىش ئىدى. يېڭى سىياسەت چىقىپ يەرلەرنى، چارۋىلارنى، دەرەخلەرنى شەخسلەرگە كۆتۈرە بېرىش، تارقىتىپ بېرىش ئىشى ناھايىتى جىددىي باشلىنىپ كەتتى. بۇ ئىش راخمانىنىڭ كاللىسىدىن زادىلا ئۆتمىگەن بولسىمۇ، يۇقىرىنىڭ بۇيرۇق - پەرمانلىرىدىن، ناھىيە باشلىقلىرىدىن قورقۇپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى. «يەرلەرنى، چارۋىلارنى، ئورمانلارنى بۇرۇن پومېشچىك، بايلارنى ئېتىپ سولاپ، باغلاپ يۇرۇپ ئاران تارتىۋالغان تۇرساق، ئەمدى تۇرۇپلا خەققە تارقىتىپ، ھۆددىگە بەردۇق دەپ بېرىۋەتسەك خەقنى قانداق باشقۇرغىلى بولىدۇ. مەن يۇرتنى قانداق سورايمەن. خەق ماڭا ئەمدى تەزىم قىلىش تۇگۇل سالام قىلىشمۇ ناتايىن، ھۆكۈمەتنىڭ بېشى ئىششىپ قالدىمۇ نېمە؟ ئەمدى ھوقۇق تۇتقاننىڭ نېمە پايدىسى قالدى. يەرنى خەققە بېرىۋەتتى دېگەن گەپ — ھەممە قولدىن كەتتى دېگەن گەپ... خەق ئەمدى يېرىنى ئۆزى تېرىيدۇ. ئۆزى باشقۇرىدۇ. ئېتىزغا چىقسا چىقىدۇ. چىقمىسا چىقمايدۇ. ئوغۇت توپلىسا توپلايدۇ، توپلىمىسا يوق. كوپېراتسىيىنىڭ قوتان - قوتان چارۋىسى شەخسلەرنىڭ ئېغىل - ئېغىلىغا چىرىپ كەتسە، قېنى مەن خالىغانچە يەيدىغان ئوغلاق، پاقلان گۆشلىرى، شەخسىنىڭ قوتىنىغا كىرىپ كەتكەن قوينى، كالىنى، تۆگىنى بۇرۇنقىدەك خاتىرجەم سويدۇرغىلى بولامدۇ؟ تېرەكلەرنى تاللاپ كەستۇرۇپ ياغاچ قىلىپ، ئۆي سېلىپ، ئۆي سالىدىغان ئاقچى - كۆكچى ئەمەلدارلارغا بېرىپ، ئەل - ئاغىنىلەرنى خۇش قىلىدىغان، سېتىپ پۇل قىلىپ خەج - خىراج قىلىدىغان ئىشلار جەننەتكە كىرىپ كەتكەن ئوخشىمامدا، بولمىدى، بولمىدى. بۇنداق ئورۇقلاپ قۇرۇق ئىسكىلىت بولۇپ قالغان، ئېتى ئۆلۈغ، سۈپىرسى قۇرۇق بولۇپ قالغان ھوقۇقنىڭ ئەمدى نېمە مەززىسى

قالدى ، مېنىڭ دەۋر سۈرىدىغان ، دۆلەت كۆرىدىغان ۋاقتىم ئاز قالغان ئوخشىمامدا ، ھەممە نەرسىنى ھۆددىگە بەردىم دەپ خەققە بىرىۋىتىۋەرسەم ،دەۋزىسى يوغان بىر نان يوق ، سەللىسى يوغان ئىمام يوق ، بولۇپ قالامدىمەن؟ بىزگە ماۋزېدۇڭ ئاتىمىز بەرگەن ھوقۇقنى ئۇنداق غىداپ ، مۇنداق ئىككەكدەپ ئۈپرىتىپ قاقتەك قويۇپ ئاخىرقى ھېسابتا بىزنى قۇرۇق ئۇستەڭگە مىراب قىلىۋېتىغان ئوخشىمامدا . ئەستا ... ما ئىشنى ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق ...

— ئەسساﻻمۇ ئەلەيكۇم را شۇجى .

ئىشخانىسىدا خىيالغا پېتىپ غەمكىن ئولتۇرغان راخمان پەرۋاسىزلىق بىلەن كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا ھىجىيىپ ئېگىلىپ تۇرغان ئايۇپقا كۆزىنى ئاﻻيتىپ ئاچچىق بىلەن قارىدى .

— سامانلىقتا تەخەي چىگەندەك تورۇكلاپ چىرىۋېرىدىغان ئاناڭنىڭ ئېشەك ئېغىلىماۋا بۇ ... مېنى ئارامىمدا قويماي نېمە ئۇسۇپ چىرىۋېرىسەن؟

— خا ... خا ... خاپا بولمىسىلا را ... را شۇجى ئۇۋۇ ... ئۇۋۇ ... ھۇسىنەك ... ھە ... ھۇسيۇن تاز تۇگمەنگ بېرىپتىكەن ... را شۇجى ... سىنى يىلدام ... يىلدام كېلىپ كەتسۇن دەپتى ، شۇ ، شۇڭا ... ئىشىمنى تاشلاپ يۇگۇرۇپ كېلىشىم ، ئۆيدە ... ئۆيدە چاي قايناتسۇنمۇيا .

— ھە ... ھە ... يادىمدىن چىقىپ قالغىلى تاس قاپتۇ ، سەن ماز پاينەك بىلەن خوتۇنۇڭ بىرلىشىپ مېنى ئازدۇرۇپسىلەر ئەمەسما . مەن يادىمدا يوق سەن شاۋچىنى تۇگمەنگە باشلىق قىلىپ ساپتىمەن ئەمەسما . ئاۋۇ تۇرسۇن پاخپاق دېگەن پاچاق پىتى گۆي بىلەن خوتۇنى پاتەك ئاغىچىخانىنىڭ بۇخا كاۋىسىدەك ئەمچىكى ئايۇپ شوۋىنى تۇگمەنگە باشلىق قىلدى . جاﻻپ خوتۇنىغا غەمىسى تاتلىق تېتىپ كەتكەن راخمان تاز ئايۇپ شوۋىنىڭ پارتىيە ئەزاسى ئەمەسلىكىنى ئۇنتۇپ قېلىپ كومپارتىيىگە قەسەم

بەرمىگەن بىر پارتىيە سىرتىدىكى چوڭپۇرەندىنى تۇگمەنگە باشلىق قىلدى. شۇنچە كۆپ پارتىيە ئەزالىرى تۇرسا تېخى ئىككى ئادەمگە گۇرۇپپا باشلىقى بولۇپ باقمىغان پارتىيە سىرتىدىكى بىر ئادەمگە ھوقۇق تۇتقۇزۇپ قويۇش پارتىيە نىزامنامىسىگە خىلاپ دەپ تۆپەمدىن ئەرز قىپتۇ ئەمەسما. ناھىيىدىن تەكشۈرگىلى ئالتە جىمەكچى كېلەمىش.

— مەن ... مەن بىلمەپتىمەن. مەن ئېزىپتىمەن. مەن تۇزىتەي.

— سەن ئېمىنى تۇزىتەلەيتتىڭ قولۇڭ چالمىسى، مەن ئاۋۇ ھۇسيۇن تازغا دەپ قويدۇم، كەچكىچە ئانكىت توشقۇزۇپ سېنى كېچىچە پارتىيىگە ئۆتكۈزۈۋەتسۇن. بىر يىل بۇرۇن ئۆتكەن قىلىپ يېزىڭلار دەپ ئىلتىماسىڭنى دەرھال ياز، مەن تەستىقلايمەن. سېنى پارتىيىگە تونۇشتۇرغانمۇ، تەستىقلىغانمۇ، ئۆتكۈزگەنمۇ مەن بولىمەن، سەن شاۋچى پارتىيە ئەزاسى بولماي تۇرۇپ ئىككى ئادەمگە گۇرۇپپا باشلىقى بولالمايدىغانلىقىڭنى ئۇقمايسەن ئەمەسما. ئەمدى گوڭشەنداڭنىڭ بېشى ئىششىپ قېلىپ ئۆزى ئاران قۇرغان كوپىراتسىيىسىنى چوۋۇيدىغان سىياسەتنى چىقاردى. ئەمدى تاغنىمۇ، باغنىمۇ كۆتۈرە بېرىدىغان بولدۇق. سەن شاۋچىغا تۇگمەننى كۆتۈرە بەرسەم ئەمدى تۇگمەن سېنىڭ ئاناڭنىڭ تۇگمىنىدەك چۆرۈپ كېتىدىغان بولدۇڭ. تۇگمەننى ئېلىۋېلىپ مېنىڭ ياخشىلىقىمنى ئۇنتۇپ قالارسەنما؟

— ئۇنداق بولامدىغان را شۇجى. سىلى دېگەن مېنىڭ نىجاتچام. ئاتام قىلمىغان ياخشىلىقنى قىلدىلا. مەن كۆتۈرە ئالغاندىن كېيىنمۇ سىلىنىڭ ئاق ئۇنلىرى، ئۇلاغلىرى يەيدىغان كېپەكلىرى ئايمۇئاي، يىلمۇيىل دائىم كۆپەيسە كۆپىيىدۇكى، ھەرگىز ئازايمايدۇ. مەن ئوخشاشلا سىلىنىڭ قۇللىرى. تىللىسىلا تىللىرى، ئۇرسىلا تاياقلىرى ئۆتىدۇ.

— ئەمدى مال - چارۋا، باغ - ۋارانلار، يەرلەر خەققە

كۆتۈرە بېرىلىپ كەتسە، ماڭا ئېگىلىدىغانلارمۇ قالمايدۇ. ھەممە ئادەم ئۆز ئىشى بىلەن بولىدۇ. ئۇ چاغدا سەنمۇ ئاشۇنداق بولارسەن ھەقىچان.

— يەرنى، باغنى، ئورماننى بەرسە پارتىيە بەردى. بۇ يەردە پارتىيە دېگەن سىلە. پارتىيە دېگەن خالىسا بېرەلەيدىغان، خالىسا ئالالايدىغان پارتىيە. سىلە بېرىلا، ئەگەر بويۇنتاۋلىق قىلسا ھالىڭىز ئانىڭلارنىڭكىنى ئېگىلىگەنلەرگە ئېلىپ بېرىۋېرىلا. ئۇ چاغدا ئېگىلىمىگەنلەرمۇ سىلىگە ئېگىلىدۇ. سىلىنىڭ دۆلەتلىرى ھازىرقىدىن زىيادە بولسا بولىدۇكى، ھەرگىز تۆۋەن بولمايدۇ. يەرنى ھەم بېرەلەيلا، ھەم ئالالايلا. يەرنى بەرگەنگە ھوقۇقنى بەرگەن بولۇپ قالمايلا.

قاپاقلىرى سالپىيىپ كەتكەن راخماننىڭ كۆزلىرى نۇرلىنىپ جانلىنىپ كەتتى.

— مەن سېنى پەقەت ھەقلى يوق شاۋچىمىكى دېسەم، خېلى بىرمە بىلەمسەن نېمە؟ ھەجەپ ئوبدان گەپ قىلىۋاتىسىنا، سەن راست دېدىڭ، يەرنى، چارۋىنى، ئورماننى ئۆزەم بەرگەن تۇرۇقلۇق يەنە ··· يەنە ئالالماتتىم. راست دېدىڭ، يەنىلا مەن خوجايىن. ئۇلار دېھقان. راست دەيسەن. ھە ··· يەنە سۆزلە، گەپ قىلە ··· كۆزەمگە خېلى يامان ئەمەس كۆرۈنۈۋاتىسەن. قورسىقىڭدا يەنە قانداق غۇملىرىڭ بار دېگىنە.

ئايۇپ ئەتراپقا قاراپ ئىشخاننىڭ ئىشىكىنى تاقاپ ئۈنىنى پەس قىلىپ سۆزلىدى:

— بەرگەندە شۇنداقلا بېرىۋەتكەن بىلەن بولمايدۇ، باش ئاغرىغان، چىش ئاغرىغاندا لازىم قىلغىلى ھەر كەنت، گۇرۇپپا، يەردىن، دەرەخلەردىن، مال - چارۋىلاردىن ئۆزلىرىگە ئوبدىنىنى تاللاپ ئېلىپ قېلىپ تارقاتسىلا، سىلىنىڭ نېسىۋىلىرىنى دېھقاننىڭ قولىقى يۇمشاق تىلى كېسىكلىرىگە ھاشارغا ھېسابلاپ باقتۇرساق، تازا ئوبدان بىقىپ بېرىدۇ. تېرەكمۇ، باغمۇ

شۇنداق . يەرنىمۇ تېرىپ ھوسۇلىنى بىر ئاخشامدىلا غەممىسىدە غېزىنى غاز ، ئۆدىكىنى ئۆدەك قىلىپ ئايرىپ ئەكېلىپ بېرىدۇ .
— كاللالا باركەن ... باز ... باز ، كاللالا باركەن ، سەن ماڭا ياراپ قالدىڭ . مەن ... مەن سېنى ئۈستۈرمەن ... يۇقىرىغا يوللاپ ئۆزەمگە ئىنز باسار قىلىمەن . ھاردۇقۇم چىقتى ... چىقە مالڭ . جۇگۇ ... چاي قىل ، ئاغىچىخان چاي قىلسۇن ...
راخمان ئايۇپنىڭ قولىقىدىن تارتىپ سۆيۈپ قويدى . ئايۇپ خوشال چىقىپ كەتتى . راخمان شۇئان يەنە توۋلىدى .
— ھەي ... توختا ... توختا ... ئاغىچىخان چاي قىلىپ بېرىپلا ... ھە ... سېنىڭ پارتىيىگە چىرىش ئىلتىماسىڭنى يېزىپ بەرسۇن ، تۇگمەنگە چىقىپ كېتىڭلا . مەن ... ھېلىقى سېنىڭ بالاڭنى باقىدىغان مۇشتەك شۇم بىلەن ... ھەجەپ كۆزەمگە ئىسسىق كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالدى ... ئاغىچىخانىنىڭ دۇتىرىنى كېيىن ئاڭلايمەن بىلدىڭمۇ . بالا باقىۇچاڭ خېلى بەلەن چوڭ بولغاندەك تۇرىدۇ .
ئايۇپ قىزىرىپ تۇرۇپ قالدى .
— را ... را ... شۇجى ... ئانداق ... ئانداق قىلساق .
— ھە ... تىلىڭنى چاينايسەنيا ... خوتۇنۇڭغا غىڭ قىلمايسەن ، دىدىكىڭگە چىدىمايسىنا ... ئاڭلىغىنىم راستكەن ، قازىنىڭنىڭ تۈزىنى تېتىغان ئادەم چەپچىكىڭنىڭ تۈزىنى تېتىمادىم ، مالڭ يوقال ... چاينى ئوبدان قىلسۇن ... ھېلىتىن تېخى بويۇن تولغايسەن ، سېنى ئۈستەرسەم ئىش بار ئوخشىمامدا .
ئايۇپ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ چىقىپ كەتتى . راخمان يەنە خىيالغا پاتتى .

## 20

تاڭغا يېقىن ئۆگزە غىرسلاپ تورۇستىكى قورۇپ شالاڭلاپ

كەتكەن بورا ئاراشلىرىدىن كىرگەن ئاچچىق بۇستىن بانىخان
ئويغىنىپ كەتتى . ئۇگزىدىكى ئاياغ تاۋۇشىغا قۇلاق سالدى .
يۈرىكى ئاغدى . «ۋاي خۇدايىمەي ، تاڭ ئاتاي دەپ قاپتۇ . تاڭ
ئېتىش ئالدىدا ئۇيىنىڭ ئىچى دائىم مۇشۇنداق قاراڭغۇ بولۇپ
كېتىدۇ . لېكىن، تېخى نامازغا ئەزان چىقماپتۇ . ئەمما ، ئەزان
ۋاقتى بولاي دەپتۇ . كامىل دېگەن دەيۇز كېلىپ يۈرمىگىدى ،
كەلسىلا ئىش چاتاق ، كېچە - كۈندۈز ئۇنى پايلاپ ياتقان پايلاقچى
ئىتلار ئۇيىنىڭ تۆت ئەتراپىدا ئوغرى مۇشۇكتەك پايلاپ ياتىدۇ .
ئىگەرچەندە كامىلنىڭ ئۆيگە كەلگىنىنى بىلىپلا قالسا باسىمداپ
چىرىپ ، كامىلنى قىرغاۋۇلنى باساغدىغاندەك باساغداپ
تۇتۇۋالىدۇ . بېشىڭنى يەيدىغان كەپقالمىغىدى . بۇ قېتىم
ھۆكۈمەتنىڭ پەيلى يامان ، ساقچى ، ياندىقچى دېگەنلەرنى پى - پى
قويۇن چىقارتىپ جېنىنى ئاپتۇ . ئۇلار بۇ قېتىم ئۇنى تۇتۇۋالسا
پات قويۇۋەتمىگۇدەك ، ئۇرۇپ بىر يېرىنى ھەيۋىناق قىلىپ
قويامدىكىن دەپ يۈرىكىم سۇ . كەلمە ، كامىل كەلمە . كەلسەڭلا
بېشىڭنى يەيسەن . ھەرگىز - ھەرگىز پوق يەپ كېلىپ سالما .
ھۆكۈمەتنىڭكىنىمۇ ، شەخسنىڭكىنىمۇ ، كوپىراتسىيىنىڭكىنىمۇ
ئوغۇرلاپ شۇنچە ئوغۇرلۇق قىلغان بولساڭمۇ ھازىرقىدەك
بۇنچىۋالا قاتتىق تېرىكمىگەن ، بۇنداق پەيلىنى يامان قىلمىغان .
ئېزىپ ، قارا باسقاندەك زاراتتىكى باشلىقنىڭ خوتۇنىغا چېقىلىپ
قويۇپ مانا ئەمدى ئىششەك بالاغا قالدىڭ ، ئۇلار رۇدىپايدەك
چاپلاشتى . كامىل ، بۇ بالادىن قانداق قۇتۇلارسەن . ئۆمۈر بويى
ھېلى سولاقتا ، ھېلى قاچاقتا ئۆتەرسەنمۇ . ئۆزۈڭ تۇغۇلۇپ
ئۆسكەن ماكانىڭدا بىر ئۆمۈر قېچىپ يۈرۈپ ئۆتەرسەنمۇ ،
ھازىرغۇ پۇت - قولاڭنىڭ مادارى بار ، قاچارسەن ، قېرىپ ،
پاچاقلىرىڭنىڭ يىلىكى قۇرۇپ مادارىڭدىن كەتكەندە قاچالماي
تۇرمىدە ياتارسەنمۇ . ساڭا خوتۇن بولۇپ قالغىنىم ، بالىلىرىمغا
ئانا بولغىنىمنىڭ ئۇچۇن ئۆمرۈم ئەر خوۋلۇقى كۆرمەي ياشلىقىڭدا

ئوغرى بولۇپ ، يا ھۆكۈمەتكە ، يا خەلققە ، يا ئۆيگە تۇتۇق بەرمەي ، قېرىغاندا تۈرمىدە يېتىپ ئۆتۈپ كېتەرسەنمۇ ؟ سېنىڭمۇ بى ئارام خۇدا ئۆيدە پۈت - قولۇڭنى سوزۇپ مەھەللىدە ئىچىلىپ ئولتۇرغىنىڭنى ، بىر قاچا ئاشنى قىزىقىدا بەخارامان تەرلەپ - پىشىپ ئىچكىنىڭنى ، داستىخاندا دەرقەمتە ئولتۇرۇپ تاماق يەپ ، دۇئا بېرىپ قوپقىنىڭنى كۆرۈپ ئۆلۈپ كېتىدىغان كۈنۈمىمۇ بولارمۇ ، يا ئاللا كامىل ، يا ئاللا ، يامانىنىڭ ئوتى يامان دەپ كىم دېگەن بولغىيتتى . كىم بۇ ھۇناقنى ھۇنىغان بولغىيتتى . سەن ماڭا شۇنچە خاپا سالساڭمۇ ، بېشىمغا سالغان دەرد - ئەلەملىرىڭ شۇنچە ئېغىر بولسىمۇ ، «ئىت ئۇرغۇچىسىغا ئامراق ، دېگەندەك يەنە سېنىڭ غېمىڭنى يەيمەن . يەنە سەندىن ئەنسىرەيمەن . چايناپ - چايناپ گۆشلىرىڭنى سىكىدەك قىلىپ يۈركمۇتسەم دەردىم چىقارمۇ دەيمەن . يەنە ساڭا چىدىمايمەن . بۇ خۇدايىمنىڭ بېشىمغا سالغان قانداق سەۋداسىكىن ، بىلمىدىم . كەلمە كامىل ، كەلمە ، تۇتۇۋالدۇ . بۇ دۆرەم تۇتۇۋالسا قاتتىق ئۇرۇۋېتىدۇ . هارام تاياق يەيسەن ، سېنى ئۇرۇپ ھەيۋىناق قىلىۋېتىدۇ . زاراتنىڭ تۈرمىسىگە چىرىپ ئۈچ كۈن ياتقان ئادەم تاياقنىڭ ، قىمىن - قىستاقنىڭ يامانلىقىدىن چىقىپ زۇۋان سورمەس بولۇپ قېلىپ ئۇزاققا قالماي ئۆلۈپ كېتىدۇ . كەلمە ، تۇتۇلۇپ قالسەن . مەھەللىدىكى ئىتتىن مۇشۇككىچە ھەممىسى بىلىپ كەتتى . بۇ قېتىم تۇتۇۋالسا ، بۇ يەرگە سولىماي ئۇدۇل زاراتقا ئاپىرىپ زاراتتىكى يامان تۈرمىگە سولاپ بېرەرمىش . سېنى تۇتۇپ بەرمىسە ھەممە ساقچىلارنى بىكار قىلىۋېتەرمىش . ناھىيىدىكى ھەممە باشلىقنىڭ تېگى زاراتلىق ، ھەممىسىنىڭ تىلى بىر . تېگى - تەكتىدىن ھەممىسى زاراتلىقنىڭ دېيىنى چالىدۇ . ئاغزىدا چىرايلىق گەپ قىلىپ «ۋاي يەرلىكنىڭ مەنپەئىتىنى قوغدايمىز ، يەرلىكلەرگە ياردەم قىلىمىز ، دېگەن بىلەن ئەمەلدە يەرلىكلەرنىڭ نېمىسى چىرايلىق كۆرۈنسە شۇنى

تارتىۋالىدۇ. تارتىۋالمىغۇچە كۆڭلى ئارام تاپمايدۇ.»
ئېغىلدىكى قىزىل خوراز ئۈنىنىڭ بارىچە ئۈزاقتىن - ئۈزاقا سوزۇپ چىللىدى. پېشايۋان ئاستىدىكى كۆۋۈكتا توخۇم بېسىپ ياتقان دەمدار سوزۇپ - سوزۇپ دەم تارتىپ ئۈنلىدى. مەھەللىنىڭ ئۆي - ئۆيلىرىدىن خورازلار بەس - بەستە چىللاپ، ئېشەكلەر ھاڭرىدى. باغدىن كاككۇكلارنىڭ بىر - بىرىنى تۇۋلىشىپ سايرىغان، تېلمىقىپ كۈلگەن ئاۋازى جىمجىت كېچىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى جاكار قىلدى. بارلىق قۇشلار، جان جانىۋارلار چۇرۇقلىشىپ ئويغىنىشىپ كېتىشتى. بانىخاننىڭ ئۇيقۇدىن ئويغىنىپلا غەمگە پاتقان كۆڭلى پاراكەندە بولۇپ ئۆگزىدە پات - پات غىمىلاپ ماڭغان تاۋۇشقا دىققەت قىلدى. پايلاپ يۈرگەنلەر ئۆگزىگە ياماشقانمىدۇ ياكى ئۆگزىگە ئوغرى مۈشۈك چىققان بولغىيمىدى. ياق، ياق، مۈشۈك بۇنداق ماڭمايدۇ. بۇ مېڭىش مۈشۈكنىڭ مېڭىشىغا نىزەمبىللا ئوخشىمايدۇ.
بانىخاننىڭ خىيالى شۇ يەرگە كەلگەن ھامان تۈڭلۈككە بىر قارا سايە كېلىپ تۈڭلۈكنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ۋاخنىسىغا ئارغامچا سېلىپ ئېسىلىپ چۈشتى.
— ۋاي بېشىڭنى يەيدىغان ئۆلگۈر، كەلمە ... كەلمە دېسەم نېمىشقا كەلدىڭ. بۇرنۇڭغا ئۆلەم پۇراپ كەپسەن - دە، تاياق - دۇمبا سېغىنىپ كەلدىڭمۇ؟
— زۇۋانىڭنى ئۆچەر قانجىق، نېمە توختىد - - - - ماي كاركىرايسەن. — كامىل زەي قىسماقنىڭ ياغىچىدەك قاتتىق قوللىرى بىلەن بانىخاننىڭ بېقىنىنى بىر مۇتاپ تولغاشتۇرۇۋەتتى. بانىخان ئاغرىقنىڭ يامانلىقىدىن تولغىنىپ جايىغا ئولتۇرۇپ قالدى. ئەمما ئۈن قويمىدى. كامىل ئۆشنىسىدىن ئېغىر بىر تاغارنى ئېلىپ جىمىدە تۇرۇپ سىرتنى تىڭشىدى. ئۆگزىدىن ياكى ئۆي ئەتراپىدىن جان - جانىۋارلارنىڭ ئاۋازلىرىدىن باشقا غەيرىي شەپىنى سەزمىگەندىن كېيىن ئوغرى

مۇشۇكتەك چاققانلىق بىلەن يېشىنىپ يوتقانغا كىرىپ بانىخاننى تارتتى . مەھەللە مەسچىتىدىن ئابدۇرۇسۇل مەزىننىڭ بوم ھەم چىرايلىق ئەزان ئاۋازى ئاڭلاندى .

— تاڭ ئاتتى . ناماز ۋاقتى بولدى . سەتلەشمەڭلار ، — بانىخان ئاغزىدا شۇنداق دەپ تۇرسىمۇ كاملىنىڭ سۆرەشلىرىگە باغلاققا كۆنگەن پاقلاندەك ئەگەشتى .

— نامازغا ئۈلگەرمەيدىغان بولدۇمىيا ئەمدى .

— كەچكىچە لالىيىپ ياتماي گاچچىدە بويۇڭنى سۇغا سېلىپ نامازنى ئوقۇپ ، قازانغا گۆش سال . باللار ئەتىگەندە پاقلان گۆشىدە ناشتا قىلسۇن .

كاملىنىڭ ئاۋازى بوغۇق ھەم بوم ئىدى . خۇددى تازا كۆيۈۋاتقان ئوچاققا يۇلغۇن قاختىسىنى سېلىپ كۆسەي بىلەن كوچىلىسا ئوت بېسىقىغا چۈشۈپ قالغاندەك بانىخان بىر ئىنجىق بىلەن بوشاپ جىم بولۇپ قالدى . بىردەم جىملىقنىن كېيىن بانىخان ئۈنىنى چىقارماي بوقۇلداپ يىغلىغىلى تۇردى .

— يىغا يىغىنى كەلتۈرىدۇ دەپ يەنە مىشىلدىغىلى تۇردۇڭ . تولا چىشىمنى قېرىشتۇرمىغىنا خوتۇن ، تايىقىمنى سېغىندىڭمۇ .

— ئەنسىرەۋاتىمەن . كەلمىسەڭ بولىتتى كامىل . كەلمىسەڭ بولىتتى . ئۇي ئەتراپىدا سېنى پايلاپ ياتقان ئىتلار بار ، بىلمەيسەن .

— كەلگىنىم بولمىدىما . ھەپتە - ئون كۈن كەلمىسەم سارالڭ بولۇپ باللارنى تالاپ كېتىسەن ، كەلگىنىم بولمىغان بولسا كەلمىدىم .

— ياق ، ياق ، كەلگىنىڭمۇ بولدى ، سېنى تۇتۇۋالامدىكىن ، سەندىن ئايرىلىپ قالارمەنمىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن . سېنى كەپ قالارمىكىن دەپ مەھەللە كوينى بەك بېقىشىپ كېتىپ بارىدۇ . بۇدا قېتىم پەيلى بەك يامان .

— ساڭا راست گەپنى دەي خوتۇن ، مەن يوق يېگەندەك

ھېلىقى بىر خوتۇن بىلەن تۇتۇشۇپ قېلىپ نەدىن ساق بېشىمغا يېلىم چاپتىم . كېيىن ئويلاپ باقسام ، ئىماندىن ئاجراپ كېتىدىكەنمەن دەپ ئىزدىمىگەنتىم . ھەممە بالانى تېرىۋاتقان ئاشۇ خوتۇن . بەك يامىنىغا كەلسە شۇنى ئىزدەپ قويسام بولىدۇ . قايناۋاتقان قازانغا سۇ قۇيغاندەك ھەممىسى بېسىقىدۇ .

— شۇ بۇزۇقنىڭ ئاغزىغا سۈيدۈكمۇ مۇناپىق ، ئىمانسىز . ئىست ، ئىست ... بىلىپ تۇرۇپ يەنە ساڭا خوتۇن بولىدىكەنمەن ، تۇۋا خۇدايىم خوتۇن خەقنى نېمانداق ئاجىز ياراتقانسەن . ھەر ئىككىمىز ئىمانىمىزنى يىغلايلى ... دەيۇز قىزىل باش ، ئىزا تارتماي يەنە ئىزدەيمەن دەۋاتقىنىنى كۆ تېخى .

— ئامال يوق ... مەن ئىزدىمىسەم ئۇ ئىزدەيدۇ . مەن ئىزدىسەم جىمجىتلا يالغۇز ئىزدەيمەن . ئۇ ئىزدىسە پۈتۈن يۇرتنىكى غالچىلار قۇمۇرۇلۇپ ئىزدەيدۇ . بىزگە كۈن يوق . شۇڭا ، قانچە گۇناھكار بولساممۇ كۈننىڭ سېرىقىنى كۆرۈش ئۈچۈن ئۇنى ئىزدىمىسەم بولمايدىغان ئوخشايدۇ .

— ئىزدىمە ... ئىزدىسەڭ تۇتۇۋالسا سېنى يوقىتىۋېتىدۇ .

— ئۇ ئىزدەپ تېپىۋالسا ، تۇتۇۋالسا سەن دېگەندەك بولۇشى تاۋاقتىكى ئاشتەكلا گەپ . مەن ئىزدەپ بارسام ئۇنداق بولمايدۇ .

— مەن چىدىمايمەن . ئۆلۈپ كېتىشكە چىدىساممۇ بۇنىڭغا چىدىمايمەن . ئىماندىن ئاجراپ ياشىغاندىن ئۆلگەن ئوبدان .

— ئەمسە ئۆلۈپ تۇگىسەم بولىدىكەن ـ ھە ، ساڭا .

بانىخان گەپ قىلماستىن ئۆلۈغ ـ كىچىك تىنىدى ـ دە ، چىقىپ كەتتى .

— بولە سۇ تەييارلا ، سۇ ئىسسىقلى ۋاقچى قالدۇق . سوغۇق سۇدىلا بويىنى سۇغا سېلىپ ناماز ئوقۇيلى . بىر پاقلاننىڭ گۆشىنى ئالغاچ كەلدىم ، ياتسىنى قازانغا سال . سېرىقتال مەزگىلدە ئادەمنىڭ يىلىكى سويۇلۇپ ئاجىزلاپ كېتىدۇ . باللار

بىر تويۇۋالسۇن . قالغىنىنى تاماق ئېتىپ بېرەرسەن .

بانىخان ساپال ئۇرىقتا سۇ تەييارلاپ ئۆينىڭ بۇلۇڭىدىكى ئەۋرەزنىڭ توپا باسقان شالىلىرىنى يۇدى . كامىل غۇسلا قىلىپ بولغاندىن كېيىن بانىخان قوللىرىنى جەينەككىچە تۇرۇپ كامىلنىڭ بېشىدىن سۇ قۇيۇپ ئۆز قولى بىلەن يۇدى . كامىل مۇزدەك سۇدا دەسلەپ ئەندىكىپ چىشلىرى كاسىلداپ كەتتى ، كېيىن كۆنۈپ قالدى . بانىخان كامىلنىڭ سىپىق تەر پۇراپ كەتكەن قولتۇقلىرىنى يۇيۇۋېتىپ ئۆزىچە سورىدى .

— ھېلىقى خوتۇننى ئىزدەپ بارساڭ راست سېنى ئارامىڭدا قويامۇ .

— بۇ قاچىدىكى ئاشتەك گەپ .

— شۇ چاغدىمۇ يەنە شامالدەك بىر ئىزىڭلىدا تۇرماسلەمۇ ياكى ماۋۇ ئۆيدە تۇراسلەرمۇ .

— كۆڭلۈمدىكى گەپنى قىلدىڭ . تۇرۇش - تۇرماسلىقىم ساڭا باغلىق .

— يەنە مېنىڭ قانداق گۇناھىم بار . بەش بالاڭلىنىڭ ئانىسى مەن . بالىلىرىڭنى ساق - سالامەت تۇغۇپ بېقىپ قاتارىغا قوشتۇم . شۇنىڭ يۈز - خاتىرسىنىمۇ بولسا قىلمامەن . بالىلىرىڭدىن ئىزا تارتمامەن . ئوغلۇڭ ئۆيلەنگۇدەك ، قىزلىرىڭ ياتلىق قىلغۇدەك بولدى . ھۆكۈمەت تۇتۇش بۇيرۇقىنى بىكار قىلسا سېنىڭ ئۆيدە تۇرماسقا يەنە قانداق بانايى - سەۋەبلىرىڭ بار . ئەمدى نومۇس قىل . ساقاللىرىڭغا ئاق سانجىلدى . چىشلىرىڭنىڭ توۋى ساغاردى . قاچانغىچە چوڭ بولمايسەن ، قاچانغىچە ياشلىق قىلىسەن ، ئەمدى خەقنىڭ بېغىنى ماراپ ، ئۆگزىسىگە چالما تاشلاش نۆۋىتى ئوغۇللىرىڭغا كەلدى . ئاشنىدارچىلىقلىرىڭنى يىغىشتۇر . خەقنىڭ تېمىدىن سەكرەۋەرسەڭ ، يىلىكىڭ جىگىلىگەندە ، سۆڭىكىڭ چۇرۇكلىشىپ گۆچچىدە ئوشتۇلۇپ ئولتۇرۇپ قالسەن ، سەندىن

خۇش بولۇپ قالاي، ئەمدى تالاغا قالىما! — بانىخان
يىغلامسىراپ يالۋۇردى. ئەتىر پۇراپ تۇرغان يېڭى لۆڭگە بىلەن
كاملىنىڭ باش - كۆزىنى سۈرتۈۋېتىپ:

— تولا كوتۇلدىما، ناماز ۋاقتىنى يەيسەن. سەن بۇنداق
كوتۇلدىغان بىلەن مەن تالادىن يىغلىسام پايلاپ بولالمايسەن.
ئاغرىپ يېتىپ بېرسەن، ئۇ چاغدا ئالتە مەدىكار سېنى باقسا
بولىدۇ.

— مەن خۇش بولۇپ قالاي، كالتا كۆسەي ئاشنىلىرىڭنى
تاشلا. ئاۋۋال ئۆيدە تۇرۇپ باق. راست سەن دېگەندەك بولسا
ئاندىن بىر گەپ بولار.

— خۇدايىمدىن كۆڭلۈمگە ئىنساپ تىلە. ئۆيدىن كۆڭلۈم
سۇ ئىچمىدىغان، ئۆيدىن نېرىغا بارمايدىغان قىلىشنىڭ ئېپىنى
قىل.

— نېمە قىلسام بولىدۇ، قانداق قىلسام كۆڭلۈڭدىكىنى
تېپىپ قىلالايمەن. سەن ئۆيدە تۇرىدىغان ئىش بولسا نېمە ئىش
بولسا قىلاي، ئاسماندىكى يۇلتۇزنى ئۈزۈپ بەر دېسەڭ ئۈزۈپ
بېرەي، قولۇمدىن كېلىدىغان ئىشنى دېگىن.

— كۆڭلۈمنى ئۆيگە باغلىيالىساڭلا بولدى.

— قانداق قىلسام باغلايمەن. باخشىغا ئوقۇتامدىم، موللىغا
ئوقۇتامدىم، ئىسسىتقۇ قىلىپ مېھرىڭنى ماڭا باغلامدىم.
ھەممىنى قىلدىم. يەنە سېنى باغلاپ قالالمىدىم. كالتا - كۆسەي
ئاشنىلىرىڭغا مىڭلاپ سوۋۇتقۇ ئوقۇتۇپمۇ تاشلاتقۇزالمىدىم. ئاشۇ
ئېلىنماسلارنى تاشلىغان بولساڭ كۆڭلۈڭ ئۆيگە باغلىناتتى.

— غاچچىدە نامىزىمنى ئوقۇپلا كېتىمەن. گۆگۈم سۇزۇلۇپ
بولغۇچە چىقىپ كەتمىسەم بولمايدۇ. زارات تەرەپكە بېرىپ
پېيىمگە چۈشكەن ۋاژ - ۋاژ بازارنى بېسىقتۇرمىسام بولمايدۇ.
ئەس - يادىڭ مېنى تالادىن يىغىش بىلەن قالغان بولسا باغنىڭ
ئارقىسىدىكى بىر ئېتىز ئۆينى ئوبدان راستلا. ئەكېلىدىغان

بىرسى بار . شۇنى پاتقۇزساڭلا ئۇنىڭدىن باشقا ئاسماندىن پەرىزات چۈشۈپتۇ دېسىمۇ بارارغا رايىم يوق . دائىم بېقىنىڭدىن چىقماي ئۇچىقىڭغا ئوت قالاپ ، كۆلۈڭگە توكۇرۇپ ئولتۇرىمەن .

— ھېلىقى ... ھېلىقى ... پىستە كۆچۈكتەك ئىنجىمارۇق ، ئاق شاپتۇلمۇ ... ئۇنى كۆرەرگە كۆزۈم يوق . نومۇس قىل پوق ساقال ، نومۇس قىل . ئۇ بىرمە قىزىڭدىن كىچىك تۇرسا ، باللىرىڭدىن ئىزا تارتمامسەن . ئىزا دېگەننى بىلمەمسەن ؟

— جاھاندا ئىزا - نومۇس بولغان بولسا مەن ئوغرى - بۇلاڭچى بولمايتتىم . ئىزا تارتمىغانلار جاھان سوراۋاتىدۇ ، قانچە نومۇسسىز بولسا شۇنچە يۈز - ئابرۇيلۇق بولىدىكەن ، جاھان شۇنداق بولغاچقا مەنمۇ شۇنداق بولغان . بىرگە چىدىمىساڭ ، مىڭغا چىدا .

— كۆزۈم كۆرمىسە ، قۇلىقىم ئاڭلىمىسىلا نېمە قىلساڭ قىلمامسەن . مەيلىڭ ، لېكىن كۆز ئالدىمغا ئەكېلىپ پېشانەمگە تاقاپ تۇرۇپ يىگىرمە يىل تۇتقان ئۆيۈمگە جالىپىڭنى ئاياغ باستۇرىمەن دەيدىكەنسەن ، ئالدىڭدا قارنىمنى يېرىپ ئۆلۈپ بېرىمەن .

كامىل ئۈن - تىنسىزلا نامازغا تۇردى . بانىخانمۇ خىتىملداپ يىغلاپ تۇرۇپ بېشىغا ئاق لېچەكنى ئارتىپ ياندىشىپ بامداتنى باشلىدى . ئۇ ناماز ئايەتلىرىنى ئىچىدە ئوقۇۋاتقان بولسىمۇ توختىماي ئىچ - ئىچىدىن ئۆرلەپ چىقىۋاتقان ئۇلۇغ - كىچىك تىنىقلىرى بىلەن ئېيەدەشلىرى زادىلا بېسىلمىدى . ئىچىگە كىرىۋالغان ئەنسىزلىك ئۇنىڭ ئەس - ھوشىنى يوقاتقانىدى ، ئۇ سىرتتىكى غەيرىي شەپىگە دىققەت قىلالاتتى . ئۇ ئىككى قېتىم ئېزىپ كېتىپ نامىزىنى يېڭىلاپ ئوقۇپ بولغۇچە كامىل خاتىرجەم نامىزىنى ئوقۇپ دۇئاسىنى قىلىپ تۈگەللۈكتىن يامشىپ چىقىپ كېتىپ بولدى . بانىخان جايىنامازغا يىقىلىپ ھۆڭرەپ

يىغلاپ كەتتى .

— ۋاي خۇدا ... يا ئاللا ئالدىڭدا قانداق بىر سەۋەنلىك ئۆتكۈزگەن بولغىيتتىم . نېمە كۆرگۈلۈك بۇ ، نېمە تارتقۇلۇق بۇ ... قانداق دېگەن تۇۋا قىلىشۇرسەممۇ تۈگىمەيدىغان جازا بۇ . كىچىك چاغلىرىمدا ھېچكىمنى زاڭلىق قىلىپ كەينىدىن كۈلگىنىمنى ، تۇۋا دەپ ياقامنى تۇتقىنىمنى بىلمەيمەن . كىمدىن ئۆتكەن گۇناھى كەبىرگە مېنى شۇنداق جازالايسەن . ئۇلۇغ پەرۋەردىگار سەن كەچۈرمەيدىغان ئېغىر گۇنانى مەن كۆرمىگەن ، ئۇلۇپ كەتكەن بوۋامدىن بىرەرسى ئۆتكۈزگەن بولسا ، شۇ بىر ئادەمنىڭ گۇناھى ئۈچۈن يەتمىش ئىككى پۇشتىمغىچە دوزاخ ئازابىدا قالارمىش دېگەن گەپلەر راستمۇ . مېنىڭ قايسى بىر جەددى - جەمەتىمنىڭ ئۆتمەس گۇناھى ئۈچۈن ماڭا بۇ كۈنلەرنى كۆرستىسەن ئاللا . ئۇلۇغ پەرۋەردىگار ، تارتىۋاتقان ئازابلىرىم ، كۆرۈۋاتقان رەنجى - مۇشەققەتلىرىم ، چېكىۋاتقان زۇلۇملىرىم ئازدەك ئەمدى قويۇپ قولۇمنى كۆسەي ، چېچىمنى سۇپۇرگە قىلىپ يىگىرمە يىل تۇتقان ئۆيۈمگە بۆشۈكمە بوزۇلغان بىر جالاپنى كۈندەش قىلىپ ئەكىرىپ كۆز مۇنچاقتەك ئىشكىمنىڭ بېشىغا ئاسارسەنمۇ ؟ !
مەن نېمە گۇناھ قىلغان بولغىيتتىم شۇنچىلىك ... ئاسامسەن ئاللا ، زامان يول قويامدۇ . كومپارتىيىنىڭ سىياستى يول قويامدۇ . گوڭشەنداڭ زامانىدا ھېچكىم كۆرمىگەن كۈننى مەن كۆرەمدىمەن ... ئەل ، يۇرت يول قويامدۇ . بېشىڭنى يەيسەن كامىل . بوينۇڭ سۇنۇپ ئۆلسەن كامىل . ئەمما ، كامىل قىلىۋاتقان ئىشنىڭ بىرسىمۇ گوڭشەنداڭ ھۆكۈمىتى قىلىڭلار دېگەن ئىش ئەمەس . ھەممىسى ھۆكۈمەت قىلما دېگەن ئىش . ئەمما بۇ دەيۈز دائىم ھۆكۈمەت قىل دېگەن ئىشنى قىلماي ، قىلما دېگەن ئىشنى قىلىدۇ . مانا ئەدناسى كىم ئۆزىنىڭ ئۆيىگە تەييار ئىشكتىن كىرىپ چىقماي ئۆز ئۆيىگىمۇ ئوغۇرلۇقچە توڭلۇكتىن

كىرىپ - چىقىدۇ . ھازىر كـــىم مۇشۇنداق پۈتۈن - پۈتۈن قويلارنى قازانغا سېلىپ يەيدۇ . بىر ئادەمنىڭ ئايلىــق گۆش نورمىسى ئىككى يۈز گرام . ئەمما بۇ ھەقلى يوق ئۇنداق سىياسەت بىرمەمگە ھېساب دەپ خۇددى ئۆزىنىڭ قورۇۋالغان شەھىرى بارىدەك ، ئۆزى بېقىپ قويغان پاقلاندەك ، ئۆزىنىڭ قوتىنىدەك كوپىراتسىيىنىڭ قوتىنىغا كىرىپ تاللاپ سويۇپ ئەكېلىپ يەيدۇ . ئوغۇرلۇق ھارام قىلىـــنغان تۇرۇپ ، خۇدا ئۇنىـــڭغا ھارام سىڭدىنغان ياراتقان . ھارام يارىشىدىغان دۇرۇن . يېـمە - يېـمە بالا - جازا كەلمەيدۇ . ئوغۇرلىغاننى غېرىب - غۇرۋا ، يېتىم - يېسىرلارغا بېرىپ تۇرۇپ يېگەچكىمۇ ، شۇنىڭ خاسىيىتىدىنمۇ . كىمن تۇتۇلۇپ قالمايدۇ . خۇدا ساقلىسۇن ، تۇتۇلۇپ قېلىشتىن خۇدا ساقلىسۇن . ئۇ تۇتۇلۇپ قالسا ئاغزىمغا قاغا چىچىدۇ . بالىلىرىمنىڭمۇ ئاغزىغا قاغا چىچىدۇ . ئوغۇرلىسىمۇ ئوغۇرلاپ پات - پات ئەكېلىپ تۇرغاچقا بـالىلىـرىمىز خېلـى ســوقـتـا ، يېگەن - ئىچكەندەك چوڭ بولۇۋاتىدۇ . خەقنىڭ بالىلىرىدەك جىڭىلەپ ، شامال كېـەل بېـسىپ تۇزۇك چوڭ بولالماي ، ئۇزۇم ئەت ، بېشى قاپاقتەك ، بوينى ساپاقتەك ، كۆزلــىرى چامغۇر ئورىسىدەك بولۇپ ، ئۇچى قىچىشـا مەيدىسىنـــى قاشلايدىغان بەرسەڭ يەيمەن ، ئۇرساڭ ئۆلىمەن ، دەپ ئىنجىمارۇق بولۇپ قالسا قانداق قىلغۇلۇق . راست ••• راست بىــر قارىماققا ئۇ دەيۈزنىڭ گېپى ئوڭدەك تۇرامدۇ نېمە . تۇتۇش بۇيرۇقىنى بىكار قىلسا ، تالادا مىڭى بىلەن چاتاق تېرىپ كېچە - كۈندۈز غەم - غۇسسە ، ئەندىشە ، ۋەسۋەسە بولغۇچە مۇشۇ ئۆيدە ئاشۇ بىـــر ئازگالچى بىلەن ھالال نىكاھلىق ئۆتىسىغۇ خېلى خاتىرجەم بولۇپ قالامدىم نېمە .

بانىخان جايىنامازدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ كۆزىنى ئاچتى . ئۆي ئىچى خېلـــــلا يورۇپ قالغانـــــدى . ئۇ تۈڭلۈككە قارىدى . تۈڭلۈكتىن سۈزۈك كۆك ئاسمان كۆرۈندى . بانىخاننىڭ كۆڭلى

ۋاللىدە يورۇپ ئىچى بوشاپ يەڭگىللەپ قالغاندەك بولدى .

## 21

تۈن كېچە خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغانىدى . ئىشىك پەم بىلەن ئاستا چېكىلدى . كېيىن قاتتىق قېقىلدى . ھەمــــدەم ھەمىمدىن بۇرۇن ئويغانغان بولسىمۇ قورقۇپ جىــــمىمدە يېتىۋالدى . ئاۋۋال ئاغىچىخان ئويغىنىپ غۇتۇلدىدى :

— تۈن تەڭ بولغاندا چىمدۇ ئەمدى ، ئادەمنى ئۇخلاتماي ، ھەي ... ھەي ... ئويقاڭلىنى ئېچىڭلار ، بىرسى ئىشىكنــى قېقىۋاتىدۇ . ھەجەپ بىر ئۇخلىسا ، ئۆلۈكنىڭ ساڭرى ئۇخلايدۇ ئىيەكىم . ئويغىنىڭلار دەيمە ، بىسى ئىشىكنى بەك قېقىــپ كەتتى .

— چىما ... چىم دەيمە ... — يېرىم كېچىمدە ئىشىكنى قاققان .

— مەن ... مەن ... مەن چاپاق كۆللۈك سايىم روزى .

— چاپاق كۆللۈك سايىم روزى دېگەن چىمۇ ؟ سايىم روزى بولساڭ بولمامسەن ، نېمە كارىم . ئىشىڭ بولسا ئەتە كەل ئاداش ، ئادەمنى ئۇخلىغىلى قوي ، — ئايۇپ تېرىكىپ ۋارقىراپ كەتتى . ئۇنىڭ غاراڭ - غورۇڭ ۋارقىراشلىرىدىن بۆشۈكتە قېتىــپ ئۇخلاۋاتقان بوۋاقمۇ ئويغىنىپ كېتىپ يىغىغا تەگدى .

— را شۇ ... را شۇجى كەچكە تارتىپ چاپاق كۆلگە بېرىپتىكەن . چاپاق كۆلدە ئوغلاق پىشۇرۇپ مېھمان قىلغان ، بىردەم ئىچىپ تەڭشەلگەندىن كېيىن ئوغلاقتىن يەنە بىرنــى سويۇڭلار دېدى . سويۇپ بولغاندىن كېيىن ئوغلاقنىڭ ئۇچىسىنى ئايۇۋاخۇنغا ئاپىرىپ بەر . بۇگۇنكى ئوغلاق گۆشىدە ئۇنىڭمۇ نېسىۋىسى بار . ئۇنى مەن ئىز باسارلىققا تاللىدىم . مېنىــڭ ئىزىمنى باسىدىغان ئادەم ھازىردىن باشلاپ ماڭا ئوخشاش ئوغلاق

سويدۇرۇپ يېيىشنى ئۆگەنمىسە بولمايدۇ دەپ، بىر ئوغلاقنىڭ ئۆچىسىنى ھازىر ئاپارمىساڭ پۇراپ قالىدۇ، كېچىچە ئاپىرىپ قولىغا تەگكۈزگەن - تەگكۈزمىگەنلىكىمنىڭ خەۋىرىنى ماڭا ئېلىپ كەل، دېدى. ئىشكنى ئېچىپ ئامانەتنى ئېلىپ، مېنى بۇ يۈكتىن خالاس قىلغىلى ئايۇۋاخۇن.

ھەمدەمنىڭ يۈرىكى دۈكۈلدەپ سوقۇپ كەتتى. بىر قورقۇنچلۇق سېزىم ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا تاراپ يۈرىكىنى مۇجىغاندەك بولدى.

ئايۇپ ئىنجىقلاپ ئۆمىلەپ يوتقاندىن چىقىپ چىراغنىڭ يېپىنى تارتتى. تۈن تەڭدىن ئېشىپ كەتكەن بولغاچقا، يېزىنىڭ موتۇرچىسى توختى بارات موتۇرنى ئۆچۈرۈپ توكنى توختاتقاندى، تۈم قاراڭغۇ ئۆيدە ئايۇپنىڭ ئېغى كەڭ تىزىغا چۈشىدىغان ئاق دابو كۆسىرى كۆزگە غۇۋا چېلىقتى.

— را شۇجىزە ئاغزىغا ھاراق تەگدى قىزىپ قالسىلا بىزنى يادلىماي قالمايدۇ، ئا... ئادەمنىڭ بىرمۇنچە كايىغىنىنى-ى كۆمەسىلە، — دەپ غودۇڭشىدى ئايۇپ.

— بوپتا، غوجامنىڭ بەرگىنى خۇدانىڭ بەرگىنى. ئاشۇ ئادەمنىڭ بىزگە دىلى تارتقاننىڭ ئۆزى بىز ئۈچۈن ئالەمچە ئىش. بولمىسا ئۇ ئادەم بىر كىمگە بىرمە بېرىش ئەمەس، مىڭ ئادەم ئۇ ئادەمگە تۆگە سويۇپ بېرەي دەپمۇ، سويۇپ بېرىپمۇ نەزىرىگە ئېرىشەلمەيدۇ. بۈگەن ئۇن تۆگە ئۆلتۈرۈپ قىچقىرىپ ئەتىسى سالام قىلسا تونۇمايدىغان ئادەم ئۇ. ئۇ ئادەمنىڭ كۆڭلىدە شۇنچىلىك ئورۇنغا ئېرىشمەك دېگەن خۇدانىڭ بىزگە بەرگەن ئامەتى، ئامەت. بۇنى بىلسەك، قەدرىگە يەتسەك بولىدۇ، — دېدى ئاغىچىخان يوتقاندا يېتىپ پەخىرلىنىپ ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ.

— تولا ئاغزىمنى ئاچماڭلا جۇما خوتۇن. مەن دەپ قويايى. تولا ئاغزىمنى تاتىلماڭلا قالدىسىنى مەن دېمەي.

— دېسەڭلا نېمىنى دەيتتىڭلا . ئۆزەڭلار تاپقان بالا بۇ . ئۆزۈم تاپقان بالاغا ، نەگە باراي دەۋاغا دەپ ، غىت قىسىپ يولۇڭلىغا ماڭماي ، ۋاي را شۇجى تۇرىدۇ ، سالام بېرىپ ماڭمىساق سەت تۇرىدۇ دەپ ، چاچقاننىڭ ئۆلگۈسى كەلسە مۇشۇكنىڭ قۇيرۇقىنى چىشلەپتۇ دېگەندەك ئۆزەڭلا مېنى ئېلىپ سالامغا باردىڭلا . مەندە نېمە گۇناھ ، بىر ھېسابتا بۇنداق بولغىنىمۇ يامان بولمىدى . تۈگمەنگە باشلىق بولۇش مۇرادىڭلارغا يەتتىڭلا . پارتىيىگە ئۆتتۇڭلا ، تېخى ئىز باسار قىلىمەن دەپ قولتۇقىغا قىستۇرۇپلا يۈرىدۇ . ھە ، مېنى يىراقتىن يۆتكەپ ئەكېلىپ نېنىمنى پۈتۈن قىلدى . ئىش قىلىپ را شۇجى بىزگە يامان قىلمىدى . سىلە ئۇنى ئىچىڭلىگە سېلىۋېلىپ يامان ئالغىنىڭلا بىلەن سىلىمۇ قىلىۋاتىسىلە ، مەنمۇ كۆتەردىم . قانداق قىلىمىز ئەمدى ، جاھان شۇنداقكەن . را شۇجى قىلغان ئىش يالغۇز بۇ ئەمەس . يۇرتتا كېچە بولامدۇ ، كۈندۈز بولامدۇ ، ئۆي بولامدۇ ، چوڭقۇر بولامدۇ نەدە تايىنى تۇتسا ، كىم بىلەن كۆڭلى خۇش بولسا ئۆتكۈزۈپ قويغاندەك ھەر باپ بىلەن پاتمانلاپ خوتۇنلارنى ، مانا مەن دېگەن نۆۋەي قىز - جۇۋانلارنى ھاۋا تاپان قىلىپ ئاغزى - بۇرنىنى ئېتىۋېتىپ كېتىۋەردى . ئەتىسى ئۇلارنى تونۇدىمۇ ، كىمگە قىل چاغلىق مەرى ھەققى ھېسابىدا بىر ئىشنى ئوڭ قىلىپ بەردى؟ ھېچكىمگە يىپ - يىڭنە چاغلىق نەپ بەرگىنى يوق . پەقەت پايدىلانغىنى سىلى بىلەن مەن .

— بولدى ، بولدى ، مەلىم ، خانىم دېگەنلەرنىڭ زۇۋانى بىر ئېچىلىپ كەتسە سېسىق قاپاقتىن سۇ تۆكۈلگەندەك ئالدىراپ توختاتقىلى بولمايدۇ . بولدى زۇۋانىڭنى باسە .

ئايۇپ ئىشىك تاقىغان دەمنى سىلاشتۇرۇپ تېپىپ ئېلىپ ئىشىكنىڭ يېنىغا قويۇپ ئىشىكنى ئاچتى . قورغاق سالقىن شامال ئۇنى سەگىتىپ ئۇيقۇسىنى قاچۇردى . ئىشىكنىڭ غىچىرلاپ ئېچىلىشى بىلەن تالادا تۇرغان ئادەمنىڭ سالام ئاۋازى

ئاڭلاندى .

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ! — دەپ قول سوزدى . قاپاق تېرەكتەك يوغان تەتۈر ئۆستىخان ئادەم .

ئايۇپ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام دەپ خۇشياقماي قولىنى سوزۇشىغا ، قوش قول ئايۇپنىڭ قولىنى زەي قىسماقتەك بىر قىسىپلا ، ئالدىغا تارتىپ بىر كاللا قويۇپلا ، بېشىنى ئايلاندۇرۇۋەتتى . كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ كەتكەن ئايۇپ «ۋاي» دەپ ئاغزى - بۇرنىنى تۇتۇپ بولغۇچە يوغان بىر مۇشت قورساققا قاتتىق تەگدى - دە ، بىر ئىنجىق بىلەن ئالدىغا قاتلىنىشىپ ، پۇت - قولىدا جان قالماي دۈم يىقىلدى . كېيىن نېمە بولغىنىنى بىلەلمىدى . ئىشىك ئالدىدىكى گۈلدۈر - گۇپتىن چۆچۈپ ئورنىدىن تۇرغان ئاغىچىخان :

— ۋاي ، نېمە ئىش بولدى ؟ نېمە بولدى ، — دەپ رۇباشكىسىنى تۈزەپ ئورنىدىن تۇرۇپ پەسكە چۈشۈشىگە قاپقارا دۈشمەندەك بىر گەۋدە شامالدەك كېلىپلا قوچاقلاپ ئاغزىنى تۇتۇپلا بېسىپ گېلىنى سىقتى ، ئاغىچىخان ھوشىدىن كەتكەنىدى .

...

ئايۇپ بىلەن ئاغىچىخان كۆزلىرى قان ، كىيىم - كېچەكلىرى توپىدا بۇلغانغان ھالدا ھوشىغا كەلدى ، ھەر ئىككىلىسى ياقىلىرىنى تۇتۇشۇپ خۇداغا نالە قىلىشتى . ئاغىچىخان ئىچكەركى ئۆيگە كىرىپ :

— ھەمىدەم ··· ماۋۇ ··· ھەمىدەك دېگەن جىن تەگكەن سارالڭ قېنى ، يوقيا . ماۋۇ بالا بىلەنمۇ ، بىز بىلەنمۇ كارى بولماپتۇيا ماۋۇ دۇرۇن ئاژنابىنىڭ ··· بىز مۇشۇنچىۋالا ھارا كويلارغا قېلىپ دىشۋارچىلىق تارتساق ، جاھاننى سەل باسسا ئۆدەكنىڭ چۆقىغا كەلمىگەندەك يا سېنى يۆگەپ قوياي دېمەپتۇ ياكى مېنىڭ بېشىمنى يۆلەي دېمەپتۇ . قېنى ماۋۇ سېسىق قانجۇق . ئەمدى ماۋۇ بالىنىمۇ بولسا ئالاي دېمەي ، ھەي ھەمىدەم

... ھەي ھەمىدەم نەدىسەن . نەدە پوق تېرىپ يەپ يۈرسەن .
ئايوپ دەلدۈگۈنۈپ تۇمشۇقىنى ، بېشىنى چاڭگاللاپ تالاغا بىر چىقىپ كېتىپ يەنە قايتىپ كىردى .
— ئارقىلىقتىمۇ ، خالا جايدىمۇ يوق ، بۇ پاسكىنا ئەتتىۋلەندە نەگە يوقالغاندۇ ؟ ...
— كاسىلداپ تۇرىۋەرمەي بالىنى بۇشۇكتىن يېشىپ گول قىلغاچ تۇرۇڭلار . ئۇ پاسكىنا پەيدا بولغۇچە بالا تولا يىغلاپ پودىقى چىقىپ قالمىسۇن يەنە ...
— مېنىڭ بالىنى قولامغا ئالغۇدەك ھالىم يوق . بېشىم مىڭ تاشنى ئېسىپ قويغاندەك ئېغىرلىشىپ لوقۇلداپ ئاغرىۋاتىدۇ . سەن ئال ، ئالە ئانىسى بولغاندىكىن .
— بويۇمنى سۇغا سالماي بالىنى قانداق قۇچىقىمغا ئالىمەن دۇرۇن ... ئەبگا . مېنى بۇلغاپ قويىدى . بىتەرەت ئالامدىم .
— شۇنداق ئىش بولدىما ... ۋاي سېسىق ئازگالچى . شۇنداق قىلسا قىلغىلى قويدۇڭما ؟
— بابا كۆرمىدىڭما ... كۆزى كور بولغۇر شۇنداق ئىش بولمىسا ئاشۇنداق ياتامتىم . ئۇنىڭدىن باشقا ئىزى قالسا بولامتى ساڭا . ياتىۋالاڭ بىر ياۋا توڭگۇز خوتۇنۇڭنى بېسىۋالسا بوسۇغىدا ياتقاندىكىن خوپ بولدىما ؟ ھۆمەقلى گەجگىسىگە چىقىپ قالغان . ئەر خەق خوتۇن خەقنى بېسىۋالغاندىكىن شۇنداق قىلماي قانداق قىلىتى ئەمىسە . شوۋىنى تولا ئىچىپ مېڭىسى جىگىلەپ كەتكەن ماز پايىنەك .
ئاغىچىخان بالىنى قولىغا ئالدى - دە :
— ئېتىمگنى بەختىيار قويغىنىم بىلەن ھەجەپ تەلەيسىز چىقتىڭ بالام . ئاندىن تەلىيى كەلمىگەن بالام ، — دەپ تېلىقىپ يىغلاۋاتقان ئوغلىغا قاراپ ھۆكرەپ يىغلاپ كەتتى ...

# 22

ھەمدەم كەچكىچە پەيدا بولمىغاندىن كېيىن ئۇلار يېرىم
كېچىدە ئىشىك قېقىپ ئۆيگە بوراندەك كىرگەن دۈشمەننىڭ
ھەمدەمگە مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى، ھەمدەمنى ئاشۇ
دۈشمەننىڭ ئېلىپ كەتكەنلىكىنى پەرەز قىلىشتى. چۈشكىچە ھەر
ئىككىسى داۋام يېتىپ يىغلاپ ھېچكىمنىڭ بېشىغا كەلمىگەن
قىسمەتنىڭ بېشىغا كەلگەنلىكىدىن قاقشاپ چىقىشتى. بۇ ئىشنى
كىم قىلغاندۇ؟! ... ئايۇپ ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ ئاخىر
تاپقاندەك بولدى. بۇ چوقۇم كامىل قىلغان ئىش، ھەمدەك
ئۇنىڭ قىماردا ئۇتتۇرۇۋالغان كىچىك خوتۇنى. ھەمدەمنى ئۇلار
ئۆيگە ئەكېلىۋالغاندىن كېيىن ئۇ قېچىپ يۈرۈپ ئۇنى ئىزدىگۈدەك
ئارامچىلىق بولمىغان. ئەمما، ھەمدەمنىڭ ھال ـ ئەھۋالىنى
تىڭ تىڭلاپ بىلىپ تۇرغان. خەق يامان، خەقنىڭ ئاغزىدىن
بولۇپمۇ تۇرسۇن پاخپاقنىڭ خوتۇنى پاتەكنىڭ زۇۋانىدىن
تارقالغان گەپ. ئۇ يېنى ئات چاپار، بۇيېنى شىبھەت دۆڭگىچە
ئاڭلانغان تۇرسا كامىل ئوغرىنىڭ قۇلىقىغا يەتمەي قالامتى.
بالامنى باققانغا چىدىغىنى بىلەن ئۇنى را شۇجى بىلەن مېنىڭ
كۆندۈرۈۋالغىنىمىزغا چىدىمىغان گەپ ... شۇڭا مەندىن ئەنتىمنى
ئېلىش ئۈچۈن ئۆيگە بوراندەك باستۇرۇپ كىرىپ مېنى ئۇرۇپ
چالا ئۆلۈك قىلىپ قويۇپ خوتۇنۇمنى قونجالىغان گەپ. خەپ
كامىل، خەپ، سەندىن ئەنتىمنى ئالمايدىغان بولسام ئايۇپ دېگەن
ئېتىمنى يۆتكىۋېتەمىنا ... مېنىڭ خوتۇنۇمنى ئەمدى قوپۇپ
يۇرتىنىڭ ئوغرى ـ قاراقچىسىمۇ چەملەمدا. ئەمدى بۇ خوتۇن ماڭا
مەكرو، مەكرولام ئەمەس ھارام بولدى، ھارام. خوتۇن دېگەن
بىر ئەرنىڭ، شۇ بىر ئەر كىشىنىڭلا كېچىسى شەخسىي
راھەتلىنىدىغان يوتقان ـ كۆرپىسى، كۈندۈزى ئاشپىزى، كىر
قاتچىسى، بالىسىنىڭ ئانىسى، ئۆيىنىڭ يارىشىقى ... خوتۇنۇمغا

را شۇجىنىڭ ئۆگىنىشۇالغىنى ماڭا ئۆلۈمدىنمۇ بەتتەر ئازاب بولدى . بۇ ئازابنى تارتالماي يېرىلىپ ئۆلەي دەۋاتسام ، ئۆلگەننىڭ ئۈستىگە تەپكەن دېگەندەك كامىل دېگەن ئوغرىنىڭ شەرمەندىچىلىكىنى ... ئەستاغپۇرۇللا ... مەن ئايۇپنىڭ بېشىغا كەلگەن بۇ كۈننى خۇدا بەندەم دېگەن ئەركەكنىڭ بېشىغا كەلتۈرمىسۇن . مۇسۇلمان بەندىسىنىڭ بېشىغا كەلتۈرمىسۇن . بۇنداق كۈننى كۆرۈپ ياشىغۇچە ئۆلگەن مىڭ ئەۋزەلكەن جۇما . لېكىن يانا ئۆلۈۋالغىلى بولمىسا ... بۇ خوتۇننى قويۇۋېتەي دېسەم تېخى چىدىمايمەن . ئاشۇ تاتلىق ، ياۋاش قارا كۆز ئوغلۇمغا ئىچىم ئاغرىيدۇ ... ئاشۇ بىچارە قارا كۆز ئوغلۇم كىمنىڭ ئالدىدا دادام دەپ بويۇن قىسار ... ئەمدى بۇ گەپ تارقاپ كەتسىزە ، ئاران تۇرغان دوست - دۈشمەنلىرىمگە ھېيت - بايرام بولىدىغان بولدى . خەپ ، خۇدايىم ساقلىسۇن ، خەپ كامىل ، خەپ ھەممىدەك ، بۇ گەپ تارقاپ كېتىدىغان بولسىزە زۇۋانىمنى دارغا تارتمايدىغان بولسام ...

ئۇنىڭ خىيالى ئۈزۈلدى . ئاغىچىخان يېزا دوختۇرخانىسىنىڭ كونا سېستراسى تۇنساخاننى باشلاپ كىرگەندى .

— ۋايجان ئايۇۋاخۇن ، تۇگمەنگە چىگەن ئوغرىزە ھەجەپ يامانكەن - ھە ! مۇشۇنچىۋالا قىلىۋەتتىما ، — تۇنساخان قارا داغ قېتىپ قالغان ياغاق يۈزلىرىنى تارتىشتۇرۇپ ئۇھ تارتتى . ئايۇپ ئىتتىك ئاغىچىخانغا قارىۋىدى ، خوتۇنى كۆزىنى يۇمۇشلاپ «ھە شۇنداق دەڭ ... » دېگەن مەنىدە ئىما قىلدى . تۇنساخان ھەم ئىچ ئاغرىتقان ، ھەم شۇركەنگەن ھالدا ئايۇپنىڭ كۆمىشىرىنى ئىسپىرتلىق پاختا بىلەن سۈرتۈپ ، كالا يېغىدەك سېرىق سىقماق دورىنى تەكشى چاپتى ، ئاندىن ئاق داكىغا مۇشۇك پوقىدەك قويۇق ، سېسىق دورىنى سۇۋاپ تاڭدى .

— ئېچىشىۋاتامدا ؟

— ھە ··· ئە .

— ھە ، ئىچىشما پايدا قىلغىنى شۇ .

— سەت بەتنىيەت ئوغرى بىلەن مۇشۇنچىۋالا ئىلىشقىچە «ۋاي ئالىلاھ مۇشۇ سىبىق تۇگمەندىكى قوناقنى ئالاسەن ، جېنىمنى ئالمىغاندىكىن» دەپ تاشلاپ قاچىسىڭىز يا ئىككى تاغار ئالادى ، يا بى ئۈچ تاغار ئالادى . تۇگمەندىكى ھەممە ئاشلىقنى سىپىرىپ - سۈپۈرۈپ كەتمىگەندىكىن . «جان بولسا جاھان ، ئاش بولسا قازان» دەپتىكەن . سىز بولسىڭىز تۇگمەن بولاتتى . ھەجەپمۇ ئىسىلىۋاپسىز ، جېنىڭىزنى ئۇپرىتىپ ئۇ تۇگمەنگە . ھېلىمۇ ياخشى دەسسەپ ، پىتىقلاپ ئۆلتۈرۈۋەتمەپتۇ . ئۆلگەن بولسىڭىز تۇگمەننى گۆرگە ئىلىپ كىتەمتتىڭىز ؟ ھۆكۈمەت دىگەنگە ئۇنچىۋالا كۆيۈپ - پىشىپ كەتمىسىڭىزمۇچۇ يەنە ئۆرە تۇرىۋىرىدۇ . بىر تال مويى تەۋرەپ كەتمەيدۇ . سىز ساق بولسىڭىز ئىشلىتىدۇ . ئاغرىسىڭىز ، يىقىلسىڭىز ئۆزىڭىزنىڭ جېنى . پىشانىڭىزدىن تەر ئاققوزۇپ ئىتىزدا ئاشلىق تىرىغان بولسىڭىز تۇگمەندىكى ئاشلىقنى قوغدايمەن دەپ ئۆلۈپ بىرەركەنسىز ··· تىڭىقنى كۇندە بىر يەڭگۇشلەيلى جۇما ، ئۇنتۇپ قالماڭ يانا . باشقا يەرلەر ساقتۇ .

تۇنىساخاننىڭ ۋات - ۋات گىپىدىن تىنالماي تۇرغاننىڭ ئۇستىگە ھارۋىكەش سەمەت روزى كىردى . ئايۈپنىڭ يۈرىكى قارت قىلدى . «ئىم ، بۈگۈن كىچە يەنە تىزىمنى قۇچاقلاپ ئۇخلايدىكەنمەن . زادى بۇ خوتۇن ئەمدى ماڭا ئاش بولمايدىغان بولدى ، ئەمدى ··· »

— ئايۈۋاخۇن غاچ بولۇڭلار را شۇجى سىلىنى ساقلاپ قالدى ، — سەمەت روزى ئايۈپنىڭ باش - كۆزىدىكى ئاپئاق داكىنى كۆرۈپ كۇلۈۋەتتى .

— ۋاي ··· ۋاي ··· ئايۈۋاخۇن ، نىمە بولدۇڭلا . نىمانداق يىڭىدىن خەتمە قىلغان بالىنىڭ سوكىسىغا پاختىا يۆگىگەندەك

باش - كۆزەڭلىنى يۆگىۋالدىڭلار؟! تۇنساخان، ئايۇۋاخۇننىڭ بېشىنى نېمانداق ئابدال ماز يۆگىگەن سوكىدەك قىلىپ قويدىڭىز. ئابداللىقتىنمۇ خەۋىرىڭىز بارمۇ نېمە؟!

— تولا چېقىشمىڭە سەمەت روزى، ھېلى باكا جۇما ئاغزىمنى قويۇۋەتسەم پېتىڭىزدىن چۇشۇپ كېتىسىز. ئۆلۈمەن دېسە بىرمە قىلمەن دېگەندەك گەپ قىلمىڭە دېمىمنى تۇتقۇزۇپ.

— ماقۇل، ماقۇل سېىترا خېنىم. چاقچاق قىلماي، ئاغرىپ قىلىپ چىسەم ئوكۇلنى سالمايدىغان يەرگە سېلىپ ساق يېرىمنى ناكا قىلمالڭ يانا. سىزدىن قورقىمەن جۇما، قورقىمەن. ئاغىچىخان، سىزنىڭمۇ ئۆگىۋلىڭىز يوقتۇ، سوقۇشۇپ ئېرىڭىزنىڭ كومشىرىنى شۇنداقمۇ قىلىۋەتتىڭىزما، نېمە بىلەن ئۇردىڭىز. ھاۋانچىنىڭ تېشى بىلەن ئۇرۇپ ئاغزى - بۇرنىنى ماكچايتىۋېتىپسىزدە ... جورۇڭلار، را شۇجىنىڭ ئاچچىقىنى ئۆزەڭلا بىلسىلە، يىلدام چىقمىساق ھېلى ھەمىمىزنى ئاغزىغا كەلگەن يامان گەپلەر بىلەن تىللاپ رەسۋا قىلىدۇ.

ئايۇپ سەمەت روزىنىڭ كەينىدىن يۈرىكى پوكۇلدىغان ھالدا راخمان تۇرنىڭ ئىشخانىسىغا سالپىيىپ كىردى. ئۇ ھەر قەدەم باسقاندا بېشى زىڭىلداپ ئاغرىيتتى. ئىشخانىسىدا كونا ساپاغا يۆلىنىپ ئېڭىكىدىكى پوقىقىنى لىپىلدىتىپ خورەك تارتىپ ئۇخلاۋاتقان راخمان تۇر كۆزىنى ئېچىپ ئايۇپنى كۆرۈپلا تېلىقىپ كۈلۈپ تاۋۇز ئۇرۇقىدەك يۇمۇق كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتتى.

— ھەمە ... ھەمە ... ئادەم پايتىمىنى پۇتىغا يۆگىسە، سەن پايتىمىنى بېشىڭغا يۆگىدىڭما؟ نېمە ئىش بۇ. بېشىڭغا نېمە بالا بولدى؟

مۇشۇ سوئال بىلەن تەڭ تىنالماي تۇرغان ئايۇپ ئېچىنىشلىق ھۆڭرەپ يىغلاپ كەتتى.

— ئاھاي ... بۇقا چاپچىسا چىديالمىغان غۇنجىندەك

ھۆركىرىمەي گەپ قىلە ئاداش .

— ۋاي ماڭا ئىگە بولسىلا را شۇجى ، ۋاي ماڭا ئىگە بولسىلا ، مېنىڭ بېشىمغا كۈن چۈشتى را شۇجى . ئىنسان بالىسىنىڭ بېشىغا كەلمىگەن ئېغىر كۈن ماڭا كەلدى را شۇجى . مەن دەردىمنى قانداق ئىچىمگە پاتقۇزىمەن را شۇجى .

— كەچكىچە را شۇجى ، را شۇجى دەۋەرمەي ، گېپىڭنى دېمەمسەن قولۇڭ چالمىسى مەرەز ، ئېيتمامسەن بېشىڭغا نېمە كۈن كەلدى ؟

— ئايرىم دەيمەن را شۇجى ، دوست - دۈشمەنلەر بىلمىسۇن را شۇجى .

— چىقە مالىڭ خوتۇن تالاق !

راخمان تۇرنىڭ زەردىسى قايناپ ھەجىيىپ قاراپ تۇرغان سەمەت روزىغا قولىنى شىلتىپ شالىنى چاچتى ··· سەمەت روزى داپقا چۈشكەن ماياقتەك سەكرەپ قوپۇپ ئارقىسىچە مېڭىپ قول باغلاپ چىقىپ ئىشكنى ئاستا يېپىپ قويدى .

ئايۇپ ئۆكسۈپ ، خىتىلداپ ، بوغۇلۇپ تۇرۇپ بولغان ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى ، راخمان تۇر ئايۇپنىڭ گېپىنى باشتىن - ئاخىر ئۈن قاتماستىن ئاڭلىدى ۋە كېيىنچە ئېغىر تىنىپ ئولتۇرۇپ كەتتى . ئايۇپ ھازىرغىچە راخمان تۇرنىڭ بۇنداق ئېغىر بېسىق ، خىيالچان ئولتۇرۇپ كەتكىنىنى كۆرۈپ باقمىغانىدى .

— ھازىرغىچە ئوغرىنىڭ ئادەم ئوغۇرلىغىنىنى ، خوتۇن ئوغۇرلىغىنىنى ئاڭلاپ باقماپتىكەنمەن . ئادەم ئۆلمىسە ھەر كۈنلەرنى كۆرىدىكەن ، تۇۋا ، ماۋۇ كامىل دېگەن ئوغرى يولدىن تېپىۋالغان كىچىك كالاچنى بىزدىن تالىشىپتۇ - ھە ، تېپىۋالغان كالاچقا نېمانچە ئىچى كۆيەرلىك قىلىپ كەتكەندۇ . ئۇ كىسپۇرۇچ خوتۇن تالاق ئاشۇ تېپىۋالغان كالاچنى سېنىڭ كەيگىنىڭ ئۇچۇن ئەنتىنى ئاپتۇ - دە ···

راخمان تۆر «ماڭمۇ ئادا سالامۇ ... مېنىڭ ئۈيۈمگىمۇ چىرىپ خوتۇنۇمغا ياق ، ياق ...» ئۇنىڭ ۋۇجۇدى تىترىگەندەك بولدى .

— بولا ئىش بوپتۇ . مىڭ يىغلىساڭمۇ ئورنىغا كەلمەيدۇ . ئەمدى تولا سوك ئوغلاقتەك مەرەۋەرمە . بىر يىغىنىڭ بىر كۈلكىسى بار . مەن سېنى خوش قىلىپ قوياي ، ناھىيىگە بارىمىز . بىر ھېسابتا بېشىڭدىكى بۇ سەللەڭ ئەسقىتىپ قالىدىغاندەكمۇ تۇرامدۇ نېمە ، ئىش ئوڭ كەلسە ئىشتان قوڭغا دەپتىكەن ... ماڭە ، ناھىيىگە ئاپىرىپ سېنى ...

— مېنى ناھىيىگە ئاپىرىپ سازايى قىلامىلا را شۇجى ، بۇ ھالىمدا ناھىيىگە بارغىنىمدىن ئېسىلىپ ئۆلۈۋالغىنىم خوپراق را شۇجى ، مەن بارماي ، مېنىڭ ئەس - يادىم ئاشۇ ھەممەكتە قالدى را شۇجى . ئىچىمگە بىر ۋەسۋەسە چىرىۋالدى ، ئاشۇ ھەممەكنى راس كامىل ئوغرى ئەپقاچقاندىمۇ ياكى باشقا بىر ئىش بولغاندىمۇ ، سىلى ئويلاپ باقسىلا ، يا باشقا بىر دەيۇز شۇنداق قىلدىمۇ ياكى ئۇ پاسكىنا قورقۇپ كېتىپ قېچىپ كەتتىمۇ . مېڭەمگە ھەر خىل گۇمانلار كىرىۋېلىپ دېلىغۇل بولۇپ كۆڭۈل توختىتالماي ...

— ھۇ ھەقلى يوق تاز . مەن نېمە كويدا ، سەن نېمە كويدا . مەن سەن مازپايىنەكنى ئۆزەمگە ئىز باسار قىلىپ يېنىمغا ياندىۋالاي ، جېنىمغا ئەسقاتار دەپ سەن لالمىنىڭ غېمىنى قىلىپ ئىچىمنى ئۇۋاپ ، كۆيۈپ - پىشىپ باش قاتۇرۇۋاتسام ، سەن لامزەللە ئاشۇ چوڭ - كىچىك ئازگالچاڭنىڭ غېمىدە قالدىڭمۇ . بىر قالىسام ، خېلى ئاق - قارىنى پەرق قىلالايدىغان ، قورسىقىدا ئومىچى بار ، دىتى بار بىرىمدەك كۆرۈنسەن . بىر قالىسا ، بىر زەمبىل چوشقىنىڭ پوقىدەك كۆرۈنسەن جۇماۋا تاز . مەن ماڭ دېگەندىكىن ماڭ ، بىز ناھىيىگە بارغۇچە كېچە بولىدۇ . كېچىدە ھەممە ئادەم ئۆزىنىڭ بېشى بىلەن بولىدۇ . سېنىڭ كونا تۇزلۇق

قاپاقتەك بېشىغا قالغىنى چىمىنىڭ چولىسى . ماقۇل ئەس -
يادىڭ ئاشۇ سوقۇندى ئازگالچىدا قالغان بولسا ئۇنىڭمۇ يولىنى
قىلىپ رەپتارىڭنى ئارام تاپقۇزاي .

## 23

تۈن قاراڭغۇسى ، ئېغىر بۇلۇتلار ئاسماننى قاپلىغان ، يۇلتۇزلار نەگىدۇ مۆكۈنگەنىدى . قويۇق بۇلۇتلار يېزىنى قاسقاندىكى هور ناندەك تىنجىق هالەتكە كەلتۈرۈپ قويغانىدى ، بۇلۇتنى يىرتىپ ئۆتكۈدەك سالقىن شامالنىڭ شەپىسى يوق ئىدى . ئېرىق - ئۆستەڭلەردە سارغۇچ سۇس پارقىراپ بىلىنەر - بىلىنمەس ئېقىۋاتقان لاي سۇدىنمۇ سالقىن چىقمايتتى . باغلاردىن پىشقان ئۆرۈكنىڭ خۇش هىدى بىلەن تۇۋىگە چۈشۈپ سېسىغان ئۆرۈكنىڭ قاڭسىق هىدى كېلەتتى ... قىلتىرىقلىرى قۇرۇپ پىشىشقا باشلىغان بۇغدايلىقتا چېكەتكىلەر ئىسسىقتىن ۋايساپ چىرقىرىشاتتى ... بۇغدايلىقنىڭ چەت - چۆرىسىگە تېرىلغان كالتا كاندۇك بالدۇر پىشار چىلگە قوغۇنىنىڭ پۇرىقى ئاندا - ساندا كۆپۈلدەپ پۇراپ ئادەمنىڭ يېگۈسىنى كەلتۈرەتتى .

يېزىنىڭ جىمجىت توپىلىق يولىدا يېزىلىق هۆكۈمەتنىڭ ئولپاڭغا ماڭدىغان پېگىلو هارۋىسى كەلمەكتە ئىدى . هارۋىدا بىر - بىرىدىن سېمىز ، سەت قورساق سالغان يېزا ساقچىسى جۇمە گۆجاڭ ، يېزىلىق هۆكۈمەتنىڭ پەتتە كېسىدىغان كادىرى سالەك شاڭجاڭ ، يېزىلىق ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇدىرى نىساخان ۋات - ۋاتلار بىر - بىرىگە دۇمبىسىنى چاپلاپ ئولتۇرۇشاتتى ... شوتىغا قوشۇلغان جەدە ئاتنىڭ بېلى سېرىق سۆگەتنىڭ بادرىسىدەك ئېگىلگەنىدى . ياندىق قارا ئاتنىڭ قۇلاقلىرىدىن ئاققان تەر بويىنى ۋە كۆكسىگىچە ساقىپ نۇرسىز كېچىدىمۇ پارقىراپ كۆرۈنەتتى . هارۋىكەش نۇرەك سامساق

قامچىنى هەر قېتىم ئۇرغاندا قارا ئات كۆچىنىپ باشلىرىنى سىلكىپ تولغىنىپ ماڭاتتى . هارۋىكەش نۇرەك سامساقنىڭ ئاتقا ئىچى ئاغرىپ كوتۇلداپ قويدى :

— ياپىشرەم ، بۇلتۇر قىشتىكى چاغاندا هارۋىغا ئالتە كالىنىڭ گۆشىنى بېسىپ ناھىيىدىكى كادىرلارغا تارقاتقاندىمۇ ئاتلار بۇنچىۋالا كۆچىنىپ كەتمىگەن . يۇرتنىڭ يىلىكىدە سۇ ئىچكەن كادىرلار تازا تاللىنىپ ئولتۇرۇپسىلەر جۇما . ئاتلار هەپتە - ئون كۈندە ئاران هوشىغا كېلەمىكى لېكىن .

— نىساخاننىڭ دۈمبە گۆشلام بىر چارەك كېلەمدىكى دەيمەن ، باياتىن بېرى هېزىيادىكى ياسىن بېلىقنىڭ تۇلۇمىغا يۆلىنىپ ئولتۇرغاندەك مىلىقلاپ ئولتۇرۇپ ئىككى تاغىقمىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن سۇ چىقىرىۋەتتى زادى . نېمانداق بەك ئەت ئېلىپ بارغانچە گۆشلۈك بولۇپ كېتىۋاتىسىز نىساخان ، — دېدى جۇمە گۆجاڭ پىخىلداپ كۈلۈپ .

— مەن يېگەن گۆشنى سىزمۇ يېسىڭىز ، مەندىن ئۆتە گۆشلۈك بولۇپ كېتەتتىڭىز جۇمە گۆجاڭ ، تولا ئاغزىمنى ئاچماڭ جۇما . نىساخانغا يۆلەنگەن ئادەمنىڭچا ، ئاشۇنداق هەممە يېرىدىن ئالدىدىنمۇ ، كەينىدىنمۇ سۇ چىقىپ كېتىدۇ ، جۇما .

هەممىسى قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كېچىنىڭ تىنجىق ئاسمىنىنى بىر ئالدى . بۇغدايلىقتا جىمجىت ئۇخلاۋاتقان قىرغاۋۇل چۈجىلىرى هۈركۈپ كەتتى .

— بولدىما جۇمىراخۇن ، بولدىما . سىلە نىساخانغا هېزىنىغ ئاتىمەن دېگۈچە ئاستا غىت قىسىپ ئولتۇرۇڭلار ، سۆڭگىچىڭلاردىكى قىزىل تاۋارغا يۆگەپ ئېسىۋالغان تۆمۈر تاپانچاڭلارغا ئىشىنىپ هەر قىسما چاقچاق قىلىشۇرگەن بىلەن ... نىساخاننىڭ پوتەيخانىسىدا پىلىموت بەتلەكلىك ، تاتاتلاپ بىر سىپىرىسا نۇرغۇن ئەرلەرنى ياتقۇزۇۋېتىدۇ .

سالەك شاڭجاڭنىڭ كېيىنى بۆلۈپلا نىساخان يەنە بىر

كەلتۈردى.

— ئوھوش سالەك شائجاڭ، دەپ قاپلا، جۇمە گۇجاڭ تۆمۈر تاپانچىسىنى بىر يىل يۆگىگەن قىزىل تاۋار دېگەندىچا بىزنىڭ ماۋۇ بەز يېمەيدىغان ھاجى مۇشۇك پاشاخاننىڭ ئاغزى - بۇرنىنى كۇندە نەچە مەرتەم ئېرتىپ تاشلىۋېتىمىز دېسىلە... ھا... ھا...

ھەممەيلەن قىقاس سېلىپ كۈلۈشتى، ۋېلىسىپىتتا تەرلەپ - پىشىپ ئېغىناپ كېلىۋاتقان جۇمە گۇجاڭنىڭ ئالتە ياللانما ساقچىسىمۇ كۈلۈشۈپ كېتىشتى. جۇمە گۇجاڭ ئۇدۇق - بۇدۇق قىلىپ ئۇجۇقۇپ كېتىپ، يەنە لاۋزىلاشتى.

— ئاڭلىسام، ئېرىڭلار ساۋۇتەم خوتۇنىنىڭ بېلىگە قۇچىقىم يەتمىگىلى ئون ئىككى يىل بولدى. خوتۇنىنىڭ ئىستىنجاغا قولى يەتمىگىلى يەتتە يىل بولدى. غۇسلى قىلسا تونۇرغا تۈز چاچقاندەك سۇنى چاچىدۇ دەيمىشيا.

— ساۋۇتەم شۇنداق دېگەن بولسا ئوبدان دەپتۇ. ھەر نۆۋەت غۇسلىغا قولۇم يەتمىگەندە سىلىدەك قاسماق شەپكىسى بار ئىتلىرىمدىن بىر مۇنچىسى بار دېسىلە. ياللىڭلا دېسەم ھەمساتتا يالاپ جانان چىنىدەك قىلىۋېتىدۇ دېسىلە.

— ئاغىزلىرىغا چاغلاپ گەپ قىلسىلا جۇما نىساخان. باكا مەندىن داۋېلىرىنى ئىشتىپ قالىلا، — جۇمە گۇجاڭ تېرىكتى.

— ھە بولدى، بولدى. جۇمىراخۇن قانجۇق ئىتنى ئىت تالىمايدۇ جۇما. ئۆزەڭلار سەت يەردىن گەپ تەشتىڭلا. نىساخاننى بىلىپ تەشتىڭلا. خوتۇن خەق ئاغزىنى قويۇۋەتسە ئەر كىشى دېگەننى لاتا - ماتا قىلىۋېتىدۇ - ھە. بولدىما خولاسە چىقتىما، بۇرنى - قۇلىقىڭلارغىچە تويدۇڭلارما. بولدى قىلىڭلار، تېرىكمەڭلا. تېرىكسەڭلا چاقچاق قىلماڭلا. چىلگە پىشىپتا - ھە. قايسى گۇي چىلگە تېرىغان بولغىيمتى. ھەجەپ پۇرىدىيا ئادەمنىڭ ئاغزىغا سېرىق سۇ يىغىپ. تاز - كاسلاپ ئولتۇرۇپ

بىر يىگەن بولىشمۇ ئادەم .

— گەپنى ئەپقاچمىسىلا سالەك شاڭجاڭ ، جۇمىراخۇن تېرىكمەن دېسىمۇ تېرىككىلى قويمايمەن . ئەر كىشى تېرىكسە سالپىيىپ سۇيىنى چىقىرىپ مىچىلداپ ئولتۇرىدىغان نىساخان تېخى تۇغۇلمىدى . شۇنداقىما جۇمىراخۇن . تېرىكتىڭلاما . كېلىڭلا تېرىككەن بولساڭلا تېرىكە ئالاي ، خاپا بولغان بولساڭلا خاپانىغا سالاي ، يىغلىتالايدىغان زەھىرى ، كۈلدۈرەلەيدىغان ھەسىلى بار خوتۇن جۇما مەن . قالاڭ تېخى .

نىساخان شۇنداق دەپلا جۇمە گۇجاڭنىڭ بويىنىدىن قايرىپ چوككىدە بىرنى سۆيۈپ قۇچاقلاپ قويدى . يەنە ھەممەيلەن قاقاقلاپ كۈلۈشتى .

— يىلىنىڭلارمۇ تۆگىنىڭ لوكىسىدەك باركەن ، — دەپ كوتۇلدىدى جۇمە گۇجاڭ ئوسال بولغان ھالدا .

— سىلىنىڭ ئون يەپ ، بىر بەرمىگەندەك ، يىڭنە يېگەن قانجۇقتەك ، شەقىقە خوتۇنۇڭلارنىڭ ناسىۋال قاپىغىدەك ، قورۇلۇپ قالغان لەش ئالمىدەك بولغاندىن كۆرە ، مانا مۇشۇنداق يېگەن - ئىچكەندەك ، سوقا - سەندەلدەك بارمۇ دېسە بار دېگۈدەك بولسا ، چىقساڭلار ، بۇلۇتقا مىنگەندەك ، ئەمەڭلار قارنىڭلار تويغۇدەك بولغىنى خوپ ئەمەسمۇ .

— ۋاي بولدى ، بولدى قىلىڭلار ئەمدى ، مەھەللىگىمۇ كەپ قالدۇق . تولا غەلۋە سالماي بارايلى . يەر تېگىدە يىلان كۆشىگەننى تىڭشايدىغان شايانۇن بىلىپ قېچىپ كەتمىسۇن ، — دېدى سالەك شاڭجاڭ .

ئۇلار جىمىقىشتى . هارۋا كېچىدە سارغۇچ كۆرۈنۈپ تۇرغان كامىلنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ توختىدى . جۇمە گۇجاڭ ئەگىشىپ كەلگەن ياندافچى ساقچىلارنى ئۆي ئەتراپى ، باغ ، ئۆگزىلەرگە تارقىلىپ يوشۇرۇنۇشنى ئورۇنلاشتۇرۇپ دەرۋازىنى قاتتىق مۇشتىلىدى . ھەممىدىن ئاۋۋال ھويلىدىن ئەركەك غازنىڭ

ئۇندەرەپ غەزەپ بىلەن سوزۇپ نەرە تارتقان ئاۋازى ئاڭلىنىپ، كامىلنىڭ تاغىل ئىتى قاتتىق قاۋىدى. ئىتنىڭ غەزەپ بىلەن يۇلقۇنۇپ ھەر قاۋىغاندا تۆمۈر زەنجىرنىڭ شاراقشىغان ئاۋازىدىن ئىتنىڭ قوزۇققا مەھكەم باغلاقلىق ئىكەنلىكى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى.

— يېرىم كېچىدە دەرۋازىنى مۇشتلاپ ئادەمنى ئۇخلاتمىغان قانداق نېمەۋا ... بىر ياش بالىنىڭ قاتتىق توۋلىغان ئاۋازى ئىتنىڭ بوغۇلۇپ قاۋاشلىرىغا قوشۇلۇپ ئاڭلاندى. جىمجىت مەھەللىدىكى ئۆي - ئۆيلەرنىڭ ئىتلىرىمۇ ئەگىشىپ قاۋاپ تىمتاس ئۇيقۇدىكى مەھەللىنىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزدى.

— ھەي ... ھەي ... ئاستىراق ۋارقىرا جۇما، بىز ماۋۇ يېزىلىق داڭۇيىنىڭ كادىرلىرى.

— ھەر قانچە بى ئاسماندىن چۈشكەن ئەۋلىيا بولساڭمۇ، جاننى ئالىدىغان ئىش بولسىمۇ كۈندۈزدە كېلىشمەمسەن؟!

— ئاچە ئىشىكنى، ئاچ ... ئاچ دەيمەن. نوپۇس تەكشۈرەيمىز. ھۆكۈمەت كادىرلىرىغا گەپ ياندۇرماقچىمۇسەن ...

— ھەرقانچە بى جاننى ئالىدىغان ئىش بولسىمۇ ...

— ھاي ... ھاي بالام سادىقجان، ئانداق قېنى قىزىقلىق قىلماڭ بالام، بولدى ھېلى باكا ئىشەك بالانى تېرىيسىز، بۇ ھۆكۈمەتنىڭ كادىرلىرى بىلەن تەڭ تۇرۇپ بولغىلى بولمايدۇ. ئاچ دېگەندىكىن ئاچىلى ... ھە مانا، ھازىر ئاچىلى، ماۋۇ كىچىك بالا دېگەن مانا مۇشۇنداق ئاغزىغا كەلگەننى كەلسە - كەلمەس جۆيلۈدىغان گەپكەن، كىچىك بالا بىلەن تەڭ بولۇشمىسىلا. پوقتا چالما ئاتسا يۈزىگە چاچرايدۇ ئەمەسما.

— تولا كاسىلدىماي ئاچە ئىشىكنى ئاژناپ قېرى، — جۇمە كۆجاڭ دەرۋازىغا قاتتىق تېپىۋەتتى.

دەرۋازا غاچىلداپ ئېچىلدى. دۈۋەتتە ياسالغان كىرسىن چىرىغىنى كۆتۈرگەن بانىخان چىقتى. ئۇنىڭ ئاق رۇباشكىسىغا

سىغماي قالغان بىشەكىشىن قوغۇندەك كۆكسى لوپۇلداپ تۇراتتى . دەرۋازىنىڭ شامىلى بىلەن بانىخاننىڭ قولىدىكى جىن چىراغ ئۆچۈپ قالدى .

— كىلىشىسلە كادىرلىرىمىز ، ئۆيگە چىرىلى .

بانىخاننىڭ كىيىپى تۇگمىگۆچە جۇمە گۇجاڭ دەرۋازىنى غاچىلدىتىپ كىرىپ ، بانىخاننىڭ كەينىدە تۇرغان ئوغلى سادىقنى بوغۇشلاپ قوللىرىنى قايرىپ كويزا سالدى - دە ، ئاغزىغا دوپپىسىنى تىقىپ كەينىدىكى ساقچىغا تۇتقۇزۇپ قول چىرىغىنى يورۇتۇپ ئىچكەرى ئۆيگە كىرىپ كەتتى .

— ۋاي ... ۋاي ... بۇ نىمە قىلغىنىڭلار ، كىچىككىنەم بالىنى ... باغلىماڭلار ...

— ئاغزىڭىزنى يۇمۇڭ بانىخان . كامىل ئۆيدە بارمۇ ؟ — دىدى سالەك شاڭجاڭ .

— ئۆزەڭلا بىلىسلەر ، ئۇ ئادەم دىگەن يىللاپ ئۆيگە كەلمەيدۇ . كەلسە سىلەر تۇتۇپ بولماتتىڭلا . ئۇ دىگەن ئۆيدە ياتمايدۇ . ئۆيدە ياتقان بولسا سىلەر بۇ كەمگە ئۇنى تۇتماي قالامتىڭلا ، سادىقجان دىگەن كىچىك بالا ، مەن ناماقۇل بولاي بالىنى باغلىماڭلا .

ھەشىخان چىقىپ ھوقۇيتۇپ يىغلاپ ئىنىسى سادىقنىڭ قولىنىڭ تاغاقا چىقىرىپ باغلىنىپ ئاغرىق دەستىدىن ئىڭشىپ تۇگۇلۇپ قالغان گەۋدىسىگە ئىسىلدى .

— ۋاي ئۇكام ، جىنىم ئۇكام ، قەندەك ئۇكام ، ئۇكامنى نىمىشقا باغلايسىلەر .

— ئۇكامنى قويۇۋەت ، قارنىڭغا ئارىنى تىقىمەن . كالتا تامبال بىلەن يالىڭاچ دىگۇدەك ئارىنى كۆتۈرۈپ چىققان سەيدۇللانى بانىخان قۇچاقلاپ تۇتۇۋالدى .

— ۋاي جىنىم بالام ، سەن جىم تۇر . سەن جىم تۇرمىساڭ باكا ئۆلەم پىشىشقى چىقىدۇ .

بانىخان سەيدۇللانى قوچاقلىۋالدى . سەيدۇللانىڭ قاتتىق يۇلقۇنۇشى بىلەن ئانا ـ بالا ئىككىسى تەڭ يومىلاپ چۈشتى . ئىككى ياندافچى ساقچى كېلىپ سەيدۇللانى بېسىپ قوللىرىنى قايرىپ قارلىغاچ قانىتى بوغۇچلاپ قولىنى تاغاققىچە قايرىپ باغلاپ قولىدىن ئارىنى تارتىۋالدى ـ دە ، ئۇنىڭغىمۇ ئۆزىنىڭ ئاق شاپاق دوپپىسىنى ئاغزىغا كەپلەپ قويدى .

— ئېرىمنى ئۆتالماي ، ئېشەككە كۆچۈك يەتمىسە ئۇر توقۇمنى دېگەندەك بالىلىرىمنى تۇتۇشامسەن؟ ھۇ قاتىللار ، قانخورلار ، بالىلىرىمنى تۇتۇپ باغلىغاندىكىن مېنىمۇ باغلىشە ، تايىنلىق ھەممىمىزنى تۇتۇپ گۆشىمىزنى خام يېيىشمەمسەن؟ پۈتۈن سۆرۈك يۇرتنى ۋاشاڭ قىلىپ يەپ تۈگىتىشىپ يەمرىشتىڭ ، ئەمدى يېمىگەن ئادەم گۆشى قالدى . بىزنى يېيىش ، ھەممە يېرىمىزدىن ياغ ئېقىپ تۇرۇۋاتىدۇ يېيىشە …

— ھاي … ھاي … بانىخان ، سىز ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېلىڭ ، شاشماڭ . ئانداق شەپشەكلىك قىلماڭ . باكا زىيان تارتىسىز ، شەپشەكلىك قىلىپ بالىلار زىيان تارتتى . بىز ئەسلى بالىلارنى باغلىمايتتۇق ، قېنى قىزىقلىق قىلىپ ئۇلار ئۆزىگە ئۆزى قىلدى . ئۇلار ئادەمگە كاشىلا قىلمىسا بىكاردىن باغلاپ بېشىمىز ئىششىپ قالمىدى . ئاۋۋال كېپىمىزنى ئاڭلىمامسىز ، — دېدى سالەك شاڭجاڭ قاتتىق ـ قوپال كايىشتىن يۇمشاق گەپكە ئۆتۈپ .

— قالاڭ ، بالىلىرىمنى قاساپ پاقلانىنى باسقاندەك بېسىپ باغلاپ بولۇپ ، ئەمدى چىرايلىق ، يۇمشاق گەپ قىلىۋاتقىنىنى تېخى . يۇمشاق ، ياغلىما گەپ قىلىدىغان يەردىن ئۆتتى ، ئىش بۇزۇلدى ، قىش قېلىپتىن چىقتى . بايا ئۇششاق بالا بىلەن تەڭ بولماڭلار ، مەن ناماقۇل ، دەپ شۇنچە يالۋۇرسام ئۇناشماي ، ھەجەپ تۇتۇپ باغلاپ ئاغزىغا لاتا كەپلەشتىڭيا . بالامنى باغلاپ قويۇشۇپ ئەمدى چىرايلىق گەپ قىلىشساڭ ئاڭلامدىمەن ، سەنلەر بالاڭنى باغلىسا قارىشىپ تۇرۇشامسەن . مەن قوي ئەمەس ،

ئاڭلاپ تۇرۇش ، يا مېنىمۇ باغلا ، يا بالىلىرىمنى قويۇۋېتىش .
— باغلا ماۋۇ قېرى قانجۇقنىمۇ ، — نىساخاننىڭ ۋارقىرىشى بىلەن ياندىقچىلار ھەمساتىتا بانىخاننى باغلىدى . بانىخاننى باغلاۋاتقاننىڭ ئۈستىگە قىزى ھەشىخان نىساخانغا ئېتىلدى .
— ئانام قېرى قانجۇق ئەمەس . قېرى قانجۇق دېگەن سەن ، يىل بويى كەينىڭگە ماڭ كۆسۆكىنى ئەگەشتۈرۈپ ، قېرى بولامدۇ . ياش بولامدۇ ئىلغىماي تۇتۇپ بەرگەن قېرى قانجۇق ئۆزۈڭ تۇرۇپ ئانامنى قانجۇق دەيسىنا . ئانام قېرى قانجۇق بولغان بولسا ساڭا ئوخشاش دەللى ۋەزىر بولاتتى .
ئۆمرىدە گەپتە تۇتۇلۇپ باقمىغان ھەم بۇنداق ئاھانەت ئىشىتىپ باقمىغان نىساخان بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلالماي تۇرۇپ قالدى - دە ، ھەشىخاننىڭ كاچىتىغا بىرنى سېلىپ ئۆزىنىڭ باشياغلىقىدا قوللىرىنى باغلاپ ھەشىخاننىڭ روملى بىلەن ئۇنىڭمۇ ئاغزىنى كەپلىدى . باغلاقتىكىلەرنىڭ زۇۋانى ئۆچتى نىساخاننى سوغۇق تەر بېسىپ كەتتى .
— ما ئىش بىز ئويلىمىغان بىر ئىش بولدى ، — دېدى سالەك شاڭجاڭ بەلغەم يىغىلىۋالغان كانىيىنى قىرىپ .
— سىلەرنىڭ ئەۋلادىڭلاردىن تارتىپ زادى قاپىقىڭنىڭ بېزى بار ، ئوخۇلىسى يوغان خەق . ئەزەلدىن تەشكىل بىلەن پۇت ئېتىشىپ كەلدىڭلار ، بىزنىڭ سىلەرنى باغلاش خىيالىمىز يوق ئىدى ، بىزمۇ ھەممىمىز تەشكىلنىڭ قولى . تەشكىل نېمىنى قىل دېسە ، پارتىيە قانداق ئىشقا بۇيرۇسا شۇنى قىلىمىز . بىز سىلەرگە ئوخشاشمايمىز . بىز دېگەن پارتىيىگە شۇنداق قەسەم بېرىپ ئۆتكەن ، پارتىيە بۇيرۇغان ئىشنى قىلمىساق ، تەشكىل قىل دېگەننى قىلماي تەشكىلگە بويۇنتاۋلىق قىلساق بولمايدۇ . تەشكىل بىلەن قانداق تەڭ تۇرۇپ بولغىلى بولسۇن ، سىلەر ئەخمەق ، قارا قورساق بولغاچقا ... گېزىت ئوقۇمايسىلەر ، رادىئو

ئاڭلىمايسىلەر ، تەشكىلنىڭ گېپىگە قۇلاق سالمايسىلەر ، شۇڭا تەشكىلنى چۈشەنمەيسىلەر . ھە ، گەپنىڭ نان تېگىدىغان يېرىنى دېسەم ، تۇغۇلۇپ چوڭ بولۇپ بىر كىمنىڭ مال - ۋاران ، ۋەج - دۇنياسىنى ئوغۇرلاپتۇ دەپ ئاڭلىغان ...

سالەك شاڭجاڭنىڭ گېپى شۇ يەرگە كەلگەندە جۇمە گۇجاڭنىڭ :

— ماڭە رەسۋا ! — دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازى بىلەن گېپى ئۈزۈلۈپ قالدى . سالەك شاڭجاڭ قېرى بۇقىنىڭ بوينىدەك تۈرۈلۈپ كەتكەن كالتا بوينىنى سوزۇپ يەرگە قاراپ جىممىدە تۇرغان ھەمدەمگە قارىدى . قاراڭغۇ بولغاچقا ئۇنىڭ چىرايىنى ئېنىق ئىلغا قىلالمىدى .

— جېمى خاپىلىقنىڭ ئانىسى ، بىزنى مۇشۇ ۋارا كويلارغا سالغان جىنتەك پاسكىنا مۇشۇ . ئاۋۇ باغنىڭ بۇلۇڭىدا گۇلە قۇرۇتىدىغان ئۆيدە بىر ئوبدان چاپىنىنى قۇرۇتۇپ شۇ يەردە يېتىپتىكەن ، قاچالماي قاپتۇ . ئاۋۇ دەيۇز ئوغرى يەنە تۇتۇق بەرمەپتۇ .

— ۋاي ، سەن ئاشۇ چاۋىراخۇننىڭ قىزى ، بىزنىڭ داۋۇتەمنىڭ سىڭلىسى ھەمدەمما . سەن بىزنىڭ ئۆيگە بارغان . ئالدىنقى يىلى بارغانمۇ ، ئۆتكەن يىلى بارغانمۇ ئىشقىلىپ بارغان . قالسام ، غۇربىلايدەك تۇرسەن ، ھەجەپ يامان بولۇپ كېتىپسىنا . بىزنىڭ يۇرتتا سېنىڭ ھەجەپ نامىڭ چىقىپ كەتتىميا . را شۇجىمۇ سېنى بىلىدىغان ، سېنىڭ گېپىڭنى قىلىدىغان ، ئېتىڭنى ئاغزىغا ئالىدىغان بوپ كەتتىميا . ئون سەككىز مىڭ نوپۇسى بار يۇرتتا نى - نى تۆگە سويغان كاتتا ئادەملەرنىڭ ئېتىنى بىلمەيدىغان را شۇجى سېنىڭ ئېتىڭنى تولا تىلغا ئەپكەتتىميا ، سەندە نېمە سىرە ئەسنا بار . كۆردۈڭمۇ ، بىزدەك نى - نى كاتتىلارنىڭ ئۆلەم - نەزىرسى دېسەممۇ بارمايدىغان ئادەملەر كېچىسى ئۇخلىماي سېنىڭ غۇربىلايدەك جېنىڭنى ، ئۆلۈك - تىرىكىڭنى ئىزدەپ كېلىپ مانا

مۇشۇنداق ھاراكەتتە قالدۇق، ئاتام زامانىدىن تارتىپ خەقنىڭ پۇل ـ مېلىغا ئوغرى تەگدى دەپ ئاڭلىغان، ئادەم ئوغۇرلاپتۇ دەپ ئاڭلىمىغان. ھازىر ئىتنىڭ قۇرتىدەك ئادەم دەستىدىن تىناغا يەر يوق جاھاندا سەن ھەجەپ ئەتىۋار بولۇپ كېتىپسىنا. تالادا قېلىپ پاناداپ ئۆيەمگە بارساڭ، ئەپ قالماپتىكەنمەن. مانا ئەمدى يۇرتنىڭ پادشاسىمۇ، ئوغرىسىمۇ، توغرىسىمۇ تالىشىدىغان تېۋەرۈك بولۇپ كېتىپسىنا، سېنى دەپ مانا ئالتە ۋېتەك ئادەمنى باغلىدۇقيا مانا، — سالەك شاڭجاڭ ھاسىراپ بوينىدىكى تەرنى ئىشتان يانچۇقىدىكى سېسىق پۇراقتىن بۇغسۇپ كەتكەن لۆڭگىسى بىلەن سۈرتتى ـ دە، باغلاقتا ئېڭىشىپ تۇرغان بانىخانغا قاراپ گېپىنى داۋام قىلدى.

— سىزمۇ ماۋۇ ئەتىۋا كۆز مۇنچاقتەك جىم تۇرغان بولسىڭىز مۇشۇنداق بولمايتتى. ئېرىڭىز كامىلەك ئادەم ئوغۇرلاپتۇيا. بۇنىڭغا، ھە ئوغۇرلۇقتا بىزنىڭ تەپەيەن جۇمە گۇجاڭ ئىگە. ئوغۇرلۇقنى سۈرۈشتە قىلغىلى جۇمە گۇجاڭ كەلدى. قولىدا بىر خوتۇن تۇرۇپ، ئۇنىڭ خەت ـ سۆزىنى بەرمەي، تۆپىلەپ يەنە بىر خوتۇننى پەتتە ئالماي ئۆيگە ئېچىرىپ خوتۇن قىلىپ پوكىنىغا باستۇرۇپ ياتسا بولامدۇ؟ بۇ پارتىيىنىڭ نىزامىغا خىلاپ. تەشكىل ناھايىتى يامان ئالىدىغان ئىش. بۇ دېگەن كونا جەمئىيەتنىڭ خوراپىي ئىشى. گوڭشەندالڭ زامانىسىدا بۇنداق ئىش قىلىشقا زادى بولمايدۇيا. بۇنداق قىلىش تەشكىلنى كۆزگە ئىلمىغانلىقيا. پارتىيىنىڭ چىشىغا تەگكەنلىكيا، ھەممە ئادەم پەتتە ئالماي ئۆچرىغانلىكى كۆزىگە ئىسسىق كۆرۈنگەن خوتۇنلارنى كۆك كەپتەر تۇتقاندەك بىردىن تۇتۇپ ئۆيگە ئەچىرىۋېلىپ خوتۇن قىلىۋالسا، ماۋۇ جاھاننى پارتىيە ـ تەشكىل باشقۇرامدۇ، باشقۇرمامدۇ ھە. مەن سالەك شاڭجاڭ نېمە ئىش قىلىمەن. سەتىراشلىق قىلامدىميا ياكى بىر يەردە بادرا ئاقلامدىم. قانداق دېگەن ئىش بۇ. ماۋۇ نىساخان بىزنىڭ

يېزىنىڭ ئاياللار خىزمىتىگە مەسئۇل ئاياللار رەئىسىيا، بىزنىڭ يۇرتىنىڭ ئاياللار دايىسىيا. ئە مانا مۇشۇنداق تېخى توي قىلىش يېشىغا يەتمەي تۇرۇپ ئەر كىشىنىڭ چاتراق خالتىسى بولۇپ قالغان قىز - چوكانلارنىڭ ئىگىدارچىلىقىنى قىلىدۇ. ئاباللارنىڭ خۇراپاتلىق بىلەن ئىش قىلىشىغا يول قويمايدۇ. ئاياللار ئارىسىدىكى چاتاق ئىشلارنى سۈرۈشتە قىلىدۇ ھە. بىز بى بېشىمىز ئىششىپ قېلىپ يېرىم كېچىدە خەقنىڭ يوتقىنىغا قىلتاق قويغىلى كەلمىدۇق. تەشكىلدىن بىزنى بۇ ئىشنى قاتتىق سۈرۈشتە قىلىڭلا، بۇ ئىشنىڭ راست - يالغىنىنى، ئۆدەك - غېزىنى ئارىپ كېلىڭلا دېگەچكە كەلدۇق. مانا ئەمدى جۇمە گۇجاڭنىڭ ئىشى پۈتتى. ئادەم ئوغۇرلانغىنى راست. مانا ئەمدى مەن سالەك شاڭجاڭنىڭ ئىشىغا كەلسەك كامىلەكنىڭ تەشكىلنى كۆزگە ئىلماي ئەمرى - نىكاھىدا سىزدەك بىر ئوبدان خوتۇنى تۇرۇپ ھەمىدەمنى خوتۇن قىلغىنى راسما، بى جاۋاب بېرىپ بېقىڭە.

— سەن بىر بەش بالىنىڭ ئانىسى، ھۆسنى - سۆلەتتە خېلى - خېلى قىز - چوكانلار قولۇڭغا سۇ بېرەلمىگۇدەك خوتۇن تۇرۇقلۇق جىن قوشۇقىدەك بىرىمىنى ئۆيگە ئىچىرىپ پېشانەڭدە پوكىنىغا باسۇرۇپ كەپتەر باچكىسىدەك پىسىلداتسا ماقۇل دېدىڭما؟

باياقى گەپنىڭ زەھىرى تېخىچە پوكىنىدىن كەتمىگەن نىساخان ھاسىراپ - ھۆمىدەپ تۇرۇپ سالەك شاڭجاڭنىڭ گېپىگە قوشۇق سالدى.

سالەك شاڭجاڭ بانىخاننىڭ ئاغزىدىكى باش رومىلىنى ئېلىۋېتىپ:

— ھە گەپ قىلىڭە قېنى، ئەمدى سىزنىڭ دەردىڭىزنى ئاڭلاپ باقىلى.

بانىخان ھاسىراپ بىردەم تىنىۋالغاندىن كېيىن سۆزلىدى:

— ئېرىم بۇ بىرىمنى ئوغۇرلىغىلى بى تېپىلماسلىك خورمىسى ئەمەس . ئېرىم دېگەن نى ـ نى قىز ـ چوكانلار كۆيدۇم ـ پىشتىم دېسە نەزەر كۆزىنى سالمايزە ئۆتەپ ـ تېشىپ ئىشۇ ئايۇپ پوستەكچىنىڭ بالا باقىۇچىسىنى ئوغۇرلاپ خوتۇن ئېتەمدىكەن . تالادا قالدىم ، ئاچ ـ يېلىڭ قالدىم دەپ يىغلاپ كەپتىكەن ، بىچارىكەن ، ئاجىزكەن ، غېرىبكەن دەپ مەن ئۆيگە چىكۈزۈپ بېقىۋاتىمەن . بىرەر ئېچىن ـ تۇقۇن ، يېلىڭ ـ يۇپۇقا قالغان غېرىب ـ غورۋا كەلسىزە ، بوسۇغا داۋىنىڭلاردىن ئاتلاتماي قوغلامسىلەر ؟ بىزگە ئاتا ـ بوۋىمىز ئۇنداق ئۆگەتمەپتىكەن . بىرەر بىچارە غېرىب بويۇن قىسىپ كەلسە ئۇنى ھەرگىز نائۇمىد قوغلىماڭلار ، ھاجەتمەننىڭ ھاجىتىدىن چىقىشتىن كاتتا ساۋاب يوق . سىلەر بىرەر ئاجىز ، ھاجەتمەننىڭ بېشىنى سىلىساڭلار خۇدا سىلەرنىڭ بېشىڭلارنى سىلايدۇ . سىلەر بىر دەردمەننىڭ دەردىگە داۋا ، رەنجىگە شىپا بولساڭلار ئاللا سىلەرنىڭ مىڭ دەردىڭلارغا يېتىدۇ ، دەپ ئۆگەتكەن . مۇسۇلمانچىلىقتا تالادا قالغان بىر مۇسۇلمانغا پانالىق بەرسەك ، ئۆلسەك گۆرىمىز كەڭرى بولىدۇ . سىلەرنىڭ باغرىڭلار تاشتىنمۇ قاتتىق ئوخشايدۇ .

— سىز بىزگە مۇسۇلمانچىلىقتىن ساۋاق بەرمەي ، راست گەپ قىلىڭە ، ماۋۇ قىز بالىنى ئېرىڭىزنىڭ ئوغۇرلاپ كەلگىنى راستمۇ ، يالغانمۇ ، — دېدى سالەك شاڭجاڭنىڭ ئىچى پۇشۇپ .

— يېشىغا توشمىغان مۇشتەك قىزنى خوتۇن قىلغىنى راستمۇ ، يالغانمۇ ، راست گەپ قىلساڭ قۇتۇلىسەن ، پارتىيىمىز ئەزەلدىن ئىقرار قىلغانلارغا كەڭچىلىك ، جاھىللىق قىلغانلارغا قاتتىق بولۇش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ كەلگەن ، — دېدى نىساخان گۈشلۈك قوللىرىنى بېلىگە قويۇپ .

دەل شۇ پەيتتە كامىل سۆزلىگەنچە دەرۋازىدىن كىرىپ كەلدى .

ــــ سىلەر ئىزدىگەن ئادەم مانا مەن ... خوتۇن ـ بالىلىرىمدا گۇناھ يوق . ئۇلارنى قويۇۋېتىڭلار . ئۇتنى كىم تۇتسا شۇنىڭ قولى كۆيىدۇ .

جۇمە گۇجاڭ بىلەن ئىككى ياندىقچى ساقچى كامىلغا قاراپ ئېتىلىشۇپتى ، كامىل قاتتىق ۋارقىرىدى .

ــــ جۇمە باي ، ئۆپكەڭنى بېسىۋال ، مەن چىرايلىقچە ئالدىڭغا كەلگەندىكەن ، تولا ھاللىمىز ئاتاماي ، ئۆپكەڭنى بېسىۋاراق كېلىپ باغلىساڭمۇ ئۆلگۈرسەن . ماڭا قول تەگكۈزۈشتىن ئاۋۋال خوتۇن ـ بالىلىرىمنى قويۇۋەت . ئاندىن ئۆزەم قولۇمنى تۇتۇپ بېرىمەن . ناۋادا نامەردلىك قىلىپ بالا ـ چاقامنى قويۇۋەتمەيدىكەنسەن ، مەشەگە كەلگەن ھەرقانداقنىڭ ھەرقانچە بى ئاسماندىن چۈشكەن ئەيسا رۇھىللا بولۇشساڭمۇ قارنىڭنى چۇۋۇۋېتىمەن ، تايىنلىق بېشىم پاتمىغان خۇمسا دۇنيا ساڭمۇ يوق ، ماڭمۇ يوق بولىدۇ . قانداق قىلىشىسەن ، گاچ گەپ قىلىش ، ئۇتنى كىم تۇتسا شۇنىڭ قولى كۆيىدۇ . ئەگەر ھېسابنى مەن بىلەن قىلىشماي خوتۇن ـ بالىلىرىم بىلەن قىلىمەن دېيىشسەڭ ، ئامان بولسام بۇ ھېسابنى مەنمۇ سېنىڭ خوتۇن ، بالا ـ چاقاڭ بىلەن قىلالايمەن . پايدا ـ زىياننى ئۇبدان دەڭسەپ كۆرۈپ ئويلاپ ئىش قىلىڭلار .

ــــ كامىلەك ئۇبدان گەپ قىلدى ، ئوغۇل بالىدەك گەپ قىلدى ، قانداقلىكى ئىش ، نېمە ئەرسىكى كوي بولمىسۇن ، ئاخىر بېرىپ يەنە شۇ جۇۋاپ قىلىدىغان ئادەم ئاشۇ كامىلەك . بالىلىرىدا گۇناھ يوق .

دەرۋازا ئالدىغا قولۇم ـ قوشنىلار ، ئەر ـ ئايال بولۇپ نۇرغۇن ئادەم يىغىلىپ كەتكەن بولۇپ ، باياتىن بېرىقى غوۋغادىن ئويغىنىپ كەلگەندى ، كەلگەنلەر ئارىسىدا ھەممىسىدىن قېرىسى ئېگىز ، ئاۋاق كەلگەن ھەسەن سوغۇق ئىدى ، ئۇ مۆكچەيگەن ھالدا ئۆزۈن ساقىلىنى توختىماي تاتلاپ سالەك شاڭجاڭنىڭ

ئالدىغا كەلدى. كېچىدە ئادەمنىڭ چىرايىنى ئېنىق كۆرگىلى بولمىسىمۇ، ھەسەن سوغۇقنىڭ زەڭگەر كۆزى پارقىراپ تۇراتتى.

— گوڭشەنىڭ كادىرلىرىنىڭ خىزمىتىگە پۇتلا ـ كاشاڭ بولۇپ، ئۇلارنى ھاقارەتلەپ، خەقنىڭ بىر چىشلەم قىزىنى ئوغۇرلاپ، ئالداپ ئېرىگە سولاپ بەرگەن بۇ خوتۇننى، بىزنى ھاقارەتلىگەن نوخۇلىسى يامان بۇ يېتىم ئوغلاقلارنى باغلاپ ئاپىرىپ قەلەندەر زەيدە ئۈچ ئاي يالاڭ ئاياغ ھاشارغا سېلىش كېرەك، بولمىسا ... — نىساخاننىڭ غەزەپتىن تىلى ئاغزىغا پاتمايۋاتقاندەك بوغۇلۇپ سۆزلەپ كەتتى.

— ئاخىر زاماندا خوتۇنلار ھەرقانچە ئۈستۈنلۈك قازىنىپ تۈكلىرى تىك تۇرىدىغان بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، ماۋۇ بى ساقالدىغان ئەر كىشى گەپ قىلىۋاتقاندىكىن ساقال غىرىچلىماي بىر دەم تىم تۇرۇڭا. قانداق دېگەن جۇۋا ئېغىز خوتۇنسىز. مەن ماۋۇ سالەك شاڭجاڭغا گەپ قىلىۋاتىمەن. بىزدە ئەزەلدىن ئېرىگە خوتۇن سولاپ بەردى دېگەن گەپ بولغان ئەمەس. بۇ ھۆكۈمەت يوق زامانلاردىمۇ ئېرىنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇش، ھارامنىڭ، زىنانىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن خوتۇن خەق ئۆز رازىلىقى بىلەن ئەرنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىپ ھەق نىكاھلاپ ئېپىيەڭگە، كۇندەش بولۇشۇپ ياشىغان. سولامچىلىق، سولاپ بېرىش دېگەن سەت، ھارام گەپلەر، مۇشۇ يېڭى زاماندا پەيدا بولغان نىجىس قىلىقلار. قانداق دېگەن ھاياسىزلىق بۇ. سالىۋاخۇن مۇشۇنداق ئاغزىنىڭ بوغۇچى يوق ھاياسىز خوتۇنلارنى نەدىن دۇربۇن قويۇپ تاپىدىغانسىلەر. ئەر كىشى گەپ قىلسا چېپىلغاق مۇشۇكتەك ئەر كىشىنىڭ گېپىنىڭ بېلىگە تېپىدىغان خوتۇن يۇرتنىڭ خوتۇنلار ئىشىغا ئىگىدارچىلىق قىلسا پۈتۈن يۇرت خوتۇنلىرى ئۆزىنىڭ خوتۇنلۇق، ئانىلىق سالاھىيىتىنى ئۇنتۇپ ئەرلەر بىلەن تەڭ يۇرت سورايمەن دەپ تۆر تالىشىپ كوچىغا چىقىۋالسا، نە يۇرتتا مۆتىۋەر بولمىسا، ئاق ساقال قالمىسا، يۇرتتىكى چوڭ ـ

كىچىك ، باي ـ كەمبەغەل ھېيقىدىغان بىرەر يۇرت ئاتىسى قالمىسا ، يۇرت يۇرت بولامدۇ ؟ جاھان بۇزۇقچىلىقىنىڭ پاتقىقىغا پاتامدۇ . قايسى ھۆكۈمەتنىڭ زامانىسىدا بىر ئادەم گۇناھ قىلسا پۈتۈن جەددى ـ جەمەتىگىچە باغلاڭلار ، سولاڭلار دەپ ياساق چىقىرىپتىكەن . بىر ئەۋىن زامانىسىدىمۇ بۇنداق بولغان ئەمەس . سىلەرنىڭ دەردى ـ بالايىڭلار كامىلەك بىلەن بولغاندىكىن ، مانا ئۆزى ئالدىڭلارغا كەلدى . ئۇنى باغلاپ ئەكېتىڭلار ، ماۋۇ ئاجىز ـ ئۇرۇق نارەسىدىلەرنى قويۇۋېتىڭلار ، سىلەرنىڭ خوتۇن ـ بالىلىرىڭلار يوقما ؟

— ئۇنداق ساقال دېگەن ئۆچكىدىمۇ بار . تەشكىلنىڭ ئىشىغا ئارىلىشىدىغان ھېچقانداق ھوقۇقى يوق بۇنداق ...

سالەك شاڭجاڭ نىساخاننىڭ ئاغزىنى تۇتۇۋالدى .

— خاپا بولمىسىلا ھەسىنىكا ، دېگەنلىرى ئورۇنلۇق . ھاي ، نىساخان ، جۇمىراخۇن ، پارتىيە بىزگە ئاما بىلەن قارشىلىشىپ الماڭلار ، ھەر ۋاقىت ئاممىۋى لۇشيەندە چىڭ تۇرۇڭلار دەپ ئۆگەتكەن . ئىشتا ئاممىنىڭ پىكىر ـ ساداسىغا قۇلاق سالمىساق بولمايدۇ . جۇمە كۈجاڭ ئۇلارنى يېشىۋېتەيلى ، ماقۇل دېسىلە .

— ماۋۇ جىنتەك پاسكىنىنىمۇ ئەكېتىمىز ، — دېدى نىساخان .

— ئەھۋال ئايدىڭلاشقۇچە ماۋۇ بالا چوكانىمۇ بارمىسا بولمايدۇ ھەسىنىكا ، قانداق دېدىم ؟

شۇنداق قىلىپ ، كامىلنى باغلاپ ھارۋىنىڭ ئالدىدا ماڭدۇردى ، ھارۋىكەش كوتۇلداپ ئۇنىمىغانلىقتىن ھەمدەمنى ياندىقچى ساقچى ۋېلىسىپىتنىڭ ئارقىسىغا ئولتۇرغۇزۇپ ئېلىپ كەتتى . ئۇلار مەھەللىدىن ئۆزىغاندا باش ئەزان چىقتانىدى . خەقلەر ئۇيقۇسىنىڭ ھارام بولغانلىقىدىن نارازى بولۇپ غۇدۇراشقانچە تارقىلىشتى .

كامىل شامالدەك تېز ماڭاتتى ، ئات ھارۋا ئۇنىڭغا تەستە

يېتىشىپ ماڭغاچقا ھارۋىدىكىلەر ھەيران قېلىشتى . ئۇلار پات ـ پات كامىلغا «ئاستا مالڭ !» دەپ توۋلاپ قوياتتى . جۇمە گۇجالڭ :
— يا ئاللا قاق پېشانەم ، ئۆمرۈمگە كېلىپ مانداق شامالدەك ماڭىدىغان ئادەمنى كۆرمەپتىكەنمەن . مەددانىڭ جەڭنامىلىرىدە سۆزلەيدىغان كەمەك ئەييارنىڭ ئۆزىكەنيا بۇ ، تىزىنىڭ لىپىلىكى يوقتەك ماڭىدىكەنيا بۇ كامىلەك ، — دېدى سالەك شاڭجالڭ ئاغزىنى چىكىلدىتىپ .
— تۇدى تاشنىڭ جەڭنامىسىدە دېيىلىشىچە ، كەمەك ئەييار ئەسلى شايارلىقمىش . ئۇ جەمشىدكە ياراپ قاپتۇ ، كەمەك ئەييارغىمۇ جەمشىدنىڭ مەردلىكى يېقىپ قاپتۇ ، شۇنىڭ بىلەن كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە مەغرىپتىن مەشرىققە يېتىپ بولىدىغان ، شامالدىن تېز ماڭىدىغان بۇ ئەييارغا سىڭلىسىنى نىكاھلاپ بېرىپ ئۆزىنىڭ خىزمىتىگە سالغانىكەن ، — دېدى ھارۋىكەش گەپكە قوشۇق سېلىپ .
— ئەسلىدە خۇدايىم ئادەمنىڭ پۇتىنى لىپەكسىز ياراتقاز بولۇپ ، ئادەم ئاشۇ كەمەك ئەيياردىنمۇ تېز ، قۇياش نۇرىدەك يۈگۈرەككەن . بىرى ، بەك يۈگۈرەك بولغانلىقتىن بىر دەمدە جاھاننىڭ ئۇ چېتىدىن ، بۇ چېتىگە بېرىپ قېلىپ ، جاھان تار كېلىپ قاپتۇ . ئىككىنچى يەر يۈزىدىكى ھەرقانداق ھايۋان ، ئۇچار ـ قاناتتىنمۇ يۈگۈرەك بولۇپ ، ھايۋانلارنى ، قۇشلارنى تۇتۇپ يەۋېلىپ ، يەر يۈزىدە ئۇچار ـ قانات تۈگەپ قالاي دەپتۇ . بۇنىڭغا ئاللاھنىڭ غەزىپى كېلىپ ، بۇنى ئۇنداق قويۇۋەتسەم ئادەمنىڭ نەپسىگە ھېچنېمە پايلىمىغۇدەك ، ئۇنى ھەم ئۇزاققا يۈگۈرەلمەيدىغان ، ھەم يۈگۈرسە ھېچبىر ھايۋانغا يېتىشەلمەيدىـ غان قىلىپ قويمىسام بولماپتۇ دەپ ، تىزىغا ئىككى تاشنى چاپلاپ قويغانىكەن ، شۇنىڭدىن تارتىپ ئادەمنىڭ پۇتى ئالدىغا ئېگىلمەي ئارقىسىغا ئېگىلىدىغان بولۇپ قاپتۇ ، — دېدى سالەك شاڭجالڭ .
— كامىلنىڭ تىزىدا تاش بارمۇ ـ يوق . بىر تۇتۇپ كۆرۈپ

باقمسام ، — دېدى جۇمە گۈجالڭ .

— كامىل مۇشۇنداق ئۆزى تورۇپ بەرمىسە سىلە مىڭ يىل قوغلاپمۇ تۇتالماسكەنسىلەر جۇمىراخۇن ، يەنە تېخى ئاشۇ باغلاقتىكى ئالىقىنىڭلارغا چۈشكەن ئادەمنىڭ تىزىنى تۇتۇپ بېقىشقا ئۈلگۈرەلمىسىلەر ، ئۈلگۈرەلمەسـ ـ ـلەر خۇدا ئۆزى بىلمدۇ ، — دېدى سالەك شائجالڭ .

## 24

راخمان تۇر بىلەن ئايۇپلار ئولتۇرغان خادىك ناھىيىلىك پارتكومنىڭ قورۇسىغا كىرگەندە كەچ كىرىپ جاھاننى قاراڭغۇلۇق باسقانىدى . كېچىدە دەمال قارىغان ئادەمگە راخمان تۇرنىڭ يېنىدا تۇگۇلۇپ ئولتۇرغان ئايۇپ بېشىدىكى ئاق داكىسى بىلەن خۇددى ساقال قويماي سەللە ئورۇۋالغان ياش دىۋانىگە ئوخشاپ قالغانىدى . قورۇ دەرۋازىسىنىڭ بېشىدا سۇس يورۇپ تۇرغان چىراغ ئەتراپىغا پاشا - كۇمۇتىلار ، پەرۋانىلەر ، دەرەخ پىتلىرى ئولىشىۋالغانىدى . چىراغنىڭ يورۇقىدا ئاتنىڭ قۇلاقلىرىدىن چىققان تەر دانىچىلىرى ئۇششاق يۇلتۇزلاردەك چېچىلىپ پارقىراپ كەتكەنىدى . دەرۋازىۋەن قېرى لاۋما تۆمۈر رىشاتكا ئارىسىدىن راخمان تۇرنى تونۇپ دەرھال دەرۋازىنى ئاچتى ۋە بېشىنى لىڭشىتىپ ھوڭگۈل چىشلىرىنى كۆرسىتىپ ھىجايدى . ھارۋىكەش سەمەت روزىغىمۇ قەدىناسلارچە خۇشال تەبەسسۇم بىلەن تەكرار باش لىڭشىتىپ قويدى . ئايۇپقا بولسا گۇمان بىلەن ئوغرى - قاراقچىغا قارىغاندەك سىنچىلاپ قارىدى .

— خاۋما لاۋما .

— خاۋ ، خاۋ ⋯ را شۇجى نى خاۋ . جاڭ شۇجى با ⋯ شەنزەي با .

سەمەت روزى خادىكنى توختىتىپ خادىكنىڭ كەينىدىكى ساندۇقتىن سېرىق سۆگەتنىڭ شۇپۇكىنى ئېغىز - بۇرنىدىن ئۆتكۈزگەن پاچاقتەك

جىرىكلىما بىلىقتىن ئۇچنى، يەنە بىر توغرا سىۋەتتە ئىككى توخۇنى لاۋماغا ئېلىپ بەردى. لاۋما خۇشاللىقتىن تېخىمۇ پۈكۈلۈپ راخمان تۇرغا ئارقا - ئارقىدىن تەزىم قىلدى ھەم كالدىرلاپ بىر مۇنچە خەنزۇچە گەپ قىلدى. راخمان تۇر بۇ گەپلەرنى بىلمىسىمۇ ئۇنىڭ ئۆزىگە رەھمەت ئېيتىۋاتقانلىقىنى چۈشىنەتتى. ھارۋا قورۇ ئىچكىرىسىگە ماڭدى.

— ئاپلا سەمىتەم، ماۋۇ لاۋمانى كۆرۈپ يادىمغا كەلدى. ئۇ كۈنى كەلگەندە ئۇ ھېلىقى يامغۇر ياغقاندا توغراق تۈۋىدە ئۇنۇپ كېتىدىغان ئېشەك قالپىقىدىن ئالغاچ كەلسەڭ دەپتى، ھە، دەپ ئۇنتۇپ قاپتىمەن ئەمەسما. ما قېتىم بۆرە ئېغىزى، چاسا تەرەپكە ئۆتكەندە مەن ئۇنتۇپ قالسامۇ سەن يادىڭدا چىڭ تۇتۇپ ئەسەدىكىلەرگە تاپقۇزە. لاۋما ئۆزى دەرۋازىۋەن بولغىنى بىلەن ناھايىتى مۇھىم ئادەم. ئۇنىڭ دېگىنىنى قىلىپ بەرمىسەڭ جالىڭ شۈجى بىلەن، تەشكىلات بۆلۈمىدىكى كالىڭ بۇجالىڭ بىلەن بولىدىغان ئالاقە ئىشلىرىمىز ئۈزۈلۈپ قالىدۇ. ئايۇۋەم، قالا، سەن ئەمدى ماڭا ئىز باسار بولۇپ بۇندىن كېيىن يۇرت سورايسەن. شۈجىلىق مەندىن قالسا ساڭا قالىدۇ. جاھان سورىماق ئاسان ئەمەس. ھوقۇقنى تۇتۇشنى ئۆگىنىشنىڭ مىڭ بىر پۇتىقى بار ئىش. شۇنىڭ بىرسىنى بىلمىسەڭ، ھوقۇقنىڭ بىر پۇتىقى كېلىپ كۆتۈڭگە قوزۇق بولىدۇ. ھوقۇق تۇتۇشنىڭ، ئۇنى قولغا ئېلىشنىڭ يوللىرىنى، سىر - ئەسناسىنى مەن بىلەن يۈرۈپ ئۆگىنىسەن. سەن يۇرتقا باش بولسەن، راخماندىن كېيىن شۈجى بولىسەن دەيدىكەنسەن، مانا مۇشۇ جالىڭ شۈجى بىلەن كالىڭ بۇجاڭنىڭ پېشىنى چىڭ تۇتمىساڭ، ھېچنېمە بولالمايسەن. ناھىيىدە كەنجى شەنجاڭ، بارات شەنجاڭلار بار دېگەن بىلەن ئۇلارنىڭ قولىدىن پوق كەلمەيدۇ... ئۇلار ۋاي بىز شەنجاڭ دەپ ئىشتانغا پاتماي غادىيىپ، كىرىلىپ ئاشۇ چىرايلىق ماشىنىسىدا ئولتۇرغان بىلەن ئۇلارنىڭ ئاشۇ چىرايلىق ماشىنا بىلەن ئىشخانىسىدىن باشقا ھېچنېمىسى يوق. شوپۇرى بىلەن

كاتتۇدىن باشقا ھېچنېمىگە كۆچى يەتمەيدۇ . سەھنىدە كېرىلىپ ئولتۇرۇپ ناھىيىنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى دوكلات قىلغان بىلەن ، ۋاي ئاندىغى ئەتتۇق ، مانداق قىلدۇق دېگەن بىلەن ھەممىسى باكا ، قۇرۇق گەپ . جاڭ شۇجى بىلەن كاڭ بۇجاڭدىن بىسوراق بىر تال قىلنى ئۆياندىن بۇيانغا يۆتكىيەلمەيدۇ . كۆندۈزى خەقنىڭ ئۇ ئىشىغا ، بۇ ئىشىغا پالان ـ پۇكۇن دەپ تەستىق سېلىپ ، پو گەپنى قىلىپ لاپ ئۇرغان بىلەن كەچ كىرىشى بىلەن كەنجى شەنجاڭ جاڭ شۇجىنىڭ ئۆيىگە ، بارات شەنجاڭ كاڭ بۇجاڭنىڭ ئۆيىگە يالغۇزغىلى ، باش قويغىلى كىرىدۇ . ئۇلارغا يالغۇزۇپ ماقۇل كەلتۈرەلىسە خەقنىڭ ئىشىغا سالغان تەستىقى ئۆتۈپ قالىدۇ . ئۆتمىسە لاپ بولۇپ قالىدۇ . شۇڭا ئۇلار تەستىقلاپ قويغان ئىشلارنىڭ تولىسى لاتا غىلاپ ، ياغاچ پىچاق بولۇپ ھېچنېمىگە ئۆتمەيدۇ ، كەسمەيدۇ . ئۆتمەمدىكى دېمە بەزىدە ئۆتۈپمۇ قالىدۇ . ئاۋۇ ئۆتكەنلىرى جاڭ شۇجى بىلەن كاڭ بۇجاڭنىڭ بۇرۇنتىدىن ئۆتكەنلىرى ، ئۆتمىگەنلىرى بولسا جاڭ شۇجى ، كاڭ بۇجاڭلار ئوسۇرۇقتا تەڭ قىلغان ئىشلار . ئۇلار چاندۇرمىغان بىلەن دەردىنى ئۆزى بىلىدۇ . كۆندۈزى غادىيىپ يۈرۈپ كېچىسى يالغۇزىدۇ . كەنجى شەنجاڭ خەقلەرنىڭ ئېيتىشىچە ، ئەتىگىنى سەھەر قوپۇپ جاڭ شۇجىنىڭ ئىشىكىدە قول باغلاپ تۇرارمىش ... سەن ئەمەلدار بولمەن دەيدىكەنسەن ناھىيىدە جاڭ شۇجى بىلەن كاڭ بۇجاڭنىڭ پېشىنى چىڭ تۇت . ئۇلارنىڭ پېشىگە ئېسىلىدىغان ئاچقۇچ مانا بۇ لاۋما . شۇڭا ، لاۋماغا ئوبدان بولمىساڭ ئىشىڭ كاشال . بىلدىڭما ، قالغىنىنى ئاستا ـ ئاستا بىلىپ قالىسەن . لاۋما بېلىقتا ، ھېلىقى ئېشەك قالپىقىغا ئامراق . چاغاندا كالا گۆشى بىلەن توخۇ ، بىرەر يەشىك ھاراق ئەكېلىپ بېرىسەن ، ئۇنىڭ ئىشى ئاسان . جاڭ شۇجى بىلەن كاڭ بۇجاڭغا ھېلىقى نەخ بولمىسا باكا ، بىلدىڭمۇ ئايۇۋەك . كىچىككىمدە مومامدىن پادىشاھنىڭ بېشىدا بىر تۆگمەن تېشى

چۆرگىلەيدۇ دەپ ئاڭلاپ، نېمىشقا پادشاھ تۇگمەن تېشىنى بېشىغا چۆرگىلەتكەندۇ دەپ چۈشەنمەپتىكەنمەن. ھازىر ئويلىسام تۇگمەن تېشىنىڭ مەنىسىنى بىلدىم. يادىڭدا چىڭ تۇت ئايۇۋەك.

ئۇلار جاڭ شۈجىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ ئۆي ئىچىدىن ئاڭلىنىۋاتقان مەسىلەرنىڭ كۆلكە - چۇقان ساداسىنى ئاڭلاپ ئاستا كەينىگە يېنىپ قورۇ تامىنىڭ بۇلۇڭىدىكى قېرى سېدىنىڭ تۈۋىدە خادىكنى توختىتىپ مېھمان تارقىغۇچە شۇ يەردە ساقلاپ تۇرۇشتى. خادىكتە ئوڭدىسىغا سوزۇلۇپ ياتقان راخمان تۇر ئۆزىچە يۇمشاپ، ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، ئۆزىنىڭ ھوقۇق تۇتۇش رىسالىسىنى ئايۇپقا سۆزلەپ بەردى. ئايۇپ ئۇنىڭ ھەربىر سۆزىنى بېشىنى لىڭشىتىپ ئاڭلىدى. ھارۋىكەش بولسا جاڭ شۈجىنىڭ ئېتىكلىك ئىشىكى ئالدىدا قول باغلاپ تەلمۈرۈپ تۇراتتى. ئۆيدىن بىرەرسى چىقىپ قالسا ئۇنىڭ تەلىيى ئوڭ كەلگەن بولاتتى، بولمىسا ئىشىكنى قېقىشقا پېتىنالماي ساقلاپ تۇراتتى. بۇ ئۇنىڭ ھەر كەلگەندە ئادەتلەنگەن ۋەزىيىسى ئىدى. ئىشىكتىن بىرسى يۇندا تۆككىلى ياكى ھاجەتخانىغا بارغىلى چىقىپ قالسا ئۇنىڭ تەلىيى بولمىسا يېرىم كېچىگىچە تەلمۈرۈپ قول باغلاپ تۇرماقتىن باشقا ئامال يوق. پۇتى تېلىپ، بېلى قېتىپ قالغاندا بولسا ئىزىدىلا زوڭ ئولتۇرۇپ بىردەم دېمىنى ئېلىۋالاتتى. يەنە ئورنىدىن تۇراتتى. پات - پات گېزىت قەغىزىگە موخوركا ئوراپ چېكىپ يۆتەل قىستاپ كەتسە ئۈنلۈك يۆتىلىشكە جۈرئەت قىلالماي ياكى بېشىنى قوينىغا تىقىپ يۆتىلەتتى ياكى بېشىدىن بۆكىنى ئېلىپ ئاغزى - بۇرنىنى يۆگەپ يۆتىلەتتى. تاكى يېرىم كېچىگىچە ھەرقايسى يېزا، ئىدارىلەردىن سالامغا كەلگەنلەر، ھاجەتمەنلەر توپلىشىپ ئىشىك ئالدىدا ساقلىشاتتى. ئەمما، ھېچبىرى بىر - بىرىگە راست گېپىنى دېيىشەلمەيتتى. جاڭ شۈجىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ھەر كەچتە ئىشىك ئالدىدا چوقۇم ئىشىك قاقماي كۈتۈپ تۇرۇشىدىغان بىر توپ كىشىلەرنىڭ

بارلىقىنى بىلسىمۇ ئىشىكنى ئالدىراپ ئاچمايتتى . بەزىلەر تاڭ
ئاتقۇچە ساقلاپ ئەتىسى كەچتە يەنە كېلىشەتتى . تەييارلىغان
گۆش ، مېۋە ، قوغۇن - تاۋۇز ، كۆكتات ، سۈت - قېتىق ،
قۇشقاچ ، كەپتەر قاتارلىق يېمەكلىكلەردىن بۇزۇلغانلىرىنى
تاشلاپ ، يېڭىلاپ تولۇقلاپ يەنە كېلىشەتتى . بۈگۈن سەمەت
روزىنىڭ تەلىيىگە باشقا رىقابەتچىلەر كەلمىگەنىدى ، قورۇ
ئىشىكى ئېچىلىپ بىر چېلەك يۈندا كۆتۈرۈپ چىققان جاڭ
شۈجىنىڭ ئائىلە خىزمەتچىسى خەنزۇ چوكان سەمەت روزىغا قاراپ
ئىللىق كۈلۈمسىرەپ قويدى . هويلا ئىچىدىكى گۈللۈكنىڭ
بۇلۇڭىدا باغلاقلىق تۇرغان ئاپشاركا قانجۇق سەمەت روزىغا قاراپ
زەنجىر تارتىپ قاتتىق قاۋىدى . چوكان ئىشىكنى يېپىپ قويۇپ
گەپ قىلماستىن يۈندىنى كۆتۈرۈپ مېڭىشىغا سەمەت روزى
دەرھال چوكاننىڭ قولىدىكى يۈندا چېلىكىنى ئېلىپ يۈگۈرۈپ
ھاجەتخانا يېنىدىكى يۈندا ئورىكىگە تۆكۈۋېتىپ چېلەكنى ئەكېلىپ
چوكانغا بەردى . چوكان گەپ قىلماي چېلەكنى ئېلىپ قورۇغا
كىرىپ كەتتى . سەمەت روزى ئىشىك ئالدىدا ئۈنسىز قول باغلاپ
تۇردى . ئۆزلىرىنىڭ كەلگەنلىكىنى ھەر ھالدا جاڭ شۈجى
ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ بىلگەنلىكىگە يۈز مىڭ شۈكرى دەپ ، ھامان
بىر چاغدا چاقىرىدۇ دەپ ، ھاردۇقى چىققاندەك بولۇپ تامغا
يۆلىنىپ زوڭ ئولتۇردى . ئولتۇرۇپ بېشى ساقىيىپ بويىنى
قىسىلىپ مۈگدەپ كۆزى ئۇيقۇغا كەتتى .

ئۇ مۈزدەك بىر بارماق پېشانىسىگە تېگىشى بىلەن چۆچۈپ
ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى . ئالدىدا جاڭ شۈجى ئاپشاركىسىنى
يېتىلەپ كۈلۈمسىرەپ قاراپ تۇراتتى . ئىتنىڭ سىيىق تىنىقى
ئۇنىڭ زۇۋانىغا كىرىپ كەتكەنىدى . جاڭ شۈجى ئاق مايكا بىلەن
كۆك رەڭ كالتا كۇسار كىيىۋالغان بولۇپ ، بىر قولىدا
يەلپۈگۈچ ، يەنە بىر قولىدا ئاپشاركىنىڭ زەنجىرى بار ئىدى .
— ۋاي سەمەت روزىمۇ سىز . نېمانداق ئادەمنى خىجىل

قىلىپ ئىشنىڭ ئالدىدا تامغا يوللىنىپ ئوخلىدىڭىز . بۇ ... بۇ ئىشىڭىز پەقەت قاملاشماپتۇ . شۇنچە يىللىق يېقىن قەدىناس تۇرۇپ مۇشۇنداق قىلىسىڭىز ، بىزنى ئۆز كۆرمىگەنلىكىڭىز ئەمەسما ، قېنى را شۇجى ؟

جالڭ شۇجى ئۇيغۇرچىنى ياخشى سۆزلەيتتى . جالڭ شۇجى ئىللىق تەبەسسۇم بىلەن كۈلۈپ تۇرۇپ سۆزلەۋاتقان بولسىمۇ سەمەت روزىنى سوغۇق تەر بېسىپ غال - غال تىترەپ زۇۋانى گەپكە كەلمەي قالدى .

— قورقماڭ ، بىزنىڭ ئىت سىزنى تونۇيدۇ . چىشلىمەيدۇ . قېنى را شۇجى ، را شۇجىمۇ كەلگەندۇ .

— مەن ... مەن ... خاتا قىلدىم . سەت بولدى جالڭ شۇجى . قەستەن ئەمەس ... را شۇجى ئاينا ، ئاينا ، ئاۋۇ سېپىدىنىڭ تۈۋىدە ھارۋىدا ، ھارۋىدا سىزنى ساقلاۋاتىدۇ .

سەمەت روزى ئۇۋۋچىدىن ھۈركىگەن توشقاندەك تاقلاپ يۈگۈرۈپ ھارۋا يېنىغا باردى . جالڭ شۇجىنىڭ ئاپشاركىسى ئەركىلەپ سەمەت روزىنىڭ ئارقىسىدىن بىرنى قاۋاپ قويدى . جالڭ شۇجى سەمەت روزىنىڭ كەينىدىن قاراپ كۈلۈپ قويدى . راخمان شۇجى مەپىدىن قېرى ئۆكۈزدەك دۈلۈپ سەكرەپ قوپۇپ قول باغلاپ جالڭ شۇجىنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلدى . ئايۇپ ئەگەشتى . ئايۇپ ھازىرغىچە راخمان تۇرنىڭ قاپاق تېرەكتەك ھەيۋەتلىك غادىيىپ ماڭغىنىنى ، سورلۇك ھەم ھەيۋىسى يامان غالجىر بۇقىدەك كۆزىنى چەكچەيتىپ ھەم قىزارتىپ ئالىيىپ تۇرۇپ خەققە ھۆركىرىگىنىلا كۆرگەن ، ئەمما ھازىرقىدەك سېرىق سۆگەت بادىرىسىدەك ئېگىلگىنىنى ، باغقا باغلىغان ئىت باغۋەنگە ئەركىلىگەندەك ئېگىلىپ ، تولغىنىپ ماڭغىنىنى كۆرمىگەنىدى . ئۇ جالڭ شۇجىنىڭ قولىغا ئېسىلىپ تۇرۇپ ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ئەھۋال سوراپ كەتتى . جالڭ شۇجى راخمان تۇر بىلەن قىزغىن كۆرۈشۈپ ئەھۋال

سورىشۇپتىپ كۆزىدىن باشقا ھەممە يېرى داكا بىلەن تېڭىلغان ئايۇپتىن كۆزىنى زادىلا ئۈزەلمەي قالدى . جاڭ شۈجىنىڭ ئاپشاركىسىمۇ ئايۇپقا قاراپ پات - پات ھۇرپىيىپ قوياتتى . راخمان تۇرنىڭ قۇمدەك ئەھۋال سوراشلىرىنىڭ ئايىغى ئۈزۈلۈشىگىلا جاڭ شۈجى تاقەتسىزلىك بىلەن سورىدى .

— را شۈجى ، بۇ نېمە ئادەم . بېشىدىكى ئاق شاپاق دوپپىمىكىن دېسەم ئۇنداق ئەمەس ، ئاق مۇغەمبەر تۇماقمىكىن دېسەم تېخى ، ئاق ياغلىقتا يۈز - كۆزىنى يۆگىۋالغان مومايمىكىن دېسەم ئەر كىشىدەك تۇرىدۇ ، — جاڭ شۈجىنىڭ گېپىدىن ھارۋىدىن يېڭى پىشقان چىلگە قوغۇنلارنى تۇشۇۋاتقان سەمەت روزى پوكىنىغا كېچەك تۇرۇپ قالغان قېرى مېكىياندەك پىخىلداپ كۈلۈپ كەتتى .

— ئە جاڭ شۈجى بۇ ... بۇ ... ھېلىقى مەن سىزگە تولا گېپىنى قىلىپ بېرىدىغان ئايۇۋەم ، مېنىڭ ئىنز باسارىم ئايۇپ . سىز دائىم قېرىپ قالدىڭىز ، ئىنز باسار تاللاڭ ، ئىنز باسار تەربىيىلەڭ دەپ بەرگەن يولىيورۇقىڭىزغا ئاساسەن مېنىڭ ئۇزاق باش قاتۇرۇپ تاللىغان ئىنز باسارىم . ما ئىشنى كۆرمەمسىز ، تاللىغان ئىنز باسارىمنى سىزگە كۆرسىتەي دەپ تۇرۇشۇمغا كېلىشمەسلىكنى كۆرمەمسىز . سىزگە ئايۇۋەمنى تۇگمەننىڭ باشلىقى قىلىپ سىناۋاتىمەن دېمىدىمما ، مانا قارىسىلا ، تۇگمەنگە ئوغرى چۈشۈپ ھېلىقى كامىل دېگەن ئوغرىكەن ، ئېنىق كۆرۈپتۇ . شۇ دەيۈز بىلەن ئېلىشىپ مانا مۇشۇنداق بوپتۇ . ئوغرى كالتەك بىلەن باش - كۆزىنى يېرىۋېتىپ قېچىپ كېتىپتۇ . ئەمما ، تۇگمەندىن بىر تال دان چاغلىق بىرىمنى ئالالماپتۇ دەڭا . ئومۇمنىڭ مال - مۈلكىنى قوغداش يولىدا جان تىكىپ ئېلىشىپ باتۇرلۇق قىپتۇ دەڭا . كارامەت يىگىتتە ... چاشقانغا كېپەك ئالدۇرماستىن تۇگمەننى چۆرۈپ كېتىۋاتىدۇ . مەن ھازىر تۇگمەندىن يۈزدە يۈز خاتىرجەم .

ــ هە ، ياخشىمۇسىز ، يولداش ئايۇپ ، جاپا چېكىپسىز . ئۇمۇمنىڭ مال - مالكىنى ، ئاممىنىڭ جانىجان مەنپەئىتىنى قوغداش يولىدا جانپىدالىق كۆرسىتىپسىز . بىزنىڭ پارتىيە ئەزالىرىمىز . بارلىق پارتىيىلىك كادىرلىرىمىز سىزدەك بولىدىغان بولسا ئىشلار تېخىمۇ ياخشى بولۇپ كېتىدۇ . پارتىيە ، تەشكىل سىزنىڭ بۇ جانپىدالىق روھىڭىزنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايدۇ . قېنى كىرىڭ ، ئۆيگە كىرىڭلار . را! شۇجى سىزنىڭلا گېپىڭىزنى قىلىدۇ . سىزنى پارتىيىگە ، خەلققە سادىق دەيدۇ ، ھەر كەلسە خىزمەتلەرنى دوكلات قىلىشتىن بۇرۇن سىزنى ماختاپ ئۇنداق ئىشەنچلىك ، بۇنداق سادىق ، ياخشى ئىز باسار بولۇشقا لايىق دەپ سىزنىڭلا تەرىپىڭىزنى قىلىپ كېتىدۇ . مانا بۇ بېشىڭىزدىكى تېگىقلار جانلىق ھەم ئەمەلىي پاكىت . سىز بىزگە ، تەشكىلىمىزگە ، خەلقىمىزگە راستىنلا سەممىمىي سادىقكەنسىز . پۈتۈن ناھىيىمىز مىقياسىدىكى بەش يېرىم مىڭ پارتىيە ئەزاسى سىزنىڭ روھىڭىزدىن ئۆگىنىشىمىز كېرەك . سىزدىن ھال سورايمىز .

جاڭ شۇجى ئايۇپنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ قويۇۋەتمەستىن ئۆيگە ئېلىپ كىردى . ئايۇپ ھاياجاندىن زوۋان سۇرەلمەي كۆزىگە ياش ئالدى . ھارۋىدىن سېۋەتلەردە ئۆرۈك ، تۇخۇم ، توخۇ ، قوزا گۆشى ، قېتىق - قايماقلارنى ھويلىغا توشۇپ خىزمەتكار قىزغا شۆگۈتۈپ بېرىۋاتقان ھارۋىكەش پىخىلداپ كۈلۈپ توختىماي باقىسىنى چىشلەپ توۋا دەپ توردى . راخمان تۆر بىر يۆتىلىپ قويۇۋىدى ، قورقۇپ كەتكەنلىكىدىن قولىدىكى سېۋەتنى دۈم سالغىلى تاس قالدى . جاڭ شۇجى ئۇلارنى دالان ئۆيدىن ئىچكىرىدىكى كىچىك مېھمانخانىغا باشلاپ كىردى . چوڭ مېھمانخانىسىدىكى يوغان زىبايەت ئۈستىلىدە چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ ۋارقىرىشىپ ، خۇشال ماجاڭ ئويناۋاتقان ئەر - ئايال مېھمانلاردىن بىرقانچىسى راخمان تۆرگە كۈلۈپ باش لىڭشىتىپ

قويدى . جاڭ شۈجى ئىچكىرىسىدىكى كىچىك مېھمانخانىنىڭ چىرىغىنى ياندۇردى .كىچىك ئۆينىڭ دېرىزىسى ئوچۇق بولمىغاچقىمۇ ئۆي دىمىق ئىدى ھەم ئازراق غەلىتە پۇراق دىماغقا ئۇرۇلاتتى .
— كامىل ئوغرىنى تېخى تۇتالمىدىڭلارمۇ ؟
— تورنى ناھايىتى كەڭ يېيىپ ، بارلىق كادىرلارنى ، پارتىيە ئەزالىرىنى سەپەرۋەر قىلىپ كامىلنى تۇتۇش ئاممىۋى دولقۇنىنى قوزغىدۇق ، مۇشۇ بىر - ئىككى كۈن ئىچىدە چوقۇم تۇتىمىز .
— بىگتۇەن بىلەن يەرلىكنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۆز قارىچۇقىمىزنى ئاسرىغاندەك ئاسرىشىمىز كېرەك . بىگتۇەن ئۇنى تۇتۇپ بېرىشىمىزنى قاتتىق سۈيلەۋاتىدۇ ، تۇتۇپ قالساڭلار ئۇدۇل زاراتقا ئاپىرىپ تاپشۇرۇپ بېرىڭلار . ئاشۇلار قانداق قىلسا قىلسۇن . ۋاقتى كەلگەندە ئوغرىنى تۇتۇپ بېرىشكە سەل قارىدى دەپ بىزنى گۇناھكار قىلىشتىن يانمايدۇ ، شۇڭا بىز كامىلنى تۇتۇپ بېرىپ ۋەزىپىمىزنى ئادا قىلايلى . ئۇلار ئۆزلىرى تۇتۇشنى بىكار قىلامدۇ ياكى جازالامدۇ ، قانداق قىلسا ئۆزلىرىنىڭ ئىشى ... ئەگەر ئۇلار جازانى بىكار قىلىپ ئۇنى قويۇۋېتىپ قالسا ئاندىن بىز قايتىدىن تۇتۇپ بىز تارتىدىغان جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتە قىلساق بولىدۇ . بىردەم تۇتۇپ بېرىڭلار دەۋاتقان ، بىردەم تۇتماڭلار دەۋاتقان قانداق دېگەن قاملاشمىغان قىلىق بۇ . بۇ يەردە بىكار ئادەم باردەك . مۇناسىۋەتكە زىيان يەتمىسۇن دەپ ئېھتىيات قىلغانچە ئادەم بوزەك قىلىنىدۇ ، — دېدى جاڭ شۈجى . خىزمەتچى قىز چاي ئەكىردى . ئارقىدىن ھەر خىل سەيلەرنى ئەكىرىپ تىزىپ بىر دەمدە ئۈستەلنى توشقۇزۇۋەتتى .
— ھە يولداش ئايۇپ ، سىز يارايسىز . را شۈجى بىلىدۇ ، ھەرقايسىڭىزلاردەك مۇسۇلمان مېھمانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇرغاچقا ، بىزنىڭ ئۆينىڭ ئايرىم ئاشخانىسى ، قازان -

چۈمۈچى بار . ئاتايىن يەكەندىن بىر تۇڭگان ئاشپەز ئەكەلگەنمەن . خاتىرجەم يېسىڭىز بولىدۇ . بىر يىلدىن بېرى بىزمۇ چوشقا گۆشى يېمەي كالا ، قوي گۆشـــىگە كۆنۈپ قالدۇق . شۇڭا يەۋېرىڭ .

— بىلىۋال ئايۇۋەم ، جاڭ شۇجى قىرقىمىغان ئوغلاق گۆشىگە ئامراق .

ئايۇپ توختىماي خوش - خوشلاپ باش لىڭشىتاتتـــى . سەيلەرنى يەم بىلەن ئاغزىغا سېلىپ ئۇيان - بۇيان يالماپ تەستە يۇتەتتى ...

— بۇغداينى ئورۇشقا چۈشتۇڭلارمۇ ؟

— دېھقانلار يىغا - زار قىلىپ ، يەنە ھەپتىدىن كېيىن چۈشىمىسەك چالا پىشقان خام بۇغدايدىن ھوسۇل كەملەپ كېتىدۇ ، تىلىۋالساق دەپ تورۇۋېلىۋاتىدۇ .

— بولمايدۇ ، بولمايدۇ ، جاڭ شۇجى ئەمدىلا ئاغزىنـــى ئېچىپ قۇيماقچى بولۇۋاتقان ھاراق بوتۇلكىسىنى زەردە بىلەن جوزىغا «جاق» قىلىپ قويدى . بوتۇلكىنىڭ ئاغزىدىن چاچراپ چىققان ھاراق سەيلەرگە چاچرىدى . راخمان تۇر قورقىنىدىن مۇردىدەك تاتىرىپ تۇگۇلۇپ قالدى . جاڭ شۇجى رومكىنى قويۇپ پاپىرۇس چىقىرىپ بىر تال چەكتى . ئاندىن راخمان تۇر بىلەن ئايۇپقا بىر تالدىن تۇتقۇزۇپ تۇتاشتۇرۇپ ، بايىقىـــدىن سەل بوشراق قايىندى .

— ۋىلايەتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىدا مۇشۇ ئون بەش كۈن ئىچىدە پۈتكۈل بۇغداي ئورمىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ئېڭىز ئورنى قوناق تېرىلغۇسىنى ئاخىرلاشتۇرۇڭلار دېيىلگەن تۇرسا ، باشقا يېزىلار ئاللىقاچان بۇغداي ئورمىنـــى يېرىملاشتۇرۇپ بولدى ، سىلەر تېخىچە ئومىغا چۈشمىسەڭلار ، ئەتە - ئۆگۈن ۋىلايەتنىڭ ئورما خىزمىتىنى باھالاش ھەيئىتى كەلسە قانداق جاۋاب بېرىمىز ھە . مېنى تەختى پەرگە چىقىرىپ تەنقىد قىلسا ، سىز را شۇجى

بايرام قىلماقچىمۇ .
— مەن تۆزىتەي ، مەن ئېزىپتىمەن ، تۆزىتەي ، دېھقانلار ...
— دېھقانلار ... دېھقانلار دەۋېرىدىكەنسىز ، دېھقان دېگەن دەۋېرىدۇ ، بۇغداي دەپ قوناق تېرىلغۇسى كېچىكسە ، كۈزدە قوناق پىشمىسا ، بۇ مەسئۇلىيەتنى دېھقاندىن سۈرۈشتۈرگىلى بولامدۇ . بۇغداينىڭ ھوسۇلى مەلۇم ساندا تۆۋەنلەپ كەتسىمۇ قوناقنىڭ تولۇق پىشىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن باشقا يېزىلار تېخى پاتنىغى ساغارمىغان ، ئەمدى باشاق چىقارغان بۇغدايلارنىمۇ ئورۇپ بولدى . سىلەر تېخىچە مىدىرلىمىساڭلار را شۈجى ، سىلەر ئاھىيىلىك پارتكومنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلامسىلەر - يوق ، مەن جاڭ شۈجىنى ئېتىراپ قىلامسىلەر - قىلمامسىلەر ؟
— كېچىچە ئورامنى باشلايلى ، مەن تۆزىتەي ، مەن خاتا قىپتىمەن . تۆزىتەي ، مەن ئېزىپتىمەن . راخمان تۆرنىڭ بېشى ساڭگىلاپ ئۈستەل ئاستىغا كىرىپ كەتكودەك بولۇپ كەتتى .
— گەپ باشلاشتا ئەمەس ، قاچان ئاخىرلاشتۇرۇشتا . باشقا يېزىلاردىن بىر قەدەم كېيىن قالىدىكەنسىز ، بۇ مەسئۇلىيەتنى قاتتىق سۈرۈشتە قىلىمىز .
— با ... باشقا يېزىلاردىن بالدۇر تۈگىتىمەن .
— كاپالەت قىلالامسىز ؟ — جاڭ شۈجىنىڭ يۈزىگە تەبەسسۇم يۈگۈردى . ئۇ ھاراقنى ئىستاكانغا تولدۇرۇپ قويۇپ راخمان تۆرگا تۇتتى .
— سىزغۇ كېيىنكىمىزدە تۇرىدىغان ، قىلمەن دېگەن ئىشنى ۋاقتىدا پۈتتۈرىدىغان ئادەم . مەن سىزگە ئىشىنىمەن ، بىرلا يېرىڭىززە ، بەزى - بەزىدە قېيىپ كېتىپ ، تەشكىلنىڭ گېپىنى قايرىپ قويۇپ ئاممىغا ياخشىچاق بولۇۋالىسىز . بىز پارتىيە ئەزالىرى ، بولۇپمۇ رەھبىري كادىرلار ھەر قەدەمدە ئۆزىمىزنىڭ پارتىيۋىلىك مەيدانىمىزدىن تېيىپ كەتمەسلىكىمىز ، پارتىيە ئەزالىق سالاھىيىتىمىزنى ساقلىشىمىز كېرەك .

— مەن بىزنىڭ يېزىمىزدىن بۇرۇن ئۇمىغا چۈشكەن يېزىلاردىن ، بۇرۇن ئۇمىنى ئاخىرلاشتۇرمايدىغان بولسام يۈزۈمگە تۈكۈرۈڭ جالڭ شۇجى .

— بولدى ، پۈتۈشتۇق ئەمىسە . خوشە ! — جالڭ شۇجى يەنە باشقىدىن ئىچىلىپ راخمان تۇر بىلەن رومكا سوقۇشتۇرۇپ ئازراق ئىچىپ قويدى . راخمان تۇر بىر ئىستاكاننى سۇ ئىچكەندەك غۇرتۇلدىتىپ ئىچىۋەتتى .

— يەنىلا ھەممە ئىشتا را شۇجى يارايدۇ . ئىنتايىن كەم تېپىلىدىغان تالانتلىق رەھبىرىي كادىر - دە ، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ئىچىدىن بۇنداق رەھبىرىي كادىرلارنى ، بولۇپمۇ ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنى تاپماق تەس .

جالڭ شۇجى يەنە بىر ئىستاكاننى تولدۇرۇپ ئايۇپقا تۇتتى .

— را شۇجى سىزنى ئىز باسار قىلىپ تاللاپ ياخشى قىلغاندەك تۇرىدۇ . ھەمرا شۇجى بار ۋاقتىدا را شۇجى مۇئاۋىن شۇجى ئىدى . ھازىر ھەم شۇجى ، ھەم يېزىلىق باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ مۇدىرى . راست بۇندىن كېيىن شاڭجاڭ دەيدىغان بولدۇق ھەم شۇجى ، ھەم شاڭجاڭلىق ۋەزىپىسىنى ئىشلەۋاتىدۇ . ئەگەر سىز پارتىيىمىزنىڭ سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرىپ سىناقتىن ئۆتسىڭىز ، را شۇجىدىن كېيىن سىز ياخشى ئىز باسار بولىسىز ، خوشە !

جالڭ شۇجى ئايۇپ بىلەن ئىستاكان سوقۇشتۇرۇپ ئازراق ئىچتى ، ئايۇپ ئىستاكاننى كۆتۈرۈۋەتتى . راخمان تۇرنى ھاراق تۇتتى .

— جالڭ ... جالڭ شۇجى ... سىز خا ... خاتىرجەم بولۇڭ . ئا ... ئايۇپتا ... چاتاق يوق . ما ... ماڭا ئىشەنگەندەك ئىشەنسىڭىز بولىدۇ ... ئۇ ... ئۇ ... سىز ، سىز بىلەن تۇنجى ... تۇنجى ... كۆ ... كۆرۈشكەننىڭ تىركلىك ... نىشانىسى ... قىلىپ ... يېزا ... يېزىمىزنىڭ ... ئون سەككىز كەنتىدىن ، ھەر

كەنتتىن ... دېھقانلارغا بۆلۈپ بەرگەن كالىدىن ئۈچتىن جەمئىي قىرىق سەككىز كالا ... مىلىڭ ئۈچيۈز ئالتە قوي، بەش يۈز ئۆچكە، ئىككى مىڭ توپ قۇچاق تەستە يىتىمدىغان خىل تېرەك ئايرىپ قويدۇق. ئەگەر سۇ قىلىپ بەر دېسىڭىز كالا - قويلارنى سېرىق بۇيا بازىرىدا، ياغاچلارنى قەشقەردە سېتىپ پۇلىنى يەنە بۇرۇنقىدەك كۇلىدىكى بانكا ئادرېسىغا سالغۇزۇۋېتەيما ... بۇ ... بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ ئايۇۋەم ئۈچۈن ... ئۇ ... ئۈنىڭغا ... پۇ ... ماڭا پۇ شۈجى قىلىپ ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ بەرسىڭىز بولىدۇ ...

— را شۈجى ... ئايۇپ ... ياق ... ياق، ئا فۇ شۈجى ئۈچۈن رەسمىي كايىپسىز جۇمۇ، ئا فۇ ... شۈجى دەۋرەيلى ... تەشكىلات بۆلۈمىدىكىلەر ... كالڭ بۇجاڭ ئەتە بېرىپ ئۈچ دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنى ئېچىپ ئا فۇ شۈجىنى ئېلان قىلىشۇەتسۇن.

— قىزىل باشلىق ھۆججەتنى ... — راخمان تۇر خۇشلۇقتا جاڭ شۈجىنىڭ قولىدىكى بوتۇلكىنى ئېلىپ ئۆزى بىلەن ئايۇپنىڭ ئىستاكانىغا تولدۇرۇپ قويۇپ سۆزلىدى، — جاڭ شۈجى، ئاتام بولىمۇ سىزدەك كېپىمنى ئاڭلىمايتتى جۇما. سىز نېمە دېسەم شۇنى قىلىپ بېرىسىز ...

— مەن تېلېفون قىلاي، تەشكىلات بۆلۈمى ئۇقتۇرۇشنى كېچىچە تەييار قىلسۇن. ھە ... قانداق، رازى بولدىڭىزمۇ؟ سىز يولداش ئا فۇ شۈجىنىڭ كېپىنى قىلغاندىن باشلاپ چاڭۇلارنىڭ قۇلىقىغا، شەنجاڭغىمۇ پۇرىتىپ، ئاساسەن ھەممىسىنىڭ قۇلىقىنى پىشۇرۇپ قويغانمەن ... ھە ... مال - كالا، ياغاچلارنى سېتىپ پۇلىنى تەييار قىلغاندىن كېيىن سىز كۇلىدىكى بانكىغا ئەۋەتمەن دەپ ئاۋارە بولماي، قەشقەردىكى قىزىمغا يەتكۈزۈپ بەرسىڭىزلا بولىدۇ، شۇ بىر تەرەپ قىلسۇن. مەن قىزىمغا تېلېفون قىلىپ قويىمەن.

— بولىدۇ ، سىز نېمە دېمەكچىسىز شۇ جاڭ شۇجى ...

— بۇغداي ... ماڭا بۇغداي تېرىتىپ قويدۇم دەۋاتقانتىڭىز ، قانچە ...

— ئە ... ھە ... ئۇنتۇپ قاپتىمەن جاڭ شۇجى ، سىز ئۇچۇن ھەر كەنت ، ئەترەتلەردىن بولۇپ توققۇز يۈز مودەك بۇغداي تېرىپ قويغان . يەنە بۇلتۇرقىدەك بۇغداينى بۇغدايچە ، ساماننى سامانچە قەشقەرگە ئەۋەتەمدۇق ياكى ئۇلۇش يىلقىدەك سېتىپ پۇلىنى ئەكىلەمدىم .

— بولدى پۇلىنى يەتكۈزۈڭ ، بۇ يىل بۇغداي ، سامان سۈرەپ يۈرگۈدەك يىل بولمىدى .

— خوپ بولىدۇ . بەش يۈزمو كېۋىزىڭىزمۇ غەپسە ئۇخشىدى . خەق تېخى بىرىنچى سۇيىنىمۇ قۇيالمىدى . سىزنىڭ كېۋىزىڭىزنى تېرىغان دېھقانلارمۇ تەلەيلىك ، سىزنىڭ كېۋىزىڭىزنىڭ بانىسىدە ئۇلارمۇ كېۋەزنى ئەككى سۇ باستۇرۇۋالدى . باي بولۇپ ، قولى پۇل كۆرىدىغان بولدى . ھازىر ھېلىقى قولاغدىشالايدىغان يېقىن دېھقانلىرىمىز جاڭ شۇجىنىڭ يېرىنى كېلەر يىلى مەن تېرەي دەپ بەس - بەستە كېچىسى ئۇخلىماي سوغا - سالام بىلەن ئىشىكىمنى قېقىپ ئۇخلاتمايۋاتىدۇ جۇما ... ھى ... ھى ...

جاڭ شۇجى ئېچىلىپ رومكىنى قولىغا ئالدى .

— ئەگەر كېۋەزنىڭ ھازىرقى كۆكىگە پۇل سانىيالايدىغانلار بولسا سېتىپ پۇلىنى پات ئارىدا ئەكېلىپ بېرىڭ . ئوغلۇم شېنجېندا شىركەت ئاچىمەن ، پۇل بەر دەپ بېشىمنى ئاغرىتىپ كېتىۋاتىدۇ .

— يولىنى قىلاي ... يولىنى قىلاي .

— ھە ئا فۇ شۇجى ، قېنى يەنە بىر سوقۇشتۇرايلى ، ھە ... شۇنداق قىلىپ را شۇجى پۇ شۇجى ۋاقتىدا لى شۇجى باش شۇجى قىلىمەن دەپ ۋەدە قىلىپ قىلماپتىكەن ، مەن كېلىپ باش

شۆجى قىلىۋىدىم، بۇ ئادەم قىلغاننى بىلمىدىغان ئادەمكەن، ياخشىلىقىمغا ئوبدان جاۋاب قايتۇردى. مانا ھازىر را شۆجى سىزگە ناھايىتى كۆپ ئەجىر قىلىپ ياخشىلىق قىلىۋاتىدۇ. مەن سىزنىڭ را شۆجىنىڭ ياخشىلىقىنى ئۇنتۇپ قالمايدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن.

— قېنى خوشە! — ئايۇپ رومكىنى سوقۇشتۇرۇپ ئىستاكاننى بىراقلا كۆتۈرۈۋەتتى - دە، يەرگە تىزلىنىپ ھۆڭگىرەك ئېتىپ يىغلاپ كەتتى.

— جاڭ شۆجى، جېنىم جاڭ شۆجى، كۆڭلۈمدىكى گەپنى قىلدىڭىز، را شۆجى ماڭا ئاتام قىلمىغان ياخشىلىقنى قىلدى. مەن بۇ ياخشىلىقنى، سىزنىڭ ياخشىلىقىڭىزنى قىيامەتكىچە ئۇنتۇپ قالمايمەن. ئۇنتۇپ قالسام توڭگۇز بولۇپ كېتەي...

جاڭ شۆجى بىلەن را شۆجى ئايۇپنىڭ قەسەمىدىن تەسىرلىنىپ كۈلۈشۈپ كەتتى.

— مەن ھازىر سىلەرنى ئۆزىتىپ ئاۋۇ مېھمانلىرىم بىلەن بولىمەن. سىلەر كەچ بولسىمۇ، كالا بوجاڭنىڭ ئۆيىگە بېشىڭلارنى بىر تىقىپ كېتىڭلار. ئافۇ... شۆجىنى كالا بوجاڭ كۆرسۇن، تونۇسۇن.

— ھە بولىدۇ... بولىدۇ. ناھايىتى بەلەن، دانا گەپ قىلدىڭىز جاڭ شۆجى.

راخمان تۇر بىلەن ئايۇپ ھاراقنىڭ كۈچىدىن قىزىشىپ، جاڭ شۆجىنىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىپ تىلىنى چايناپ قەلبىنى چۈشەندۈرگەچ ھويلىغا چىقتى.

راخمان تۇر بىلەن ئايۇپ جاڭ شۆجىنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ كالا بوجاڭنى ئويغىتىپ ئۇنىڭغا ئاتىغان نەخ سوۋغات ھەم نېسى سوۋغاتلارنى كېلىشىم قىلىپ، تاڭغا يېقىن يېزىغا كېلىپ يېزا ئۈچ دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنى ئېچىپ بوغداي ئۆمىسىغا سەپەرۋەر قىلدى.

— كەم ئەرسىكى، بۇغدىيىم پىشمىدى، دەپ نورمايدىكەن، بەر ھەيدەيدىغان تراكتوردا بۇغدىيىنى ھەيدەپ يەرگە باستۇرما قىلمىمىز، بۇزمىمىز. ئاندىن ئورمىغانغا تويمدۇ، — دەپ سۆزىنى توگەتتى. ئاندىن كالڭ بۇجاڭ سەھەرگە ئۆلگۈرتۈپ چىقىرىپ بەرگەن قىزىل باشلىق ئۇقتۇرۇشنى تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ تەرجىمانلىقتىن ئۆستۈرۈلگەن مۇئاۋىن بۇجاڭى يۈزۈس سانىماق خەنزۇچە ئۇقتۇرۇشنى بىراقلا ئۇيغۇرچە ئوقۇدى. خام بۇغدايىنى ئورۇۋېتىش دېگەن پەرمان كاللىسىدىن ئۆتمەي سالپىيىتىپ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كەنت كادىرلىرى ئايۆپنىڭ يېزىغا مۇئاۋىن شۇجى بولغانلىقىنى ئاڭلاپ ئېگىز - پەس چاۋاك چېلىشىپ، ياقىسىنى تۇتۇشۇپ تولا قىلىشتى ھەمدە سەھنىدە كونا تۈزلۈق قاپاقتەك بېشى تېڭىقلىق ئولتۇرغان ئايۆپقا نەپرەت بىلەن قاراشتى.

— ھىم، يۇرتنىڭ ئىشى توگەپتۇ، ئايۆپنەك ۋىجدانسىز ئادەم يۇرتقا باش بولسا ئەمدى قىيامەتنى كۆرىدىغان بوپتۇق، — دېدى ئوتتۇز يىللىق كەنت شۇجىسى يەھيابايى.

كونا ئادەت بويىچە كەنتنىڭ شۇجىلىرى، كەنت باشلىقلىرى ۋە ئەترەت باشلىقلىرى سەھنىگە چىقىپ غادىيىپ، بېشىغا لاتا يۆگەپ ئولتۇرغان ئايۆپ بىلەن ئىككى قوللاپ كۆرۈشۈپ مۇبارەكلەپ كۆڭلىنى بىلدۈرۈشتى.

ئۇزاق يىللاردىن بېرى يېزىغا ھەر قېتىم يېڭى باشلىق كەلسە، پۈتۈن كەنت - مەھەللە نۆۋەتلىشىپ يېڭى باشلىققا كەنتنى كۆرسىتىش، تونۇشتۇرۇش نامى بىلەن مەشرەپ ئۆتكۈزۈش ئادەت بولۇپ قالغانىدى. يېزا - كەنتلەر بەسلىشىپ: «… ئاۋۇ كەنتلىكلەر مانچە قوي، مانچە كالا، مانچە توگە سويۇپتۇ، بىز مانچىنى قان قىلمىساق، يېڭى كەلگەن بەگ - غوجامنىڭ دىلى سۇ ئىچمەي قالسا ئىشىمىز چاتاق» دېيىشىپ، بەسلىشىپ ھەشەم قىلىشىپ كالا، قوي، توگە سويۇپ، ئالىي ھاراقلارنى يەشىك

- يەشكلەپ ئەكېلىپ مەشرەپ قىلىپ، تاڭ ئاتقۇچە يەپ - ئىچىشمەك قىلىشاتتى. يېڭى باشلىقنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ھەتتا يۈز مىڭ يۈەنلەپ پۇل كەتسىمۇ، ئۇلار دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللىتىش شۇئارىنى تۆت تامغا لىق چاپلاپ قويغان كەنت ھېساباتخانىسىدا ھەر مو يەر بېشىغا چېچىپ. ئورمىدا بۇغداي پۇلىدىن، كۈزدە كېۋەز پۇلىدىن تۇتۇپ، مال ئىگىلىرىگە، دۇكاندارلارغا نېسى بەرگەنلىكلىرى ئۈچۈن ئەسلىي باھاسىدىن ھەسسىلەپ ئاشۇرۇپ بېرىشەتتى. دېھقانلار بۇلارنى بىلسىمۇ بىلمەسكە سالاتتى، چۈنكى بىرەر دېھقان سېلىقنى چىدىماي بىر نېمە دەپ قويسا ياكى ئەرز قىلسا، يېرىگە سۇ بېرىلمەي يىراقتا ھاشارغا ھەيدىلەتتى. زىرائەتنىڭ ئوبدان باشقۇرماي ئوت باستۇرۇپ يەن ياكى كېۋەزنىڭ پىتنى ئۆلتۈرمەپ يەن دەپ ئۆي - جاي، موزاي - توپاقلىرىنى پايلىمىغۇدەك جەرىمانە قويۇپ دېھقانىنى يۇرتتىن قوغلاپ چىقىرىپ خانىۋەيران قىلىۋېتەتتى. شۇڭا، خەق ۋەيران بولغاندىن قەرزدار بولغان مىڭ ياخشى دەپ، ھەرقانداق زۇلۇم، ئالۋان - سېلىقتا خۇشاللىق بىلەن رازى بولىدىغان ئادەتكە كۆنگەنىدى. ئايۇپنى مۇبارەكلەش مەشرىپى ئادەت بويىچە ئالدى بىلەن يېزىلىق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت نامىدىن يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ دائىم مەشرەپ قىلىدىغان بېغىدا ئۆتكۈزۈلدى. ناھىيىلىك تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشسىمۇ غەم يېمەيدىغان مۆرىمەس مۇئاۋىن بۇجاڭى يۈنۈس ساماق كېتىمەن دېسىمۇ ئۇنىماي، مەشرەپ سورۇنىنىڭ باش مېھمىنى قىلىپ تۇتۇپ قېلىندى. ئۇنىڭ ئايۇپ قۇ شۇجىنىڭ ئەمەلگە تەيىنلىنىش ئۇقتۇرۇشىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ ناھىيىدىكى تۆت دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىسى نامىدىن تەيىنلەش بۇيرۇقىنى جاكارلاپ بەرگىنى ئۈچۈن راخمان تور ئۇنىڭغا بەش كالا، ئون قوي، يۈز توپ تېرەكنى سوۋغا قىلىپ، ياغاچنى قەشقەرگە ئاپىرىپ ساتقۇزۇپ پۇلىنى ئاپىرىپ بېرىدىغان، كالا

— قويىنى سېرىق بۇينىماق بازىرىدا سېتىپ پۇل قىلىپ بېرىدىغان بولدى. يۇنۇس ساماساق خام ياغ ئىچىۋالغان قېرى جۇۋازچىدەك خاراموش ھالەتتە يا ھە، يا ياق دېمەي، خۇنۇك كۆزلىرىنى سوغدا قىنىپ ئۆلگەن قېرى ئىنەكنىڭ كۆزىدەك يۇمۇپ ئولتۇرىۋەردى. ئۇنىڭدىن «رەھمەت، ئاۋارە بولمىساڭلارمۇ بولاتتى ...» دەيدىغان بىر ئېغىز گەپ چىقمىدى. راخمان تۆرىنىڭ ئەرۋاھى ئۇچتى، ئىچى سىقىلىپ سورۇندىكى كۈلكە - چاقچاقلارمۇ، مۇقام - پەدىلىرىمۇ، ئېسىل نازۇ نېمەتلەرمۇ ئۇنىڭغا تېتىمىدى. «يا ئاللا ماۋۇ مەخلۇق ئۆلۈكمىكىن دېسە جېنى بار، تىرىكمىكىن دېسە، يا كۈلۈشنى، يا يىغلاشنى، يا غەزەپلىنىشنى بىلمەيدىغان بىر مۇردىكەنغۇ، مۇردا ...» دەپ ئويلىدى. راخمان تۆر بىر ئىستاكان ھارافنى زورلاپ ئىچىپ پۈتۈن تونۇر كاۋىپىدىن بىر پارچە يەپ ئورنىدىن تۇردى.

— ماۋۇ زۇۋانى يوق مەخلۇق بىلەن سەن دوست تارتىشىپ ئولتۇرۇۋەر، مەن ئاستا دىلىم سۇ ئىچكەن يېرىمنى تېپىپ ئىچىمنى بوشىتاي، قايسى بىر قوشاقچىنىڭ جاھاندا ئۈچ نەرسىدىن قورق، بىرى مەستتىن، بىرى نەستىن، يەنە بىرى مۆرىمەستىن دېگىنى راستكەن ... بۇ بۇقىنى چىمداپ ئۆلتۈرىدىغان مۆرىمەس بىر نېمىكەن ... مەن كەتتىم ئەمسە، مەشرەپنى تاڭغا ئۇلا، بولمىسا خەق سېنىڭ ئىناۋىتىڭنى قىلمايدۇ. تازا چىلاشقۇدەك ئىچ، ئەر خەقتەك ئىچ.

— خوپ، خوش، ئۆزلىرى نېمە دېسىلە شۇ.

ئايۇپ راخمان تۆرىنىڭ ئارقىسىدىن پۈكلىنىپ ئۇزىتىپ چىقتى. ئۇ ئىچىنى ئوغرى مۈشۈك مورلاۋاتقاندەك تولغىنىپ كەتتى. چۈنكى ئۇ راخمان تۆرىنىڭ بۇ سورۇننى ياراتماي، نەگە بارىدىغانلىقىنى بىلەتتى ... ئايۇپ بىر بوتۇلكا ھاراقنى بۇلدۇقلىتىپ چىنىگە قۇيدى. ھەممەيلەن ئۇنىڭغا قىزىقسىنىپ قاراشتى، پەقەت يۇنۇس ساماساقلا بۇتتەك مىدىرلىماي

ئولتۇرۇۋەردى . ئايۇپ ھەممە ئادەمگە ئاللىمغان ئۈچى بارلەك نەپرەت بىلەن بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ جىققاندىن كېيىن «خوشە» دەپ قاتتىق بىر ۋارقىراپ جىنىدىكى ھاراقنى گۈيۈلدىتىپ ئىچىۋەتتى ـ دە ، ئارقىسىغا داراڭگىدە ئۈچۈپ كەتتى ...

## 25

يۇرتقا يېڭى باشلىق تەيىن بولسا پۈتۈن كەنتىمكى تۇل خوتۇن ، يېتىم ئوغۇلدىن باشقا ئاشپەزدىن قاساپقىچە ، ساتىراشتىن موزدوزغىچە تاپقىنىنى ـــ ئوغلاقتىن تۆگىگىچە ، كەپتەردىن قىرغاۋۇلغىچە ، ئەدىيالدىن كىلەمگىچە توپ ـ توپ ، گۆرە ـ گۆرە ئات ـ ئىشەكلىك ، پىيادە ـ ۋېلىسىپتلىك بولۇپ شۇ يېڭى باشلىقنى مۇبارەكلەش ، يارشىقىنى قىلىپ ئۆيىگە پەتىگە بېرىش ، پەتىدىن كېيىن ئۆيلىرىگە چىللاش ، بەس ـ بەستە مېھمان قىلىش بۇ يۇرتقا ئۇزاقتىن بۇيان قائىدە بولۇپ كېلىۋاتاتتى . بىر چىشلەم گۆشنى ناتونۇش ئىتقا سۆڭەك تاشلىغاندەك تاشلاپ بېرىش ، ئۇ كىشىمۇ ئار ـ نومۇس ، ئىززەت ـ غورۇر دېگەننىڭ تەتۈرىچە ئاشۇ بىر چىشلەم لەش ، تەمسىز چالا پىشقان خام ياغنى ئاشۇ كاتتىلار بىلەن بىر داستىخان بولۇپ يەۋالغانغا بېشى ئەرشكە تاقاشقاندەك خۇش بولۇپ ، ئىت سۆڭەك شومىگەندەك مۇزۇرلىنىپ شومەش بىر يىل ، يېرىم يىلغىچە يەتكۈدەك خۇشاللىق ئىش بولۇش بۇ يۇرت خەلقىنىڭ قان يىلىكىگە سىڭىپ كەتكەن ئادەت ئىدى . ئايۇپتەك بىر ئاددىي ، قەدىر ـ قىممەتسىز ئادەمنىڭ مۇشۇنچىلىك مەنسەپكە ، قەدىر ـ قىممەتكە ئېرىشىشى ئاسانغا چۈشمىگەندى . ئۇ قوشۇقنىڭ سېپىچىلىك ئاشۇ مەنسەپكە ئېرىشىش ئۈچۈن جاندىن ئەزىز نەرسىسىنى قۇربان بەرگەندى ... ھۆرمەتكە ئېرىشەلمەي ، كۆزگە ئىلىنماي ئاخىرى شۇ كالتا قوشۇقنىڭ سېپىدىن ئۇزۇن

كۆسەينىڭ سىپىغا ئىسلىش ئۈچۈن ئاشۇ يولنى ، ئاشۇ جاننى بەرسىمۇ بەرگىلى بولماس نەرسىنى قۇربان قىلىشقا كۆنۈش دەل مۇشۇ بۇگۈنكىدەك ھەددىدىن ئاشقان ئىتتىقسىزلاشقان ھۆرمەت ، خۇشامەتلەرگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئىدى . ئۇ چىداپ ، بەرداشلىق بېرىپ ، زارىقىپ كۈتكەن ھۆرمەت كۈنلىرى ئاخىرى يېتىپ كەلگەنىدى .

ناھىيىلىك تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى مۇئاۋىن شۇجىلىققا تەيىنلەش بۇيرۇق نامىسىنى كېكەچلەپ ، ھەجىلەپ ئوقۇۋاتقان سائەتلەردە يېزىدىكى ئۇزۇن قولاق ، پۇرسەتپەرەس خۇشامەتچىلەر تالڭ ئاتقۇچە يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ بورۇن ئەمەلدىن چۈشۈپلا ھەپتىدە مېڭىسىگە قان چۈشۈپ ئۆلگەن ياش شۇجىسى ھەمرا شۇجىنىڭ خوتۇن ـ باللىرى ئولتۇرۇۋاتقان كەڭ ئايۋان سارايلىق ، پېشايۋانلىق ئۆيگە ئۆزلىرىچە باستۇرۇپ كىرىپ ئوخلاۋاتقان تۇل خوتۇن ، يېتىم باللارنى ئويغىتىپ ، يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئاتخانىسىدىكى بىر ئېغىز سامانلىققا كۆچۈرۈپ قويۇشۇپ ، بۇ كاتتا ئايۋان سارايىنى تالڭ ئاتقۇچە پاكىز سۈپۈرۈپ ـ سۈپۈرۈپ بولۇشقانىدى . ئۇقتۇرۇش ئوقۇلغان ھامان خۇشاللىق ، ھاياجاندىن نېمە قىلارىنى بىلمەي ئەينەككە قاراپ گىرىم قىلىپ ، تالاغا قاراپ چاچ تاراپ ئولتۇرغان ئاغىچىخان يېزىدىكى ھەممە سورۇندا كۆتەمىچىلىك قىلىپ يۈز تاپقان بۇ بىر توپ ئەر ـ ئايال ، ياندىقچىلارنىڭ ئۆيىگە مۇبارەكلەپ كىرىپلا ئالمان ـ تالمان ئۆيىنى قول ـ قولچە يىغىشتۇرۇپ ، يەنە شۇ كۆتە ـ كۆتە قىلىپ ئېلىپ ماڭغىنىغا كۆزلىرى ئالىچەكمەن بولۇپ قاراپ قالدى . ئۇ نېمە ئىشلىقىنى بىلىپ بولغۇچە ئۇنى ئايۋان سارايلىق ئۆيگە كۆچۈرۈپ بولۇشقانىدى . ئۇنىڭ ئەسكى ھەمزەك يوتقان ، سامان تەكىرلىرى بۇ كاتتا ئايۋان سارايغا سارجا چاپانغا ماتادىن ياماق سالغاندەك پەقەتلا ياراشمىغانىدى . ئاغىچىخان ئەمدى بۇ دەريادەك ئۆيىنى قاچانمۇ تولدۇرۇپ بولارمەن

دەپ بولغۇچە ئاسماندىن تاۋار ياغقاندەك ئۆي كۆچۈرگەن كۆتەرمىچىلەر زىلچا گىلەم، تاۋار يوتقان، شىپىلىك يەكەنداز، يۇڭ تىۋىت ئەدىيال، لۆم - لۆم كارىۋات، خاپان ساندۇق، ساپا - ئورۇندۇق، دەرپەردە، شامالدۇرغۇچ، تېلېۋىزور، ئۈنئالغۇ دېگەنلەرنى قارا چۇمۇلە چىۋىنىنىڭ ئۆلۈكىنى توشۇغاندەك توشۇپ جاي - جايىغا گۇل - گۇلىگە كەلتۈرۈپ تىزىپ ئاغىچىخانىنى چۆچەك - رىۋايەتلەردىكى غايىپ خەزىنىگە ئۇچراپ قالغان قەلەندەر خوتۇندەك ھېسسىياتقا كەلتۈرۈپ قويدى. ئۇ ئۆمرىدە كۆرۈپ باقمىغان لۆم - لۆم كارىۋاتتا ئولتۇرۇپ باقتى. بۇرۇن يېنىدىن تۇكۇرۇپ، مىشقىرىپ «را شۇجىنىڭ جالىپى» دەپ تىللاپ ئۆتۈپ كېتىدىغان خوتۇنلار مانا ئەمدى قول - قولىغا تەگمەي كارىۋاتلارنى جايلاپ، يوتقان - كۆرپىلەرنى دەستىلەپ، پەردىلەرنى تارتىۋاتاتتى، ئەتراپىدا پايپېتەك بولۇشۇپ «ۋاي خانىم، ئاغىچىخان» دەپ ئۇنىڭغا خۇشامەت قىلىشاتتى. ئاغىچىخان «مەن چۈش كۆرۈۋاتامدىغاندىمەن» دەپ ئۆزىنى نەچچە مەرتەم چىمداپ باقتى. ياق چۈش ئەمەس، ئۇنىڭكەن... ئۇ سېرىق يۈزى قورۇلۇپ قوشۇقتەك بولۇپ قالغان يەردىن باش كۆتۈرمەي بالىنى تۇتۇپ ئۇياق - بۇياقتا سوزۇلۇپ يۈرگەن ھەممىدەمگە ئۆچمەنلىك بىلەن قاراپ بىرقانچە قېتىم ئورۇپ - تىللاپ بېقىنىنى چىمدىۋەتتى.

ھېلىقى كېچىسى ئۇنى سالەك شاڭجاڭ، جۇمە گۇجاڭ، نىساخان ۋات - ۋاتلار كامىل ئوغرى بىلەن بىللە تۇتۇپ كەتكەنىدى. كېيىن كامىل ئوغرىنى زاراتقا ئاپىرىپ بېرىپ ھەممىدەمنى يەنە ئۆيگە ئەكېلىپ قويغانىدى، شۇ كۈندىن باشلاپ ئايۇپ ئاغىچىخان ئىشتا كەتسىلا ياكى كۆزى غەلەت بولسىلا كەينىدە يۈرگەن مېكىيان بىلەن كارى يوق يات مېكىيانىنى قوغلاپ باسماغداپ نەپسىنى قاندۇرغان تۇكا خورازدەك ھەممىدەمنى پوكانداپ يوتقىنىغا ئەكىرىۋالىدىغان بولۇۋالدى. بۇ سەت

چۈغۈندەكمۇ بۈك - بۈكقا كۆنگەن مەللەك مېكمياندەك ئايۇپنىڭ ھەممە قىلىقلىرىغا ئۈن - تىنسىز قوچقارغا چۈشكەن ساغلىقتەك ئۈنىڭغا كۆنۈپ قالغانىدى. ئاغىچىخان ئۆتكەندە ئۇنى ئوغرى ئالدىغا چىقىرىپ كۆزدىن يىتكەنگە ئىچىدە خۇش بولۇپ يۈرۈۋېدى، ئايۇپ بىلەن راخمان بىر - بىرىدىن ئۆتە سەپرالىشىپ كەندىر يېغىدا پولو يېگەن قىمارۋازلاردەك توختىماي شۇنىڭ ئىزدەك - سورىقىنى قىلىشىپ ياندىقچىلارنىڭ چىچا يېرىنى سامانلىق قىلىۋېتىشتى «... مەن يۇتۇپ كەتسەم ھەقىچان بۇنچىۋالا بولۇشۇپ كېتىشمەستى. ئەر كىشى دېگەن زادى كۆسۈك ئىنىڭ ئۆزى، يۈزىدە تۈكى بار. ئەمدى قوپۇپ ھەر ئىككىلىسىنىڭ بىرىدىن كېيىن بىرسى كۆسۈك يالىغان ئىتتەك ئۆچرەت بىلەن بۇ يېڭى قانجۇقىقا كۈك بولۇپ ئولاشتى. يەنە تېخى ھېلىقى قاراقچى ئىتمۇ بار. بۇ كىچىك قانجۇقنى خۇمارداپ غالجىرلىقى تۇتۇپ كەلسە ھەممىنى ئۇڭتەي - توڭتەي قىلىپ باسماقداپ كېلىدۇ. ئۇغۇ ئوغرى بولسىمۇ خېلى ئوغۇل بالىدەك، ئەر كىشىدەك بىرىمكەن. كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال دېگەندەك بۇ بىرىمنى تونۇگۈن ئوغرىنىڭ تېگىدىن تارتىپ چىقساق، بۈگۈن توختىماي ھۆ دېسە، ھۆدەپ يۈرىدۇ. يېزا دوختۇرى تونساخاننى قىچقىرتىپ كۆرسەتسەم بويىدا قاپتۇ، بوغاز بوپتۇ. بۇ ئەمدى نېمە كۆرگۈلۈك، نېمە تارتقۇلۇق. ئۈچ ئايلىق بوپتۇ. ئەمدى بۇ قايسى دەيۈزنىڭ پۇشتىدۇ. كامىل ئوغرىنىڭمۇ، ئايۇپنىڭمۇ ياكى كېيىن كۆسۈكىغا قاتناشقان را شۇجىنىڭمۇ، زادى قايسىغا تەۋە. بۇ ھارامدىن بولغان ... غورىلايدەك بۇ پاسكىنىغا بۇ ئۈچ ئەر بىر - بىرىدىن ئۆتە ئىچىكىشىپ قىزغىنىشىپ، تالىشىپ كېتىشتى. ھەجەپ چىشىمغا تەگدىيا ماۋۇ مەرەزلەر ...»

ئۇ ئۆزىنىڭ ئەمەس باشقا بىر كىمنىڭ ئۆيىگە كېلىپ قونۇپ قېلىۋاتقاندەك يېڭى خەسىنىڭ پۇرىقى بىلەن كۆيە دورىسىنىڭ

پۈرتقى كېلمۇاتقان يوتقاندا يېتىپ خىيال سۈرۈۋاتقاندا ئۆيگە را شۇجى هاراق كېكىرىپ ئېچىپ قالغان چۈخەيدەك سېسىق پۈرىتىپ كىرىپ كەلدى. ئەسلىدە يېزىغا كىم شۇجى بولسا شۇ ئولتۇرىدىغان بۇ كاتتا ئايۋان سارايغا هەمرا شۇجى ئۆلۈپ، راخمان تۇر شۇجى بولغاندىن كېيىن كۆتەرمىچىلەر راخمان شۇجىنى كۆچۈرۈپ قويۇشماقچى بولۇشقانىدى. راخمان تۇر بۇ كۆڭۈلسىز سارايغا كۆچمەي ئۆزىنىڭ بۇقا پاتىدىكى قەدىمىي شەخسىي جايىدا ئولتۇرىۋەردى. چۈنكى، بىرىنچىدىن ئاتا ـ بوۋىسىدىن قالغان قەدىمىي جاينى هەمرا شۇجىغا بولغان غەزەپ هەم ئۆچمەنلىكى تۈپەيلىدىن ئۇ ئولتۇرغان ئۆيدە ئولتۇرۇش تۈگۈل يېزىلىق هۆكۈمەتتىكى ئۇ ئولتۇرغان ئىشخانا، ئىشلەتكەن ئۈستەل ـ ئورۇندۇق، هارۋا، هارۋىدىكى گىلەم، ئۇ شۇجى ئاقتىدا ئالغان تەقدىرنامە، بايراق مۇكاپاتلارنىمۇ كۆزدىن يوقاتتى. ئۇ «مەن بار يەردە هەمرا دېگەن ئىسىم تىلغا ئېلىنمىسۇن، قۇلىقىمغا چىرىپلا قالسا كىم بولسۇن يۈز ـ خاتىر قىلماي تىلىنى كېسىمەن...» دەپ ۋارقىرىدى. ئۇ هەمرا ئىشلەتكەن هەممە نەرسىنى دەرياغا تاشلاتقۇزۇپ، ئۇ ياسىغان باغلارنى، ياسىغان يول، كۆۋرۈكلەرنى بۇزۇپ قايتا ياسىدى. ئۇ تېرىتقان كېۋەز، بۇغداي، قوناقلارنى بۇزدۇرۇپ قايتا ئۇسا قىلدۇرۇپ، كېۋەز تېرىغان يەرگە قوناق، قوناق تېرىغان يەرگە بۇغداي تېرىتتى. ئۇ ياساتقان ئورمان بەلۋاغلىرىنى كەستۇرۇپ ئوتۇن قىلىپ ياندۇرقى يىلى قايتا كۆچەت تىكتۈردى. راخمان شۇجىنىڭ هەمرا شۇجىغا بولغان ئۆچمەنلىكى چېكىدىن ئاشقانىدى.

ئاغىچىخانىنىڭ هەممىنى هازىرلا قوغلاپ كۆزدىن يوقاتقۇسى بولسىمۇ، لېكىن را شۇجىنىڭ خوشى بار ئادىمىنى كۆتۈرۈپ ئەرشكە چىقىرىۋېتىدىغان، يامان كۆرگەن ئادىمىنى خانىۋەيران قىلىپ تاشلىۋېتىدىغان مىجەزىدىن قورقۇپ چىشىنى

چىقىلەپ تۇراتتى . ئەمما يەنە ئۇ نېمە ئۈچۈن ھازىرغىچە شۇجىنىڭ خوتۇن - باللىرىنى بۇ ئۆيدىن قوغلاپ چىقارمىغانلىقىغا ھەيران بولاتتى . ئۇلار نېمىشقا ھازىرغىچە بۇ ئۆيدە ئولتۇرغاندۇ . راخمان شۇجى بۇ ئۆيدە ئۆزى ئولتۇرمىغان ھالەتتىمۇ خوتۇن - باللىرىنى چوقۇم كۆچۈرۈۋېتىشى كېرەك ئىدىغۇ ... راخمان تۇر تاكى ئايۋىنى ئۇ ئاۋۋىنالمىقتا ئۆستۈرمىگۈچە ھەرا شۇجىنىڭ باللىرىنى بۇ ئۆيدىن قوغلىمىدى . ياندىقچىلار ئاللىقاچان كۆچۈرۈۋەتمەكچى بولغان بولسىمۇ ئۇ توسۇپ قويدى .

ئاغىچىخان يېڭى ئۆي ، يېڭى كارىۋات ، يېڭى يوتقاندا تۈنجى بولۇپ كىم بىلەن ياتارمەن ئايىپ چىرەمۇ ، راخمانمۇ دەپ ياتقاندا راخمان كىردى ...

راخمان تۈن يېرىم بولغاندا ئاستا ئورنىدىن تۇردى - دە ، پۇشۇلداپ ھويلىغا چىقىپ كەتتى ، ئاغىچىخاننىڭ كۆڭلى نېمىدىندۇر تۇيغانىدەك بولۇپ ، ئويغىنىپ كەتتى . ھويلىنىڭ بۇلۇڭىدىكى ئاشخانىغا يانداش كىچىك ئۆيدىن ھەمدەمنىڭ ئىڭرىغان ئاۋازى ئاڭلىنىۋاتاتتى . غەزەپتىن چىشلىرى كىرىشكەن ھالدا يېرىم يالىڭاچ دېگۈدەك ھويلىغا چىقىپ ، ھەمدەم ياتقان ئۆي تەرەپكە قاراپ قاتتىق تۈكۈردى . يېزىنىڭ بېغىدىن مەشرەپچىلەرنىڭ سۈرەن - چوقانلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى .

ئاغىچىخان ھويلىدا ئاندىن تۇغما ھالەتتە ھويلا ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزۈم تالىنىڭ چۆرىسىدىكى سېمونت قىرغا چىقىپ بويىنى سوزغا سالدى ... ئۇ پۇتلىرى لاي ھالەتتە يېڭى يوتقانغا كىردى - دە ، پۇتىدىكى لاينى يوتقاننىڭ ھەممە يېرىگە سۈۋاپ چىرقىراپ يىغلاشقا ، يوتقان - كۆرپىلەرنى ھەر تەرەپكە چۆرۈشكە باشلىدى .

— يېڭى يوتقان - كۆرپە بېقىنىڭغا ئۇسۇۋاتامدۇ ؟ ماۋۇ ئۆيدە غىت قىسىپ جان بۇۋۇكام دەپ ئولتارساڭ ئولتۇر ، بولمىسا

بۇ كۈنگە ئىگە قىلغان مەن راخمان سېنى بىردەمدە يەنە كالا ئېغىلىغىمۇ ئىچىرىپ قويالايمەن جۇما .

ئاغىچىخان راخماننىڭ ئۇننى ئاڭلاپلا چۆچۈپ ئارقىسىغا قاراپ ، خۇددى ئۆزىگە ئوخشاشلا يالىڭاچ تۇرغان راخماننى كۆردى - دە ، ئاق سانى كۆرگەن ئاق قۇشقاچتەك تۇگۇلۇپ ئىزىدا ئولتۇرۇپ قالدى ...

راخمان شۇنداق دەپ قويۇپ ئارقىسىغا بىنىپ ھەممىدەم ياتقان ئۆيگە كىرىپ ئىشكنى ياپتى . ئاغىچىخان ئېڭىكىنى تىزىغا قويۇپ قۇشقاچ ماراپ ياتقان موللا مۇشۇكتەك كۆزىنى پارقىرىتىپ قاراپ ئولتۇرۇپ قالدى . ئىشىك ئېچىلىپ راخمان بېشىنى چىقىرىپ :

— باش ئەزان بىلەن تەرەتكە سۇ ئىسسىتىپ مېنى - ئويغىتىڭ ! — دەپ ئىشكنى جالاققىدە ياپتى .

ئاغىچىخان شۇ ئولتۇرغانچە تاڭ ئاتقۇچە ئولتۇردى . ئەزان چىققان ھامان ئۆزىنى ئوڭشاپ ، كىيىملىرىنى كىيىپ يازلىق ئاشخانىغا ئوت قالاپ سۇ ئىسسىتىپ ، ھەممىدەم بىلەن راخمان ياتقان ئۆينىڭ ئىشكىنى قاقتى . مۇشۇ كەمگىچە مەشرەپ تۈگىمىگەن بولۇپ ، ئايۇپنىڭ ئالىلىقاچان مەست بولۇپ ئاشۇ مەشرەپ سورۇنىدا توپا كىگىزدە ئۇخلاپ ياتقانلىقى ئاغىچىخانغا بەش قولدەك ئايان ئىدى .

ئېرى ئۇسۇپ بىر كېچىدىلا كاتتا ئايىۋان - سارايغا ئىگە بولۇپ ھوشىنى يوقاتقان ئاغىچىخانغا بۇ ئىش بەكمۇ ھار كەلگەنىدى . راخمان تۇر ئۆيدىن چىقىپ كېتىشىگىلا ئۇ ھەممىدەمنى كىيىمىنى كىيىشكىمۇ يول قويماي قولىغا چىققان نەرسىلەر بىلەن ئۇرۇپ ، تىللاپ ئۆيدىن قوغلاپ چىقاردى . شۇنچە تاياق - تېپىكمۇ ھەممىدەمگە كار قىلمىغاندەك ئۇن - تىن چىقارمىدى . ئىشىك ئالدىدىن بامدات نامىزىغا ئالدىراپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىرقانچە قېرى سال ئادەملەر يېرىم يالىڭاچ

ھەمدەمنى كۆرۈپ باشقا تەرەپكە قاراپ تۇۋا قىلىپ ئىتتىك ئۆتۈپ كەتتى. ھەمدەم نومۇستىن ئىزىغا ئولتۇرۇۋالدى. كىيىم-كېچەك بوغچىلىرىنى كۆتۈرۈپ چىققان ئاغىچىخان:

— ئاله رەسۋا قانجۇق، دادىسى ئۈچ ھارام سۆكۆڭنى نەگە بېرىپ كۆچۈكلىسەڭ كۆچۈكلە. بۇ ئۆي سەندەك قانجۇق كۆچۈكلەيدىغان سامانلىق ئەمەس. ئىككىنچى كۆزۈمگە چېلىقتۇچە بولما، بولمىسا كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرسىتىمەن...

ھەمدەم ئۆمىلەپ بېرىپ بوغچىسىنى ئالدى-دە، دەرھال كىيىملىرىنى كىيدى ھەمدە ئوما ئورۇۋاتقان ئومىچىلارغا بولۇقۇپ قالماسلىق ئۈچۈن بۇغدايلىقتىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ كېۋەزلىكنىڭ ئېرىقى بىلەن ئۈجمىلىك ئۆستەڭ تەرەپكە ماڭدى... ئۇ نەگە بېرىپ، نەدە تۇرۇشنى بىلمەيتتى. كاملىنىڭكىگە بارسا ئۇنىڭ خوتۇن-بالىلىرى ئۇنىڭ پۇت-قولىنى چېقىپ كوچىغا تاشلىۋېتىشى مۇمكىن. كاملىنى زاراتقا ئاپىرىپ بېرىشتى. ئۇ ھەقچان سولاقتا، ئەمدى ئۇنىڭ بېشىنى سىلايدىغان ئادەم يوق. ئاتامنىڭ نەدىلىكىنى بىلمەيمەن. ئۇ ھازىر ئاچىلىرىمنىڭ يېنىدىمۇ ئەمەس. ئاكام داۋۇتەمنىڭ يېنىغىمۇ بارماپتۇ. ئىشقىلىپ بىر يەرگە كەتكەن ئوخشايدۇ. ئاچىلىرىمنىڭ ئالدىغا ئۆلسەممۇ بارمايمەن. ئۇلاردىن ماڭا ھەرگىزمۇ ۋاپا كەلمەيدۇ. داۋۇت ئاكام سالەك شاڭجاڭنىڭ ئۆيىدە، قايسى يۈزۈم بىلەن ئۇنىڭ ئۆيىگە بارىمەن. قورسىقىمدىكى بالا بىلەن ئاكامنىڭ يۈزىگە قانداق قارايمەن. قولىقىم ئاڭلىمىغان، كۆزۈم كۆرمىگەن يىراق بىر يەرگە كېتەي، جاھاننىڭ ئېتىكى كەڭرى. مەندەك بارارغا يېرى، تۇرارغا ئۆيى يوق ئىگە-چاقىسىز بىچارىنى پاناھىغا ئالىدىغان ئادەم چىقىپ قالار. بۇ قورسىقىمدىكىنى كۆتۈرۈپ نەلەرگىمۇ بارالايمەن. باراي دېسەم بارالمىسام، تۇراي دېسەم تۇرغۇدەك يېرىم بولمىسا، بىرەر كۆيۈمچان قېرىندىشىم تېخى بولمىسا،

بولدى ، بۇ دۇنيانىڭ ھەممە دىشۋارچىلىقىدىن ئۆلۈپلا تۆگىشەي ... سۇغا ... ئۆزۈمنى ... ئۆسنەڭگە ... ياق ... ياق ئۈستەڭگە تاشلىسام ئۆلەلمەن ، ئۆلەلمەي بەنە رەسۋاچىلىقتا قالىمەن . بولدى ، دەرياغا تاشلاي ... دەريانىڭ چوڭقۇر قايىنىمىغا تىك ياردىن ئۆزۈمنى تاشلاي ... ئەمدى دەريا تەرەپكە ماڭاي ، ئاھ خۇدا ، يۈرىكىم دۈپۈلدەپ قورقۇۋاتىمەن ... گۇناھىم ئېغىر . لېكىن مەن بارلىق گۇناھلارنى ئۆزۈم خالاپ ئەمەس ، چارىسىزلىقتىن ، بىخۇۋۇللۇقتىن قىلدىم . ئۇ دۇنياغا بارغاندا خۇدانىڭ قانداق جازاسى بولسا تارتارمەن . جازا ھەرقانچە بولسىمۇ بۇ دۇنيادىكىدەك بولا ... مەن دۇنياغا تۆرىلىپ نېمە كۆردۈم ... مەن ئۇ دۇنياغا بېرىپ كۆيۈمچان ئانامنىڭ يېنىغا بېرىۋالسامالا بولدى ، ئانامنى ئەجەبمۇ سېغىندىم . مەن بۇ دۇنيادا ئانامدىن ، كېيىن كامىل ئاشۇ كامىلنىڭ كۆيۈنۈشىگە ئېرىشتىم . لېكىن ، كامىل تۈرمىگە كىرىپ كەتتى . ئەمدى ماڭا ياشاشنىڭ ھاجىتى قالمىدى ... مەن ھاياتىم ياشىغانچە شۇنچە كۆپ گۇناھقا پاتىدىكەنمەن . گۇناھىم ئاز چاغدا بالدۇر ئۆلۈپ تۈگەي . بۇ دۇنيادا مەن قايسى راھەتلىرىمگە ، قايسى بىر كۆرۈپ كەتكەن كاتتا دۆلەتلىرىمگە تارتىشىپ ياشايمەن . بۇ دۇنيادا ھوقۇقى بارلار ، پۇلى بارلار ياشىسۇن . مەندەك ئىتتىن - مۇشۈككىچە ھەممىسى ئانىي تاپىدىغان ، ھەممىسى خارلايدىغان ئادەمگە ياشاشنى كىم قويۇپتۇ . ئۆلسەم ھەممىدىن قۇتۇلىمەن ... راھەتكە چىقارمەن . ئۇ يەردە پەقەت خۇدانىڭ جازاسىدىن باشقا بىر كىمنى ، بىر كىم بوزەك قىلىدىغان ئىش يوقتۇ ، ئاچ قالىدىغان ، يالىڭاچ قالىدىغان ، ئۆي - ماكانسىز تالادا قالىدىغان ئىش يوقتۇ . خۇدا ئۆزى ياراتقان ھەربىر ئادەمدىن قۇرت - قوڭغۇزغىچە تۇرىدىغان يېرى ، كىرىدىغان تۆشۈككىچە ئورنىنى ، رىزقىنى تەڭ قوشۇپ ياراتقاندۇ . ئۆستەڭ جېنىمنى ئالالمايدۇ . دەرياغا سەكرىسەم پەقەت نەچچىنى تىنىمىسامالا جېنىم چىقار . ئاۋۋال

مېنى، ئاندىن قارىنىمدىكى بالامنى ھېلىقىلار بەپ تۈگەرمەن. دەريا مېنى بۇ دۇنيانىڭ خارۇ زارلىقىدىن، بوزەك قىلىنىشلىرىدىن، ماكانسىزلىقتىن، شەمماز - سەرسانلىقتىن، باش - پاناھسىزلىقتىن، خەقنىڭ باشقۇرۇشلىرىدىن، ياتلارنىڭ قول قىلىشلىرىدىن قۇتقۇزىدىغان، ئازاد قىلىدىغان دەريا، سەن بولمىغان بولساڭ مەن قانداق ئۆلۈۋالار ئىدىم. خەقنىڭ قوللۇقىدىن ماڭا ئۆلۈپ قۇتۇلۇشۇمغا يار - يۆلەك بولىدىغان دەريا، مەن سېنىڭ قۇچىقىڭغا ئۆزۈمنى ئاتاملا قۇتۇلىمەن. مېنىڭ ئۆلۈۋېلىشىمغا، ئۆلۈپ قۇتۇلۇشۇمغا پەرۋاردارچىلىق قىلغىن. بۇ دۇنيانىڭ بارلىق خورلاش، ئازاب، زۇلۇم - زەخمەتلىرىدىن، خارلاشلىرىدىن سەن قۇتقازغىن. جاھاندا ئىنسان ئانىسىدىن تۇغۇلۇپ ئۆزىگە، ئۆزىنىڭ قارىنىغا، پۇت - قولىغا، ئېغىزىغا، كۆز - قۇلاقلىرىغا، تىرناق، تۈكلىرىگە ئىگە بولالماسلىقتىنمۇ، ئۆزىنى باقالماسلىقتىنمۇ يامان كۈن بارمۇ؟ ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالمىغان، بىر جېنىنى جان ئېتەلمىگەز ئادەم، ياشايمەن دېگۈچە ماڭا ئوخشاش دەرياغا ئۆزىنى تاشلىۋالسا بولىدىغان ئوخشايدۇ. مېنى كىم يەرلىكمىدە قويار. ئۆلۈكۈم تالادا قالارمۇ، قاغا - قۇزغۇن، ئىت، تۈلكىلەر يەرمۇ ياكى كۆمۈپ قويىدىغان ئادەم چىقارمۇ دەيدىغان، ئۆلگەندىن كېيىن ئۆلۈكىنىڭ غېمىنى قىلىدىغان ئىش يوق. ئۆزىنى - ئۆزى ئۆزىتىپ دەرياغا سەكرىسىلا جاننى ئالىدىغانمۇ، قوينىغا ئالىدىغانمۇ، كۆتۈۋالىدىغانمۇ، ئۆزىتىدىغانمۇ ئاشۇ دەرياكەن. نېمىشقا بالدۇرراق يادىمغا كەلمىگەندۇ. بالدۇر ئەقلىمگە كەلگەن بولسام شۇنچىۋالا خارۇ زارلىقنىڭ دەردىنى تارتماسكەنمەن. تىل - ئاھانەتكە شۈكرى قىلىپ ياشىماسكەنمەن. شۇنچە گۇناھلارغا شېرىك بولماسكەنمەن. ئۇزاق ياشىغانچە بۇ دۇنيانىڭ زۇلۇمى يەتمىگەندەك ئۇ دۇنيانىمۇ كۆيپىيەرمىش. ئۆزۈمنى بۇ دىشۋارچىلىقتىن قۇتقۇزۇشنىڭ يولى مانا ئاخىرى تېپىلدى. يول

تاپالمىغانلارغا ئۈيلىسا يول تېپىلمىدىكەن . تۇغۇلغاندىكىن هامان ئۆلمىدىغان گەپكەن . بۇ دۇنيانىڭ ئىشى ، تۇغۇلۇش ، تىرىكلەر بىر - بىرىنى بوزەك قىلىش ، ئۆلگەنلەرنى تىرىكلەر كۆمۈشكەن . بوزەك بولماي ، خەقنىڭ باشقۇرۇشىغا ، باتنىڭ قولىغا قارىماي ياشىيالىسا ياشايدىغان دۇنياكەن . ئامال قىلىپ بېقىش ، چارىسىنى قىلىپ بېقىش پەقەت ئامالى بولمىسا خەقنىڭ خورلۇقىغا قالغاندىن ئۆلگەن دېگەن كارامەت كاتتا ئىشكەن ... ئىسىت نېمىشقا بالدۇرراق ئۆلۈۋالمىغان بولغىيتتىم ... ھەجەپمۇ جېنىمنى قىيناپ يۈرۈپتىمەن ... ئۆلۈۋالغان بولسام بۇ ئازابلاردىن بالدۇرراق قۇتۇلمىدىكەنمەن ئەمەسمۇ ... قورسىقىمدىكى بالامنىڭ تۇغۇلمايلا ئۆلگىنى ياخشى ... تۇغۇلسا ئۇنىڭغا كىم ئىگە بولىدۇ ؟ ئۇ تۇغۇلسا مەندىنمۇ بەتتەر خارلىق ئىچىدە ئازابلىنىدۇ . خۇددى مەن مېنى تاپقان ئاتام ، مېنى تۇغقان ئانامدىن قىيامەتكىچە خاپا بولغان ، رەنجىگىنىمدەك «مېنى نېمىشقا تۇغقان» دەپ مىڭلاپ قېتىم قانغىر قاقشايسەن . چۈنكى سەن ياتنىڭ تاپىنى ئاستىغا خارلانغىلى تۇغۇلىسەن . ياتلارمۇ مەندەك خارۇ زار ياشىغان بولىدى ، ئۇ چاغدا ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئوخشاشلا مۇشۇنداق ياشايدىكەن . ياشاش دېگەن مۇشۇنداق ئوخشايدۇ دەيتتىڭ . ئەمدى ئاتا - ئانىسى ئىگە بولالىغان بالىلار ئەتىۋار ياشايدۇ . ئۇلار يېگەننى سەن يېيەلمەيسەن ، ئۇلار كىيگەننى سەن كىيەلمەيسەن ، ئۇلار كۆرگەننى سەن كۆرەلمەيسەن . ئۇلار تۇتقاننى سەن تۇتالمايسەن . ئۇلار ماڭغان يولدا سەن ماڭالمايسەن . ئۇلار بارالىغان يەرگە ، سەن بارالمايسەن . ئۇلار ئولتۇرغان يەردە سەن ئولتۇرالمايسەن . جاھان بارغانچە قاتتىقچىلىق ، تارچىلىق ، ئىنساپسىزلىق ، رەھىمسىزلىك ، باغرى تاشلىق ئىچىدە قالدى . سەن تۇغۇلساڭ مەندىن ئۆتە خارلىنىسەن . بۇ سەن تۇغۇلىدىغان دۇنيا ئەمەس . سەن ياشايدىغان دۇنيا ئەمەس ، ياشىيالىساڭ تۇغۇل ، خارلانغىچە

تۇغۇلمايلا ئۆل . كۆزۈڭ كۆرمسۇن ، قۇلقىڭ ئاڭلمسۇن . مۇشۇنداق بىر جاھاننىڭ خۇدا تەرىپىدىن ئاپىرىدە قىلىنغانلىقىنى بىلمەيلا ئۆل . ئاڭلىسام ، خۇدانىڭ ئۆتمەيدىغان گۇناھلىرى ئىچىدە ئەڭ ئۆتمەيدىغىنى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشىمىش . خۇدانىڭ قاتتىق جازاسىغا ئۇچراسامۇ مەيلى ، ئادەملەرنىڭ خورلۇقلىرىدىن قۇتۇلسام بولدى ، خۇدا ئۆزى ياراتقان بەندىسىگە يەنىلا رەھىم قىلىدۇ .

جىگدە بۇراق كەلگۈندەك گىل رەڭ لىبىپ ئۇلۇغ ئىقىۋاتقان دەريا سۈيى سەھەردىكى شەپەق نۇرىدا تېخىمۇ قىزىرىپ لايىقىپ ئاقماقتا ئىدى . يىلانلىق يار بېشىغا كېلىپ ھەممەم يادىن پەسكە سەكرىدى . ئۇ دەريا تەرەپكە يول ئالغاندىن باشلاپ كەينىدىن ئارىلىق قالدۇرۇپ ئەگىشىپ كەلگەن كامىلىمۇ يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن دەرياغا ئۆزىنى ئاتتى .

## 26

كومىشىرنىڭ ئىششىق ـ كۆكلىرى يىنىپ ، ئالتە جىسەكچىسىنىڭ پۈۋلەپ ئۇچۇرۇشلىرى ، يەلپۈپ سوۋۇتۇشلىرى ئىچىدە ئايۇپ توختىماي ھاراق كېكىرىپ ئۆيگە كىردى . ئۇ ئۆزىگە ئەگىشىپ كەلگەن غالچىلىرىنى قول شىلتىپ ئىشىك ئالدىدىلا توزۇتۇۋەتتى . كەڭرى ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كىچىك باغدىكى ئىككى تۈپ ئەنجۈر ، ئۈچ تۈپ ئانار ۋە بىر تۈپ ئۈجمە ھويلىغا پاتماي باراقسانلاپ ئەنجۈرنىڭ گۈپۈلدەپ پۇراپ تۇرغان يوپۇرماق نوتىلىرى ئۆزىنى كۆتۈرەلمەي قالغانىدى . ئۇششاق توقاچلاردەك شاختا چاپلىشىپ تۇرغان ئەنجۈر مېۋىلىرىنىڭ ئاز بىر قىسمى ئالسىرىق سارغىيىپ ئېسىلىپ تۇراتتى . تامدىن ئىككى غۇلاچ يۇقىرى ياسالغان تال ـ باراڭدىكى ئۈزۈملەرنىڭ شاخلىرى باراڭنىڭ چۆرىسىدىكى بادرىدىن ئېشىپ پەسكە

ساڭگىلاپ كەتكەندى. ساپاق - ساپاق قىزىل چىلگە ئۈزۈم بىلەن
سېرىق مۇناقى ئۈزۈمنىڭ غوللىرى تېخى چېچەك يوقۇندىلىرىدىن
خوشلاشمىغانىدى، ئايۇپ تېخى نەچچە كۈننىڭ ئالدىدىلا پوت پاتسا
قولۇڭ پاتمايدىغان، ئىشىكنىڭ چىقىسىلا يولغا چىقىپ قالىدىغان،
ھويلىسى يوق قەپەستەك تار، گەمىدەك زەي، ئۆيگىمۇ،
سامانلىقىمۇ، ئېغىلىمۇ ئوخشاشمايدىغان، تورۇسلىرىدىكى
جەگە - ۋاسىلىرى ئىستىن قارايغان، چۇۋۇق بورىلىرىدا
ئۆمۈچۈكلەر تور تارتىپ ئاراشلىرىدىن يۇلتۇز سانايدىغان ئۆيدە
ئىدى. ئۆزى بولسا تۈگمەننىڭ خامپىسى ئاستىدا ئۇنىغا مىلىنىپ
يۈرىدىغان تۈلۈم چاشقاندەك پوستەكچى ئىدى. مانا ئامەت
دېگەن ... خۇدا بەرگەن ئامەتتە بۇ ... خۇدايىم ئامەتنى بېرىۋىدى،
بىرقانچە كۈندىلا يۇرتقا بەگ بولدى. ھوقۇق قولغا كېلىۋىدى،
ھەممە نەرسە ئۆزگەردى. ئۆزىمۇ ئۆزگەردى. كۆڭۈل ئۆسسە بوي
- بەستىمۇ ئۆسىدىغان گەپكەن. ھوقۇق پەيدا بولۇپ روھى
ئۆسۈۋىدى، ئېگىلىپ، مۈكچىيىپ تۇرغان بوي - بەستىمۇ
ئۆسۈپ كېرىلىپ، ئۇستىخانلىرىمۇ رۇسلىنىپ رەڭگىرويىغا قان
يۈگۈرۈپ باشقىچە تۈزۈلۈپ قالدى. ئادەم قولاقتىن دەپ ئادەمنىڭ
روھى ئۆسسە ئىچ - ئىچىدىن خۇشال بولسا، ياش قىرىقتىن
ئاشقاندىمۇ، ئۆزىمۇ باشقىچە بولۇپ قالىدىكەن ... غېرىچ بوي
تارتقاندەك بولدۇم. ئادەمنى يوغىناتقان ھوقۇق بىلەن ئوزۇقكەن
ئەمەسما؟ ھوقۇقنى بالدۇرراق تۇتقان بولسامزە، بالدۇرلا
يوغىناركەنمەن. ھېلىمۇ خۇداغا شۈكرى. زىرائەت، دەل -
دەرەخلەر نېمىشقا قىغدىن يوغىنايدىكىن دېسەم بۇنى ئاللاھ
شۇنداق ئورۇنلاشتۇرغانىكەن ئەمەسما. ھوقۇقنى شۇنداق
قىغدىن، شوۋا - مەرەز ئىچىدىن ئالدىم. پاكىز تۇپراق، پاكىز
سۇدا ئادەم ئايىنماي ئاشۇنداق مەرەزچىلىكلەر ئادەمگە قىغدەك
پايدا قىلىپ ئايىنىدىغان گەپكەن. خوتۇنۇم ماڭا قىغ بوپتۇ. مېنى
ئۆستۈرىدىغان قىغ بوپتۇ. ئۇ ماڭا قىغ بولۇپ مېنى كۆكلەتمىگەن

بولسا پاكىز باشىدىم ، ھالال ياشىدىم دەپزە ، بىر ئۆمۈر خەقنىڭ تاپان پېتىكى ، قوتان قىرىسى ، ئىچمىق بېشىدا ئاينىمىغان دەرەخ بولۇپ بىر ئۆمۈر جاپادا ئۆلۈپ توگەركەنمەن . خەق خوتۇننى كېچىسىنىڭ راھىتى ، كۈندۈزنىڭ ئەرىكىتى ، بالىنىڭ ئانىسى قىلىپ پايدىلانسا ، مەن خوتۇنۇمدىن خەقتىنمۇ كۆپرەك پايدىلىنىپتىمەن . ئەمما بۇ خىيالىم ئاغزىمدىن چىقىپ كەتمىسۇن . ئىنىسى - جىنىغا تىنىپ سالماي . ۋىجدان دېگەن ھەجەپ بىرىمكەن . قول بىلەن تۇتقىلى ، تېتىپ باققىلى بولمايدىغان ، ئېغىز - بۇرۇن ياكى كۆز - قۇلاقتەك بىر يەردە ئورنى يوقكەن . ئەمما ، ئادەمنىڭ ئىچىدىن چىقمايدىغان ، پات - پات ئادەمنى تاتىلاپ ئىچىنى ئېچىشتۇرىدىغان بىرىمىكەن . شۇنىڭغا چىداپ ، كۆزنى يۇمۇپ نەپ ئالىدىغان ، پايدا كۆرىدىغان ئىش بولسا قىلىۋەرسە بولغۇدەك . جىگەر ، بۆرەك ، ئۆپكە ، يۈرەك دېگەنگە ئوخشاش ئادەمنىڭ ئەزاسى بولسىغۇ بىرىسى بولمىسا ياشىغىلى بولمايدۇ . لېكىن ، ۋىجدان بولمىسا ياشىغىلى بولىدىكەنغۇ ، ئۆلمەيدىكەن . تېخى ۋىجدانى بار دېگەنلەر ئازاب چەككەن يەردە راھەت كۆرۈپ بىر ئوبدان ياشىغىلى بولىدىكەن . ھېچبىر يەردە ۋىجدانى يوق ئادەم ۋىجدانى بولمىغانلىقتىن ئۆلۈپتۇ دېگەننى ئاڭلىمىدىم . دەل ئەتورسىچە تېخى ۋىجدانى بارلار زىيان تارتىۋاتقان . ھە مۇشۇنداق گەپكەن . بۇ ... بۇ ... ۋىجدان دېگەن بۇ بىرمە توقسۇننىڭ شامىلىغا ئوخشاش ئادەمنىڭ ئىچ - باغرىدا توختىماي چىقىپ تۇرىدىغان ، چىققان يېرى بىلەن كىرىپ كەتكەن يېرىنى تاپقىلى بولمايدىغان ، قول بىلەن تۇتقىلى ، كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان بىرىمىكەن . بۇ دۇنياغا راھەتكە ئېرىشمەن ، خەقتىن بەلەنرەك ياشايمەن دەپ كەلگەندىكىن پايدا - مەنپەئەتكە ئەگىشىپ ياشىسا بولىدىكەن . كۆڭلۈم نېمىنى تارتسا شۇنى يەيمەن ، كىيىمەن ، ئوينىسام ، كۆڭلۈم نېمىدە خۇش بولسا شۇنى قىلسام ، خاپىلىق بولىدىغان يەردىن قاچسام ،

ئۇزاقراق ياشىسام ، مۇشۇ خوتۇننى ئاھاي ئاغىچىخان ھامان قىغ ـ نىجاسەت بولدى . بولسا بولمامدۇ ، ھامان بولا يېرى بولدى . كەينىمدىن دوست ـ دۈشمەنلىرىم نېمە دەپ غاجىلسا ، غەيۋەت قىلسا قىلمامدۇ . ئىت قاۋاۋېرىدۇ ، كارۋان كېتىۋېرىدۇ . ئىتنىڭ قاغىشىغا پىت ئۆلۈپتىمۇ . مېنى ئاقچى دەللال ، كۆكچى مازەك . خوتۇننى باشلىقتا سولاپ ، شۇۋىدا كۆكلىدى دېگەن گۇيلارنىڭ قايسىسىنىڭ خوتۇنى سافكەن ... سەن تازدىن خوتۇنۇمنى قانداق قىلىپ ياندۇرۇۋالارمەن دەپ ماۋۇ غەمدە تۇرسام ، ئەمدى قوپۇپ ماۋۇ ، ماۋۇ ھەممىدەمنى نېمە دەي ئەمدى . نېمەم بولسا شۇ بىرمەمنى ، ئىشقىلىپ ئامراق ئاشنامنى ، بەلەن ئاشنامنى ھېسابتا كىچىك خوتۇنۇمنى ئىگىلىۋالسا ، خوتۇنۇمنى سەن تاز موكلىغاندىكىن ئاشنامغا بولسىمۇ ئىنساپ قىلمىدىڭ تاز . بىر ئامال قىلىپ خوتۇنۇمنىمۇ ، ئاشنامنىمۇ سەندىن ئارىمسام ، دۇكان ئارىمسام بولمىدى . سەن باشلىق بولساڭ ، مەنمۇ باشلىق . كۆرۈنۈشتە سەن ماڭا ياخشىلىق قىلغان بىلەن ئەمەلىيەتتە سەن بۇ ياخشىلىقنى بىكارغا قىلمىدىڭ . ئىچىمگە ئۇرۇپ ، ئىچىمنى غەلۋىردەك ھۆتمە ـ تۆشۈك قىلىپ تۇرۇپ قىلغان ياخشىلىقىڭنىڭ ھەق نېسىۋىسىنى ئېلىپ تۇرۇپ قىلدىڭ . بۇنى ياخشىلىق قىلىش دېگىلى بولامدۇ . بۇ ياخشىلىق قىلىش ئەمەس . سودا قىلىش . مالغا مال تېگىشىش ... ئەمدى ھەرگىز ھەممىدەمنىڭ قارىسىنى كۆرسەتمەسمەن . ئەمما سەن تازدىن قانداق قۇتۇلارمەن . قورقۇمەن . چىشىڭغا تېگىشتىن ، ياق دېيىشتىن قورقۇمەن . بۇ تۆمۈر خوراز تازدىن ، كونا سۇرلۇك مازاردىن قورققاندەك قورقۇمەن ... ئۇ ماڭا ھوقۇق بەردى . نوچى ياشايدىغان ، ئېگىلىپ ئەمەس ، ھەممىنى ئېگىلدۇرۇپ ياشايدىغان ھوقۇق بەردى . ئۇ مېنى شۇۋا داڭقىنى قىلىۋەتكەن بولسىمۇ ، خورلىغان بولسىمۇ خارلىقتىن ، ھوقۇقسىزلىقتىن قۇتقازدى . شۇڭا مەن ئۇنىڭدىن قورقۇدىكەنمەن ، ئۇنى تۇسالمايدىكەنمەن .

ئەمما بىر ئۇختاسىنى كەلتۈرۈپ ھەمدەمنى ئۇنىڭدىن قورۇمسام ··· ھوقۇق بەردىم دەپ دىلىمغا سىغقان، ئالەمگە تېگىشمەيدىغان جۇۋاننى مەندىن تارتىۋالسا چىدىمايمەن.

— ھەمدەم ··· ھوي ھەمدەم قېنىسەن؟

— بوپ بەردىمۇ دەيمە، بوسۇغا ئاتلا - ئاتلىمايلا ھەمدەم، ھەمدەم دەپ تولاپ كېلىدىغان بولدۇڭلىيا ئەمدى، گەپ قىلمىسام ھەددىڭلاردىن ئېشىپ.

ئايۋان ئىچىدىن ئاق ئەتىلىشىم كۆڭلىكنى كىيىپ ھازىرلا تويغا بارىدىغاندەك ياسىنىپ ئاغىچىخان چىقىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئاقىرىپ، سوزۇلۇپ تولغان ئۆپكىدەك يۈزلىرى قىزىرىپ، چىرايلىق كۆزلىرى خۇمارلىشىپ كەتكەندى. ھەر قېتىم تاقىلداپ ماڭسا كۆكسى لىغىلداپ بۇغا كاۋىسىدەك ئىششىپ چىققان ئىككى ساغرىسى تەڭ لوپۇلدايتتى. «يا پانا، ما خوتۇن بارغانچە قۇچاق يەتمەيدىغان پو توغراقتەك يوغىناپ، ئەمچەكلىرى سۈت كالىسىنىڭكىدەك ساڭگىلاپ كېتىپتا. ھويلىنىڭ تېمىدىن سەكرىسەمۇ بىر ھارۋا سامانىنىڭ تۆپىسىگە سەكرىگەن مۇشۇكتەك ئۇنىڭ ئەمچەكلىرى ئارىسىدا يۇتۇپ كېتەمدىمەن نېمە.»

— ئۇسساپ كەتتىم خوتۇن، ھەمدەم سوغۇق چېيىمنى ئەپچىقسۇن.

— ئەمدى سوغۇق چاينى ماۋۇ پاتمىكى ئاچام ئەچىقىدىغان بولدى. ماۋۇ غوجامنىڭ سوغۇق چېيىنى ئېچىقىڭە پاتمىكى ئاچا، بالىنى مەن تۇتۇپ تۇراي.

يېشى ئەللىكتىن ئاشقان دۇمچەك، قارىقوماچ ئايال بالىنى ئاغىچىخانغا بېرىپ ئاشخانا ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

— ھەمدەم قېنى؟

— ھە، ئۇ سەت، مۆرىمەس، ئاژناپ ئازگالچاڭلارنىڭ ھەجەپ سېغىنىدىغان بولۇپ كەتتىڭلا جۇما ئەمدى. مۇشۇ

ئەلپازىڭلاردا ئۇنى مېنىڭ ئورنۇمغا دەسسىتىدىغان ئوخشىمامسىلە. مۆرىمەي جىم تۇرۇپ بوقىنى چىمداپ ئۆلتۈرىدىغان ئۇ جالاپ ھارامدىن بالا تېپىپ قورسىقىنى تومپايتىپ كەلسىزە ئۆيدە ساقلامدىم. تۆت ئايلىق بوپتۇ، قورسىقىدا باركەن. گەپ قىلماس بولا، شۇنداقمۇ گەپ قىلماس بولامدۇ ئەمدى. بالا چوڭ قىلماي تۇرۇپ نەۋرىلىك بولۇڭ دەپ ئانام ئۆگەتمىگەن، يەنە كېلىپ ئۇ ئوغرىدىن بولغان بالا. ئۆتەپ - تېشىپ ئەمدى مەن ئاغىچىخانىزە ئاشۇ كامىل ئوغرىنىڭ ئاشنىسىنىڭ ھارامدىن بولغان بالىسىنى ئۆيەمدە ساقلامدىمەن. ئوغرى ئالغان ئەسكى پالاسنى يەنە ئەكېلىپ نېمە پېشانەمدە ساقلايتتىڭلا، ھەيدىۋەتتىم.

— ئاپلا، ھەيدىمەيتتىڭلا، قورسىقىدا قالغان بولسا دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ، يا ئاۋۇ تونىساخانىنى تۇۋلاپ ئالدۇرۇۋەتسەك بولىتتى ئەمەسما؟ ئەمدى ئۇنى ... ئۇنى ئاران تەستە تاپقاندا. را شۇجى ئىزدەك - سورىقىنى قىلىپ قالسا نېمە دەپ جاۋاب بېرىمىز؟

— ئات ئايلىخانىغا، يول سارىخانىغا دەپ قىستاپ كەتسە ھەممە ئادەم ھاجەت قىلىدىغان ئۇ ئازگالچىنىزە، را شۇجى، را شۇجى دەپ را شۇجىگە يۆلەپ قويۇپ ئەمەلدە بولسا ئۇ بولمىسا مەن قانداق قىلامەن دەپ ئۆزەڭلىنىڭ نەپسىڭلا تاقىلداپ شۇنداق دەۋاتقانسىلە. ئۆزەمنىڭ گۇناھى يەر كۆتۈرەلمىگۇدەك بولغاندا ئەمدى قوپاپ ئۇنىڭ بالىسىنى ئالدۇرغىزۇپ، ئۇ گۇناھ ئۇچۇن خۇدانىڭ ئالدىدا بىر جاننىڭ خۇنىنىڭ ھۆددىسىدىن چىققۇدەك ھالىم يوق. جان قەرزگە بوغۇلساڭلا ئۆزۈڭلا بوغۇلۇڭلا. ھە راست، تېخى ئۇ سەت مۆرىمەس بالا ئالدۇردۇم دەپ ئۆيدە لاپچىيىپ ياتسا، بالا ئالدۇرغان دېگەن تۇغقاندىن يامان، مەن ئۇنىڭ ئايىغىنى ئېرىغداپ يوندا پۇرۇچلۇقىنى قىلامدىم. را شۇجى ئىزدەك - سورىقىنى قىلسا مانا مەن ئۆزۈم جاۋاب

قىلىمەن ... ھە توختاڭ ... توختاڭ، ئاۋۇ ھەممەدەك دېگەن
ئازگالچىنىڭ قارنىدىكى ھارامدىن بولغان شۇم كىمنىڭ پۈشتى.
كامىل ئوغرىنىڭمۇ ياكى سەن داپ يۈزنىڭمۇ، ياكى را
شوجىنىڭمۇ. تېخى بېشى بىرسىڭنىڭ. پۈتى بىرسىڭنىڭمۇ،
راست - راست، ئۇ تۇغۇلمىغان سوقۇندا زادى قايسىڭنىڭ ھارام
سۈيدۈكىدىن ئۈنگەن؟ بۇنى ياراتقۇچى تەڭرى ئۆزى بىلىدۇ.
بۇنداق ھاجەتخانا بولۇپ كەتكەن لالمىنى ھەرگىز ئىللا - بىللا
ئۆيدە ساقلىمايمەن.
— تولا ھەددىڭدىن ئاشما خوتۇن. ساقلاش، ساقلىماسلىقنى
مەن بەلگىلەيمەن. نەگە كەتكۈزۈۋەتمىڭ، نەگە ھەيدىدىڭ دە.
ئۇنى تاپمايدىغان بولساڭ مەندىن كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرىسەن.
— ھوي ... پوش ... غوجام خېلى تىللىرى ئۆزىراپ قاپتا
گەپ قىلمىسام. مەن ماۋۇ پاشاخاندىن سوراپ باقاي جۇما ... چىم
بەلگىلەيدا؟ ھە؟! چىم بەلگىلەيدا. كۆرگۈلۈكنى چىم - چىمگە
كۆرسىتىمدا؟ ھە! ...
ئاغىچىخان لوپۇلداپ تۇرغان يوغان گەۋدىسى بىلەن
جۇۋازدىن يېڭى چىققان ئۇيدەك شالى ئېقىپ، كۆزلىرى قىزىرىپ
ئۆرە تۇرۇپ قالغان ئايۇپنى سوقۇپ، تۇرتۇپ ئەزۋەيلىگىلى
تۇردى. سوغۇق چاينى چىنىگە قۇيۇپ چىققان پاتمىخان يا ئالدىغا
مېڭىشىنى، يا ئارقىغا يېنىشىنى بىلەلمەي تەمتىرەپ تۇرۇپ
قالدى. ئاغىچىخان قولىدا كۆتۈرۈۋالغان ياۋاش بالىسىنى
پاتمىخانغا تۇتقۇزۇپ، پاتمىخاننىڭ قولىدىكى چىنىنى ئېلىپ
سوغۇق چاينى ئايۇپنىڭ يۈزىگە چاچتى.
— بىلىپ قوي، لاتا غالاپ، ياغاچ پىچاق ماز. سېنى
شۇجى قىلغان مۇشۇ كۆنگە ئېرىشتۈرگەن مانا مەن. ھازىر شۇجى
سەن ئەمەس، ماۋۇ پاشاخان. مەن تېخى سېنى پوستەكچىمۇ
قىلىپ قويالايمەن جۇما. تولا خىيالىڭدىن ئەمدى مەن شۇجى
بولدۇم، مەنچە ئادەم يوق دەپ چۆچۈرىنى خام سانىما. ئىچىڭنى

تېشىغىغا ئۆرۈپ ، بۆرۈنقى جايىغىغا ئەكېلىپ قويماي يانا . ئەمدى ھەممىدەم دېگەن ئىسمىنى ئاغزىغىغا ئالمىدىغان بولساڭ ماۋۇ بىرمەمنى ئاغزىغىغا ياقىمەن .

باش - كۆزىدىن قارا چاي شامىسى ئېقىپ يۈزىگە چاپلىشىپ قالغان ئايۇپ پىچىۋەتكەن توپاقتەك كۆزىنى ئالايتىپ بىردەم پۇشۇلداپ تۇرۇپ بوغۇلۇپ خىرىلداپ گەپ قىلدى .

— سەن مېنى شۇجى قىلدىڭ ، شۇنداقما ؟ سەن تېخى يەنە مېنى ئارقامغا ياندۇرۇپ پوستەكچى قىلىۋەتمەكچىما . يەنە دەيدىغان گېپىڭ بارمۇ ، تۈگىدىمۇ ؟ !

— گېپىم بولسا قانداق قىلىتىڭ . بەك بى ئۇندەرەپ كەتتىيا ما ماز پاينەك .

— مەن ماز پاينەك ، يەنە تېخى لاتا غىلاپ ، ياغاچ پىچاق ، شۇنداقما .

— شۇنداق بولماي ئەمىسە .

— شۇنداق بولغان بولسا كېلە قېنى !

ئايۇپ شۇنداق دەپلا بىر مۇشت قويۇپ ئاغىچىخانىنىڭ بۇرنىدىن قان كەتكۈزۈۋەتتى . ئاغىچىخان «ۋاي !» دەپ ئاغزىنى تۇتۇپ بولغۇچە ، قوناق سوقىقاندەك كومۇلدىتىپ ئۇرۇپ كەتتى . ئاغىچىخان ئاغزىغا كەلگەن سەت گەپلەرنى دەپ ئاللا - توۋا سېلىپ چىرقىراپ ھويلىنى بېشىغا كىيىپ يىغلاپ كونا تام ئۆرۈلگەندەك گۈپ قىلىپ يىقىلدى . ئايۇپقا ئاچچىق ھەم كۈچ نەدىن كەلدىكىن ، ئاغىچىخانىنى ھويلىدا توپىغا يۇمىلىتىپ دەسسەپ ، تېپىپ ئۇرىۋەردى . بالا تۇتۇپ تۇرغان پاتىمخان ئايۇپنى توسۇشتىن قورقۇپ بالىنى كۆتۈرۈپ تالاغا «ئادەم بارمۇ ؟ ئادەم ئۆلدى» دەپ توۋلاپ يۈگۈردى . ئايۇپ ئاغىچىخانىنىڭ چاتىرىقىغا ھەم دەسسەپ ، ھەم تېپىپ پىتىقلاپ :

— ھە مېنى ئۆستۈرگەن ، شۇجى قىلغان يېرىڭ مۇشۇمۇ ، مېنى يەنە ياندۇرۇپ پوستەكچى قىلىۋېتىدىغان ، ئاغزىمغا

ياقىدىغان نوچى يېرىڭ مۇشۇمۇ، ھە قىلە، قىلە شۇنداق قىلە، قېنى مەن بىر كۆرەي.

ھويلىغا بىر مۇنچە ئەر - ئاياللار يۈگۈرۈشۈپ كىرىپ ئايۇپنى ئاجرىتىپ قۇچاقلاپ تۇرۇۋالدى. ئاياللار ئاغىچىخاننى يۆلەشتۇرۇپ توپىسىنى قېقىپ ئۆيگە ئەكىرىپ كېتىشتى. ئاغىچىخان مۇشت، تېپىك دەستىدىن ئاغرىقتا چىدىماي كىچىك تەرىتىنى قويۇۋەتكەندى، كۆڭلىكىنىڭ ئارقا ئېتەكلىرى بۇلغانغان، چاچلىرى چۇۋۇلغان، ئاغزى - بۇرنىدىن ئاققان قان مەيدىسىگە تامچىپ ئاق كۆڭلىكىنى بويىۋەتكەندى. ئۇ ۋايجانلاپ يىغلاۋېتىپ «ھۇ قاتىل، بەتنىيەت شۇمپەن» دەپ ئاغزىغا كەلگەن سەت گەپلەر بىلەن ئايۇپنى تىللايتتى. ئايۇپ يەنە ئېتىلدى. ئادەملەر قۇچاقلاپ تۇتۇۋالغانلىقتىن تېپىچەكلەپ، تىرتەكلەپ كەتتى. ئەتراپىدا سايىدەك ئەگىپ بىر دەمدە پەيدا بولۇپ ھەمساتتا يوقىلىدىغان بىر توپ ھە - ھۇچى، كۆتەرمىچى ئەر - ئاياللار «ۋاي ئا شۇجى، خاپا بولمىسىلا، چېچىلمىسىلا، ئاچچىقلىرىنى بېسىۋالسىلا، سىلە كىچىك ئادەم ئەمەس، يۇرتنىڭ چوڭى، ئەل - جامائەتنىڭ كاتتىسى» دەپ ھاي - ھايلاشتى. بەزىلەر: «يا پىشرەم ئا شۇجىنىڭ بۇنداق ئاچچىقى كېلىدىغانلىقىنى تۇنجى دۆرەم كۆرۈشۈم جۇما» دېيىشىپ، بىر - بىرىگە ئاڭلىتىپ، ئايۇپنى ماختاپ ئۇچۇرۇشتى. دەل شۇ چاغدا ھويلىغا ئۆڭۈلى ئۆچكەن سەمەت روزى پايپاسلاپ كىرىپ كەلدى.

— ئا شۇجى، ئا شۇجى، ئۆزلىرىنى را شۇجى تولاۋاتىدۇ، ناھايىتى جىددىي تۇۋلاۋاتىدۇ.

— ھە، نېمە ئىشكەن، قانداق جىددىي گەپكەن؟

— ناھىيىدىن ناھايىتى مۇھىم جىددىي يىغىن بار، را شۇجى بىلەن ئا شۇجى دەرھال كەلسۇن دەپ ناھىيىلىك تەشكىلات بۆلۈمىدىكى كاڭ بوجاڭ ئاتايىن ماشىنا ئەۋەتىپتۇ. ھازىرلا يولغا چىقىدىغان گەپكەن.

— كەچ بولغاندا كېچىچە يىغىن ئاچامدىكەن .

— شۇنداق ئوخشايدۇ ، يىغىننى ۋىلايەتنىڭ باشلىقى ئاچىدىكەن ، قەشقەردىن بىر مۇنچە باشلىقلار كەپتۇ . بەك جىددىي مۇھىم يىغىنىكەن . را شۇجى ناھىيىدىن چىققان ئىككى باشلىق بىلەن ئۈزلىرىنى ساقلاپ قالدى . سىلى چىقىسىلا دەرھال ماڭىدىكەن . ئايۇپ چالا كەيپچىلىكتىن دەرھال سەگىپ ئۈزىنى تۈزەشتۈرۈپ سەمەت روزىنى ئەگەشتۈرۈپ دەرھال چىقىپ كەتتى . ھويلىدىكىلەر قانداق مۇھىم يىغىندۇر دەپ ھەر خىل تەھلىل قىلىشتى . پاكار ۋىت - ۋىت خوتۇن ھېيتخان ئۈزىچە سۆزلىدى :

— ۋاييەي ، ئا شۇجىنىڭ خوتۇننى ئۇرغان ئىشنى ئاڭلىغان بولسا ، شۇجى تۇرۇپ خوتۇننى ئۇرۇپتۇ دەپ تەنقىد قىلغىلى قىچقارغانمىدۇيا ؟ — دېدى .

— چىك ئا ، — دېدى يېزىنىڭ قېرى ئاشپىزى ئوسمانخان ئۇستام ، — نەدە تېگى بىرمە گەپ قىلىدىكەنسىز ، ئا شۇجى خوتۇننى تېخى ئەمدى ئۇرغان تۇرسا ، را شۇجى تېخى ئاڭلىماي تۇرۇپ يىغىن ئاچامدا . خوتۇننى ئۇرغانغا ۋىلايەتتىن كېلىپ ناھىيە ، يېزا باشلىقلىرىنى يىغىپ كېچىدە ئۇخلىماي يىغىن ئاچىدىغان بېشى ئىششىپ قالغان قاپاق ھۆكۈمەت يوق بىر يەردە . ئاغزىڭىزغا كەلگەننى جۆيلۈدىغان خوتۇنكەنسىز . باشقا مۇھىم جىددىي ئىش بىلەن يىغىن ئاچىدىغان گەپ . خوتۇننى ئۇرغانغا يىغىن ئېچىپ كەلسە ئاچچىق ئۇرۇككە قوڭ توشامدۇ . ساۋاتسىز خوتۇنلار دېگەنزە ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلۈۋېرىدۇ .

— ھە سىلى بەك ساۋاتلىق . شۇڭا ئۇستا ئاشپەز . ئوماچ چالالمايلا .

ئوسمانخان ئۇستام بىلەن ھېيتخان قىزىرىشىپ قالدى .

— بۇ ھويلا شەرتلىك ھويلا بولۇپ قاپتۇ جۇما . ئىچى ياماندىن بىرى قېچا چېچىۋەتتىمۇ نېمە ، ھويلىغا چىگەن

ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن سوقاشقۇسى كېلىپلا تۇردىيا ئەمدى . ئادەمنى تەڭلىكتە قويۇپ ، — دېدى يېزىنىڭ رەسىمچىسى مولدىۋان .

ئايۇپ ئالدىراپ ـ سالدىراپ چىققاندا يېزا دەرۋازىسى ئالدىدا ناھىيە باشلىقلىرى ئولتۇرىدىغان يېشىل لاتا پىكاپ تۇراتتى . باللار ، دېھقانلار ، بىكارچىلار ئولىشىپ پىكاپنــى كۆرمەكتە ئىدى . پىكاپنى كۆرۈپ ئايۇپنىڭ يۈرىكى ئاغزىغا كەپلىشىپ قالغاندەك بولدى ، يۈرىكىنىڭ سېلىشى قۇلىقىغا ئاڭلانغاندەك بولدى . ئۇ بۇ پىكاپــنى كــۆرســە كىچــىك چېغىــدا ھېلىقــى مازارنى — راخمان شۇجىنى كۆرگەندىنمۇ بەتتەر يۈرىكــى سېلىپ ، سۈر بېسىپ قورقاتتى . چۈنكى ئاشۇ پىكاپتا ناھىيىنىڭ ئاغزى ئوت باشلىقلىرى ئولتۇراتتى . ئۇ پۇت ـ قولىدا جان قالماي پىكاپ يېنىغا كەلگەندە ناھىيىلىك تەشكىلات بۆلۈمىدىكى بىر خەنزۇ باشلىق پىكاپنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى . ئىچىدە را شۇجى سۈرلۈك قېتىپ ئولتۇراتتى . پىكاپنىڭ ئالدىدا ھېلىقى ئۆزىنى ئېلان قىلغىلى كەلگەن ناھىيىلىك تەشكىلات بۆلۈمــىنىــڭ مومىيادەك گەپ قىلماس مۇئاۋىن باشلىقى يۇنۇس سامــاق يەنە شۇ بۇرۇنقى قىياپىتىدە ئولتۇراتتى . ئايۇپ ماشىنىغا چىقىپ راخمان شۇجىنىڭ يېنىدا ئولتۇردى . ئۇنىڭ يېنىغا ھېلىقى خەنزۇ باشلىق چىقتى . پىكاپ قوزغىلىپ تېز ماڭدى . ھەممەيلەن بىر ئېغىزمۇ زۇۋان سۈرمەي جىمجىتلا ئولتۇرۇشتى ، ئايۇپنىڭ يۈرىكــى سىقىلىپ ، تولا تەر بېسىپ ھالى قالماي ، ھاراقنىڭ قىزىتىشى ، ئۇسسۇزلۇق دەستىدىن كۆڭلى ئېلىشىپ مىڭ تەستە ناھىيىگە ئۇلاشتى . ئۇ ماشىنىدىن چۈشۈپ ئۇھ دەپ تىنىــپ راخمانغا ئەگىشىپ ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ كىچىك مەجلىسخانىســغا كىرىپ كەلگەندە پەستە ھەرقايسى يېزىنىڭ شۇجىلىرى ، يېزا باشلىقلىرى ، سەھنىدە ۋىلايەتتىن كەلگەن باشلىقلار ، ناھــيە باشلىقلىرى ئولتۇراتتى . جاڭ شۇجى يىــغىــن باشقۇردى .

ۋىلايەتتىن كەلگەن شۇجى بىرمۇنچە سۆزلەپ ، پارتىيىنى تەرتىپكە
سېلىش خىزمىتىنىڭ سەپەرۋەرلىك سىناق نۇقتىسى مۇشۇ
ناھىيىدە بولىدىغانلىقىنى ، پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىشتا
ئىشلىنىدىغان خىزمەتلەرنى سۆزلەپ ، جاڭ شۇجىنىڭ ناھىيىدىن
ۋىلايەتنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيلىقىغا ئۆسكەنلىكىنى ، ناھىيىگە
ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق باشقارمىسىدىن پىڭ شۇجى دەيدىغان
ئورۇق كۆز ئەينەكلىك يېڭى شۇجى تەيىنلەنگەنلىكىنى ئېلان
قىلدى . پىڭ شۇجى ئۇيغۇرچىنى جاڭ شۇجىدەك راۋان
سۆزلىيەلمىسىمۇ ، ھەر ھالدا خېلى ئوبدان سۆزلەيدىكەن . ئۇ
پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتى ھەققىدە ئۇزاق سۆزلەپ ،
ئاساسلىقى ئۈچ خىل ئادەمنى پارتىيىدىن تازىلاشنى . يەنى
مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدا ئۆسكەن ، ئۇرۇش - چېقىش ، بۇلاش
بىلەن شۇغۇللانغان ، پېشقەدەم كادىرلارغا زىيانكەشلىك
قىلغانلارنى پارتىيىدىن ، بولۇپمۇ رەھبىرىي ئورگانلاردىن تازىلاش
كېرەكلىكىنى سۆزلەپ كېلىپ ئۈچ يېزىنىڭ شۇجىسىنىڭ مۇشۇ
يېڭى سىياسەت بويىچە ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلۇپ تەكشۈرۈشكە
خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتىدىغانلىقىنى ئېيتتى . باشتىلا راخمان
تۇرنى ئېلان قىلىندى ، يىغىن زالى سۇرلۇك جىمجىتلىققا چۆمدى .
راخمان تۇر ئۆلۈكتەك تاتىرىپ كەتتى . پىڭ شۇجى يەنە ئايۇپنىڭ
يېزىلىق پارتكومنىڭ بارلىق ئىشلىرىغا ۋاقىتلىق باش شۇجى
بولىدىغانلىقىنى ، ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ئىدارىسىدىكى قادىر
سالىنى يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ ۋاقىتلىق باشلىقى قىلىپ تەيىنلەپ
كوزدە سايلام قىلىپ رەسمىيلەشتۈرىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى .
يىغىن تۇيۇقسىز قىسقا ، جىددىي ، سۇرلۇك ئېچىلىپ
ئاخىرلاشتى . يىغىن تۈگىگەندە ھەممە تارقاشتى . راخمان تۇر
ئورنىدىن تۇرالماي قالدى . ھېچكىمنىڭ ئۇنىڭ بىلەن كارى
بولمىدى . بۇرۇن ۋاي - ۋايلاپ كۆرۈشىدىغانلارمۇ خۇددى
مەرەزدىن قاچقاندەك ئۇنىڭدىن قېچىپ باشقا ياققا قاراپ

كېتىشتى . ئايۇپ راخمان تۆرنى يۆلەپ خۇشاللىقى ئىچىگە پاتماي يىغىن زالىدىن چىقتى . ئىشىك ئالدىدا سەمەت روزى ساقلاپ تۇرغانىدى . ئايۇپ راخمان تۆرنى سەمەتكە يۆلەپ ھارۋىغا سېلىشقا بۇيرۇدى . بىر تەرەپتىن جاڭ شۇجى كېلىپ راخمان تۆرنىڭ قولىنى تۇتۇپ قايغۇرغان ھالدا تەسەللى بەردى .

— سىز ياخشى كادىر ، ئەمما مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا بەزى ئىشلارغا ئارىلىشىپ قېلىپ يامان قىپتىكەنسىز . يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقى قاتتىق بولغاچقا ئامال بولمىدى . مەن ۋىلايەتكە كېتىپ قالدىم . پىلىڭ شۇجىمۇ ئوبدان ئادەم ، مەن تاپىلاپ قويدۇم ، قىيىنچىلىقىڭىز بولسا ئىزدەڭ . سىز ۋەزىپىڭىزدىن قالغان بىلەن مانا سىز تەربىيىلەپ ئۆستۈرگەن شاگىرتىڭىز ئا شۇجى سىزنىڭ ئورنىڭىزغا چىقتى ، سىز ھەرگىز قىيىنچىلىق تارتىپ قالمايسىز . شۇنداقمۇ ئا شۇجى ، سۇ ئىچكەندە قۇدۇق قازغۇچىنى ئۇنتۇپ قالمايمىزغۇ ، شۇنداقمۇ ؟

— شۇنداق بولمامدىغان ، شۇنداق جاڭ شۇجى . كۆپرەك ئاتىدارچىلىق قىلارسىز .

راخمان تۆر جاڭ شۇجىنى قۇچاقلاپ ئۇزاققىچە ھۆڭگىرەك ئېتىپ يىغلاپ كەتتى .

— مەن شۇنچە يىل پارتىيىگە سادىق ئىشلىسەم ، مېنى مۇشۇنداقلا تاشلاپ قويارمۇ ھە جاڭ شۇجى .

— ياق ، ياق ، سىز خاتا چۈشەنمەڭ ، بۇ پارتىيىنىڭ سىزنى تاشلىۋەتكىنى ئەمەس ، كۆيۈنگىنى ، ئاسرىغىنى . سىزنى چارچىدى ، دەم ئالسۇن دېگىنى . بۇنداق گەپنى ئىككىنچى بىر يەردە ئاغزىڭىزدىن چىقارغۇچى بولماڭ . تەسىرى ياخشى بولمايدۇ . ھازىر يولداش دېڭ شاۋپىڭ پارتىيىگە رەھبەرلىك قىلىپ پۈتۈن مەملىكەتتە پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىۋاتىدۇ .

جاڭ شۇجى تەسەللى بېرىپ راخمان تۆرنى تەستە ھارۋىغا چىقىرىپ ئۇزىتىپ قويدى . ئايۇپ يول بويى راخمان تۆرگە

تەسەللى ، ۋەدىلەرنى بېرىپ ئۆيىگىچە ئاپىرىپ تۈن يېرىمىدىن ئاشقاندا ئۆيىگە قايتىپ كەلدى . ئۇ كېلىپ ئۆيىنىڭ يېڭـــى خىزمەتچىسى پاتىمخاندىن ئاغىچىمخاننىڭ يامانلاپ كەتكىنىنـــى بىلىپ گەپ قىلماستىن يېتىپ ئۇخلىدى .

## 27

بۇغداي ئېڭىزى ئورنىغا تېرىغان چىلگە قوناقلار تېزلا ئۈنۈپ ھەممىسىتىا ئوشۇقتىن ئاشقۇدەك بولدى . قوناق مەدىكى تۇۋىدە قورۇغان توپىلار ئارىسىدا ئۇ يەر ، بۇ يەردىن چالا پاتاق بولۇپ بېشى كۆرۈنۈپ قالغان بۇغداي مەڭگىنى ، بىرلىرى يېشىل ، بىرلىرى سارغۇچ قورۇپ قالغان بۇغداي باشاقلىرى مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ قالغانىدى . تەرەپ - تەرەپلەردىن توپ - توپ بولۇپ ئۇچۇپ كەلگەن كەپتەرلەر چىلگە قوناق مايسىلىرى ئارىسىدا چالا ئورۇلۇپ تېرىلمەي يەرگە باستۇرۇلۇپ باش - ئۇچى كۆرۈنۈپ قالغان بۇغداي باشاقلىرىدىن دان چوقىلاپ يۈرەتتى .

ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ئىدارىسىدىن يېزا باشلىقى بولۇپ يېڭىدىن كەلگەن قادىر سالى بۇغداي ئېڭىزى ئورنىغا تېرىلغان چىلگە قوناق ئارىسىغا ماش تېرىش ئارقىلىق خام ئورۇلۇپ كېتىپ ھوسۇلى كەملەپ كەتكەن بۇغداي ھوسۇلىنىڭ ئورنىنى كۆك ماش ئارقىلىق تولۇقلايمىز دېگەن چارىنى تېپىپ چىقىپ ئالا - باسماس خامان ئېلىپ دۆلەتكە غەللە - پاراق بۇغدىيى ساتىمىز دەپ بىلىنى ئالالماي دەم كۆتەمە بولۇپ ئاران جېنى قالغان دېھقانلارنى خامانلىرىدىكى سامانلىرىنى يىغىشقــــمۇ ، كېۋەزنىڭ ئۇچىنى ئۈزۈشكىمۇ قويماي قوناقلىقتا ھەيدىدى .

— ھېلىقى خوتۇنىنىڭ شوۋا داڭقىنىدىن بەرىكەت تېپىپ كۆكلىگەن ئايۇپ باز - باز دېگەن سولامچى دېھقانچىلىق دېگەننى بىلمەيدۇ . پوستەكچىلىكتىن باشقىغا يارىمايدىغان بىر ئەبگا مانا

ئەمدى خوتۇننى دەسمى سېلىپ يۆرتقا ئاتا بولۇۋالدى . راخمان تاز توخۇ پوقى بولىمۇ دېھقاندىن چىققان بولغاچقا دېھقانچىلىقنىڭ ئېپىنى بىلىتى . بىلىپ تۇرۇپ يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقى دەپ بىر ئېرىپ ، ھەپتە تەخىر قىلما مۇرادىغا يېتىپ پىشمىغان بۇغداينى خام تاراج ئۇرغۇزۇپ خەقنىڭ مىلى جاپادا ئاغزى يېڭى بۇغدايغا تېگەي دېگەندە تۇمشۇقىغا كېلىپ قالغان ناننى باكار قىلىپ خەقنىڭ ئېشىغا توپا سېلىۋىدى خەق قاڭغىر قاخشاپ ، قاغاپ ، لەنەت قىلىۋىدى ، بىر ئايغا بارماي يۇقىرىغا ياخشىچاق بولۇپ ھوقۇقىنى ساقلىماق بولغان غوجامنى ئەلنىڭ قاغىشى تۇتۇپ بېشىنى يېدى . ساقلاپ قالىمەن دېگەن ھوقۇقىنى ، شاپاق ـ شالتاقتىن ئۇلاغ ئېلىمەككىچە ، پۇلدىن پول ، ئاشلىقتىن ئاشلىق ، ياغاچتىن ياغاچ كېچىلەپ ئۇخلىماي ، ماشىنا ـ ماشىنا بىلەن توشۇسىمۇ ئاخىرىدا … باشلىق دېگەن يۈزىدە تۈكى بار خەق ، ئىمانى بولمىغاندىكىن ئىشەنگىلى بولمايدۇ . خۇداغا ئىشەنمىگەن ئادەمدە ئىشەنچ نىمىش قىلسۇن . بەرسە يەپ ـ يەۋېلىپ يۈزىنى قوڭىغا چاپلاپلا ھوقۇقىدىن ئېلىپ تاشلىۋەتتى . ھونناق قوي بالا تاشلىغاندەك تاشلىۋەتتى . خەقنىڭ قىساسى تۇتتى . خەقنىڭ ئازارى خۇداغا يەتتى دېگەن شۇ . خەقنىڭ پۇلى بولمىغاندىكىن قاساپتىن گۆش ، ماگىزىندىن ياغدىن سوپۇنغىچە ، ساتىراشتىن تارتىپ تاكى سەيپۇڭغىچە بۇغداي ئورمىسىدا يېڭى بۇغداي چىققاندا بېرىمەن دەپ بىر كويلۇق بىرمىنى ئون كويغا نېسىگە ئېلىپ ئىتتىن مۇشۇككىچە ، قۇلاق ـ گەدەنگىچە غىتقىدە قەرزگە بوغۇلۇپ قاچان بۇغداي پىشار ، قاچان يېڭى بۇغدايغا ئۇلىشارمىز ، ھوسۇل جىقراق چىقسا غەللە ـ پەللىدىن ئېشىپ قەرزنى ئۈزۈپ قولىمىز تۆت ـ بەش تەڭگە پۇل كۆرسە ئوغلىمىزنى ئۆيلىۋالاق ، قىزىمىزنى ياتلىق قىلىۋالاق دەپ تۆت كۆز بىلەن تەلمۈرۈپ ئاران تۇرغاندا پىشمىغان بۇغداينى مەجبۇرىي ئۇرغۇزۇپ خەقنى قاڭغىر

قاقشاتتى . زورمۇزور پىشمىغان بۇغداينى ئورغۇزدى ... ئاشۇ بۇغدايلىقتا قانچە ئادەم قان قۇسۇپ يىقىلدى ... خەقنى قاقشاتقان ئادەم ئاخىر بېرىپ ئۆزىنى قاقشىتىدۇ ، چالا پىشقان بۇغداي سىڭىشىپ قورۇلۇپ خەقنىڭ قولىغا بىرەر - يېرىم چارەك ئۆشرىسىگە بۇغداي ئېشىش تۇگۇل تاس - تاماس قالدى دۆلەتنىڭ غەللىسىگە بۇغداي چىقىشتۇرۇپ بولالمىغىلى ، ئەمدى بۇ يىل قىشچە يېگىلى خەقنىڭ ئۆيىدە بۇغداي قالمىدى . بۇ يىل قىشتا بۇغداي تامىقى ، لەڭمەن دېگەنلەر جەننەتكە كىرىپ كەتتى . خەق بۇلتۇر يېگەن لەڭمەننى كۆشەپ قىشنى چىقىرىدىغان بولدى . چىلگە قوناقنىڭ ئۇندا زاڭ ئېتىپ ئىچىپ لەڭمەن يېدۇق دەپ يۈرۈشەر . سەل قول ئىلكىدە بىرەر - يېرىم ئوشۇق چارىپاي بارلار شۇنى سېتىپ بۇغداي ئۇنى ئېلىپ يېمىسە ، ئەمدى بۇ يىل تۈگەشتى . ھەممىنى ئاشۇ راخمان تاز شۇنداق قىلدى ، شۇنداق قىلىپ مانا ئەمدى ئۆزىمۇ بېشىنى يېدى . ماۋۇ قادىر سالى دېگەن يېزا باشلىقى يوغان مەكتەپ ئوقۇغان بىر نېمىمىش ، قولىدىن كېزىت چۈشمەيدىغان ، ئۆششاق سۆز ، مەخسۇس ئېگىز ئورنى قونىقىغا ماش تېرىپ بۇغداينىڭ زىيىنىنى تولدۇرىمىز دېگەن گەپنى شۇ تاپقانمىش . ئاۋۇ ئايۇپ دېگەن شوۋىچى پوستەكچى ئالتۇن تېپىۋالغاندەك كۆككە كۆتۈرگەنمىش . شۇڭا ، مانا چالا خامانىنى تاشلاپ كېۋەزلەر پىرجەك باغلاپ بولغۇچە كېۋەزنىڭ ئۆچىنى ياندۇرماي ماش تېرىيمىز دەپ كېتىۋاتىمىز . مانا شۇنداق قىلىپ قولىغا تۆزۈك بىرمە ئاشمىدى . سەندىن ئالغان كالىنىڭ پۇلىنى بېرەلمىدۇق ئۇكام . كۈزدە كېۋەز ساتقاندا بەرسەم ، تايىنلىق ماۋۇ تېگىمىدىكى ئاتىنمۇ بەرسەڭ ، دېگىنىڭگە ئالسام بولىتى ، ھەجەپمۇ ئايىغى چەپەر ئاتكەن . بېقىش تاپقان ئاتكەن ، نەدىنمۇ تاپقانسەن ...

ھەسەن سوغۇق گەپتىن توختىدى ، كامىل ھەسەن سوغۇقنىڭ تولا گەپ قىلىپ قورۇپ كەتكەن ئاغزىغا بىردەم قاراپ

تۇرۇپ ئېتىنىڭ بېشىنى بۇرىدى . ئىككى قەدەم مېڭىپ بولۇپ يەنە توختاپ ئاتنىڭ بېشىنى يەنە ئارقىسىغا بۇراپ سۆزلىدى . ئۇنىڭ ئارقىسىدا ئاتقا مىنگىشىپ مۈشۈكتەك تۈگۈلۈپ ئولتۇرغان ھەمىدەم سېيىرىلىپ چۇشۇپ كەتكىلى تاس - تاماس قېلىپ كامىلنىڭ بېلىنى تېخىمۇ چىڭ قۇچاقلاپ چاپلىشىپ ئولتۇرۇۋالدى . ئۆزىنىڭ بۇ قىلىقىنى ھەسەن سوغۇقنىڭ كۆرگىنىدىن خىجىل بولۇپ باشقا تەرەپكە قارىۋالدى .

— ھەسىنىكا ، بىر گەپنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن ، ئۆتكەندە سەن ئارا تۇرۇپ ماڭا ياندىشىپ بەرمىگەن بولساڭ ، جۇمە قارىغۇ ، ساخان ۋات - ۋاتلار خوتۇن - بالىلىرىنى يېزىغا باغلاپ ئاپىرىپ سولايدىغان ئەپتى بارتى . سەن ئەل - جامائەت ئارىسىدا چىش يېرىپ گەپ قىلىپ ، ئۇ داپ يۇزلەرنى تەرلەتتىڭ ، ساڭا رەھمەت . خوتۇن - بالىلىرىنى مېنىڭ پوقۇمغا تېپىنىشتىن ساقلاپ قالدىڭ .

— ئاھا ، قوي ئۇ گېپىڭنى ئۇكام . ھەق گەپ قىلماق خۇدانىڭ ئالدىغا قايسى يۈزىمىز بىلەن بارىمىز . بىر مۇسۇلمان ناھەق زۇلۇم تارتىۋاتسا ، تاش چىشلەپ تۇرۇۋالساق كۆزىمىزنى پارقىرىتىپ قاراپ تۇرۇپ ناماز ئوقۇدۇم ، ئىبادەت قىلدىم دېگەنمۇ گەپ بولامدۇ دەيمەن . ھېلىغۇ سېنىڭ جىق ياخشىلىقىڭنى كۆرگەن ئادەممەن . سەندىن باشقا ئادەم بولسىمۇ بىر ئادەم بالىسى ناھەق ئازار يېسە ، ھېچبولمىسا تۆت ئېغىز قۇرۇق گەپ قىلىشقىمۇ يارىمىغان تىلىمنى كېسىپ تاشلىۋېتىمىنا ئۇكام . نېمە دەۋاتىسەن دەيمەن ، تارتىشىدىغان مۇشۇ سېسىق جاندىن باشقا بى ئوردا - قەسىرىم بارمىتى ، ۋاي يەنە بەش - ئالتە كۈن ياشىۋالسام دەيدىغان قايسى بى كۆرۈپ كەتكەن راھەتلىرىمگە تارتىشىمەن ئۇكام .

— ساڭا ئوخشاش ئىشقا يارىسىمۇ گەپكە بولسىمۇ يارايدىغان ئادەملىرىمىز يۇرتتا قۇرۇپ تۈگەپ كېتىۋاتىدۇ ئاكا .

بوپتۇ ئاكا ، شۇ گېپىڭ ئۈچۈن بىر كالىنىڭ پۇلىدىن كەچتىم ، مەن رازى ئاكا ، بەرمىسەڭمۇ بولىدۇ . ئەمما لېكىن ماۋۇ ئاتنى مىنىپ قالغۇڭ بولسا ماڭا ھازىر بەش يۈز كوي ، كەم بولغاندا بەش يۈز كوي پۇل قاندىنمۇ دورا بولۇپ كېتىۋاتىدۇ . بازارغا ئاپىرىپ كۆرمىدىم ، ئوغرى ئالدى دېسەممۇ ، تاشلىۋېتسەممۇ مىڭ كويغا ئالىدۇ .

— زارات تەرەپتىن تاپتىڭمۇ ؟ ئاڭلىسام بىزنىڭ داققالچىلار سېنى تۇتۇپ زاراتقا ئاپىرىپ بېرىپ ماۋۇ كۆز مۇنچىقىڭنى ئايۇپ شۇۋىنىڭ ئۆيىگە تۇتۇپ بېرىپتۇ دەپ ئاڭلىغان .

— ئاپىرىشىغىلا يېرىم كۈن سولاپ قويۇپ بەردى . قايتىپ خوتۇن - بالىلىرىمنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالمىسام بولمايدۇ دېسەم ماۋۇ ئاتنى تېپىپ ئەكېلىپ مىندۈرۈپ قويدى . نەخ بەش يۈز كوينى ئالدىمغا قويالساڭ ، مانا ئاتنى مىنىۋال ، بولمىسا مېنى تەڭلىكتە قويما . بازارغا ئاپىرىپ ئېلىشىغا ساتىمەن .

— ئوبدان ئۇكام ، بەلەن ئات دېگەن دائىم ئۇچراۋەرمەيدۇ ، پۇل تاپماق ياخشى ئات تاپماقتىن تەس ئەمەس . چۈش ، پېشىنگىچە تەخىر قىلىپ تۇر ، مەن چاپىنىمنى سېتىپ بولسىمۇ چۈش - پېشىنگە قالماي پۇل راسلاي . ئاتنى ياتقا بېرىۋەتمە . ئاتا - بوۋىمىزنىڭ ياخشى ئاتنى ياتقا بەرمە ، ياتقا بەرسەڭ ، يەرسىز قالىسەن دېگەن گېپى بار . پۇل تېپىلىدۇ ، ياخشى ئات تېپىلمايدۇ . ئات دېگەن ئەرنىڭ قانىتى . ئەر قانىتىدىن ئايرىلسا يېرىدىن ، ئۆيىدىن ، خوتۇن - بالىلىرىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ .

— بوپتۇ ئەمىسە ، چۈش - پېشىنگىچە سانىخان ئانامنىڭكىدە ساقلايمەن . پېشىندىن كېيىن قالساڭ ماڭىمۇ ئامال يوق . ئۇچرىغان ئادەمگە سېتىپ پۇل تاپمىسام بولمايدۇ .

— خەق جىق بېرەي دېسە كۆڭلۈڭگە شەيتان چىرىۋالماس - ھە .

— ساڭا بەش يۈزگە بېرىمەن ، سەن ئالمىغاندا ئاندىن كەم

دېگەندە مىگدىن بىر تەڭگە تۆۋەن ساتمايمەن . مەن دېگەن ئوغۇل بالا . ئانام ماڭا ئوغۇل بالا دەپ شۇمەك سالغان ، سەن مېنى تولا گەپ قىلدۇرما .

كامىل ئېتىنى بۇرە يورغىسىغا سېلىپ كېتىپ قالدى . ئاتنىڭ ئايىغىدىن سۇس كۆتۈرۈلگەن توزان ھەسەن سوغۇقنىڭ ئىچىگە ئوت بولۇپ سىڭدى .

— كۆك ماشنى قويۇپ پۇلنىڭ غېمىنى قىلاي .

ھەسەن سوغۇق ئالدىراپ دوڭغاسلاپ ئۆيىگە ماڭدى .

كامىلنىڭ كەينىدە ئولتۇرغان ھەمىدەم مىشىلداپ يىغلىغىلى تۇردى .

— نېمىگە يىغلايسەن ؟

— ئۆزىڭىزنى قىيناپ ، مېنى تەڭلىكتە قويغۇچە مېنى ئۆلتۈرۈۋالغىلى قويسىڭىز بولمامدۇ .

— ساڭا مىڭ قېتىم دېدىم ، خۇدا ئۆتمەيدىغان ئەڭ يامان ئېغىر گۇناھ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش . ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان ئادەمنى قىيامەتكىچە قىزىل ئوتتىن ياسالغان ئىلمەكتە تىلىدىن ئېسىپ قويىدىكەن . نۇرغۇن گۇناھلارغا توۋا قىلساق كەچۈرىدىكەن ، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغۇچىنى كەچۈرمەيدىكەن . خۇدا جاننى ئالمىغۇچە قىينالساقمۇ ياشىساق بولمايدۇ . ئەگەر سەن ئۆلۈۋالساڭ ، سېنىڭ ئۆلۈۋېلىشىڭدا مېنىڭمۇ بىر پاتمان گۇناھىم ، ھەسسەم بولۇپ قالىدۇ . مەن ھېچنېمىدىن — ئۆلۈمدىنمۇ قورقمايمەن . خۇدادىن قورقىمەن ، بىلدىڭمۇ .

— مېنى ئۆلگىلى قويماي سۆدىن سۆزۈۋالغان بىلەن ، يا ئۆزىڭىز دائىم ماڭا باش - پانا بولالمايسىز . ئىزىڭىزدا تۇرالمايسىز . مەن سىز بىلەن بىللە مېڭىپ بولالمەيمەن . سىزگە يۈك بولغىنىم بولغان . سىزنىڭ ئۆيىڭىزگە ، خوتۇن - بالىلىرىڭىزنىڭ ئالدىغا ئۆلسەممۇ بارمايمەن . خەقنىڭ كۆزىگە قاراپ ، قولىغا قاراپ ، قاچان بىر توغرام نان بېرە ، قاچان بىر

قاچا ئاش بېرە دەپ ياشاشتىن قۇلاق - بۇرنۇمغىچە تويدۇم .
ئەمدى يەنە شۇنداق بولىدىغان بولسا شۇ زامان ئۆلۈۋالىمەن . مەن
ئەمدى ئۆزەمنى قۇتقۇزۇشنى بىلىۋالدىم .

— ئۆمرۈمدە مەيلى خوتۇن خەق ، ئەر خەق بولسۇن ، خوتۇن - بالىلىرىم بولسۇن ھېچكىمگە بۇنداق يېلىنىپ - يالۋۇرۇپ باقمىغان ، ساڭا يالۋۇرغىلى تۇرغىلى ئۈچ كۈن بولدى . ئاغزىمنىڭ ئالتە قات تېرىسى چۈشۈپ كەتتىمكىن دەيمەن . سەن مېنى بۇنداق جورۇتۇپ تالجىقتۇرۇۋەتمە . مەنمۇ سېنى خوتۇن - بالىلىرىمنىڭ ئالدىغا ئىككىنچىلەپ ئاپارمايمەن . بىزنىڭ ئۆيدىن بىر ئون يېتىم يىراقلىقتا يالغۇز ، تول موماي ھاممام سانىخان ئانام بار . بالىلىرى تەرەپ - تەرەپكە قېچىپ چىقىپ كېتىپ ئۆزى يالغۇز بىر ھويلىدا تۇرىدۇ . چوڭ ئوغلى ناھىيە بازىرىدا موزدوزلۇق قىلىدۇ . بالىلىرى بىلەن بولۇپ ئانىسى بىلەن ئانچە كارى يوق . ئاتامنىڭ بىردىنبىر سىڭلىسى بولغاچقا مەن ئانچە - مۇنچە خەۋەندە خالىغىنى قىلىپ قويىمەن . ماڭا ئامراق . پات - پات بېرىپ قولىغا ئۈچ - تۆت تەڭگە بېرىپ قويسام دۇئا قىلىپ مېنى ئەرشكە چىقىرىۋېتىدۇ . ئانام بولمىغاندىكىن ئانامنىڭ ئورنىدا كۆرىمەن . بىر ئېغىز ئۆينى يىللىقىنى بەش يۈز كويغا بېرىدىغان بولدى . ئۆيدە يوتقان - كۆرپىدىن تارتىپ ھەممە نەرسە ئىشقىلىپ ئۆي سەرەمجانىنىڭ ھەممىسى تەق . بىر ھويلىدا بولغان بىلەن باشقا ئۆيدە تۇرسىلەر . خالىسالىڭ تامىقىڭلارنى بىرگە قىلىپ يەڭلار ، خالىمىسالىڭ ئۆز ئالدىڭغا قىلىپ يېسەڭمۇ بولىدۇ . سانى ئانام بىلەن ھەممىنى پۈتۈشۈپ قويدۇم . ھەرگىز قولىغا قالاپ قالىدىغان ئىش يوق . سەن دېگەن مېنىڭ ئامانىتىم . سەن ئۇنىڭ ئاغزىغا ئەمەس ، ئۇ سېنىڭ ئاغزىڭغا قالاپ ئىش قىلىدۇ . ئۇ تېخى سەندەك بىر ھەمرانىڭ تېپىلغىنىغا خۇش . دائىم مەن يالغۇز ، ئۆلۈپ قالسام ئۆلۈكۈم قانچە كۈن ئۆيدە تۇرۇپ قالا . ماڭا ھەمرا بولىدىغان ئادەم يوق ،

ئاغرىپ ـ تارتىپ قالسام كىم ماڭا بىر پىيالە سوغۇق سۇ بېرەر دەپ يىغلايتتى . بىر ھېسابتا سېنى ئۇنىڭغا خۇدا يەتكۈزدى دېسەكمۇ بولىدۇ . ئۇ بەك خۇش ...

— نېمىشقا بالدۇر شۇ يەرگە ئاپارماي خوتۇن ـ بالىلىرىڭىزغا بىر مۇنچە ۋالا ـ ۋويلا تېپىپ بېرىسىز ئەمىسە .

— خوتۇنىنىڭ كېپىگە چىرىپ بولغان ئىش . خوتۇن مەشەدە تۇرسۇن ، يېنىمدا تۇرغۇزىمەن دەپ تۇرۇۋالمىغان بولسا مۇشۇ ئىش يوق . ئۇ بۇ بالانى ئۆزى تاپقان . مانا ئەمدى تويدى . ئۇنىڭ مەقسىتى سېنى يېنىمدا تۇتۇپ تۇرۇش ئارقىلىق مېنى ئۆيگە باغلاش . ئەخمەق خوتۇن ئۇنداق قىلمىسىمۇ بەش بالامنى يوقلىماي تاشلىۋېتەمدىم . بەش بالام مەن ئۇچۇن مەڭگۈ ئۈزۈلمەيدىغان بەش زەنجىر ئەمەسمۇ .

— قورسىقىمدىكى بالىنى تۇغمايمەن . چۈشۈرۈۋېتىمەن .

— چۈشۈرۈۋېتىدىغان بولساڭ ئۆلتۈرمەيمەن ، ئەمما مەندىن ئۆلگۈچە تاياق يەيسەن . نېمىشقا تۇغمايمەن دەيسەن .

— ئويلىسام ، ئويلىسام بۇ بالىنىڭ چىمىنىڭ بالىسىلىقىغا ئىشەنچ قىلالمىدىم . شۇڭا ، بۇنداق بالىنى تۇغقاندىن تۇغمىغان ياخشىراق دەيمەن .

— بۇ بالا مەيلى مېنىڭ بولسۇن ياكى بولمىسۇن ، چىمىنىڭ بالىسى بولۇشى بىلەن كارىم يوق ، قانداقلا بولمىسۇن ئۇ بىر خۇدا ئاتا قىلغان جان . خۇدا بەرگەن بىر جانغا قەست قىلىش دېگەن بەتنىيەتلىك ، سېنىڭ يا مېنىڭ بىر جانغا زامىن بولۇشىمىز خۇدانىڭ ئىرادىسىگە قارشى ئىش قىلغانلىق بولىدۇ . خۇداغا قارشى چىقساق ، بېشىمىزغا بالا ياغىدۇ ، بىزنى نەس باسىدۇ . ئىشىمىز ئىلگىرى باسمايدۇ . خۇدايىم مەيلى قانداقلا بولمىسۇن بىزگە بالا دەپ بەرگەندىكىن ئۇنى تۇغمىساڭ گۇناھكار بولىمىز .

— سىز ھەجەپ خۇدادىن ، گۇناھتىن قورقىدىكەنسىز ، قەدەمدە بىر خۇدانى يادلايدىكەنسىز ، ئەمما ئوغۇرلۇقنى تاشلىمايدىكەنسىز ، ھارام

ئىشلاردىن ئۆزىڭىزنى يىغمايدىكەنسىز ...

— ھازىرغىچە مەن خۇدا ماڭا بۇيرۇغان ئىشلارنى قىلىپ كەلدىم . ئوغۇرلۇق قىلدىم . ئەمما ھالال ئادەملەرنى قاقشاتمىدىم . ھارام تاماقلارنىڭ ھارام دۇنياسىنى ھارامغا ئۆردۇم . بىچارىلەرنى يۆلىدىم . تەڭشەپ تۇردۇم . شۇڭا مەن ئوتقا دەسسەپ تۇرساممۇ مىنى خۇدا ساقلىدى . مەن قىلغان ئىشلىرىمنىڭ ھەممىسىدە خەقنى قاڭغىر قاقشاتمىدىم .

ئۇلار قويۇق جىگدىلىك چىتلار ئارىسىدىكى تۇل خوتۇننىڭ غېرىب ھويلىسىغا قانداق كېلىپ قالغىنىنى بىلمەي قېلىشتى . ئورۇق ، ئېگىز ، قارا قېتىش ، يېشى ئاتمىشتىن ئاشقان بولسىمۇ تېخىچە چىشلىرى ساق ، چاچلىرى قارا سانىخان ئىشىك ئالدىدىكى ئۇجمە ئاستىدا چاق ئىگىرىپ يولغا قاراپ ئولتۇراتتى . ئۇنىڭ تېتىك ، چاققان ئورنىدىن تۇرۇشى ، مىجەزى ئەرلەردەك بېجىرىم ھەرىكەتلىرى ھەمىدەمنى ھەيران قالدۇردى . ئۇ كاملىنى قۇچاقلاپ بويىنىغا ئېسىلىپ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويدى . باياتىن بېرى بىر بىچارە مومايىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەن ھەمىدەم بۇ مومايىنى ئۆزىنىڭ باشقۇرالىشىغا كۆزى يەتمەي يۈرىكى جىغ قىلىپ قالدى . «ئىم ، باشقۇرۇپ بوپتىمەن» دېدى .

— ۋاي قاق پېشانەم ، ۋاي كۆڭلى قارا بەتنىيەت ، سەن خوتۇن قىلىپ سۆرەپ يۈرگەن چوكان مۇشۇما . كىچىك بىر چىشلەم بىرىمكەن ، تۇماق بىلەن بىرنى قويسا ئۇچۇپ كەتكۇدەك بىرىمكەن ئەمەسمۇ بۇ . مۇشۇنى قانداقمۇ خوتۇن دەپ پوكىنىڭغا باسقىلى كۆڭلۈڭ ئۇنىغاندۇ . ۋاي خۇدايىمەي ، بۇ قانداقمۇ سېنى كۆتۈرەلەيدۇ . ساڭا خوتۇن بولالايدۇ . ۋاي ئىسىت ، ۋاي ئىسىت . سانىخان شۇنداق دەپلا ھەمىدەمنى ئاتنىڭ ئۈستىدىن دەس ئېلىپ يەرگە قويۇپ مەڭزىگە سۆيۈپ قويدى .

— ۋاي ئانام ، ۋاي ئانام ، پۇۋلىسە ئۇچۇپ كەتكۇدەك ، ئۇچتەك تۇرمامدۇ . ئېغىرلىقى بىر باغ بېدىدەك بارمۇ نېمە بۇ

بىچارىنىڭ . ۋاي ئانام ، ۋاي ئانام ، سىزنى بوزەك تاپتىمۇ بۇ يۈزى قېلىنلار . ئەر خەق دېگەننىڭغۇ بەتنىيەتلىكىدىن ئەر قىلىپ يارىتىلغان . ئۇنى دېمىسىمۇ مەنمۇ ئەرنىڭ قولىغا چۈشكەندە شۇ سىزچىلىك بارمىتىمكى ، ئىشقىلىپ ئاتام تۈماق بىلەن بىرنى ئۇرۇپ ھە بولىدىكەن دەپ ئەرگە بەرگەن . مانا مەنمۇ توققۇزنى تۇغۇپ ھازىرغىچە تۆتنى قاتارغا قوشۇپ ياشاۋاتامدىم . قانداق قىلىمىز خوتۇن كىشى بولماق مۇشۇنداق ئىكەن . ئاتىنى ئۇچىمىگە باغلاپ ، سىلەرگە راسلىغان ئۆيگە چىرىڭلار . ئاتامدىن قالغان كونا چاپىنى سىلەرگە راسلىدىم .

سالقىن ، تورۇسى ئېگىز ، تۆڭلۈكى ئېتىلگەن ئۆي شۇنچە رەتلىك ، پاكىز ئىدى . يوغان ئۆينىڭ قىبلە تېمىغا قەدىمىي ساندۇق چاپى قويۇلۇپ ئۈستىگە تامغا يۆلەپ يوتقان - كۆرپىلەر يىغىلغان . پەسكە شال پاخىلى سېلىپ تۆپىگە يېپيېڭى ئاق كىگىز سېلىنغان . تامغا يېڭى زەدىۋال تارتىپ تام بويلاپ قىزىل تاۋار يەكەنداز سېلىنغان ، ئۆي شۇنداق ئىسسىق چىراي ، پاكىز بولۇپ ھەممەمنىڭ كۆڭلى پاللىدە يورۇپ روھى كۆتۈرۈلۈپ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى .

— ئۆلسەم مۇردامنى يۆگەر دەپ ئون يىل كۈيىگە يېگۈزمەي ساقلىغان سۈتتەك ئاق كىگىزنى سالدىم . ھازىرغىچە تۇتمىغان يوتقان - كۆرپىلەرنى بەردىم . مانا مۇشۇ ئۆي سىلەرنىڭ . توڭگۈز تويىقى ئويناسىلەر ، خامان ھەيدەسىلەر سىلەرگە بەردىم . ئوھوي ، مېنىڭ سىلەردىن باشقا ئىچى كۆيەرگە نېمەم بارتى ، تۆت تازنى بېقىپ چوڭ قىلىپ قويسام بىرسى قالماي تاشلاپ قاچتى . ئانام بارتى دەپ ئايدا - يىلدا بىرسى ياد ئېتىپ قويمايدۇ . نېمە قىلساڭلار قىلىڭلار . مەن ئۆز ئۆيەمدە ئولتۇرىمەن ، مەن ئۆلسەم مۇشۇ ئۆي - جاي سىزگە قالىدۇ بالام . مېنىڭ ئۆيەم دەپ ھازىردىن باشلاپ خاتىرجەم تۇتۇڭ . ماڭا كىم ھەمراھ بولسا شۇنىڭغا بېرىمەن دەپ خۇداغا نالە قىلغان ، خۇدايىم سىزنى ماڭا

يەتكۈزدى .

— ئانا ! — ھەمدەم سانىخاننىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى تاشلاپ بىردىنلا ھۆكرەپ يىغلىۋەتتى . سانىخان چەكچىيىپ گەپتىن توختاپ كامىلغا قاراپ بېشىنى چايقاپ قويدى .

## 28

ئون سەككىز يىل يۇرت سورىغان راخمان تورىنى ئۆزىتىش ، ئايۇپنىڭ ۋاقىتلىق باش شۇجى بولغانلىقىنى ، قادىر سالىنىڭ يېزىلىق ھۆكۈمەتكە باشلىق بولغانلىقىنى قارشى ئېلىش يىغىنى كۆك تېكەننىڭ يېڭى مېۋىگە كىرگەن توغاچلىق بېغىدا ئورۇنلاشتۇرۇلدى . يازلىق ئاق توغاچ بىلەن قىزىل توغاچ تەڭلا پىشقان كۆك تىكەن يېڭىدىن ئېچىلغان بىنام بوز يەر ھەم يېڭىدىن ئاق تىكەندىن ئايرىلىپ كەنت بولغان يۇرت بىلەن يۇرت ئارىسىدىكى كەڭرى ئۆزۈلمە چۆلگە جايلاشقان كەنت بولغاچقا ئۆيلىرى يېڭى ، يەرلىرى ياش ھەم كۈچلۈك ، باغ - ۋارانلىرىمۇ چىرايلىق بوستان بولغان بولسىمۇ ، ئەمما ئۆي بىلەن ئۆي ، مەھەللە بىلەن مەھەللە ئارىسىدا دۆڭلە ، ئادەم يالغۇز ماڭسا قورقۇنسى كەلگۈدەك سۇرلۇك توغراقلىقلار ، بولۇق ئۆسكەن توۋى ئادەمنىڭ يوتىسىدەك يوغىنىغان يۇلغۇنلار بار ئىدى . دۆڭنىڭ چوققىسىدىكى قومۇشلار ئۆينىڭ ئەتراپىغا قويغان ئېگىز كۆك تېرەكلەردىنمۇ ئېگىز ئۆسكەن بولۇپ ، شامال چىقسا ياكى ئۇنىڭ توۋىدە ئۆمىلىشىپ يۈرگەن ئاق يەر يىلىنى بېغىرلاپ ماڭسا ، كىرپىلەر بىلەن قىرغاۋۇل تۇخۇم تالىشىپ قالسا قومۇشلار قاتتىق شىلدىرلاپ ئادەمنى تېخىمۇ سۈر باساتتى . بۇ يۇرتقا ھاجى ئاۋات ، غوجى ئاۋات ، تۆگە دۆڭ ، ئاقبەل ، ئاچا دۆڭ ، ھەتتا كامار كۆل ، ئوغرى كۆل ، خانكۆل ، قومۇش مەھەللە ، پاختىلىق دېگەن قەدىمي يۇرتلاردىن ئۈچ يىل سۈيۈڭ

ھەقسىز ، غەللە ـ پاراقسىز ، قانچىلىك يەر ئېچىۋالساڭ
ئۆزۈڭنىڭ ، ھۆكۈمەت پۈتلاپ بېرمەيدۇ . قانچىلىك كۈچۈڭ
يەتسە شۇنچىلىك باغ قىلىۋال دەپ ئادەم كۆچۈرگەندى . دەسلەپتە
خەقلەر تەرەپ ـ تەرەپلەردىن كۆچۈپ كېلىشكەن بولسىمۇ تولىسى
كۆنەلمەي كېتىپ قېلىشتى . توغاچلىق باغنى ئاتا ـ بوۋىسىدىن
تارتىپ باغ بىلەن ھەپىلىشىپ كەلگەن داڭلىق ئۇلاقچى ھاجى
ئاۋاتلىق ئىمىن ئۇلاق ئەھيا قىلغان بولۇپ ، يېڭى باغنىڭ توغىچى
يولدىن ئۆتكەن ئادەمنىڭ بۇرنىغا گۈپۈلدەپ پۇراپ يېگۈسىنى
كەلتۈرەتتى . توغاچ ئەمدى رەڭ تۈزىگەندىن تارتىپ ئىمىن ئۇلاق
ئاتا ـ بوۋىسىدىن قالغان كونا قائىدە بويىچە يېڭىدىن مېۋىگە
كىرگەن باغنىڭ تۇنجى مېۋىسىنى يۇرت ـ جامائەتكە
ئېغىزلاندۇرسام دەپ تەرەپ ـ تەرەپكە كىشى قويۇپ قاترىغانىدى .
يېزىلىق ھۆكۈمەتتىكىلەر توغاچ سەيلىسىنى مۇشۇنىڭغا توغرىلاپ
يىغىن نامى بىلەن پۈتۈن يېزا بويىچە گۇرۇپپا باشلىقىدىن يۇقىرى
كادىرلارنى توغاچلىق باغقا يىغدى . باغقا يىغىلغانلار كادىرلار ،
يۇرت كاتتىلىرى ، مەھەللە ئاق ساقاللىرى ، مۇقامچى ،
نەغمىچى ، چېلىشچى ، ھاپىز ، مەدداھ ، يۈزگۈر ـ يېتىمچى ئۇلۇغ
ـ ئۇششاق بولۇپ مىڭ بەش يۈزدىن ئارتۇق ئادەم ئىدى . باغنىڭ
ئون ئۈچ يېرىگە قازان ئېسىلىپ ئالتە تۆگە ، ئون كالا ، قىرىق
يەتتە قوي سويۇلۇپ سەكسەن چارەك گۈرۈچتە پولو قىلىنىشتى .
ھەرقايسى كەنتلەر ئۆي ـ ئۆيلەردىن خامان ئالغاندا ئىشلىتىدىغان
پالاسنى ئوتتۇزدىن قىرىق پارچىغىچە يىغىپ كېلىپ باغنىڭ
ھەممە يېرىگە سالدى . قارا شامدەك يىغىلغان ئادەملەر قارىماققا
باغدىكى مېۋىنىڭ سانىدىن كۆپ بولۇپ ، يىغىن باشلانماي
ئادەملەرنىڭ ئالدى ـ كەينى يىغىلىپ بولغۇچە توغاچنىڭ پىشقان
ـ پىشمىغانلىرىنى پىلە غازاڭ يېگەندەك ھەمماتتا ۋاشاڭ قىلىپ
يەپ بولدى . دەسلەپتە پىشىپ تۆۋىگە چۈشكەن ، قۇرت چۈشكەن ،
يېلىم قايناپ چىققان توغاچلارنى ياراتماي يېيىشمىگەندى ،

كېيىن ئۇمۇ يېتىشمەي قالدى . ئىمىن ئۈلاق «يەڭلار ، خالىقتا قالغاندىن مۇشۇنداق يېيىلىپ تۆكمگەنى خوپ . ماڭا يالغۇز بۇ ئالەمنىڭ مال ـ دۇنياسى كېرەك ئەمەس . ئۇ دۇنيانىڭ ساۋابىمۇ لازىم ، ئۇ دۇنياغا بارغاندا سەن ھاياتلىقىڭدا كۆكسى ـ قارنىڭدىن چىقىرىپ چىن كۆڭلۈڭدىن رازى بولۇپ قىلغان ياخشىلىقىڭنى ئۇنتۇپ تۇرۇپ بىر كىمگە قىلدەك نەپ بەرگەنمۇ ، نەپ يەتكۈزگەنمۇ دەپ سورىسا جاۋاب بەرگۈدەك دەسمى بولمىسا ئۇ يەردە بېزىرىپ تۇرغان بىلەن بولمايدۇ» دەپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى .

راخمان تۇر تۇيۇقسىز ئەمەلدىن چۈشۈپ قالغىنىغا قاتتىق ھار ئېلىپ بۇ كېتىمك چېيىغا كەلگىلى ئۇنىمىغانىدى ، ئايۇپ پايپېتەك بولۇپ پاختىكىڭىز بولاي ، تورغىيىڭىز بولاي دەپ يالۋۇرۇپ تۇرۇۋېلىپ ئەر ـ خوتۇن ئىككىڭلار بارمىساڭلار بولمايدۇ دەپ مىڭ تەستە ئاران ئەكەلدى . راخمان تۇر بىر يەرگە بارسا خوتۇنىنى ئېلىپ بېرىش بىلەن خوشى يوق ئىدى . ئايۇپ يالۋۇرۇپ تۇرۇۋالغانلىقتىن ئايالى سائادەتخانمۇ تويغا بارغاندا كىيىدىغان قارا مەخمەل پەرىجىسى بىلەن ئاق رومىلىنى ئېگىمىدىن چىقىپ ئۇستىدىن يېشىل دۇخاۋا دوپپىسىنى باسۇرۇپ كىيىپ سىمىز گەۋدىسىنى ئاران سۆرەپ ھارۋىكەش سەمەت روزىنىڭ يۆلەپ چىقىرىشى بىلەن مەپىگە چىقتى .

— مېنى ھارۋىغا يۆلەپ چىقىرىشلىرىڭ ، قىلمىۋاتقان قىلىقلىرىڭغا قالمىغاندا ئۆزگىرىپ كەتمەيدىغان ئوخشىمامەن سەمىتەم . قىلغان ياخشىلىقلىرىمىزنى ، تۇزنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلايدىغان ئوخشايسەن ـ ھە ؟ — دېدى سائادەتخان سەمەت روزىغا رازىمەنلىك بىلەن قاراپ كۈلۈپ .

— ۋاي ، خۇدايا توۋا دەڭا سائادەتخان ئاچا ، توۋا دەڭە ، مەن ئۇنداق تۇزىنى يەپ تۇزلۇقىغا چىچىدىغان ئادەم ئەمەس جۇما . مېنى ئۇنداق ئادەم چاغلاپ قالماڭ . مەنزە ھەرگىز ئۆلسەممۇ

ئانداق تۈزكورلۇق قىلمايمەن .

— مانا مۇشۇ يۇرت ، پۈتۈن يېزا بويىچە دېمىمۇ بولىدۇ بىز نىڭ ئادەم مۇشۇ نا شۆجى بىلەن سىزگە ياخشىلىق قىلغاندەك بىر كىمگە ياخشىلىق قىلمىدى . ئىككىڭلارغا قىلغان ئەقىدىسىنى ھەتتا ئاتا ـ ئانا ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا قىلمىدى دېسەكمۇ بولىدۇ .

— تولا كاسىلدىماي جىم ئولتۇرساڭىا خوتۇن . خوتۇن خەققە بۇنداق كاسىلداشنى كىم قويىدى . تولا زەنىمنى دوڭغايتماي جىم ماڭە . باكا مەندىن داۋاڭنى ئىشتىپ ئىزا تارتىپ قالىمەن .

باياتىن بېرى مەيدە جىممىدە سالپىيىپ ، توختىماي موخۇركىسىنى شوراپ ئولتۇرغان راخمان تۆر تۈنجى قېتىم ئۈنلۈك قىلىپ شۇ گەپنى قىلدى .

— سائادەتخان ئاچام راست گەپ قىلدى را شۆجى ، راست دەيدۇ زادى . گەپ قىلسىلا سائادەتخان ئاچا ، گەپ قىلسىلا ، را شۆجىنىڭ ماڭا قىلغان ياخشىلىقىنى ئۆلسەممۇ ئۇنتۇمايمەن ، يۇرىكىمدە چىڭ ساقلايمەن . را شۆجى دېگەن مېنىڭ ئۇستازىم . يۆلەنچۈكۈم ، مېنى يۆلەپ مۇشۇ كۈنگە ئېرىشتۈرگەن نىجاتچىم . مەن دېگەن را شۆجىنىڭ تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن ، ئۆزى تىككەن كۆچىتى . ھېلىغۇ را شۆجى ھوقۇقىدىن چۈشتى . ئورنىنى ماڭا بەردى . كەلگۈسىدە مەن ئۆسۈپ ، بېشىم ئەرشكە يەتسىمۇ يەنىلا را شۆجى مېنىڭ ئۇستازىم ، نىجاتچىم ، ئاتا يوللۇق غەمگۈزارىم . شۇ چاغدىمۇ مەن ھەر ئىشتا ، ھەر قەدەمدە مەن يەنە را شۆجىنىڭ سىزنىقىدىن تايماي ، كۆرسەتكەن يولى بىلەن ماڭىمەن . يەنە شۇ چاغدىمۇ را شۆجىنىڭ ئورسا تايىقى ، تىللىسا تىلى ئۆتىدۇ . مەن مەڭگۈ بالا . را شۆجى مەڭگۈ ئاتا بولۇپ ئۆتىدىغان گەپ …

ئايۇپ ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ كەتتى ، راخمان تۆر توپىلىق يولدا دۆلۈنۈپ خارقىراپ قارا تەرگە چۆمۈپ

كېتمۇاتقان مەيدىكى ئاتنىڭ چىرايلىق ساغرىسىغا، بىر تال تۆكمىدىن مىلڭ تال تەر تۆكۈلۈپ پارقىراپ كەتكەن سۆگەكچىگە خىيال سۈرۈپ قاراپ ئولتۇراتتى، ئۇ خىيالچان كۆزلىرىنى ئايۇپقا يۆتكەپ ئۇنىڭغا چوڭقۇر تىكىلدى ـ دە، بىر نىمە دېمەك بولۇپ ئاغزىنى ئۆمەللەپ يەنە توختاپ قالدى.

— بىرمە دېمەك بولۇپ گەپلىرىنى بوغۇزلىرىغا يۇتۇۋەتتىلە را شۇجى، قورساقلىرىدا نىمە گەپ بولسا دەۋەرسىلە. غۇم بولۇپ قالمىسۇن. مىنى ئۆز كۆرۈپ ئۆستۈرۈپ بولۇپ، ھەجەب ئەمدى يات كۆرگەندەك ياتسىلاڭ قالايلىيا، دەۋەرسىلە.

ئايۇپ شۇنچە يالۋۇرسىمۇ راخمان تۇر چىش يىرىپ بىرمە دىمەي تاماكىسىنى ئۇزمەي شوراپ تاش چىشلەپ ئولتۇرۇۋالدى، باغدىكى يىغىن ئۈستىلىنىڭ تۆرىدە راخمان تۇر ئولتۇرغۇزۇلۇپ، ئايۇپ، قادىر سالى قاتارلىق يىزا رەھبەرلىرى ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئولتۇرۇشتى. يەرگە سېلىنغان پالاستا پۈتۈن يىزا بويىچە گۇرۇپپا باشلىقىدىن يۇقىرى كادىرلار چازا قۇرۇپ باققالىنىڭ سېۋەتىدىكى شاپتۇلدەك تىزىلىشىپ ئولتۇرۇشتى. يىزا كادىرلىرىنىڭ خوتۇنلىرىغا ئىمىن ئۇلاقنىڭ يىڭى سالغان ئۆيىنىڭ چوڭ مىھمانخانىسىغا داستىخان سىلىپ ئۇلار يىغىنغا قاتناشماي مىھمان بولۇشماقتا ئىدى. ئايۇپ يىزىلىق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتكە ۋاكالىتەن راخمان تۇرنىڭ پارتىيە، خەلق ئۈچۈن ئۇن سەككىز يىلنى خۇددى بىر كۈندەك ئۆتكۈزۈپ جاپالىق ئىشلىگەن نەتىجىلىرىنى سۆزلەپ ئۆتتى، ئۇ يىزىنىڭ كاتىپى سۇپۇرگىباي يىزىپ بەرگەن ماتىرىيالنى ئوقۇپ بەرگەنىدى، ئاندىن گۈلدۈراس چاۋاكلار ئىچىدە راخمان تۇرنىڭ مەيدىسىگە قىزىل گۈل تاقىدى. ئۇنىڭغا بىر تەقدىرنامە، بىر چايدان، بىر لۆڭگە مۇكاپات بىرىشتى. ئايۇپ ئۇنىڭ مەيدىسىگە قىزىل گۈل تاقاۋاتقاندا ئۇنىڭ مۇشۇ بىر ھەپتىدىلا تۆتلەك ئىتتىدىن چۈشۈپ كىچىكلەپ، يىگىلەپ كەتكەنلىكىنى ھىس قىلدى. ئايۇپنىڭ ئىچى ئاغرىغاندەك

بولدى . ئۇ كۆنلەرنىڭ بىرىدە مەنمۇ مۇشۇ ئادەمنىڭ ھالىغا چۈشۈپ قالسام قانداق قىلارمەن دەپ ئويلاپ كۆڭلى غەش بولدى . «ياﺋاللا خۇدا بۇ كۈننى كۆرسەتمىگىن ، بۇنداق كۈننى ماڭا ھارام قىلغايسەن» دەپ ئىچىدە دۇرۇت ئوقۇدى ھەمدە راخمان تۇرنى سۆزگە تەكلىپ قىلدى . يېزىغا باشلىق بولۇپ كەلگەن قادىر سالى ئايۇپ شۇجىدىن كېيىــــنلا مــەن ســۆزلــەيمــەن دەپ بــوراپ ئولتۇرغانىدى . ئايۇپ ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويماي ، ئۇنىڭ بارلىقىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك دەيدىغاننى دەپ راخمان تۇرنى سۆزگە تەكلىپ قىلغىنىنى ھار ئېلىپ تاتىرىپ - قىزىرىپ كەتتى ۋە «ماڭا يول بەرمەمدۇ نېمە بۇ پوستەكچى ، بۇ يۇرتتا مېنى لەيلىــتىــــپ قويىدىغان ، پاتقۇزمايدىغان ئوخشىمامدا» دەپ قارغاپ ئولتۇردى .

— مەن ··· مەن ··· پارتىيە ، ھۆكۈمەتنىڭ ··· يۇرتنىڭ خىزمىتىنى قىلىش جەريانىدا سىلەرنى ··· رەنجىــتكەن ، خاپا قىلىپ قويغان يەرلىرىم جىــــق . خاپا بولغان ، رەنجىـــــتكەن يەرلىرىمنى چىقىرىۋېتىپ مەندىن رازى بولۇپ كەتسەڭلار ···

راخمان تۇر شۇ گەپلەرنىمۇ ناھايىتى تەسلىكتە دېيەلىدى - دە ، ھۆركىرەپ يىغلاپ كەتتى . ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمىدى . ئۇنىڭ بۇ بىچارە ھالىنى كۆرگەندە ھەپتە - ئون كۈن بۇرۇن ھۆركىرەپ يۇرتنى تىترەتكەن ئادەمنىڭ شۇ ئىكەنلىكىگە ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى .

— شۇنچىلىك جاھانغا خەقنىڭ پىشمىغان بۇغدىيىنـــى بۇزغۇزۇپ كەتكەنتىڭ مۇناپىق . تۆت كۈنلۈك جاھانغا ئەمدى تويغانسەن ، كۆزەمگە توڭگۇز كۆرۈنىدىغان ئوغرى ···

يىغىن ئەھلى ئارىسىدىن بىرسى شۇنداق دەپ ۋارقىراپ تىللىدى . ئەمما ، كىمنىڭ ۋارقىرىغىنىنى بىلگىلى بولمىدى . راخمان تۇرنى سەمەت روزى يۆلەشتۇرۇپ ئىمىن ئۇلاقنىڭ ئايرىم بىر كىچىك ئۆيىگە ئەكىرىپ تەكىر - كۆرپە سېلىپ ياتقۇزۇپ قويدى . ئايۇپنىڭ ۋاقىتلىق باش شۇجىلىق ، قادىر سالىنىڭ

ۋاقىتلىق يېزا باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى قوتلۇقلاپ ھەرقايسى كەنتلەرنىڭ شۇجىلىرى، كەنت باشلىقلىرى، مۇئاۋىن يېزا باشلىقلىرى ئارقا - ئارقىدىن ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي سۆز قىلىپ مۇبارەكلەشتى، يىغىن تاكى نامازشامغىچە داۋام قىلدى. ئاندىن داستىخان تارتىلىپ پۇتۇن پىشۇرۇلغان قوي، تۆگە گۆشلىرى، قوغۇن - تاۋۇز، توغاچ، شاپتۇل، قېتىق دېگەنلەر تۆكمە قىلىنىپ، نەغمىچىلەر ئىشتەي نەغمىسى قىلىشىپ مەشرەپ باشلاندى. يەشمەك - يەشمەك ھاراقلار تىزىلىپ ئىچىشمەك يېرىملاشقاندا ئايۇپ داستىخان بىلەن خوشلاشتى، راخمان تۆر ئۆيدىن چىقماي بالدۇرراق كېتىشكە تاقىتى تاق بولۇپ، ئۇنى ساقلاپ ئولتۇراتتى. راخمان تۆرنى ئايۇپ، سائادەتخاننى سەمەت روزى يۆلەپ مەيگە چىقاردى. مەيە باغنىڭ دەرۋازىسىدىن چىققۇچە قادىر سالى قاتارلىق پۇتۇن كادىرلار قومۇرۇلۇپ قول باغلاپ باغنىڭ دەرۋازىسى ئالدى چوڭ يولغىچە ئۇزىتىپ چىقتى.

خوشلىشىۋاتقاندا يېزا باشلىقى قادىر سالى ئايۇپنى ئاستا بىر چەتكە ئىشارەت قىلدى. ئايۇپ سەل ھارسىنغاندەك بولۇپ بىر ئالىيىپ قويدى - دە، ھەر ھالدا خەقنىڭ ئالدىدا ئىزا - ئاھانەت بولمىسۇن دەپ، خوشياقمىغاندەك مەيدىن چۈشۈپ چەتكە ئۆتۈپ زەردە بىلەن بوش ئاۋازدا تەئەددى قىلدى:

— ھە قا شاڭجالڭ، نېمە گەپ؟ — دېدى توختىماي چىشىنى كولاپ توكۇرۇپ تۇرۇپ.

— بوگەن سويۇلغان تۆگە، قوي، كاللار ئاز ئەمەس... ھاراق - شاراب ۋەھاكازا ھەشەم - دەرەملەرمۇ ئاز بولمىدى، مېنىڭچە ئۆلچەمدىن خېلىلا ئېشىپ كەتتى. بىز ئىچكەن ھاراقلار خېلى، خېلى كاتتىلارنىڭ سورۇنىدىمۇ ئىچىلمەيدىغان قىممەت باھالىق ھاراقلار... خالىغانچە ئىچتۇق. بۇ ئاز چىقىم ئەمەس، بۇنىڭ پۇلىنى...

— ئاھاي قا شاڭجالڭ، سىلە ئەمدى كەلدىلە، تولا ئىشلارنى

چاغلاپ ـ چىنەپ بولالمايلا . ۋەسۋەسىدە بوغاز بولۇپ قالمىسلا ، ھۆكۈمەتنىڭ سىرىق سىنتىسىغا چىقىلمايمىز . كېۋەزنىڭ ھەر مو يېشىغا بىر موچەندىن چېچىۋەتسەك بۇنداق سورۇندىن بىر يىلنىڭ ئۇچيۈز ئاتمىش بەش كۈنىنىڭ ھەر كۈنى بىر قىلساقمۇ خەجلەپ بولالمايمىز ، بولدىمۇ . كۆڭۈللىرى تىنغان بولسا خاتىرجەم يەپ - ئىچىۋەرسىلە ، تولا زىغىرلاپ ھېساب چىقىرىمەن دەپ قىلىنى قىرىق يېرىپ ئولتۇرماي يەپ - ئىچىشنى بىلسىلە ، بۇمۇ سىلىنىڭ يارىشىقلىرى .

قادىر سالى يەنە بىر نېمە دېمەكچى بولۇپ ئاغزىنى ئۆمەللەپ بولغۇچە ئايۇپ ئۇنىڭ گېپىنى قېقىپلا مەيگە چىقتى . ئۇ مەيگە چىقا - چىقماي مەپە شامالدەك قوزغىلىپ قادىر سالى قاتارلىق جامائەت توپا - چاڭ ئارىسىدا قالدى .

— زادى ئەپەندىچىلىكتىن چىققان ئادەم دېگەن ناھايىتى چىڭگىز ، تۆمۈر تىرناق كېلىدىكەن . بىر تەڭگە ئۈچۈن جان بېرىدىكەن . زادى تېگى قەلەندەر ئادەم باشلىق بولسا بولمايدىكەن . يەپ - ئىچىشنى ، ئويناپ - كۈلۈشنى بىلمىگەن ئادەم باشلىق بولۇپ قالسا قاملاشمايدىكەن جۇما . تازىمۇ بىر يەپ چىچماس گىرى بىر گۈي ئوخشايدۇ .

— كاژنى بازار ئوڭلايدۇ دەپ كۆندۈرىمىز ئا شۇجى ، كۆندۈرىمىز . ۋاي بىزنىڭ بۇ يۇرت دېگەن نى - نى گىرىلارنى ئوڭلاپ يولغا سالغان ، ھاڭگا ئېشەكنىسى تۈغدۈرىدىغان يۇرت ئەمەسما ، — دېدى سەمەت روزى .

— سەن تولا ساقال غېرىچلىماي غىت قىسىپ ھارۋاڭنى ھەيدە بولامدا ...

ئايۇپ شۇنداق دەپ بىر ۋارقىرىۋىدى سەمەت روزىنىڭ شۇئان زۇۋانى ئۈچۈپ جىم بولدى .

— ماۋۇ مەشرەپنى تاشلاپ بالدۇر قوزغىلىشمىزدا ئىككى مەقسەت بولۇپ قالدى را شۇجى . بىرسى ئۆزلىرى چارچاپ

قالغانلىقتىن بالدۇر كەتسەك دەپ تۇرۇۋاللا ، بۇ بىرىنچى مەقسەت . ئىككىنچى مەقسەت ماۋۇ ئالدىمىزدىكى تاقىچى مەھەللىسىدە سىيىت پەرەڭ دېگەن بىرىمە بار ، ئۇ نېشىدىمۇ ، قىماردىمۇ ، مەشرەپتىمۇ ھەممە سالادا بار ، شۇ ئاداش ئۇزاقتىن بېرى كۆك تىكەن تەرەپكە كەلسەڭلار را شۇجى بىلەن مېنىڭ ئۆيەمگە بىر بېشىڭلارنى تىقىپ ئۆتسەڭلار ، سىلەرگە ئاتاپ باغدا باققان بىر پاقلىنىم بار دەپ تولا تەكلىپ قىلىپ ، تولا جۇراپ ئاغزى كۆپۈش بولۇپ كەتكەن . بۇگەن بۇ يەرگە كېلىدىغىنىمىزنى ئاڭلاپ ئاتايىن ئاخشام يېرىم كېچىدە ئۆيگە بېرىپتۇ . زادى مېنىڭ ئۆيەمگە بىر قەدەم تەشرىپ قىلمىساڭلار ماڭا بەك ئازايى زۇلۇم بولۇپ كېتىدۇ . مەن مەشرەپتىن بالدۇر يېنىپ ئۆيەڭدە زادى يېرىم سائەت ئولتۇرمىز ، قازىنىڭنى تەق ، داستىخىنىڭنى نەق قىلىپ تۇر ئەمىسە دەپ ۋەدە قىلىپ قويغان . شۇ بىچارىنىڭ ياخشى كۆڭلى ، شۇنىڭ ئۆيگە بېشىمىزنى بىر تىقىپ بىر پىيالە داغ چېيىغا ئېغىز تېگىپ ئۆتۈپ كېتىلى . ئاشۇنىڭ كۆڭلى يەردە قالمىسۇن . جاھاندا كۆڭۈلدىن نازۇك نەرسە يوق .

— تازا كۆڭلۈمنىڭ ئارامى يوق ، بېشىم ئاغرىپ تازا مىجەزىم بولمايۋاتىدۇ . شۇ يەرگە سىلە داخىل بولۇپ مېنى بى ماۋۇ سەمىتەم دىككىدە ئۆيەمگە ئاپىرىۋېتىپ سىلە چاي ئىچىپ بولغۇچە كەلمىسۇنمۇ ؟ — دېدى راخمان تۇر يەرنىڭ تېگىدە گەپ قىلغاندەك بوش ئاۋازدا .

— ياق ... ياق ... سىلى چىمىسلە مېنىڭ چىگىنىمنىڭ نېمە كارايىتى . سىلى دېگەن نى - نى سورۇن ، نى - نى داستىخانلارنى كۆرگەن چىداملىق ئادەم . بىردەم ئولتۇرۇپ بەرسىلە ، مېنى ئايىسىلا ، مېنىڭ يۈزۈمنى قىلسىلا . سىلىنى ئېچىرەلمىسەم سىيىت پەرەڭ را شۇجىنىڭ ئالدىدا بىر پۇللۇق يۈزى يوقكەن دەپ قالسا ماڭا نومۇس ئەمەسمۇ ؟

— بىردەملىككە توشقان تېرىسىمۇ چىدايدۇ . سىلىنى

هاشارغا سالمايدىغان بولغاندىكىن ماقۇل دېمەملا . بۇندىن كېيىن ھەر ئىش بولسا ئەمدى ئا شۇجىنىڭ ئاغزىغا قالاپ ئىش قىلىدىغان گەپ . ئەمدى سىلىنىڭ ھۆرۈ - پۆرۈ دەيدىغان چاغلىرى كەتتى ، — دېدى سائادەتخان . راخمان تۇر ئۈندىمەستىن ئولتۇردى .

مەپە ھەمساتتا سىيىت پەرەڭنىڭ ئىشكى ئالدىغا كەلدى . ئىشكتىن كىم بالدۇر كىرىش مەسلىسىدە ئۇزاق ئىتتىرىشمەك بولۇپ ئاخىر ئايۇپ ئالدىدا ، ئاندىن راخمان تۇر ، ئاخىرىدا سائادەتخان ماڭدى . ھويلىغا ، ھويلىدىن دالان ئۆيگە ، دالاندىن ساراي ئۆيگە ، سارايدىن ئەڭ ئىچكىرىدىكى مېھمانخانا ئۆيگە كىرىشتى . ئەڭ ئىچكىرىدىكى سۇپىغا گېلەم سېلىنغان ئۆيدە ، داستىخان ئەمەس چىرايلىق تاۋار يوتقان - كۆرپە سېلىنغان ، ئۆيدە بىر - بىرىدىن قاۋۇل كۆزلىرىنى مولۇندەك پارقىرىتىپ غۇناندەك تۆت ئادەم جىممىدە ئۆرە قاراپ تۇراتتى . ئۇلار ئىشكتىن كىرىپ نېمە ئىش دەپ بولغۇچە تۆت بەترەڭ پالاق - پۇلۇق ئېتىلىپ كېلىپ راخمان تۇرنى باغلاپ ئۆينىڭ سوقۇم تۇۋرۇكىگە چەمبەرچاس باغلاپ تېڭىۋەتتى . ئاغزىغا شاپاق دوپپىسىنى تىقىپ قويدى .

— ھوي ئا شۇجى ، بۇ نېمە قىلىق ئەمدى .

سائادەتخاننىڭ ئاغزىدىن شۇ گەپ چىقىۋاتقاندا ئىككى ئەر باغلاقنىڭ قاتتىقلىقىدىن ئېڭىشىپ قالغان سەمەت روزىنى ۋاي - ۋايلىتىپ ئەكىرىپ تاۋار يوتقاننى قايرىپ شۇ يەردە دۈم ياتقۇزۇپ سەمەت روزىنىڭ ئاغزىغمۇ ئۆزىنىڭ تەر - مايدىن ساغىرىپ كەتكەن شاپاق دوپپىسىنى تىقىپ قويدى . ئاندىن ئىككىسى كېلىپ سائادەتخاننىڭ پەرىجە رومالىلىرىدىن باشلاپ يىرتىپ سالدۇرۇپ يېشىل تامبىلى بىلەنلا تۇرغۇزۇپ قويدى .

— ھۇ توڭگۇزنىڭ بۇرنىدىن چۈشكەن تۇزكور مۇناپىق . بۇ نېمە ئىش ، مەن دېگەن ئون بىرنى تۇغقان ، يەتتە نەۋرەم بار

ئاناڭدەك خوتۇنمەن ، مۇشۇمۇ ئىشمۇ ، قىلىقمۇ ، هو جوهۇت .

— ئۇن بىر بالا ، يەتتە نەۋرەم بار دېمەي مېنى قالتىپ قويۇپ خوتۇنۇمنى پوكاندىغان ماۋۇ ئېرىڭ جوهۇت بولماي مەن جوهۇت بولامدىم . مەن بۇگۇننى ، بۇگۇنكى مۇشۇ كۇننى ساقلاپ ئىچمىدىن قان كەلگىلى نەۋاق . ئېرىگە كۆرسىتىپ خوتۇننى پوكاندىسا قانداق بولىدۇ ، ئېرىڭ كۆرۈپ قويسۇن .

— مەن دېگەن سېنىڭ ئاناڭدەك خوتۇن ، ئۇ مەرەز ئۇنداق قىلغان بولسا ، سەن ئۇنى خۇدايىمغا قوي . ئۇ جوهۇتنى دورىما . مەن خۇش بولاي بالام ، مەن دۇئا قىلاي ، مېنىڭ تەرىتىمنى بۇزما .

— بۇزمايدىغان ، ئاپايدىغان يەردىن ئۆتتى . سەن يالۋۇرساڭمۇ ، تىللىساڭمۇ ، يىغلاپ قاقشىساڭمۇ ئېرىڭگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ قىلغىلىقىمنى قىلىمەن . بولمىسا ئىچىمدىن سېسىپ ئۆلىمەن . ماۋۇ سەمەت روزى دېگەن شۇۋا خالتىسى داققالچى دائىم خوتۇنۇمنى ئېرىڭگە تۇتۇپ بېرەتتى . ئەمدى بۇگۇن سېنى ماڭا تۇتۇپ بەرسۇن .

— هۇ گۆرۈڭدىن توڭگۇر قوپقۇر . خۇدا جاجاڭنى بېرە !

ساۋادەتخان تىللاپ بولغۇچە ئايۇپ كىيىملىرىنى سېلىپ ساۋادەتخاننىڭ يوغان گەۋدىسىنى قۇچاقلاپ سەمەت روزىنىڭ تۆپىسىگە باستى . سەمەت روزى قاتتىق ئىنجىق تارتىپ غىدىق پىدىق بولۇپ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى .

توختىماي ياش قۇيۇلۇپ يۇلقۇنۇپ قىمىر قىلالمىغان راخمان تۇر كۆزىنى يۇمۇشتىن باشقا ئامال قىلالمىدى . ياندىقچىلار ئۇن - تىنسىز ئىشىكنى يېپىپ چىقىپ كېتىشتى .

ساۋادەتخان سېمىز كېلەڭسىز ئۆزىنى ئاران جۆندەپ ماڭىدىغان ئايال بولغاچقا ئايۇپ بىلەن تىركىشەلمىدى .

تۈڭلۈكتىن كۆرۈنگەن يۇلتۇزلار — چىرايلىق ئاق مارجانلار ھاۋارەڭ تاۋار داستىخانغا چېچىلغاندەك چاقناپ تۇراتتى . تۈڭلۈكتىن ئاندا - ساندا ئۇچۇپ كىرىدىغان سالقىن شامال ئۆيدە بىر قانچە تىنىقتا راھەتلىك ئارام بېرىپ ئاندىن يەنە بۇلۇقلىما ، تىنجىق ئىسسىق بولاتتى . پېشىن ئالدىدىكى يۇمىلاق بىشەكتىن قوغۇندەك كۆتۈرۈلۈپ چىققان ھەمىدەمنىڭ قورسىقى قاتتىق تەۋرەپ كامىلنىڭ يۇڭلۇق قورساقلىرىغىمۇ زايا بولدى .

— قورسىقىڭدا ھېلىتىن مۇشۇنداق تىنىم تاپماي ھالىمىز ئاتىدۇ ، بۇ دۇنياغا تۆرەلسە جاھاننى بېشىغا كىيىدىغان ئادەم بولامدۇ نېمە بۇ بالا ، — دېدى كامىل ھەمىدەمنىڭ قورسىقىنى مېھرىبانلىق بىلەن سىلاپ .

— قورقۇۋاتىمەن ، تۇغۇشتىن قورقۇۋاتىمەن .

— نېمىشقا ، نېمىدىن قورقىسەن ؟

— بۇ بالا تۇغۇلسا خارلىنىپ قالامىكىن دەپ قورقىمەن .

— مەندەك ئاتىسى تۇرۇپ خارلىققا قالامدا ؟

— سىزنىڭ مەن بىلەن قانچىلىك تۇرالىشىڭىزغا بىرمە دەپ بولمايدۇ . بۈگۈن مۇشۇنداق بىللە تۇرغان بىلەن ئەتە سىز نەدە خۇدا ئۆزى بىرمە دېمىسە بەندىنىڭ ئەقلى يەتمەيدۇ . شۇڭا ، ئانا - بالا خارلىنىپ قېقىندا - سوقۇندا بولۇپ يۈرگۈچە بالام تۇغۇلمىسا ئوبدان بولاتتى .

— ئايىغىمدىن شامال ئۆتۈپ تۇرسا ، ئۆلمىسەملا مېنىڭ بالا - چاقام ھەرگىز خارلىقتا قالمايدۇ . ئىمانىم كامىل ، قورساقتىكى چوقۇم مېنىڭ پۇشتۇم . مېنىڭ پۇشتۇم بولغاچقا مۇشۇنداق قىمىدا تۇرماي سەكرەيدۇ . بۇ دۇنيادا ياۋاش ئادەم بولۇپ قېلىشتىن خۇدا پانا بەرسۇن . ياۋاشنى بوزەك قىلمىساڭ ، قىيامەتتە سورىقى بارمىش . ياۋاش ئادەمنىڭ ياشىمىقى تەس . ياۋاش ئادەم دېگەن دۆت كېلىدۇ ، ھەممە ئادەم تېخى پالانى ئادەم

ياۋاش ، مۆلايىم ، مۆمىن ، ئوبدان ئادەمتى دەپ تەرىپىنى قىلىشىپ كېتىدىكەن . بۇنى ياخشى ئادەم بولۇشنىڭ قېلىپى قىلىۋالىدىكەن . بۇنداق گەپ ئوسۇرۇقتا تەڭ . جاھاندىكى ياۋاشلارنىڭ ھەممىسى بەرسەڭ يەيمەن ، ئۇرساڭ ئۆلىمەن دەيدىغان ئۆلەرمەنلەر . مەن بىرمۇ ياۋاش ئادەمنىڭ ياخشى كۈن كۆرگىنىنى كۆرمىدىم . ھەممىسى ئىشتىنى تىزىدىن ئاشماي سارغىيىپ ، تاتىرىپ كۆك پىت قەلەندەر بولۇپ ئۆتۈۋاتقان لامزەللىلەر . بۇنداق لامزەللە ئادەملەر يا ئۆزىنى ، يا بالا ـ چاقىسىنى ، يا ئەل ـ يۇرتىنى خۇش قىلالمايدىغان بۇنىڭا ئوخشاش ھېچكىمگە قىلچە پايدا ـ مەنپەئەت يەتكۈزەلمەيدىغان ئۆلەرمەنلەر . بۇنداق ئادەملەر زېمىنغا يۈك .

— ياۋاش بولسا تېخى كۈن ئالغىلى بولمىسا ، قىنىغا پاتمايدىغان سىزدەك يامان بولسا تېخى جاھانغا پاتمىسا ، سىز دېگەن ياۋاش ئادەملەرنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا ھەقىچان مەن بار ھە .

— سىزنى ياۋاش دېگىلى بولمايدۇ . ئۆزىنى دەرياغا ئاتالىغان ئادەمنى خېلى يۈرىكى يوغان ، جىگىرى بار ئادەم دەيمىز . مەنمۇ سىزنى ياۋاش دەپ يۈرۈپتىكەنمەن . ئىچىڭىزدە مۆڭگۈزىڭىز باركەن ، ئادەم ياۋاش بولمىسىلا زۇلۇم چەكمىۇ خارلىق ، خورلۇقتا قالمايدۇ . بىر ئاماللارنى قىلىپ قولىدىن كەلگۈچە ھەرىكەت قىلىپ بىر كىشىلىك كۈننى كۈن ئېتىپ ياشاپ كېتىدۇ . بۇ دۇنياغا تۆرىلىپ ئۆزىنىڭ جېنىنى باقالماي ، قۇل بولۇپ كېتىۋاتقان ئادەم كۆرمىگىلاپ يۈرمەمدۇ ، دۆت بولمىسا شۇنداق قىلامدۇ .

ئىشىك قاتتىق قېقىلدى . كامىل جىممىدە تۇرۇۋېلىپ ھەمدەمنى ئىشارەت قىلدى . ھەمدەم قاتتىق چۆچۈپ ، قورقۇپ كەتتى ـ دە ، يۈرىكى سېلىپ ھاسىراپ ئىزىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى . كامىل كىم دەپ توۋلاڭ دەپ ئىشارەت قىلدى . ھەمدەمنىڭ گاللىرى قۇرۇپ قېقىلىپ يۆتىلىپ كەتتى .

— چى ... چىما ... ؟

— بالام ھەممەخان، مەن سانىخان. بىر توپ كادىر كەپتۇ. نوپۇس تەكشۈرەيدىكەن. ئىشىكنى ئېچىڭە قىزىم.

كامىل ھەممەمنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ قۇلىقىغا پىچىرلىدى: «قورقماڭ، قورقماي ئىشىكنى ئېچىڭ، بۇ گۇيلارنىڭ مەقسىتى مېنى تۇتۇش. سىزگە چېقىلمايدۇ. چېقىلسا مەن بار، مەن ھېلىقى يېرىمىزدە، ئۇلار مېنى پايلاپ كەلگەن گەپ، قورقماڭ. قورقماي ئېچىڭ». كامىل ئىشتان - كۆڭلەكلىرىنى قولتۇقلاپ كەشىنى ئېلىپ خاپان ساندۇققا چۈشۈپ ساندۇقنىڭ ئەپلەپ قويغان شېلىنى پەم بىلەن ئېچىپ ئاستىدىكى لەخمىگە چۈشۈپ ساندۇق شېلىنى يەنە جايىغا كەلتۈرۈپ قويدى. ھەممەم ئەسكى - تۈسكىلەرنى قويۇپ بۇرۇنقى ھالغا كەلتۈرۈپ قويدى - دە، ئاندىن پۈت - قوللىرى تىترىگەن ھالدا بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى. قولچىراغ تۇتقان بىرتوپ ئادەم ئۆيگە كىردى. ئۆگزە غاراسلاپ ھەممەم تورۇسقا قارىۋىدى قولچىراغ تۇتقان بىر ئادەم تۈڭلۈكتىن پەسكە قارىدى. قولچىراغ تۇتقان ئادەملەر يوتقان - كۆرپىلەرنى چۇۋۇپ، بۇلۇڭ - پۇچقاق، خاپان ساندۇقنى ئېچىپ ئۇنىڭ ئىچىگىچە ئاختۇرۇپ چىقتى. ھەممەمنىڭ يۈرىكى سېلىپ ئاغزىنى تۇتقان ھالدا تۇرۇپ قالدى.

— قورقماڭ قىزىم، قورقماڭ بۇلار ھېچنېمە قىلمايدۇ. بارا - بارا بىزگە ئوخشاش كۆنۈپ قالىسىز، — دېدى سانىخان ھەممەمنىڭ باشلىرىنى سىلاپ پېشانىسىگە سۆيۈپ. ھەممەم سانىخانغا يۆلىنىپ تۇردى. قولچىراغ ئۇنىڭ يۈزىگە توغرىلاندى. ھەممەم كۆزىنى يۇمۇپ جەينەكلىرى بىلەن يۈزىنى تورىۋالدى.

— بۇ ئۆيدە سىزدىن باشقا غەيرىي ئادەم يوقما؟

— مەن بايا، يوق دېدىمىيا ئا شۇجى، بۇ ئۆيدە باشقا ئادەم يوق، — دېدى سانىخان.

— مېنى ئۇنتۇپ قالمىغانسىز ھەممىخان، مەن ئايۇپ

ئاكىڭىزنى ئۆنتۈپ قالسىڭىز تۈزكور بولۇپ قالسىز جۇما ، ھەممىڭلار چىقىپ كېتىڭلار ، مېنىڭ بۇ خېنىمغا ئايرىم دەيدىغان تۈت شىڭگىل گېپىم بار . سانىخان ئاچا ، سىز بىزنىڭ كادىرلارغا داغ چېپىڭىز بولامدۇ ، زاغرا بىلەن قېتىقىڭىز بولامدۇ داستىخان سېلىڭ .

— ئوھۇش ، قانداق ئادەمسىز ، ۋاي ئا شۇجى دەپ قويسا ئىززەت - ھۆرمىتىڭىزنى ساقلىمايدىغان . مېنى نېمە كۆرۈۋاتسىز ، مەن تۇل خوتۇن ، كەمبەغەل دېھقان بولسامۇ ، خېلى ئادەم جۇما مەن . چېغىڭىزدا مېنى شوۋۇچى كۆرۈپ قالدىڭىزما ، شوۋۇچى بولغان بولسام ، مەنمۇ بى ھېچبولمىسا سامانلىقنىڭ ئاچقۇچىنى تۇتىدىغان كالتا ئاق ساقال چەكەدىدىن بىرسى بولاتتىم .

ئايۇپ ئېتىلىپ بېرىپ سانىخاننىڭ كاچىتىغا بىرنى سالدى . چەكەدىلەر كېلىپ سانىخاننىڭ ئاغزىنى تۇتۇپ سۆرەپ ئۆيدىن ئاچىقىپ كەتتى . ھەمدەمنىڭ ئۆرە تۇرغۇدەك ماجالى قالماي ئىزىغا ئولتۇرۇپ قالدى . ئايۇپ ئۇنى قۇچاقلاپ يوتقان چۇشەككە ئەكېلىپ ئۆزىنىڭ كىيىملىرىنى سېلىپ يالىڭاچلاندى . ھەمدەم كۆزىنى يۇمۇپ باشقا تەرەپكە قاراپ يېتىۋالدى . ئايۇپ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ھەمدەمنىڭ ئۇشۇقىدىن تۇتتى . دەل شۇ چاغدا يوغان كۈچلۈك بىر قول ئۇنىڭ گەدىنىدىن بېسىپ بېشىنى ئۇرۇپ بېقىنىغا مۇشتلاشقا باشلىدى ··· بازغاندەك تەگكەن مۇشت ، تىزلاشلار بىلەن ئايۇپ قاتتىق ئىنجىقتىن باشقا ئۈن سېلىپ ۋارقىراشقا ئۈلگۈرەلمىدى .

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر
مەسئۇل كوررېكتور: ئادالەت مەخسۇت
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: نۇرمۇھەممەت ئۆمەر

# باياۋاننىڭ سىرى (1)

(رومان)

ئەختەم ئۆمەر

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مىللىمېتىر، 1/32
باسما تاۋىقى: 11.5 قىستۇرما ۋارىقى: 2
2001 - يىل 7 - ئاي 1 - نەشرى
2001 - يىل 7 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1—3000
ISBN7—228—06395—3/I.2374
باھاسى: 18.00 يۈەن